شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن



# ئارىفنامە

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

ئارىفنامە

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : نۇرمۇھەممەد تۇچقۇن
خەتتات : خەمىدە سەيد سالىم

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى (1)

ئارىفنامە
ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى
يىپەك يولى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى
كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ
يارقىن ئەسلىمىلەر — مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم

ISBN 978-7-5466-1295-9
定价：42.00元

# The Works of Abdushukur Muhammatimin



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# ئارغنامە



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

阿力甫之书：维吾尔文/ 阿布都许库尔·买买提依明著. — 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.6
（新疆名家名著丛书）
ISBN 978-7-5466-1295-9

Ⅰ. ①阿 … Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①哲学 — 文集 — 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ① B-53

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 149029 号

پىلانلىغۇچى: ئادىل مۇھەممەت
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىپزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسمايىل قادىر
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت ياسىغۇچى: مەرەمنىسا ئابلىز

شىنجاڭدىكى يازغۇچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى

# ئارىفنامە

ئاپتورى: ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 11.75
2013 ـ يىلى8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1295 - 9
باھاسى: 42.00 يۈەن



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# نەشرىياتتىن

كۆپ قىرلىق ئالىم، تالانتلىق ئەدىب، تۆھپىكار پېداگوك ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردە ئاتۇشنىڭ باغئېرىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادا تەرەپ بوۋىسى ئىبراھىم ھاجىم 1910 ـ يىللىرى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىگە چىقىپ، دادىسى مۇھەممەتئىمىن ھاجىمدىن قالغان خۇرۇم كارخانىسىنى باشقۇرغان. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ئەپەندىم «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى ـ كەينىدە قاراقول، تاشكەنتلەردە ئوقۇغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئانىسى ھەمرا خانىم ئاتۇش تۇركۈل (تۆكۈل) لۈك خوجا قاسىم دېگەن باينىڭ 7 ـ پەرزەنتى، شۇنداقلا بىردىنبىر قىزى ئىدى. خوجا قاسىمباي ئائىلىسى ئەينى يىللىرى ئەنجان شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. نەۋرە تۇغقان بولغان مۇھەممەتئىمىن بىلەن ھەمراخان توي قىلغان. 1930 ـ يىلى ئىبراھىم ھاجىم ئائىلىسى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن، مۇھەممەتئىمىن بىلەن ھەمراخانمۇ بىللە قايتىپ كەلگەن. 1933 ـ يىلى كۈزدە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلى يازدا مەھمۇد شىجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لىۋېيڭ قوماندانلىق سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرگە قاراشلىق شەھەر، ناھىيەلەرنى باشقۇرۇشقا باشلىغان. ئەنە شۇ چاغدا ئابدۇشۈكۈرنىڭ دادىسى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم قونجىراپ ئېغىر زىدا تاموژنا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن 1935 ـ يىلى ئايالى ھەمراخان خانىم ۋە ئىككى ياشلىق ئوغلى ئابدۇشۈكۈرنى ئېلىپ يۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماشىنىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىققان. بۇ ئەر - خوتۇنلار بىر مەزگىل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا سانايىنەپىسە خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدە ماۋ زېمىنىنىڭ يېنىدا مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن. 1937 - يىللىرى چۆچەك مالىيە ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى ھەمراخان خانىم بىلەن غۇلجا «بويىنى كېسىك» مەھەللىسىدە تاغىسى شاھ ھاجىم (مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنىڭ بوۋىسى) نىڭكىدە بىر مەزگىل تۇرغان. كېيىن چۆچەككە دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر يىلدەك تۇرغان. 1939 - يىلى دادىسىنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندە ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئانىسى تىككۈچىلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامدىغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بولسا بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان.

1944 - يىلى مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم تۇيۇقسىز تۈرمىدىن چىققان. ئۆزىنىڭ خاتا قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى بىلىدىغان بۇ كىشى دەرھال خوتۇن - بالىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يول ئالغان. ئەمما قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يەنە قولغا ئېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئانىسى ھەمراخان ئابدۇشۇكۇرنى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ مۇدەررىسى دوك قارى ھاجىمنىڭ شاگىرتى ئابدۇروسۇل قارىيغا دىنىي تەلىم ئېلىشقا بەرگەن. 1946 - يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ روھىغا ئاساسەن، نۇرغۇن كىشى قاتارىدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ دادىسىمۇ تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەن.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1946 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا تۆت يىل ئوقۇغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)نىڭ بىيو ـ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1952 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ مەكتەپتە بىر تەرەپتىن «ئۆسۈملۈك فىزىيولوگىيەسى»، «ئۆسۈملۈكلەر پاتالوگىيەسى»، «ھاشاراتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرگە تەرجىمان ئوقۇتقۇچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن فىزىكا، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، خىمىيە ۋە ئاگرانومىيە سىنىپلىرىغا «ماركسىزم ئاساسلىرى»، «پەلسەپە» دەرسلىرىنى ئۆتكەن.

1953 ـ يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيەسىگە بېرىپ، بىر يىل ئەتراپىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ماركسىزم كافېدراسىدا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ئۇنىڭ تەتقىقات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردىن باشلانغان. ئىككى خىل تىلدا يازغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1956 ـ يىلى مەزكۇر ئىلمىي ژۇرنالنىڭ خەنزۇچە ھەم ئۇيغۇرچە سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تۇنجى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى ئىدى. 1957 ـ يىلى ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىغا ئائىت «شىنجاڭدا 1944 ـ، 1949 ـ يىللاردىكى خەلق ئىنقىلابى» دېگەن كىتابىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىپ تاماملىغان (مىجىت قاسىم، مۇزەپپەر ئەزىزلەر بىلەن بىرلىشىپ يازغان)، ئەمما شۇ يىللىرى جۇڭگو مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» نىڭ تەسىرى بىلەن بۇ كىتاب نەشر قىلىنمىغان. بۇ ھەرىكەت باشلىنىش بىلەن تەڭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «يېزا تۇرمۇشىنى كۆرمىگەن ياش ماركسىزمچى» دەپ قارىلىپ، باشلانغۇچ كوپىراتىپلارنى ئالىي كوپىراتىپلارغا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغان كادىرلار تۈركۈمىدە مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى شاكالئاۋات كەنتىگە ئەۋەتىلگەن. يېرىم يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغان ھەم «ئوڭغا مايىل» دەپ قارىلىپ كۈرەش قىلىنغان.

1958 - يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ 1950 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن. لېكىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «بۇ كۈنلەر تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغان، ئاتا - ئانىسى ئىلاجسىز قايتىپ كەتكەن. 1959 - يىلى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئوڭچى» دەپ قارىلىنىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن ۋە خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەشكە ئەۋەتىلگەن. 1961 - يىلى ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ئورنىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننى تېخىمۇ ئېغىر جاپا - مۇشەققەتنىڭ، خورلۇق ۋە كەمسىتىلىشلەرنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان. ئۇ ئۇلانبايدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئايلاپ - ئايلاپ سۇ تۇتقان. مەكتەپتە رېمونتچى، پار قازان تازىلىغۇچى ۋە ئوت قالىغۇچى بولغان،

تامچىلىق، سۆۋاقچىلىق، ياغاچچىلىق قىلغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقان دەسلەپكى يىللاردا بۇ ئالىم ئاشۇ ئەنسىز چاغلاردا يازغان 500 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسىنى رەتلىگەن. «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ناملىق لىرىك نەسرلەر توپلىمىنى يېزىپ تاماملىغان. ئائىسىنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرى ۋە خەتلەرگە قوشۇپ ئەۋەتكەن ھىجران دەردىدىكى پارچە ـ پۇرات غەزەللىرىنى رەتلەپ «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا «ھەمرايى غەزەللىرى» نى تاماملىغان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق تەتقىقات كىتابلىرىنى پۈتكۈزگەن.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1978 ـ يىلى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەم خاتا ھالدا ‹ئوڭچى› قىلىنغان» دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاقلانغان. ئوقۇتۇش مۇنبىرى ۋە ئىلىم تەتقىقاتى ساھەسىدىن توپتوغرا 20 يىل ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئالىم 45 يېشىدا دەرس مۇنبىرىگە چىققان ۋە قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئوقۇتۇش، ئىلىم تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 ـ يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دەرسىنى ئۆتۈشكە كىرىشكەن. 1986 ـ يىلى ياپونىيەدە ئىلىم زىيارىتىدە بولۇپ، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى ‹قۇتادغۇبىلىك›» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق تەتقىقات ماقالىسى، «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، «فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «چۇغلۇق»، «رۇبائىيات» (1)، «رۇبائىيات» (2)، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

1988 ~ 1991 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۇ «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە نەۋائىيخانلىق ئەنئەنىسى»، «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى»، «ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەقىقىي تەتقىقاتنىڭ بۇرچى»... قاتارلىق كۆپلىگەن ماقالە يېزىپ زور تەسىر قوزغىغان.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى ھەم يېتەكچىلىك رولىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «ئائىلە»، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» قاتارلىق كاتتا ئەسەرلىرى ۋاپاتىدىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ نەشر قىلىنغان.

ئۆزىنىڭ مول ھەم قىممەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن كەڭ ئېتىراپقا ئېرىشكەن بۇ ئالىم 1995 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدا زىققا كېسىلى بىلەن 62 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# مۇندەرىجە

ئۆمۈر تەلقىنلىرى.......................1
ئارىفنامە..............................41
تەبەسسۇم...............................89
سۈكۈنات................................93
ئۆزىنى تىزگىنلەش.......................97
تۇپراقنىڭ مونولوگى.....................101
ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراسەت............105
تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى..............112
روھىيەت ۋە مەدەنىيەت...................118
يېپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە «تۆگىقۇشى» روھى......140
ئەسىر يالدامىلىرى......................144
پوئېتىكا...............................150
شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىرقانچە ئېستېتىكىلىق مەسى-
لە توغرىسىدا...........................195
تىل قۇدرىتى تىل پەزىلىتى بىلەن.........228
گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە ئۇنىڭ رولى.......233
ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكى.........261
خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى.........265
ئىجادىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە......268
ئەنئەنىۋى ئاڭ گۈگۈمىدىكى ئۈيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ
سەھىرىدىكى ئويغىنىش.....................281
تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ـــ مىللەتلەر تەرەققىياتى-
نىڭ ئېھتىياجى...........................286

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر............292
ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش...........296
ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى توغرىسىدا.............301
مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم قانۇنىيەت..............................305
بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى..............................310
ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت توغرىسىدا..............................316
مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇچ بۇرجىكى..............................338

# ئۆمۈر تەلقىنلىرى ①

## 1. قۇتلۇق يىلنامە

ئەزەلدىن زامانلار ئۆتەر بىپايان،
تەقۋىملەر تۈپەيلى ھېسابلار ئىنسان.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنى تەقۋىم — كالېندارغا ئاجرىتىپ ھېسابقا ئالغىنىغا ئۇزۇن بولمىدى. مىلادىيە كالېندارى بىرقەدەر قوبۇل قىلىنغان يىللار تىزمىسى بولۇپ قالدى. مىلادىيە ھېسابى بويىچە يەنە يېرىم مۇچەل — ئالتە يىلدىن كېيىن بىز مۇشۇ تەقۋىمنىڭ ئىككىنچى مىڭ يىللىق ئېراسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈچىنچى مىڭ يىللىق ئېرانىڭ بىرىنچى ئەسىرىگە قەدەم قويىمىز. بۇ، كىشىلەر ئېيتىۋاتقاندەك ئاددىيغىنە ئەسىر ئالمىشىشى بولماستىن، بەلكى خاسىيەتلىك ئېرا ئالمىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تارىخ بېسىپ ئۆتكەن نەچچە تۈمەن يىل ۋە ئۇ زامانلاردا ئالەمگە كەلگەن شۆھرەتلىك كىشىلەر بىزگە ئەپسانە ـ رىۋايەت تۇمانلىرى ئىچىدە روشەن كۆرۈنمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئېتىبارلىق ئورۇن ئالغان ساكيامۇنى، كۇڭزى، سوقرات ۋە

---

① بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 60 ياشقا توشۇش ياكى ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئارىلىق يېشىغا قەدەم قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى مۇساپىلىرىدىن، ئىلمىي تەتقىقاتى ھاياتىدىن ۋە بەدىئىي پەللىلىرىدىن چىقارغان خۇلاسە. ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى مۇتەپەككۇرانە مۇلاھىزە، پەلسەپىۋى پىكىر ئۇچقۇنلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە سەممىي تەلەپپۇزدا بايان قىلىنغان. شۇڭا، ئوقۇغان كىشىگە يېڭى ئىدىيە، يېڭى تۇيغۇ ۋە يېڭى ئۇسلۇب ھوزۇرى بېغىشلايدۇ. دەۋرىمىزدىكى ئالىم، تەتقىقاتچى ياكى يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئۈچۈن بۇ بىر قالتىس ئۈلگە ۋە ئەينەك.

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەپلاتون قاتارلىق زامان مۆتىۋەرلىرى مىلادىيە كالېندار سىزىقىدىن 5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرىلا زېمىن سەھنىسىدىن چاقناپ ئۆچكەن.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردا شەرقتە غەربىي جۇ سۇلالىسى، غەربتە «دىيونۇس» ئويۇنلىرى خۇددى گۆدەكنىڭ خىياللىرىدەك ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغلاردا شەرقتىكى تيەنشۇيلۇك ئاتباقارنىڭ ئوغلى چىن شىخۇاڭ ۋە غەربتە ئىتالىيەلىك بولغۇسى ئىمپېراتور، بۆرىنى ئېمىپ يېتىلگەن رومۇلۇس تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى. ئەگەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى مىڭ يىلدىن مىلادىيە ئېراسىغا ئاتالغان كىشى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) بىلەن ۋىداۋىنى ئەمەس، بەلكى بوۋى مەريەم ۋە رىم تارىخىنى بېزەندۈرگەن ئىمپېراتور ئاۋگۇست ئوكتاۋىيانىنى بۇ خاسىيەتلىك تەقۋىمنىڭ قۇتلۇق ساھىبى دېيىش مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالەم ئۇپۇقىدا ئاجايىپ دانالار، ئەۋلىيالار، قەھرىمانلار بىلەن گۈزەللىك نامايەندىلىرى زامان ھالقىلىرىغا شۆھرەت بېزەكلىرى تاقىغان بولسىمۇ، پەقەت ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي (934 ~ 1025)، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (980 ~ 1037) ۋە زاماندىشلىرىلا بىرىنچى ئېرادىن ئىككىنچى ئېراغا ئۆتۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىدى. زامانىسىنىڭ شاھىنشاھلىرى بىلەن ئەررازى، ئەل فارابىيدەك ئىلىم ساھىبقىرانلىرى ئۆز نەپەسلىرىنى بۇ قۇتلۇق رەقەمگە يەتكۈزەلمەي، «ئاناسىر ئەربە(تۆت زات)» گە قايتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى شەرق ۋە غەربتە تەپەككۇر قەسىرىنىڭ بۈررۈكۋارلىرى، تارىخ سەھنىسىنىڭ ماھىر ھۈنەرپەزلىرى، ئىجادىيەت قەلئەسىنىڭ جاۋاھىر غەۋۋاسلىرى، گۈزەللىك گۈلشىنىنىڭ نەفاسەت چېچەكلىرى بۇ «رابات» (قونالغۇ)قا كېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قەلەملىرىدىن تامغان، تۆھپىلىرىدىن بىنا بولغان مىراس —

يادىكارلىقلىرى تۆپەيلى زېمىن يورۇدى. ئۇلارنىڭ نام ـ شەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىش قەلبىمىزنىڭ قېتىدا ئەزگۇ ھۆرمەت ۋە يۈكسەك ئېپتىخار تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ! ئەمما تارىخ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىدا ئەسىرىمىزدىن ھالقىش قۇربىتى ۋە قەلبىدە ئەلگە ھەدىيە قالدۇرۇش ھىممىتى بولغان زاماندا شلىرىمىزنى ئىككىنچى ئېرادىن ئۈچىنچى ئېراغا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆتۈشنى نېسىپ قىلماقچى. بۇ پەقەت مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىقىياس ئامەت ۋە بىتەققاس شاراپەت، ئەلۋەتتە! كېيىنكى تۈتىنچى ئېرا بوسۇغىسىغا قەدەم قويغۇسى بەختلىك ساھىبقىران تېخى نامەلۇم. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا «يىپەك يولى» ئاچقان ئېراسىمۇ ياكى بۇلغىنىۋاتقان زېمىن مۇھىتى تۈپەيلى ئادەمزات خۇددى قۇرۇپ قالغان پىلە غوزىسى ئىچىدىكى كېپىنەكتەك ئەبەدىيەتلىك ئۇيقۇغا كەتكەن زامانمۇ، بۇلار بىردەك مۇمكىنلىك ئىچىدىكى تىلسىمدۇر. شۇنداق، تەبىئەت مۇھىتىنى ھېسابقا ئالماي، كىشىلىك كامالىتى ھەققىدە مەنتىقى مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن مۇتەپەككۇر خىيالىي مۇتەپەككۇردۇر. مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسى «بۇخارا دەرۋازىسى»دىن ئاتلاش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغاندەك، «بۇخارا دەرۋازىسى»دىن ئاتلىغانلارنىڭ ھەممىسىلا مۇتەپەككۇر بولۇۋەرمەيدۇ. ئەگەر تاشقى ئالەم ھادىسىسى بولغان مۇشۇنداق ئېرالار ئالمىشىدىغان يۈلتۇز بۇرجلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئاممىتى ئىچكى ئالەم ھادىسىسى بولغان ئۆز ـ ئۆزىنى يوقلاپ بىلىش بىلەن، جۇملىدىن ماكان چالغۇسىدىن زامان ناۋالىرىنى تۇزۇۋاتقان تارىخ يۈزلىنىشلىرىنىڭ ئەسرارى بولۇش شاراپىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەندە ئىدى، ئۇ مىسلىسىز ئالىي ماقامدىكى خاسىيەتلىك قۇت مۆجىزىسى بولغان بولاتتى. ئۆزى تۇپراقتىن بىنا بولغان بەندە تۇرۇپ، يەنە ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تەڭرى بىلەن سىردىشىدىغان ۋە ئۇشبۇ پەزىلىتى ئۈچۈن نادانلىق ھەسەتلىرى ۋە جاھالەت غەيۋەتلىرى كاساپىتىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كىرىستقا مىخلانغان ئەيسانىڭ مىلادىيەگە تەۋۋۇم بېشى بولغانلىقى يوللۇق بولسا كېرەك!

## 2. ئارىفلىق يېشى

يىللار توزانىدىن باشقا ئاق كىرەر،
شۇ باشنىڭ پەرقىدە ئاسمان بىلەن يەر.

مىڭ يىللار گىرەلىشىدىغان تەقۋىم مۆجىزىسىگە يېرىم مۆچەل قالغاندا ئاتمىش ياشقا كىرىمەن.

ئاتمىش ياش — ھايات مەنزىلىدىكى ئۆزلۈكنى يوقلاش قونالغۇسى! ئاتمىش ياش — يۈكسەك سۆكۈنات، تېرەن تەلقىن پەللىسى! تەڭرى لايدىن بىنا قىلغان ۋە ئانا قارنىدىن پەرزەنت قىياپىتىدە تۆرەلدۈرگەن ئىنسان ئۆزىنى دۇنيا مەئىشەتلىرىگە بۆرما مىختەك بارغانسېرى كۆچەپ كىرگۈزۈپ، ئاتمىش يىلنى تاماملىشى مۇمكىن. كۆرۈنۈشى پەرىزاتتەك ئەپسۇنكار، ئىچكى ماھىيىتى تۈگمەن تاشلىرىدەك بىۋاپا، ياۋۇز، ھىيلىگەر بۇ قېرى دۇنيامۇ ئاتمىش يىل ئىچىدە ئۆز سىرلىرىنى ئىنسانغا يەتكۈدەك ئاشكارىلاپمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئۇ نادان ۋە خەسىسكە يىغا، دانا ۋە ئارىفقا بىر سوغۇق كۈلكە ئاتا قىلىدۇ. ئۇنى بوياپ - سىرلاپ دوك بولۇپ كەتكەنلەرگە ئۇنىڭ بېرىدىغىنى خىيالىي سۇمۇرغ ئىزنىكى، خالاس! ئاتمىش يىل، ئەزەلدىن ئىنسانغا ئۇ بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگالللىۋالغان نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا، ئۇ پەيداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىدىن قاقاھلاپ كۈلۈشكە بېشارەت بېرىپ كەلدى. بۇ ئاخىرقى «ئوغۇز سۈتى» ئىشارىتىنى پەملىگەنلەرمۇ، پەملىمىگەنلەرمۇ تالايلاپ ئۆتتى. پەقەت زامان سەھىپىلىرىنى كالىندار دەپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن گىرانت كاللا «زاھىد»لارنى ھېسابلىمىغاندا، ئاتمىش ياش — خاسىيەتلىك

ئىككىنچى توغۇلۇش ئەيىامى!

كۆڭزى ئاتمىشقا كىرگەندە: «ئارقامغا قايرىلىپ نەزەر سالسام باسقان قەدەملىرىم خاتا بوپتۇ» دېسە، ئەھمەد يەسەۋىي:

كۆزۈم يۇمۇپ تا ئاچقۇنچە يەتتى ئاتمىش،
بىلىم باغلاپ مەن قىلمىدىم بىر ياخشى ئىش.

دېگەنىكەن. ئۇ 63 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئويغانغانلىقى (ئارىف بولغانلىقى) نى ئىقرار قىلغان.

شۇنداق، ئاتمىشقا كىرمەيمۇ ئويغىنىش — «ئارىف» بولۇش مۇمكىن. شاھزادە سىددىخارتا ياش تۇرۇپلا «بۇددىھا» (ئويغانغان) لىققا ئېرىشتى ۋە ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى (ساك يامۇنى) دەپ ئاتالدى. ۋاھالەنكى، ئاتمىش ياشتىمۇ غەپلەتتە قالغان كىشىنى زېمىن لەرزىسى بىلەن تەقدىر زىلزىلىلىرىمۇ ئويغىتالمايدۇ. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ ئويغىنىشى ئېتىبارىنى يوقاتقان.

ئويغىنىشمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەھمەد يەسەۋىي: «زاھىد بولما، ئابىد بولما، ئاشىق بولغىن» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ۋەسلى ئىلاھنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشنى ئويغانماق دېسە، جالالىددىن رۇمىي ئىنساندا تەڭرى قىممىتى ۋە ئەقىدە ماقامىنى كۆرۈشنى ئويغانماق دەيدۇ. نيۇ يورك شەھىرىنىڭ سابىق باشلىقى جون لىنسىي بولسا ئاتمىشتىن ھالقىغاندىن كېيىن ھېچقانداق نەرسىنىڭ تەمەسىدە بولماسلىقنى ھەقىقىي ئەركىنلىك، دەپ قارايدۇ.

شۇنداق، مەن ئويغىنىش يېشىمغا — ئارىف يېشىمغا كېلىپ قالدىم. تىرىك ۋاقتىمدا ئۆلۈمنى ئويلاپ، مۆتىۋەر چېغىمدا تۇپراقلىق زاتىمنى تونۇپ، كىبىرى ـ ھاۋانى قايرىپ قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مۇنكىر ـ نەكىر سورىقىنى سورىغۇم بار. ئۆمۈر مەنزىللىرىمدىن ئۆمىد جاۋاھىراتلىرى تېپىش نىيىتىدە تەرمەچلىرىم سېلىنغان سەپەر خۇرجۇنۇمنى تەلقىن داستىخىنىغا

تۈكۈپ، ئۇلارغا ئەقىل بىلەن نەزەر تاشلىماستىن بۇ ماقامغا قەدەم قويالمايمەن.

شۇنى شەرت قىلىمەنكى، مەن ئىنسانىيەت تېخى يوقاتقان ئۆزىنى، ئۆز ماھىيەتلىرىنى تاپالمىغان ئېرادا تۇغۇلدۇم. مەن يەنە «يىپەك يولى ئىللەتلىرى» كىشىلىك مۇھىتىم بولۇپ تۇرغان ئەسىردە ياشىدىم. ھايات سەرۋىمگە زامان تۇزانلىرى بىلەن قاپلانغان چىپار يۈگىمەچلەر چىرماشقان. ھازىرقى زامان روھىي كېسەل ئالىملىرىنىڭ: «پۈقرادىن رەئىس جۇمھۇرغىچە ھەر خىل دەرىجىدە غەيرىي نورمال روھىيەتكە گىرىپتار بولغان» دېگەن شۇ كېسەلچانلىقتىن (پىسخىكىلىق كېسەلدىن) مەنمۇ خالىي ئەمەسمەن. ئەلدىن مەغپىرەت تىلەش، ئەقىل پاكلىقىنى ئىزدەش — مانا مېنى قىزىقتۇرۇۋاتقان پىداكار تېما. «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇچۇرىدىن ئۇچۇر قىلماقچىمەن.

## 3. تەقدىر چەمبىرى ۋە ئىرادە ھۆرلۈكى

زامان ـ ماكان ـ تۆركۈمدىن پىچىلۇر تەقدىر ـ قىسمەت،
ئاقىۋىتىڭ بېكىتەر سەندە ئىرادە ـ ھىممەت.

ئادەم ئۈچ نەرسىدىن ھالقىيالىشى تەس. ئۇ ماكان، زامان ۋە ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت تۆركۈمىدىن ئىبارەت. مەن مىللىتىم بىلەن كەتمەن تۇرمۇشىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى قېلىنغان ماكان ـ زامان ـ تۆركۈمدە ياشىدىم. «كارۋان بۇيۇك» (تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) ـ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قانىلى — تارىم ۋادىسىدا كونا ـ يېڭى مەدەنىيەتلەر ئارىلاشقان، تارىخىي ئەپسانىلەر بىلەن كەلگۈسى خىياللىرى رېئاللىقتىن شۇنچە يىراق بولغان، ۋەزىيىتى خۇددى تىراكتور ئارقىسىغا چېتىلغان كوزۇپتەك ئۆزىدىن سىرتقى قۇدرەتلىك داۋالغۇشلار تەسىرىدە تېز ئۆزگىرىدىغان زامان مېنىڭ نەپەس خەزىنەم بولدى. ئەتراپىمدا

ئالىيجانابلىق بىلەن خەستىلىكنى ئۆز روھىيىتى قىلغان خەلق ھەرىكەتلەنگەندى. مەن تۇغۇلماستىن ئىلگىرى باشلانغان يېڭىچە مائارىپتىن بارغانسېرى شۇنچە كۆپ كىشى تەربىيەلىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىغلىرى ئاز ۋە بەختسىز ئىدى. خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدە ئېيتىلغاندەك ئۇلارنىمۇ «بارسا كېلەر»، «ياكى كېلەر، ياكى كەلمەس»، «بارسا كەلمەس» ھايات يوللىرى ئىككىلەندۇرۇپ تۇراتتى. پۇل ـ بايلىق بارسا كېلەر، ھوقۇق يا كېلەر، يا كەلمەس، مائارىپ ـ بىلىم يولى بولسا بارسا كەلمەس يولغا ئوخشاپ قالغان. ھوقۇق تۇتقانلار ۋەزىيەت مۇقىم زامانلاردا «پەيتون» غا ئولتۇرۇپ بىر قەپەس دەۋران سۇرەتتى. ئەمما، بىر ئۆمۈر دەۋران سۇرگەنلەر ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ھوقۇقنىڭ تۆپىسىدىمۇ، تېگىدىمۇ ئىككى قورقۇنچلۇق كۈچ تۇرغاچقا، بىر قارىسا يالغان نەرسىدەك، ئەمما ئۇ ھەرھالدا ھاڭ ئالدىدا يىلتىزى ئېچىلىپ قالغان دىقماق دەرەختەك ئەنسىزلىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى. پۇل ئىگىلىرى پاتقاقتىن مەرۋايىت يىغقاندەك ھەپىلىشىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلار ھوقۇقنىڭ قوغدىشىنى، ھوقۇقمۇ پۇلنىڭ بېقىشىنى شەرت قىلغانىدى. بايلارنىڭ مازارلىرىمۇ تام چۆرۈلگەن، بەزىلىرى شامگۆر قىلىنغان ئالتۇنلۇقلار ئىدى. ھېلىقى ھوقۇقدارلارنىڭ قەيەرلەردە قانداق ئۆلۈشىنى بىر خۇدا ئۆزى بىلەتتى.

قەغەز ـ قەلەم ئەھلى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەقدىرى ئومۇمەن ئېغىر ئىدى. بايلار ياكى ھوقۇقدارلارغا يالالانغانلىرى، ھەتتا ھوقۇقدار بولۇپ قالغاندىمۇ ھۆرلۈك پەللىسىدىن يىراقتا تۇراتتى. زىندانلاردا چىرىپ كەتكەنلەرنى ھېسابلىمىغاندا، زاماندىن ـ زامانغا دومىلاۋەرگەنلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغان بىلەن، باغرى ئالىيېشىل بويىلىپ كەتكەندى. زىيالىيلارنىڭ كۆپچىلىكى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇلارنى بايلارمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھوقۇقدارلارمۇ، قارام لۈكچەكلەرمۇ، زاھىد ـ ئىشانلارمۇ خەتەرلىك تۈركۈم ھېسابلىناتتى، سىياسىي كاززاپلار ئۇلار ئارىسىغا ئوۋ تايغانلىرىنى سېلىپ جاھاندارچىلىق شىكارلىرىنى قىلىشاتتى. يۈرەك ۋە سىل كېسىلى، ھاقارەت ۋە تەھدىت ئۇلارنى قورقۇتالمىدى. ئۇلار ھەرھالدا تارىختىن، دۇنيادىن، ھەقىقەت ۋە ئادالەتتىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلار يېڭىلىقنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى، مۇئەييەن تەرتىپ قېلىپىنىڭ تولىمۇ سۈرىلىپ كەتمەسلىكىنى ناھايىتى ئاددىي ئەمما ئۇمىدۋار خاھىش قىلىشقانىدى. مەن مۇشۇ جۈملىلەرنى يېزىۋېتىپ، ئۆز ئۇستازلىرىمنى، ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر كۆز، تېرەن پىكىر، كەم سۆز ياكى ناتىق، پېقىر ـ مىسكىن ھالىتىنى، ئۇلارنىڭ كېسەلچان ھەم تىرىشچان ئايالىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەقلى تېز يېتىلگەن لاچىن مىجەز گۆدەك پەرزەنتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. مانا مەن ئاتمىش ياشقا كىرگىنىمدە ئۇلارنىڭ تولىسى ھايات مەنزىللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر، سۆزلىرىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت تېخى ئۆچمىگەن، ئۇ پۈتكۈل تارىخ ۋە پۈتكۈل دۇنيادىكى شۇ خىل نۇر ۋە ئوتلار بىلەن بىللە ئىنسانىيەت ئارىسىدا مەدەنىيەت قۇياشىنى بەرپا قىلدى. ئۇلار چۆلدە كۆرۈنىدىغان ئالۋۇندەك بار دېسە بار، يوق دېسە يوق قىسقا ئۆمۈرلۈك ھوقۇق ئەھلىگە قارىغاندا، خەلق تۈركۈمى قوينىدا يالتىراپ تۇرغان بىباھا گۆھەرلەر ئىدى. ئۇلار يۇقىرىنىڭ قولى، تۆۋەنىنىڭ غوجىسىلىق ماھىيەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئوتتۇغاتسىز مەنسەپدارلارغا نىسبەتەن ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇر ئىدى.

## 4. قەترىدىن قۇياشنى ئىزدەپ

زامان، ماكان بىپايان، كېزىپ چىقالماس ئىنسان،
كىتابەت قەترىسىدە بىلىم قۇياشى ئايان.

مېنىڭ ھايات يولۇم پۈل چېكى ياكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى

ساناش، سىلاش بىلەن ئەمەس، بەلكى كىتاب ـ ژۇرنال سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاش بىلەن ئۆتتى. مېنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىم ئائىلىدىن مەكتەپكە ئۆتۈش بىلەن داۋاملاشتى. ئوقۇتقۇچى بولۇش ماڭا ھەم تەقدىر، ھەم ھىممەت ـ ئىختىيار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالۋۇن مەنسەپ، ۋاپاسىز تاپاۋەت مېنى ئۆزىدىن سەسكەندۈرەتتى. نېمىشقىدۇر ئەزگۈ ۋە مۇڭ بىلەن گىرەلەشكەن سوكۇنات شەكلىدىكى تەپەككۇر مېنىڭ قۇياشنى ـ يورۇقلۇقنى ئىزدەش مەشغۇلۇم بولۇپ ئادەتلەشكەنىدى. ماكان ـ زامان ـ تۇركۇم ساپاسىنىڭ تارىخىي قاتلىمى تۈپەيلى مەنمۇ خۇددى «كارۋان بۇيۇك» ــ «يىپەك يولى» بىكىلگەن زامانلاردىكى دادام، بوۋام ھەم چوڭ بوۋىلىرىمدەك تەقىب، تۇتقۇن، بوھتان ۋە باغلاق رىيازەتلىرىدىن خالىي بولالمىدىم. مەن بۇ جەھەتتە ھېچبىر رەقىبىم ياكى خالاسكارىم بولغان شەخسنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. قورقاق دوستلىرىم بىلەن شەپقەتتىن ئادا ـ جۇدا بولغان ھوقۇقدار تۇغقانلىرىمنى نامەردلىكتە ئەيىبلىيەلمەيمەن. نامەردلىك مەلۇم مەنىدە سانسىز ئادەم پادىسىنىڭ روھىيەت ھالىتى بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى ماكان ـ زامان ـ تۇركۇم ساپاسىدىن تەركىب تاپقان مەسخىرىلىك قاتلامغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش. مېنىڭچە، كەلگۈسىنىڭ ئۆز ئۆتمۈشىدە يارىتىلغان قەغەز ـ قەلەم دۆۋىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى مىزانغا ئايلىنىشى تولىمۇ تەبىئىي.

كىتاب ماڭا ئىلىم، يورۇقلۇق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرچان پىكىر بېغىشلىدى. بۇلار سۇيىقەست ۋە ئىجتىمائىي پاجىئەلىرىمگىمۇ يول ئاچتى. ماكان ـ زامان ـ تۇركۇم ئۈچ بۇرجىكىدە «ماگىللان كېمىلىرى» نىڭ غەرق بولىدىغانلىقىنى، «بېكىنمىچىلىك» تامغا قىلىنغان تارىخىي قاتلامدا تەپەككۇر ئۇچقۇرلۇقىدىن باباڭھەم مەشرەپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي، ئابدۇللا خاراباتى، يەنە ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لۇتپۇللا مۇتەللىپ پاجىئەلىرىنىڭ زەنجىرسىمان دولقۇن ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ماڭا بىشارەت قىلدى. دەرۋەقە، قومۇلدا قايسىدۇر بىر دانا ماڭا: «ھەقنى دېمەكلىك ئاچچىق يېمەكلىك» دېگەنىدى.

مەن چەككەن رىيازەتلىرىمگە سەۋەب بولغان تارىخىي مۇقەررەرلىكنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە، مۇشۇ ئوت ـ تۇتەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان پولات شالاسون ۋە چويۈن قازاندا پىشقان ئەقىل ـ ئارىق غىزاسىنىڭ قىممىتىنى قەدىرلىدىم. مېنىڭچە، ھەممە نەرسە — توپان بالاسى، قۇياشنىڭ كۆيۈشى، دەشت ـ چۆلنى جەسەتكە تولدۇرۇۋەتكەن جەڭ، ئىنسانى مىخلىغان كىرېست دار، بۇزۇلغان مۇھەببەت، ئاينىپ كەتكەن ئۆلپەت، يەنە نېمە ـ نېمىلەر... قىسقىسى، پۈتكۈل ئاپەت ۋە قاباھەت خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك بىر قىيامىي شەربەتنىڭ — ئەزگۈلۈك، بىلىم ۋە يورۇقلۇقنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىدۇ! چۈنكى ئۇمۇ جىددىي ئۆچۈردىن ئىبارەتتۇر. تۇرمۇش شۇنداق نېمە، ئۇنىڭدا گۆش يەپ، چىش كولاش بىلەن ھۇزۇرلىنىپ لەيلەپ يۈرمىسەڭلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «پەرداز قىلىنمىغان پەرى» قىياپىتىنى ساڭا ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. شەرت شۇكى، نەپسىڭنى پىكىر ئىلھامچىسى، مەئىشىتىڭنى رەڭلىك كۆزئەينەك قىلىۋالما!

مەن ئوقۇدۇم! خۇددى يېقىندا كاتتا ئىمتىھان بولىدىغاندەك، خۇددى يېقىندا يېڭى بىلىم گورىزونتال سىزىقى ئېچىلىپ ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك جىددىيلىك، ئالەم سىرلىرى ئۈستىدە ئۆتكەن ئالىملاردىن دەرس ئالغاندەك كىچىك پېئىللىق، ھەممە مۇتلەق خۇلاسىگە ئىسيان كۆتۈرىدىغان گۇمانىي تۇيغۇ، يېڭى بوغۇننىڭ ئەلچىسىدەك جىددىي جاۋابكارلىق بىلەن ئوقۇدۇم. مەن ھېلىمۇ ھەر كۈنى ئوقۇيمەن. پارالق ـ خەۋەر مەنبەلىرىگە قارىغاندا ئاساسىي بىلىش مەنبەلىرىگە مايىلمەن. قاچانكى كىتابتىن مەن بىلمەيدىغان يۇقىرى قاتلام بىلىملەر، بېشارەتلەر، ناتونۇش ئىبارىلەر چىقىپ مېنى لۇغەت ئىزدەشكە مەجبۇر قىلسا،

ئالاھىدە روھلىنىپ كېتەتتىم. ئۆز سەۋىيەمگە لايىق ياكى مەن ئۈچۈن «ئاتام ئېيتقان بايىقى» قىممىتىدىكى كىتابلارنى بىر قۇر ۋاراقلاپلا نېپىز ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتىم. ئىبن سىنا كىتاب ئوقۇپ چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كايىمىغان بولسا فارابىي بىلەن باغلانمىغان، ئارستوتېل پىكىر ئېقىمىغا قەدەم قويمىغان ۋە «شەيخۇل رەئىس» بولمىغان بولاتتى. كىتاب — ئۇ تېلېفوندىكى سۆزلىشىش ئەمەس! ھورۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەلگىسى غەپلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى، مېنىڭچە، كىتاب داستىخىنىدا مۇئەللىپنى تائامنى چايناپ بېرىشكە بۇيرۇشتۇر. مەن ئەزەلدىن بىلمىگەنلەرنىڭ ناتوغرىلىقىنى ئاشكارىلاپ بىلىم ھەققىدە سۆزلەشنى زادىلا خالىمايتتىم. بىلگەنلىرىنى بازلاش ھاماقەتلىك ۋە تەنتەكلىك دېگەن قارىشىم دەسلەپتىلا چۈشەنچە شەكلىدە ئەمەس، ئادەت شەكلىدە مېنى سوكۇتچان قىلىپ كەلدى. ناتوغرا سۆزلىگەنلەردىن پات - پاتلا ھەقىقەت ئامىللىرىنى ئاختۇرغۇم، بەلكى ئۇنىڭ بىرەر ئاساسى بارمىكى، دېگۈم كېلەتتى. چۈنكى مەن ئىلىمنى بەيگە ئېتى، بايۋەچچە قولىدىكى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك، موللام ئاغزىدىكى پەتىۋا دەپ ئەمەس، بەلكى پەقەت باشلانغان، داۋام قىلىۋاتقان، تۈگەللەنمىگەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئىزدىنىش بىناكارلىقى، دەپ قاراپ كەلدىم.

ئىلىم پىداكارلىرىنىڭ تەزكىرىسىنى بىلىش دائىملىق «پاكلىنىش» دەرسىم بولدى. ئۇ سەلتەنەت ساھىبلىرىنىڭ تاسادىپىي ۋە تەۋەككۈل شەجەرىلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بىلىمگە ئەمەس ئالىملىقىا، ھېكمەتكە ئەمەس ھاكىملىقىا، ئەزگۈ يۈكسەكلىككە ئەمەس ساختا شۆھرەت ۋەسۋەسىسىگە، پاكلىققا ئەمەس سۈيىئىستېمالغا بېرىلىپ بۇ قۇياش قەلئەسىگە قەدەم قويغانلارنىڭ قولىدىكى قەلەم زامانلار ئۆتۈپ ئۇلارنى ھەشەمەتلىك ساختا لەھەتلىرىدىن ئىرغىتىپ مەسخىرە مەيدانىغا تاشلايدىغان پولات گۈرجەك بولىدىغانلىقىنى مەن ئاشۇ قۇتلۇق تەزكىرىلەردىن بىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن فارابىي، ئىبىن سىنا، ئەلىشىر نەۋايىدەك بىلىش يولىدا نىكاھسىز ئۆتۈشنى راۋا كۆرمىدىم. شۇنىڭدەك سەيخۇلدەۋلە، نۇھ ئىبىن مەنسۇر، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھامىيلىق قىلىشىنىمۇ مۇناسىپ كۆرمىدىم. ئاقىلانە، پىداكار ئائىلە ۋە غېرىبانە سىياسىي تەنھالىق ئىككى ئامىتىم بولدى. ئۇ قەلبىمنى قىزدۇرۇپ، زېھنىمنى سوۋۇتۇپ تۇردى. روھىي ئەسەبىيلىكتىن «يەكچەشمە» بولۇپ قالمىدىم. تەرسا رەشكى ھەسەت بىلەن ناھەق رىيازەت مېنىڭ مۇشۇ ئۆمۈر مۇھىتىمدا ئېرىشەلىشىم مۇمكىن بولغان ۋە مېنى قەھۋەخانىغا ئەمەس، تەپەككۇر خىلۋەتگاھىغا باشلاپ بارىدىغان نوبېل مۇكاپاتىم ۋە ئوسكار مۇكاپاتىم بولدى! ئۇ ماڭا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە: « مائارىپ قەسىرىدىن شاھادەتنامە ئالغانلارنىڭ ھەممىسىلا ‹ئارىف› (ئويغاق) بولۇۋەرمەيدۇ» دېگەن پىكىرنى قايتا ئەسلىتىدۇ.

## 5. ھېسسىياتخۇمار ئىرسىيەت

مۇشۈكنى ھارۋىغا قوشساڭ كات (ئاستىغا) قا سۆرەيدۇ.

— قومۇل خەلق ماقالى

ئىنسانشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى نەتىجىلىرىدىن بىرى مىللەتلەرنى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت»، «ئىجتىمائىي مىللەت»، «سىياسىي مىللەت» دېگەن ئۈچ كاتېگورىيەگە ئاجرىتىش بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ كاتېگورىيەلىرى ۋە ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرگەن مىللەتلىرى ھەققىدە بۇ يەردە توختىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، مىللىتىمىز پارلاق مەدەنىيەت «ئەلئېھراملىرى» نىڭ بىناكارلىرى بولۇش بىلەن بىللە، ھازىرقى «ئېتنىك مەنىدىكى مىللەت»لىك كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ چىققىنى يوق. ئۇلار چەت ئەللەرگە تارقىلىشنى خالايدۇكى، يەھۇدىيلاردەك چەت ئەللەردىن كېلىپ

توپلىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا بىر ئېتنىك ــ تەبىئىي مىللەتكە خاس پۈتكۈل ئالامەت، مەدەنىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت، مىللىي ئادەتلەر تولۇق. ئۇلارنىڭ ئۇتۇق ۋە ئىللەتلىرى، ئالىم ۋە شائىرلىرى، سەركە ۋە جامائىتى تۇگۇل ھەتتا ئېپتىخار ـ نومۇس، مۇھەببەت ـ نەپرەت، باھا ـ پاراڭ جۇغلانمىلىرىمۇ ئۆز كاتېگورىيەسىگە لايىق. ئۇلار قۇم ـ بوران ۋە سۇ ئاپىتى بىلەن بىرگە ئوقۇش ۋە خىزمەت سالاھىيىتىدىن يۈرەكزادە بولۇپ، مول ھوسۇل ياكى توي ـ تۆكۈندىن مەشرەپ قۇرۇپ كېلىشتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ يۇرت كاتتىلىرىمۇ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككىلەمچى نەرسىنى، مۇقامدىن ئىبارەت بۇ «دەستىسى ساتاردا، بەستىسى ئېيتاردا» بولغان ئىككىنچى زۆرۈرىيەتنى خەلقنىڭ تۇپ خۇمارى قىلىپ، بىر ـ بىرىدىن بەكرەك سۆرەن سېلىشتى. مەن ئۇستىگە مال ـ يۈكتىن ئىبارەت «توقۇم» (توقام) سېلىنغان تۆگىدە ئولتۇرۇپ قەدىمكى يىپەك يولىدا مۇقام ئېيتىپ كېتىۋاتقان بەش سەنئەتچى تەسۋىرلەنگەن رەڭلىك ساپال ھەيكەلنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۇلار ئاڭسىز بولسىمۇ، تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئەمەل قىلىپ «مۇقام» بىلەن «توقام» نى تەڭ تۇتقان، «توقام»نى ئاستىغا بېسىپ تۇرۇپ، بەرباب تارىسىغا ناخۇن سوققانىكەن. بىزچۇ؟!

گۆدەكلىكىمدە مەنمۇ سەنئەت خۇمار بولۇپ قالدىم. ماڭا تەسىر قىلغىنى ئالمۇتادىن كىرگەن ئوقۇش كىتابلىرىدا تىلشۇناس ۋە ئەدىبلەرنىلا شۆھرەتلىك ئالىملىرىمىز دەپ تونۇشتۇرغانلىقى، بىزدە ھېكمەت ۋە تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرى ھەققىدە خەۋەرسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئىدى. ئەكسىچە، مەن يىگى زامان «ئەدەبىيات» ۋە «ئالماناخ» لىرىدىن ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا باي خەلق قېنى، تۇرمۇش مۇڭى، تەسەۋۋۇر يالقۇنى بىلەن كونا شېئىرىي دىۋانلار تەسىرىدە كىلىتكىلىرىمدىكى شېئىرىي ئىرىسىي ئامىللارنى چاقماق قىلىپ، قەلب چېقىنداقلىرى چېقىشقا مايىل بولدۇم. كېيىنچە شېئىرىي ھېكمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇستىلىرى ــ نەۋايى، شىرازىي، ھېيوتى، رابىندرانات تاگور، ئۆمەر ھەييام بىلەن بابا رەھىم مەشرەپ ئەسەرلىرىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىي ياۋۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا مەدەت قىلىدىغان ھازىرقى زامان «ئىنجىل»ى بولۇشى مۇمكىنلىكىگە ھەيران بولىمەن. بۇ مۇمكىنلىك تەلەپكار مۇمكىنلىك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ھادىسىلەرگە كۆپرەك تۇتاشقان ھېكايىچىلىككە قارىغاندا دەبدەبىسىز، شادىيانە چۇقانلاردىن يىراق ياۋا شېئىرىيەت يولىغا كىرىپ كەتتىم. ھەر خىل گۈلدىن، چىلان تۇپراقتىن ئاقىدىغان ئېرىق بويىدا ئۆسكەن رەيھان ۋە يالپۇزلاردىن پەرقلىق مېنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم يۇلغۇن چېچەكلىرىگە ئوخشاش تەنھالىق مۇڭى، ئۇسسۇزلۇق چاڭقىقى ۋە بوران ئەنسىزلىكى بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭدىن سەتەڭلەرگە ئوسما، گۈلخۇمارلارغا تەشتەك گۈلى چىقمايتتى. خۇش پۇرىقى ۋە ئەتىرگۈلدەك يۇمران ـ نەپىس بەرگى بولمىغان بۇ ھالدىكى چېچەكلەر ئۆز ئىزىغا تۆكۈلۈپ، ئۆز شېخىدا ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋجىنى يالقۇنلۇق تونۇردا ياكى گۈلخان ئۆركەشلىرىدە كۆرۈش مۇمكىن.

يازغان ۋە ئېلان قىلغان ھېكايىلىرىم كۆپ ئەمەس. «زۇلۇم ئوچىقى»، «ئاق خالات»، «نىلۇپەر»، «تاش پەرى» ھېكايىلىرىنى يازدىم. نېمە ئۈچۈندۇر، ماكان ـ زامان ھادىسىلىرى بىلەن تۇتىشىدىغان چوڭراق ۋە كۆپرەك نەسرىي ئەسەرلەرگە مەيلىم بارمىدى.

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىغان تارىخىي درامىلىرىمدىن يەتتىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇلار: «سۇمۇرغ قوشىقى»، «قەدىمكى يىپەك يولى»، «ئوردىدا باھار»، «پىلە مەلىكىسى»، «مەلىكە گۈل يۈز»، «تەڭرىتاغ ناخشىسى»، «دات باسمىغان قىلىچ»تىن ئىبارەت. «مەرۋايىت مەلىكە» نامىدا ئۇسسۇللۇق تىياتىرمۇ يازدىم. نېمىشقىدۇر 30 ياشلاردا يازغان بۇ تارىخىي درامىلارنى ئىشكاپىمدىن چىقارغۇم كەلمىدى.

شېئىرلىرىمنىڭ ئوندىن بىرى ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنمىغان شېئىرلىرىمنى «باھارىيات»، «ئاق توز»، «ئۈچقۇن بىلەن شەبنەم»، «كۆڭۈل كۈيلىرى»، «ۋىسال بېغى»، «سىرىن چېچەكى»، «ئەزگۈلۈك كۆز يېشى» قاتارلىق توپلاملارغا ئايرىدىم. شېئىرلىرىمنى ئومۇمەن بەش تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

لىرىك شېئىرلارنى بارماق ۋەزنىدە قىسقا يېزىشقا مايىل ئىدىم. ئۇلار ئىككى، ئۈچ، بەش كۇپلېتنى ئاساسىي شەكىل قىلغان بولۇپ، يۈرەكتەك چاقنىغان بولسا، ئۆپكىدەك سوزۇلما بولمىسا دەيتتىم. مەسىلىنى قويۇپ يەشمەسلىك، مەجازىي غۇۋالىق، ھەممىنى تىراگېدىك تۈستە ياساندۇرۇش، چاقماق چېقىپ قويۇش، كۆز يېشىنى مىسرا قىلىپ قاتۇرۇش مېنىڭ ئىزدىنىشىم بولسىمۇ، ناباب شېئىرلىرىممۇ ئاز ئەمەس. ئۇلاردا پاكى گۈزەل بىر پىكرىي روشەنلىك ماقامىغا يېتەلمەي قارا قۇلۇلە قارىنىدىكى مەرۋايىتتەك قاملىشىپ قالغان، پاكى ئەرزىمەسلىك ئىچىگە ۋاز كېچەلمەس ئىبارىلەر يوشۇرۇنغان. بۇلارنى قايتا ئىشلىمىدىم. مەن تاسادىپىي، كوچىدا تىترەپ ياكى مەيۈسلۈك كۆز يېشىغا چۆمۈپ شېئىر «قوشقان» لىقىم ئۈچۈن، شائىرلىق ئىستىكى ۋە تەھرىرلىك تەلىپى بىلەن تەكرار ئىش قىلىشقا ھەۋەسلىنىپ كۆنمىدىم. نەتىجىدە، شېئىرلىرىم يوشۇرۇن، تەبىئىي ئىپتىدائىي جاڭگال پېتى قالدى. بۈگۈن ئۇنى تۈزەي دېسەم، ئەينى زاماندىكى ئىلھاملىرىمنىڭ چىنلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن ۋە گۆدەككە ئاتمىش ياشلىق چوڭ دادىسىنىڭ قېنىدىن ئوكۇل بېرىشنى مۇناسىپ كۆرمەيمەن. مۇزىكىغا تەرجىمان، شېئىرغا مۇھەررىرنىڭ ھاجەتسىزلىكى ھەققىدە مۇتلەق بىرنېمە دېگۈم يوق.

غەزەل ـ قەسىدىلىرىم «شەيدائىي» تەخەللۇسىدا يېزىلدى. «گۈلزار ئاشىقى»، «بۇلبۇل ئازادى» نامىدىمۇ ئازغىنە غەزەللەرنى يازدىم. «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا ئانامنىڭ غەزەللىرىنى رەتلىدىم ۋەئۇنىڭغا غەزەللەرنى قوشتۇم. غەزەلنى بەش ـ يەتتە بېيىتلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەنئەنىدىن ئاشۇرماسلىقنى، پىكىر بىلەن سىمۋولنى بىرلەشتۈرۈشنى خالىسامۇ، ياۋا مېۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر دەك چىقمىدى. كىشىلەر ياقتۇرمىغان، زاكاز تەلىپىدە ئېلان قىلىنغان غەزەللىرىمدىن تېنىۋالالمايمەن. ئەمما كۆپلىگەن غەزىلىمگە پۈتكۈل خەلقنى قەلبىگە يوشۇرغان روھىيىتىم يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ روشەنلىكتىن قانچىكى مەھرۇملىرىدا بۇ سىر ئۆز زامانىسىغا لايىق مۇساپىدە قاتمۇقات مەجازلاشقان. ئەنسىرەيدىغىنىم، بۇ قېلىن پوستلۇق بادامىلارنىڭ سەنەم لېۋىدىن چەتتە قېلىشىدىن ئىبارەت. كىمكى ئېرىنمىسە ۋە تىلىسىم ئاچقۇچىنى تاپالىسا، بۇ غەزەللەر ئىچىدىكى مېغىزىنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەيلى ئۇ بىر ياكى بىرقانچە كىشى بولغاندىمۇ!

«رۇبائىيات» نامىدا ھازىرچە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي ئېلان قىلالىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى يېتەرلىك ئىنچاملىغان غەزەلنىڭ توختىشىدىن، بەزىلىرى كۆزۈمگە چۈشكەن ھايات ماھىيەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان روجەكلىرىدىن، بەزىلىرى تەلۋە قويۇندىن ئاپىرىدە بولغان. مەن شائىر ئەمەس، رۇبائىيچىمۇ ئەمەس. شۇڭا، رۇبائىيچىلىقنىڭ شەكلەن تارىخىغا، تېماتىك پىكىرنىڭ تەقلىدىي تەكرارلىنىشىغا نەزەر سالغىنىم يوق. مەن ئۆزۈمنى ۋە ئەينى زاماندىكى ئۆز قەلبىمدىكى خەلق روھىيىتىنى «كالتە غەزەل» شەكلىدە يازدىم. پىكىرنىڭ سۆيۈلدۈرۈلۈشى ياكى تەكرارلىنىشىنى كەچۈرۈشكە بولغاندا ئىدى، ھەربىر رۇبائىيىمنى غەزەل قىلغىلى بولاتتى. ئەمما بۇ رۇبائىيلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئىبارەت ئىدى. مەن ئۈچۈنمۇ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ تۇنجى بولغان «رۇبائىيات» توپلىمىم 1980 ـ يىللاردا رۇبائىي قىزغىنلىقى پەيدا قىلدى.

لىرىك نەسر تۈرىدىكى «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» 10 يىللىق (1966 ~ 1976) مالىمانچىلىق مۇھىتىدا يېزىلغان پارچە ـ پارچە

«سەۋدالىق خاتىرىلىرى» دىن توپلانغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىنى جىددىي ئاختۇرۇش، قاماش ۋە سوراق قىلىش مۇھىتىدا يوقىتىۋەتكەنىدىم. مەن «كاككۇكنامە» دېگەن 100 نەسىر ئارقىلىق ھۆرىيەتنى، «مارجاننامە» دېگەن 100 نەسىر ئارقىلىق دېڭىز ئاستىغا تاشلانغان مارجانلارنى ئاسمان يۇزىگە چاچمىغۇچە ئۇيۇق يورۇمايدىغانلىقىنى، «سۇمۇرغنامە» دېگەن 100 نەسىر ئارقىلىق تارىخ ھېكمەتلىرىنى، «جاھاننەما» دېگەن 100 نەسىر ئارقىلىق رېئاللىق ئىبرەتلىرىنى، «نىجادىيەتنامە» دېگەن 100 نەسىر ئارقىلىق ھايات يولىنى يېغىنچاقلىماقچى بولدۇم.

«قارلىق تاغ شەجەرىسى» ئۈچ قىسىملىق شېئىرىي رومان سۇپىتىدە يېشىم 30 غا يەتمەستە يېزىلغان، كېيىن ئىككى قىسمى ئېلان قىلىندى.

ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ياكى تارىخىغا ئائىت ھېچقانچە تەتقىقات قىلالمىدىم. شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى ھەققىدە يازغان قول يازمام يوقىلىپ كەتتى. «پوئېتىكا» نامىدا كىتاب پىلانلىغان ھەتتا مۇقەددىمىسىنى باشلىغان بولساممۇ، ئۇ شۇ پېتى قالدى. شېئىرىي تەسىراتلار بويىچە بىرقانچە ماقالە يازغىنىمنى ھېسابلىمىغاندا، ئاساسلىقى «ئومۇمىي ئېستېتىكا» بىلەن «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ناملىق ئىككى كىتاب يازدىم. بۇ ئىككى كىتابتا، بولۇپمۇ «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دا ئۆزۈمنىڭ قاتلام قارىشى، ئېستېتىكا سىستېمامنى بىرقەدەر روشەن بايان قىلدىم. ئۇ گۈزەللىك بىلەن ئېستېتىكىلىقنى ۋە ئېستېتىكا ئوبيېكتىلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىقىنى ئاساس قىلغان.

شېئىرلىرىم ئۇستىدە شائىرانە ئوبراز بىلەن يېزىلمىغان. ئۇ كوچىلاردا، ھارغىن ئەمگەكتىن كېيىن، ئەۋرەز يولىدىن چىقىپ ھاقارەت ئۆتكەندە، بىرەر خاتىرە ئورنىغا بېرىشتىن بۇرۇن، ماشىنىدا، ئويغىنىپ كەتكەندە يېزىلغان «سەرگەردان» شېئىرلار بولدى. مېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشق ـ مۇھەببەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغۇچىلارغا قارىغاندا، ئۇنى رۇبائىيلار، غەزەللەر، لىرىك نەسرلەر ۋە روھنى پاكلاشتۇرغۇچى، كەلگۈسىگە ئىنتىلگۈچى تېمىدىكى ماقالىلىرىم ئىچىدە گەۋدىلەنگەن سىمانىڭ پىكىر ـ ھېسسىيات بىلەن تەرىپلىگۈچىلەر مېنىڭ مۇددىئايىمنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەر خىل ئەسىرىمگە، ھەر خىل تېمىدىكى قول يازمامغا، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بىر تال قىزىل رومال ياكى ئاق توپىغا بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنيايىمنىڭ قەترە ياكى زەررىلىرىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ ماڭا ئۆمەر ھەييامغا مەي، ئەلىشىر نەۋايىغا مۇغپەچە (مەي قۇيغۇچى بالا. ــ تەكلىپلىك مۇھەررىردىن)، بابارەھىم مەشرەپكە ئىشق ئىبارىلىرى قانداق مەجازىي ۋاستە بولسا، خۇددى شۇنداق مەجازىي ۋاستە ھەم تەمسىللىك ئۇسۇل ئىدى. ئابستراكت غايىلەرنىڭ غەمكىن، ئەمما ئۈمىدۋار شەكلى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ھاۋالە سىمۋوللىرى تېپىشقا ھەمىشە موھتاج بولۇپ كەلگەن. شېئىرلىرىمدىن بىرەر سىمانىڭ پىكىر مەرۋايىتىنى تېپىشنى ئىزدىگەن كىشى قارا لايغا مىلىنىپ تۇرغان قۇلۇلە قېپىنى يېرىپ ئېچىشى مۇمكىن.

مەن شائىرلارنىڭ مۇتەپەككۇر بولۇشىنى ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنىڭ كەمرەك بولۇشىنى، ئالىي ماقامىلىق مەخسۇس شائىرلاردىن باشقىلىرىنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئىقتىساد، تەبىئىي پەنلەر، تېبابەت، ماشىنىسازلىق، تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساسىي ئىقتىدار ۋە تۆھپىكارلىق ئورنىغا قويۇشىنى، رەڭلىك شار قويۇۋېتىش ۋە ساليۇت زەمبىرىكى ئېتىشنى ئاساس قىلىۋالغان مەيخانا ئىشىكىدىكى قىزىل كاستۇملۇق «خۇش كەلدى جانان» بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن رىقابەت ياكى ھەسەت بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلققە، خەلقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا بولغان مەسئۇلىيەت بىلەن شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ «ئاز ۋە ساز» بولۇشىنى

ئېغىزغا ئالدىم. چۈنكى ئالدىمىزدا بىزگە شېئىر مۇسابىقىسى دۇچ كېلىۋاتقىنى يوق!

## 6. «ئۈچ خەزىنە»

ئۈچ خەزىنە ئېپتىخار، مىڭ ھېكمەت ئۇندا چاقنار،
ئۇ ئۇنتۇلسا زىمىستان، ئۇ تېپىلسا نەۋ باھار.

«‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» ناملىق كىتابىم 1956 ـ يىلى ئىككى تىلدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ماقالەم بىلەن باشلانغان ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ئارىلىقتا «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ئىلمىي قىممىتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۇك قامۇسى ـــ ‹قۇتادغۇبىلىك›» (ياپونىيەدە ئېلان قىلىنغان) قاتارلىق يەتتە پارچە ماقالە ئېلان قىلدىم ۋە باشقا كىتابلىرىمدا بۇ ھەقتە توختالدىم. بۇ كىتابنى يېزىشقا بەش نەرسە تۈرتكە بولدى، ئۇلار: تۈركىيەلىك ئالىم رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئېچىلمىغان خەزىنە، دېيىشى؛ رۇس تۈركولوگى بارتولدنىڭ بۇ كىتابنى تۆۋەنلەشتۈرگەن سۆزلىرى؛ يۇسۇف خاس ھاجىپ قەبرىسىنىڭ قايتا ياسىلىپ يوپيۇقدالغانلىقى؛ بۇ كىتاب تەتقىقاتىنىڭ شېئىرىي «يەشمە» نۇسخىسىنى ئاددىيلا ماقالە شەكلىدە تەكرار يېشىپ بېرىشنى قېلىپ قىلغان ئاسان يولغا كىرىپ قالغانلىقى؛ بۇ كىتابنىڭ مىللىي ۋە تىل تەۋەلىكى ھەققىدىكى تالاشلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بۇ كىلاسسىك «نوم» غا شەرھنامە كېرەك ئىدى. بۇ دەل ئەبەدىيلىك يوپۇق ھېسابلىناتتى. مەن «مەڭگۈ تاشلار»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «قاراخانىلار ھۆججەتلىرى» ئۈستىدە تەتقىق قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ۋە پىكرىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە ئىزدەندىم. ئارستوتېل ـ فارابىي، فىردەۋسىي ـ كەيكاۋۇس

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. كىتابنى سىياسىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشتىن ساقلاندىم. ئۇنى ئۆزۈپ ئالماي، بىر پۈتۈن ھالەتتە ئىزاھلاشقا ئۇرۇندۇم. نەتىجىدە تالىشىپ يۈرگەن تىل ۋە مەدەنىيەت «ئىرسىيىتى» ھەل بولدى. يۈسۈفنىڭ تىلى سىڭقۇسەلى تۈتۈك تىلى بولۇپ چىقتى.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىم شىنجاڭدىكى بۇددا دەۋرى سەنئەت خەزىنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا يېزىلدى. بۇ كىتابنى يېزىشقا تۆت نەرسە تۈرتكە بولغان، ئۇلار: بۇ خەزىنىلەرنىڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، ئوغۇت توپلاش ۋە ۋاقىت ئېكەكلىرىدە بۇزۇلۇپ بېرىشى؛ ستەين ۋە شاڭدا ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ تارىمدا ئەسلىدە مەدەنىيەت بولمىغان، تارىم مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتى ئېششندىلىرىدىن تەركىب تاپقان دېگەن قارىشى؛ بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆز زامانىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بەدىئىي قىممىتى؛ خەلقتىكى ئۇنتۇلۇش روھىيىتى. مەن بۇ خەزىنىنى ئىزاھلىغۇم كەلدى. ئىككى قېتىم قەلەم ئېلىپ تاشلاپ قويدۇم. بۇددىزمنى تەتقىق قىلىش، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، رۇسىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن تاشكېمىر جاۋاھىراتلىرىنىڭ رەڭلىك فوتو سۈرەتلىرىنى ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن كىتابنى راۋان يېزىشقا كىرىشتىم ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ ھازىرلىدىم. بۇنداق يۇقىرى مالىيە ـ مەدەنىيەت فوندى ئاساسىدا يارىتىلغان ئۇلۇغ خەزىنىنىڭ بىر مۇختەسەر ئۆرنەك كىتاب شەكلىدە بولسىمۇ «ئۆلمەسلىك» سۈيىدە چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى ۋە ئەبەدىيلىك مۇمىياسى ھالىتىدە ساقلىنىشىنى قانداق قىزغىنلىق بىلەن ئىزدەندىم ـ ھە! بىر مۇسۇلماننىڭ بۇددىزم تەتقىقاتىدا قانچە ـ قانچە كىتاب كۆرۈشى، قانچە ـ قانچە بۇددا ئىبادەتخانىسىنى زىيارەت قىلىشى، قانچە ـ قانچە ئېكون (بۇت) بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىغا توغرا كېلەتتى.

«ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ئىككى ئايدىلا يېزىلدى. بۇ كىتابنى مەن دوختۇرخانىدا تاماملىدىم. ئەمما بۇ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان تەتقىقات، زىيارەت ئاساسىدا، ئىككى كىتاب، مۇقامغا ئائىت 16 پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن ئىككى كىتابىم 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئىككى تىلدا تۆت قېتىم نەشر قىلىندى، خەلقئارا كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ياپونىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا ساقلاشقا ئېلىندى. ئارىدىكى 13 يىل ئىچىدە «ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبە ئېقىنلىرى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى»، «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرىي ئۇچۇرلىرى» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىمنى ئېلان قىلدىم. نېمە ئۇچۇندۇر ھەر قېتىم مۇقام ھەققىدىكى چۈشەنچەم خۇددى كولۇمبۇدىن ئىلگىرىكى سەيياھلارنىڭ زېمىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىچىلىكلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ھېلىمۇ بۇ زېمىن تىلسىمدەك، ئۇشبۇ كاتتا خەزىنە يورۇتۇلۇپ پۈتكىنى يوق.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىستېمىلىرىدا يۇقىرىدىكى ئۈچ خەزىنە ئالەمشۇمۇل تەسىر ۋە ھۆرمەت قوزغىغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەلئېھرامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇقەددەس ئابىدىمىز!

## 7. كۆمۈلگەن ئىز، ئۈزۈۋېتىلگەن زەنجىر

كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپ،
سىرتتىن ئىزدىگەننى ئەردىن.

—— قومۇل خەلق ماقالى

مەن ئەسلىدە كىچىككىمدىن ھەر خىل كىچىك، ئوماق ھايۋان باللىرىغا ئامراقلىقىم تۈپەيلىدىنمىكىن، بىيولوگىيە ـ خىمىيە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەنىدىم. تەپەككۇر تۇرمۇشى مېنى ئىنسان ۋە گۈزەللىك تېمىسى بويىچە ئىزدىنىشكە باشلاپ كەلدى. كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئالىملىق ئۇنۋانى ئەمەس، كۆمۈلگەن ۋە ئۈزۈپ ـ پارچىلاپ ئىزاھلانغان مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۇركۇمى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت گۈزەللىكى بولدى. يەرلىك كىتابلاردا، ھەتتا نەۋايى ھەزرەتلىرى بىلەن مىرزا ھەيدەر كىتابلىرىدا يىراق تارىخ ئۇنتۇلغان، ئۇنىڭ ئورنىغا نوھ بىلەن ياپەس، چىڭگىز بىلەن تۇغلۇق تېمۇرخان مۇقەددىمە قىلىنغان بولسا، ئۆزگە يېزىقتىكى كىتابلاردا پەقەت «شاھنامە» رىۋايەتلىرى بىلەن خانلىق سالنامىلىرى كۆكلەرگە كۆتۈرۈلگەندى. مەنمۇ تەييار داپقا پىرىخونلۇق قىلىشنى خالىمىدىم. چۈنكى كىشى پەيتۇن بىلەن زەيتۇن ئوتۇغات كىيىپ كېتىش ئۈچۈن بۇ قىسقا «رابات»قا كەلمىگەن.

مەركىزىي ئاسىيا ـــ ئاسىيا ـ ياۋروپا تۇتاش قورۇقلۇقىدا ئىپتىدائىي مېتال مەدەنىيىتى ۋە «ئات مەدەنىيىتى» ئەڭ دەسلەپ باشلانغان ۋە تارىختا خەلقلەر تونجى ئالاقە قىزغىنلىقىنى ئاچقان خاسىيەتلىك زېمىن ئىدى. ئۇنىڭسىز ئات بىلەن زەپەر قۇچقان ئىمپېراتورلار ۋە ناتونۇش خەلقلەر زېمىنلىرىنى تۇتاشتۇرغان قەدىمكى قاتناشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

نۇقتىنى بىلىش ئۈچۈن چەمبەردىن خەۋەردار بولۇش لازىم. بۇ ماكان تۇتاشلىقى چۈشەنچىسى. ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ زامان ئىزچىللىقى ئۇقۇمى. راستىنى ئېيتقاندا، دۇنيادا ھەقىقىي مەنىدىكى «ئۆلگەن مىللەت» ۋە «يوقالغان مەدەنىيەت» بولغان ئەمەس. مەن مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئىزدەش جەريانىدا «فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (قەدىمكى تۇران تارىخى)، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرىم بىلەن بىر قاتار ئىلمىي رىسالە ـ ماقالەمنى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى بويىچە يېزىپ چىقتىم. بۇ ماقالىلەر: «ئوتتۇرا

ئاسىيادا ئىپلىنىزم مەدەنىيىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇياش ئىلاھىيەتچىلىكى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆت زات قارىشى»، «نورۇز بايرىمى ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەسىلىلىرى»، «سكتاي ــ ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق»، «سكتاي مىتال ھۈنەر ـ سەنئىتى»، «ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «مانىزم تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مانىزم يادىكارلىقلىرى»، «غەربىي يۇرت تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەنبەلىرى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى»، «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى»، جۈملىدىن «يىپەك يولى» مۇتەپەككۇرلىرىدىن فىردەۋسىي، ئىبن سىنا، ھافىز شىرازىي، خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندى، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىي، ئەھمەد يەسەۋىي قاتارلىق بۈيۈك سىيمالار ھەققىدە خاس باھا ۋە قاراشقا ئىگە ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مەنسۇر ھەللاجى ھەققىدىكى ماقالەم شۇ خىل خاس مەنىدىكى ماقالىلەردىن ئىدى.

مەن تولاراق مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى، مانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرىدىكى، ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تارىخىغا قىزىقتىم. بۇ بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكى (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرۇلدى. «غەرب مەركەزچىلىكى» نەزەرىيەچىلىرى ئۇنى گرېك ـ ئىران ـ ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ساقىندىلىرىغا باغلاپ ئىزاھلاشتى. يەرلىك تەتقىقاتچىلار پەقەت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستلەر ۋە تۈركىي لۇغەتلەرنىلا ئۆلچەم قىلىشۋالدى. مەن تولىمۇ يىراق بۇ مەدەنىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن بىر چاغلاردا تېخىمۇ كۆپ كىتاب يېزىشنى ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ بىر قىسمى «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىدېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت تارىخى»، «تارىختىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەزكىرىسى»، «يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تارىخى»، «شىنجاڭ سەنئەت تارىخى» قاتارلىقلار ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



«قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ـــ ئاساسلىقى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بۇ زور مەدەنىيەت تارىخىغا قارىتىلغان بولۇپ، 30 بېشىمدا، 53 بېشىمدا، 59 يېشىمدا بىر قۇر قايتا ئىشلەندى.

«فارابىي ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»نى يېزىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئىككى قېتىم، تاشكەنتكە بىر قېتىم باردىم، ھەتتا ئوترارنى زىيارەت قىلدىم. بۇ كىتابىمنىڭ يېرىمى، بەلكى تېخىمۇ كۆپ قىسمى مۇھەررىر تەرىپىدىن «ئېچىدىن قىرىش» ئۇسۇلى بىلەن قىرقىپ تاشلاندى. ئۇلار كىتاب باھاسىنى ئەرزانلىتىش ئۈچۈن بەت سانىنى قاتتىق چەكلەپ، كىتابنى بېسىپ يېتىشۈالغاندى. بەزى ئەدىب ـ پېشقەدەملەرنىڭ بۇ كىتابنىڭ «زەھەر» تارقىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇشى تۈپەيلى، بۇ كىتابنىڭ سىگنالى بىر يىل بېسىپ قويۇلۇپ، ئاخىر مەخسۇس سىنزور قوشۇلغاندىن كېيىن باسمىغا بېرىلدى. مېنىڭ «ئىككى ئاقباشنى يازىپ، چۈشتى ئاق بۇ باشىمە» دېگەن شېئىرىم فارابىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەتقىقاتىغا قارىتىلغانىدى. بۇ كىتاب ھەققىدە ئۆزبېكىستاندىكى دۆلەتلىك ژۇرنال ـــ «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر»نىڭ 1992 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سانلىرىدا ئابدۇلھەق ئابدۇرەسۇل ئوغلى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ يۇقىرى باھا بەردى. مەن فارابىي ئىدىيەلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۆگە ـ ئۆگىلىرى كىرىشىدىغان، بىر يىلتىزدىن شاخلىنىدىغان سىستېما ھالىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىسخېمىسىنى سىزىپ تامغا چاپلاپ قويۇپ يازدىم. قولغا چىققانىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدىيەسى بولۇشى مۇمكىن، بىراق چېچىلاڭغۇ ئىدىيەلەرنىڭ سىستېما يىلتىزلىرىنى ئېنىقلاش باشقا ئىلمىي ئەمگەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي ئاسىيادا روھانىيەتكە، خىرىستىيان ئەللىرى بىلەن (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ماددىيونچىلىققا مايىل قىلىپ ئىزاھلانغان بۇ ئۇلۇغ زاتنى ھالال خاراكتېرلەشمۇ مەسىلە ئىدى. جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلاردا تونجى بولغان تەتقىقات بۇ تېمىنىڭ

خاتىمىسى بولماي، مۇقەددىمىسى، ئەلۋەتتە. مېنى خۇشال قىلىدىغىنى، فارابىي شېئىرلىرىنىڭ مەن ئىشلىگەن ئارۇز تەرجىمە شەكلى. بۇ شېئىرلارمۇ خۇددى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا خەنزۇچىگە ئائىت شېئىرلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدەك جامائەتچىلىك ياقتۇرۇپ مىسال قىلىدىغان شېئىرىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى.

«ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىم ئەسلىدە «ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىسىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكى» دېگەن نامدا يېزىلغان. بۇ كىتابىقچە مەن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىنىڭ يىراق مەنبەلىرىدىن تاكى يېقىنقى زامان نامايەندىلىرىگىچە بىر قاتار ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. مەقسىتىم نوقۇل ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرگە بىر قەدەم، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرىغا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. بۇ خىل پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى ئۆزاق چەكلەندى. ئۆزبېكىستاندا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارا مۇتەپەككۇرلار ئەلخارەزمىي، ئەبۇنەسىر فارابىي، بىرۇنىي، ئىبن سىنانى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات 2 - رەتتىكى پەلسەپە تارىخى كاتېگورىيەسى سالاھىيىتىدە باشلاندى، بۇ ئىشتا ئاكادېمىك ئىبراھىم مۆمىنوۋنىڭ «ئىزچى» — يول ئاچقۇچى ئىدى. خەيرۇللايېف مۇزەپپەر مۇھەممەدىن ئوغلى، ئېرىسوف قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. بۇ بىر پەن تارمىقىنى ئېچىش ئۈچۈن 1956 - يىلى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ماقالىنى يېزىشىم بىلەن «ئوڭچى» قالپىقىدا 20 يىل سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم، زۇلۇم كۆرۈشكە مەنزۇر بولدۇم.

«فارابىي پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «كۇمارا جىۋانىڭ پەلسەپە ئىدىيەسى»، «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى»، «پەلسەپىنى ئىسلاھ قىلىش تېزىسلىرى»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



««قۇتادغۇبىلىك، نىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئىدىيەسى»، «كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئىستېتىك ئاڭ توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئىلان قىلغىنىمدىن كېيىن، «ئۆزبېكىستاندا ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ ، 4 ـ سانىغا ئا. خ. خوجايېفنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىش ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەپەككۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئەمگەكلىرىم باھالاندى.

مەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نى يېزىشنى تاللىمىدىم. چۈنكى، بۇ ھەربىر ئوقۇش يۇرتىدا دائىم يېزىپ، يېڭىلاپ تۇرىدىغان دائىمىي دەرسلىك قوروللۇشى ئىدى. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدۇم ۋە خەنزۇچە يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى قىسمىنى يېزىپ چىقتىم. «شىنجاڭ پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قىسمىنى يېزىپ چىقتىم. قىرغىز پەلسەپە تارىخىنى يېزىشتىن شۇنچە باش تارتساممۇ بولمىدى. بۇ ساھەگە مېنىڭ قول تەگكۈزۈشۈم ئەڭ نامۇناسىپ ئىش ئىدى.

مېنىڭ پەلسەپە تارىخىدىكى پىكىرلىرىمنىڭ ھەممىشە بىر قاتمال ھالەتتە تۇرمىغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى ئىلمىي ـ ئەدەبىي ئەسەرلىرىم بىلەن «ئارىفنامە»دىن كۆرۈش مۇمكىن.

## 8. بىر مىللەت ئۈچۈن بىرىنچى زۆرۈرىيەت روھنى پاكلاشتۇرۇش بىناكارلىقىدۇر

ئىزىڭدىن تىكەن ئۈنسە، ئەۋلادىڭنىڭ پۇتىغا سانجىلار.

— قومۇل خەلق ماقالى

مىللەت ئۈچۈن مەيلى ئۇ قايسى ئېتنىك تۈركۈم بولسۇن، تارىخ سەھىپىسى ۋە دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا

زوروۇر شەرتلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ھەممە ۋاقىت بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ئۇنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدۇر. مىللەت تەشكىللى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىلا دىنىي ئېتىقاد، مۇراسىم - ئادەت، ئالەم ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىيەت رىتىمىنى تۈزىدۇ. مىللەت ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرى كامالەتكە قەدەم قويۇشى بۇنداق بىناكارلىقنى تەقەززا قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ھەتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلىشى ئۈچۈنمۇ بۇنداق روھىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. روھىيەت بىناكارلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مال -دۇنيا تاپاۋىتىگە بېرىلگەن يۇرتنىڭ تەقدىرى ۋىزوۋى يانار تېغى ئاستىدا قالغان ئالتۇن سودىسى شەھىرى — پومپېينىڭ تەقدىرىدىنمۇ پاجىئەلىك بولۇشىنى قەتئىي ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. ئىبن سىنا توغرا ئېيتقان: كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ. بىزمۇ كېسىپ ئېيتىمىز: پاجىئە ئاچ كۆزلۈكتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. بېيىشقا روھىيەتنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلىۋاتقان خەلق بىلەن قۇربىتى يەتكۈچە ئۆزىنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىنى پاكلاشتۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىدا نېمە تۇرۇۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

مەن ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى، ئىقتىسادى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ بىكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، دۇنياغا يۈزلىنىش مۇقەررەرلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. مېنىڭچە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مۇچىلى ئۇيغۇتىش يىللىرى بولۇش كېرەك ئىدى.

شېئىرلىرىمدا يېڭى ئەسىرگە كېتىۋاتقان چاغدا كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش، ئىنتىزارلىق روھىيىتى ئىپادىلەندى. بىر قاتار ماقالىلەر يازدىم: «تارىخنى قايتا ئويلىنىش»، «خەلقنى ئۇبرازلىق تەپەككۇر ۋاستىسىدە ئىپادىلەش»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش — مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «ھەسەتخورلۇق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇچ بۇرجىكى»، «ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت»، «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ»، «يىپەك يولىدىكى توقۇقۇز ھېكمەت»، «ئارىفنامە»، «يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە تۆگىقۇش روھى»، «يىپەك يولىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى»، «ئائىلە مەدەنىيىتى» تېمىسىدىكى بىر قاتار ماقالە ـ كىتابلار ئەنە شۇنداق مەيدانغا چىقتى.

بۇ ماقالە ـ كىتابلار يۇقىرى قاتلام زىيالىيلار ئىچىدە قىزغىن ھېسداشلىق قوزغىغاندىن باشقا، بىر قاتار ئېتىرازلارنى پەيدا قىلدى. بەزى ئاق كۆڭۈل ۋە مىللەتنى ھېسسىي مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان كىشىلەر مىللەتتىكى ئىللەتنى سۆكۈشنى «مىللەتنى سۆككەنلىك»، «مىللەت ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك» دەپ قاراشتى. بەزى تارىخچىلار ئۇيغۇر روھىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن كەلگۈسى تارىخنى كۈتۈۋېلىش چۇقانلىرىغا قارىتا «كەلگۈسى بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، يەنىلا تارىخ تەتقىقاتى ماقالىلىرىنى كۆپرەك يېزىلىك» دېيىشتى. بەزى ئەدىبلىرىمىز مېنى: «بىر ئەسىردىن كېيىنمۇ تەقەززا قىلىنمايدىغان نەرسىنى سۆزلىگەن خىيالپەرەس» دېسە، بەزىلىرى: «مەرىپەتچىلەرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى چىللاۋاتامسىز؟» دېيىشتى. بۇلاردىن باشقا، گېزىت مۇھەررىرلىرىدىن ماقالىلىرىمنى خالىغانچە سولغا بۇرايدىغان جۈملىلەر بىلەن تەھرىرلەپ ئېلان قىلغان كىشىلەرمۇ چىقىشتى. شۇنداق قىلىپ، مەن بىر مەزگىل غەلىتە ئادەم، يات ئىنسان بولغاندەك بولدۇم.

ئەمما، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامان دەرھال تېخىمۇ كۆپ كىشىگە مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشنى ئۆگەتتى. مەدەنىيەتكە قارشى پىسخىكا — روھىي ئىللەت بىلەن رەشك — ھەسەت بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق بىرلەشكەندە ئويغاتقۇچىنى

چۈشەنمەسلىك، تىل ـ ھاقارەت، بۇرمىلىنىش ۋە تەنھالىق ئازابىنى چېكىدىغانلىقىنى بىۋاسىتە كۆزەتتىم. كۆپ ئويلىدىم: بىر مىللەت ئومۇمىي ئويغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكىپ ئويغانسا، بىر يىل ئارقىدا قېلىشى تەبىئىي! بىر مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خورسىندى مىللەت ئۈنىڭ جاسارەتسىزلىكى، ساختا ئىپتىخار ۋە بىكار تەلەپلىكى! تارىخنىڭ ئەڭ ئېغىر جازاسى ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك لەنەت تاختىسىغا مىخلىنىشتىن ئىبارەت! ئارىق ـ ئويغانغان ئىنسانىنىڭ خىزمىتى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئۆز پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخىي پاجىئەسى!

## 9. يېڭى نەزەرىيەۋى يەكۈنلەر

> باغدىن مېۋە ئۈزگىنىڭدە يېڭى كۆچەت قويۇپ بار،
> كۆچۈرۈپ، يادلاش بىلەن ئەقىل تاپماس ئېتىبار.

مەن بىر نوپۇزلۇق ئېتىقاد ۋە غايىنىڭ يوقلۇقىنى نۆۋەتتە ئالەمشۇمۇل پاجىئە دېيىش بىلەن بىللە، بۇنى «چەكسىز پىكىر ئەركىنلىكى» دەپمۇ قارايمەن. بۇ مەندىكى غايىسىزلىك مايىللىقى بولماي، بەلكى كامالەتلىك غايىنى ئىزدەش قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت. مەن كىتاب ـ ماقالىلىرىم ئارقىلىق بىر قاتار يېڭى تەپەككۇر تۈزۈلمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭ مۇھىملىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

1. «قاتلام نەزەرىيەسى» مېتودولوگىيەسى. بۇ تەبىئەت، جەمئىيەت، روھىيەت ھادىسىلىرى تۈزۈلمە ۋە جەريان، ماكان ۋە زامان جەھەتتە ئەسلىدىكى ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي زاتلىق) قاتلاملىقا ئىگە. ئۇنى بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلىمۇ گېنوسىيولوگىيەلىك (بىلىش نەزەرىيەسى) جەھەتتىنمۇ قاتلام

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



مېتودولوگىيەسى پىرىنسىپىنى قورال قىلىشى لازىم، دېگەن قاراشقا مەركەزلەشكەن.

2. «ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق تارىخ تەتقىق قىلىش» ئۇسۇلى. بۇ تارىخ يازغۇچىنىڭ كونكرېت تاشقى بېسىم ۋە ئىچكى خاھىشچانلىق ئاساسىدا يېزىق بىلەن يېزىشتىن ئىبارەت يېزىقنى ئۇچۇر قىلىش ئەنئەنىسىگە قارشى قويۇلغان يېڭىچە ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇل بويىچە، تارىخنىڭ ئۆز ئۇچۇر سىستېمىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي تارىختىن ئىبارەت. بۇ مۇھىمى ماددىي بۇيۇم، يېزىق ـ ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تارىخ بايان قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا تارىخ ھەر خىل يېزىلىپ، ئەسلىي ئۆز ئۇچۇرى چەتتە قالغان بولىدۇ. بۇ سىماچىيەن، ھېرودوتتىن باشلانغان ئۇسۇلدىن كۆپ چىنلىق، ئىلغارلىققا ئىگە. بۇ ئۇچۇر مەنبەلىرىنى ئاساس، يېزىقنى قوشۇمچە قىلغان يېڭى تارىخ تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر.

3. «تارىخنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى» قارىشى. ھەرقانداق تارىخ پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە ئايلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئىنسانىيەت تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شەكلىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ، يېڭى قاتلامنىڭ ئۆلىنى تۈزىدۇ، ماھىيەت ۋە ئۇسلۇبتا يىراق جايلارغىمۇ كېڭىيىپ ساقلىنىدۇ. بۇ تارىخنىڭ جېنى، بىلىش جۇغلانمىسى، مەدەنىيەتنىڭ ھەقىقىي فوندىدىن ئىبارەت.

4. «قىسمەنلىكتە ئومۇملۇقنىڭ كۆرۈنۈشى» قارىشى. بۇ ھەربىر مىللىي مەدەنىيەت دېتالىدا، مىللىي فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ شاخچىلىرى، تارماقلىرى، ھۈجەيرىلىرىدە ئۆزىگە خاس قىسمەنلىكتىن تاشقىرى پۈتكۈل مىللىي مەدەنىيەت ـــ سەنئەت ۋە مىللىي پسىخىكىلىق ئومۇمىي ئالامەتنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقىغا قارىتىلغان قاراش.

5. «مىللىي مەدەنىيەت ئىرسىيىتى» قارىشى. بۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى، ھەرقايسى تارىخىي شەكلى

(فورماتسىيەسى) ۋە هازىرقى هالىتىدە ئىزچىل يوسۇندا ئۇنىڭ ئېتنوگېنزىسى، گېنېئولوگىيەلىك (پەيدا بولۇش ئىلمى) ئۇرۇقى، تىپى، ئالاھىدىلىكى ساقلانغان ۋە داۋاملاشقان بولىدۇ، دېگەن پىكىرگە ئاساسلانغان قاراش.

7. «ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى» قارىشى. بۇ ھەرقايسى خەلقلەر تارىخىنى مۇتلەق ياكى پەۋقۇلئاددە يوسۇندا پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۈزۈۋېلىپ، خەلقئارا ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئۆز ئالاھىدىلىكى باھاسىدا چەكلىمە قويۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدىكى يېڭىچە قاراش. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ماھىيىتى مەدەنىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ناتەكشىلىكنىڭ بىردەكلىككە زىت ئەمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

8. «مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق ـ سېنكرېتىك تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى» قارىشى. بۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىسىز ئۆز ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى — «تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى» بىلەن، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مەركىزىدىن «تەبىئىي مىللەتلەر»گە تارقىلىشى ئاساسىدا راۋاجلىنىش نەزەرىيەسى — «دىففوزىيە نەزەرىيەسى»گە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدىكى يېڭى قانۇنىيەت— قاتلاملىق ـ سېنكرېتىك راۋاجلىنىش قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ قاراش بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتى ئىجادىيىتىدىن چوڭ بولىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە لازىملىق تەسىرىنى چەككىلەپ، بويسۇندۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ؛ بۇنداق راۋاجلىنىش ۋە سېنكرېتىك (قوشۇلما) ھالەت ئارقىلىق يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئۇسلۇب يارىتىش جەريانى تارىخىي قاتلام بويىچە داۋام قىلىدۇ، دېگەن تېزىسقا ئاساسلانغان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى نەزەرىيەدىن ئىلمىي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



9. «ئىككى مەدەنىيەت ۋە بەش مەدەنىيەت تىپى» قارىشى. چەكسىز، رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەرنى «يەرلىك مەدەنىيەت» ۋە «خەلقئارا(دۇنياغا يۈزلەنگەن) مەدەنىيەت» دەپ تۆرگە ئاجرىتىش بىلەن، بەش مەدەنىيەت تىپىنى دۇنياغا يۈزلەنگەن كىلاسسىك مەدەنىيەت تىپى دەپ ئاجراتقان قاراش. بۇلار: «گىرېك ـ رىم مەدەنىيەت تىپى»، «كۇسەن ـ كوشان مەدەنىيەت تىپى»، «سۇي ـ تاڭ مەدەنىيەت تىپى»، «ئەرەب يېزىقى مەدەنىيەت تىپى»، «ئەدەبىي ئويغىنىشتىن كېيىنكى زامان مەدەنىيەت تىپى» دىن ئىبارەت.

10. «شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچ باسقۇچى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇ ئىسلام خەلىپىلىكىدە 11 ~ 12 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت دولقۇنى ھادىسىسى (بۇ ئېتىراپ قىلىنغان قاراش)نى ئۈچ باسقۇچقا ئاجراتقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىينى ئۈچىنچى دەۋر ـ باسقۇچنىڭ مۇقەددىمىلىك ۋەكىلى دەپ كۆرسىتىدىغان پىكىر شەكلىدىن ئىبارەت.

11. «يېڭى شەرق ئويغىنىشى بېشارىتى» قارىشى. بۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ ئويغىنىشى، يېڭى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، غەرب ۋە شەرقنىڭ يېقىنلىشىپ ھەم تەڭپۇڭلىشىپ بېرىشى، غەربنى مەركەز قىلغان ئاساسىي پەنلەر نەزەرىيەلىرىنى تېخنولوگىيەدە قوللىنىشتىن شەرقتە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە مالىيە ئەۋزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن شەرقتە يېڭى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ، دېگەن بېشارەتلىك ھۆكۈم.

12. «كەلگۈسى بۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دېگەن ھۆكۈم. بۇ ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى يۈزلىنىشى — پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدىكى يېڭى ئىستىقبال بويىچە، دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى ئوتتۇرىلۇقى ئورنىغا يېڭى زامانىۋى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھەر خىل قاتناش ئوتتۇرىلۇقى ئېراسى باشلىنىدۇ؛ ئىنسانىيەت بايلىق، ئەمگەك ۋە بازارلىرى

قويۇق توپىلاشقان چوڭ قورۇقلۇق — يەنىلا يىپەك يولى بويىلاپ كېڭەيگەن ئاساستا يېڭى گۈللەشكە يۈزلەندۇ؛ نىسپىي مەنىدە دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى ۋە پورت - پىرىستان گۈللىنىشى كېيىنكى ئورۇنغا چۈشىدۇ، دېگەن ھۆكۈم.

13. «مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى دەۋرى ۋە كېيىنكى ئۈچ تارىخىي دەۋرى»نىڭ قويۇلۇشى. بۇ، يىپەك يولىدىن ئىلگىرىكى سومېر - سىميان - سىكتاي دەۋرى بىلەن يىپەك يولىنىڭ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىن مىلادىيە 16 - ئەسىرگىچە) گۈللىنىشى، خارابىلىشىشى ۋە قايتا ئېچىلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە ئاجرىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

14. «قاتلاملىق ئېستېتىكا سىستېمىسى». بۇ، گۈزەللىكنى تەبىئەت، جەمئىيەت، بىلىش سۇبيېكتى ۋە مۇجەسسەم قاراشتا ئىزاھلاشتىن پەرقلىق گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك ھادىسىلىرىنى ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىي گۈزەللىك)، بىلىش نەزەرىيەسىلىك (ئېستېتىكىلىق)، سەنئەت گۈزەللىكى، زوق ۋە باھا، ئېستېتىك تەربىيە، ئىنسان گۈزەللىكى، مەنىۋى گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى قاتارلىق قاتلام ۋە تارماق قاتلاملارغا ئاجرىتىپ، ئۆز سۈپىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە كونكرېت ئىزاھلايدىغان ئىلمىي سىستېما.

15. «يېڭىچە ئاڭ ئىنقىلابى» قارىشى. ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تۈرتكىسىدىكى ھەر خىل ئاڭ - ئىدىيە قېلىپى بوھرانى ئاساسىدا شەكىللەنگۈسى ئىنسان مەقسەت قىلىنغان مۇجەسسەم گارمونىيەلىك يېڭىچە سىۋىلىزاتسىيە قارىشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەرلىكى ھەققىدىكى ھۆكۈم.

16. «پەلسەپىنى ئۆزگەرتىش تېزىسى». بۇنىڭدا ئىجتىمائىي فورماتسىيەدىن باشقا يەنە بىلىشنىڭ تارىخىي فورماتسىيەسى

www.uyghurkitap.com



ئانىمىزم، تېئىزم، پانتىزم، ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق بەش بىلىش تېپى؛ ئاڭنىڭ مەنتىقىي تېپى ۋە تارىخىي تېپى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بىلەن پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى، تۈپ مەسىلىسى، ئالىي مەسىلىسى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى، تۈركۈم كاتېگورىيەلىرى يىغىنچە قويۇلغان.

17. مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ نوقۇل مۇزىكا مەدەنىيىتى بولماي، بىر پۈتۈن ئېتنىك فولكلور مەدەنىيىتى خاراكتېرى قارىشى.

18. مۇئەييەن مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە دەۋرىنىڭ بولماسلىقى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە ھەم دېسمولياتسىيە (ياتلىشىش) ھادىسىسىنىڭ قىسمەن، نىسپىي، دائىمىي ۋە قاتلاملىق قارىشى.

19. جەمئىيەتنىڭ غايىۋى سىۋىلىزاتسىيەسى ھەقىقىدىكى مەنتىقىي مۇھاكىمە تىزمىسىنىڭ نوپۇس، ئېكولوگىيە، ھايات شارائىتىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىق تۈپ ئالدىنقى شەرتلەردىن ئايرىپ ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ غەيرىي ئىلمىيلىكى قارىشى.

20. بىر دۆلەتتە سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكى، ئەمما كوممۇنىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى قارىشى.

21. باراۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقى قۇرۇلما ۋە كۈچلەر نىسبىتى مۇۋازىنىتىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغانلىقى قارىشى.

22. مائارىپ ۋە ساغلام ـ سالماق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلىدىغان ماددىي ـ ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەشنىڭ داۋالغۇشى ۋە بوھران پەيدا قىلىشى مۇقەررەرلىكى ھۆكۈمى ۋە باشقىلار. بۇ قانۇنىيەت، سىستېما، ھۆكۈم، يەكۈن ۋە تىلغا ئېلىش شەكىللىرى ئالاقىدار كىتاب ـ ماقالىلەردە روشەن ئىزاھلانغان. ئۇ داۋاملىق تۇرمۇش سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ نەزەرىيەۋى يەكۈنلەرنى دەرھال تەنقىدلەش ئاسان. قىيىنى ئۇنىڭ ئاساسلانغان

ھادىسىلەرنى ئىنكار قىلىش. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىش، مەيلى تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي ـ تارىخىي جەھەتتىن بولمىسۇن كىشىلەرنى جازالايدۇ، جەمئىيەتتىن ئېغىر تارىخىي ـ بەدەل تۆلەم تەلەپ قىلىدۇ!

## 10. شەخسنىڭ قىممىتى

ئادەمگە ئالەمنىڭ سىرى جۇغلانغان،
ئادەمسىز سىرنى بىلەلمەس جاھان.

ئۆمۈر مەنزىللىرىمدە توپلىغان تەرمەچىلىرىمگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چۆچۈپ كەتتىم: ئەل بىلەن سۆھبەتلەشكىنىم تەنھا پىكىر قىلىشلىرىمدىن ئاز بولدى؛ سەيلە ـ ساياھەتتە كۆرۈپ بىلگەنلىرىم تەييار كىتابەتتىن ئوقۇپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمدىن ئاز بولدى؛ كەلگۈسى بوغۇنغا قالدۇرغانلىرىم ئۆتمۈش ئۇستازلاردىن ئالغىنىمدىن ئاز بولدى؛ ئەقىلگە بېرىلىپ ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ھېسسىياتقا بېرىلىپ زېمىن تەڭشىكىنى بۇزۇۋالغان ئىشلىرىم بىر تالاي بولدى؛ مەغرۇر ۋە ئۆزىنى ئەرزىمەس تۇتقان روھىي ھالەتلىرىم ھەرقايسى دەۋرىمدە كۆرۈندى؛ ئۆزىنى تىزگىنلىگەن سوكۇناتلىرىم بىلەن جۇرئەت قىلالمىغان سوكۇناتلىرىم ئارىلىشىپ كەتتى؛ خېلىغىچە كېچىكىپ ئويغاندىم ۋە تولۇق ئويغىنالمىدىم؛ دەۋر ۋە مۇھىت ھاۋاسىدا ئۇزاق مەست بولۇپ، تەنتەك چۇشەكەپ، مۇستەقىل ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلىشتا مۇچەل ـ مۇچەللەپ كېچىكتىم؛ مېنى ئوقۇتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن داۋاملىق نەسىھەت ئاڭلاپ تۇرالمىدىم ۋە ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن يىمىرىلمەس مەرىپەت كارۋىنى ئۈيۈشتۇرالمىدىم؛ ئۆزى چۈشىنىپ قالدۇ، قايتا چۈشىنىشكە پۇرسەت بېرىش كېرەك دەپ، قاراشلىرىمنى تازا چۈشىنەلمىگەن زاتلارغا پائال يېقىنلىشىپ پىكىرلىشەلمىدىم؛ تېماتىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەسەۋۋۇرۇم نۇرغۇن جەھەتتە تار، قاتمال، زەئىپ بولۇپ قالدى. قىسقىسى، زامان ــ ماكان ــ تۇركۇم ــ ئىندىۋىدۇئال چەمبەر ــ توسۇق ــ زەنجىرلىرى ئىچىدە ياشىدىم. قوللاش ئىمتىيازى، نەشرىيات ھامىيلىقى، يۇقىرى قاتلام زىيالىيلارنىڭ ھەمدەملىكى، پائالىيەتلىرىمگە ھەمكارلاشقۇچى كاتىپلارغا مۇيەسسەر بولالمىدىم. زامانىمنىڭ خوراتقۇچى دولقۇنلىرى بىلەن زىققا خەستىلىكى خېلى كۆپ ۋاقتىم ۋە كۈچۈمنى يەپ كەتتى! مېنىڭچە، ئالاھىدە ئىلتىپات دىۋېگاتىلى ۋە تۇرمۇش ماھارىتىگە ماھىر بولالمىغان زامانداشلىرىمنىڭ «تەپەككۇر تۇرمۇشى» قىسمەتلىرىمۇ مۇشۇ تىپكە كىرىدۇ.

ئەكسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنسانىنىڭ ھايات قىممىتى «ئۆچۈشسىز مۇھىت» بىلەن ئېلىنىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. راھەت، «تەييارغا ھەييار» مۇھىت يالتىراق كۆرۈنۈش يارىتىشى مۇمكىن. ھومېر ۋە رۇداكىي قارىغۇ بولغاچقا، ۋىنا ۋە ئۇد چالغۇسىغا ئۆزىگە خاس ماھىر بولغان. سىكتايلار ئات كۆندۈرۈش جاپاسى ۋە چەۋەندازلىق قورقۇنچلۇقىنى يەڭگەچكە، ياۋروپا ــ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كىچىك ئاسىيا، پەلەستىن ۋە ئەرەب زېمىنىدىكى كۆپلىگەن ئەۋلىيا ــ ئەنبىيا پادىچىلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەش يوللىرى ئىگىلەنمىگەندە مىتال ھۈنەرۋەنچىلىكى بولمىغان بولاتتى. ئەيسا كىرىستقا مىخلانمىغاندا، ئۇنىڭ ھېسداشلىق قوزغاتقۇچى ئەزگۈ خىسلىتى يۈكسەكلىك قوزغاشتا مۇنچە كۈچلۈك بولمىغان بولاتتى. يالتىراق مەرۋايىت ــــ قارا قۇلۇلە پەرزەنتى، ھەقىقەت ــــ خاتالىق چېچىكى، غەلىبە ــــ مۇشەققەت ھالۋىسى! رەقىب ۋە كۈشەندىلەرنىڭ ــــ سېنىڭ نازارەتچىلىرىڭ ۋە ئۆز ــ ئۆزۈڭنى تىزگىنلەش سىگنال بەلگىلىرىڭ. ھافىز شىرازىي توغرا ئېيتقان: «تەڭرى نادان ۋە ئىقتىدارى ئاجىزلارنىڭ غېمىنى

ئالدىن يەيدۇ، ئۇلارغا ئامەت توقاچلىرى تاشلاپ بېرىدۇ، ئۇلار كىشىلىك سارىيىنىڭ ئەتىۋارلىق مۇشۇكلىرى. تەگرى قەيسەر ۋە قابىللارغا جىمى رىيازەتنى قالدۇرغان، چۈنكى ئۇلار تۈگمەن تېشىدىن گۈل ئىچىلدۇرغۇچى كىشىلەر، ئۇلارنىڭ غېمىنى يېيىش ھاجەتسىز!» ئۇلار ئۆز قىممىتىنى، كىشىلىك قىممىتىنى ياراتقۇچىلاردۇر!

شەخسنىڭ قىممىتى — شەخسنىڭ كىشىلىك تارىخىدىكى قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى قىممەت تېپى قىلغان! بۇ، شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ جىسمانىي مەۋجۇتلۇق قىممىتى، گۈزەللىك بەخش قىممىتى، ئاتا ـ ئانىلىق مېھرىبانلىقى قىممىتىدىن ھالقىغان، شەخسىي ئۆمۈر قىممىتىدىن ھالقىغان تارىخىي قىممەت ۋە ئومۇمىي كىشىلىك تۆھپىكارلىقى قىممىتى، دېگەن سۆز. يېشىپ كەلگەندە بۇ:

— شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نەسەپ ـ سالاھىيىتى، ئىگىلىگەن ئىمتىياز ۋە بايلىقى بىلەن ھېسابلانمايدۇ، دېگەن سۆز.

— شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئېرىشكەن مەدھىيە ياكى ئۇچرىغان ھاقارەتلىرى، غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتلىرى، ئۆزى ياكى باشقىلار چوقۇنۇپ ياسىغان ئوبراز ھەيكەللىرى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ، دېگەن سۆز.

— شەخسنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتلىق مەزگىلى، ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ؛ ئۆلۈم تەگرىنىڭ ئەڭ ئالىي جازاسى ئەمەس، تەگرى ۋە پۈتكۈل مۇتلەق تەبىئەت ئۈچۈن ئۆلۈم ئەڭ ئاخىرقى چەك ئەمەس، شەخسنىڭ قىممىتى ئۆزىگە ئۆلۈمنى ئاخىرقى مەۋجۇتلۇق چېكى قىلمايدۇ، دېگەن سۆز.

بۇ ئۈچ قاتلاملىق مەنىگە پەقەت تولىمۇ خامۇش، پىكرى ئاجىز، تەنتەك كىشىلەرلا ھەيران بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەيرانلىق ئۇلارنى ئەخمىقانە تەمەننا قىلغۇچىلار، ئەخمىقانە چوت سوققۇچىلار ۋە ۋاپاسىز پەلەككە كولدۇرلاپ ئالدانغۇچىلار قىلىپ قويغان!

uyghurkitap.com



بىز ئۇچۇن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، بەخت ـ سائادىتى، مۇجەسسەم تەپەككۇرىنىڭ ئومۇمىي جۇغلانمىسىغا ئۆزگە خاس تارىخىي قاتلام ئۇلى ھەسسىسىنى قوشقان، ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلايدىغان روھىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىگە خاسلىقلا ئىگە تۆھپە قوشقان، تەپەككۇرى ۋە تېپىشماقلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن داۋاملىق قايتا ئېتىبار بىلەن قاراشقا ۋە ھەر قېتىم يېڭى مەنىدە جۇلالىنىدىغان ئىلھام ئۇچقۇنلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇناسىپ بولغان كىشىلەرنىڭ قىممىتى ھەقىقىي ئۆلمەس قىممەتتۇر. بۇ قىممەت مەلۇم مەنىدە ئۇلارنىڭ ھامىيى ۋە قوللىغۇچىلىرىغا «رەھمەت سۆيى»، ئۇلارغا قەست قىلغۇچىلارغا خىرە شولا، ھەتتا تارىخىي مەسخىرە ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممە ئۆلىدۇ، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى، شەكلى ھەر خىل، دەپنە مۇراسىملىرىنىڭ دەبدەبىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، ئەمما ئۇزۇلمەس دولقۇن — مەرىپەت تارىخى ۋە روھىيەت تارىخى ئۆزى خالىغان شەخسلەرنى قايتىدىن «تىرىلدۈرىدۇ»! بۇنى زاكاز قىلغىلى، ئۆزى قىلىۋالغىلى، ئافاق خوجىدەك يۈز مىڭلىغان قەسەملىك مۇرىت ـ مۇخلىس ۋە گۇمبەزلىك قەبرىگاھى بىلەن «ئەبەدىيلىك ئابىدىسى»گە ئايلىنىۋالغىلى بولمايدۇ! نىمە چارە، تارىخ ئەنە شۇنداق نەرسە! بۇ پۈتۈنلەي بولمىسىمۇ، خەلق تېپىشماقلىرىدىكىدەك: «تەگ دېسە تەگمەيدىغان، تەگمە دېسە تېگىدىغان» تىلسىم.

مەن تۆت پەسىلگە، تۇغۇلۇۋاتقان، ئۆلۈۋاتقانلارغا، ھەر خىل مەئىشەتتە ياشىغانلارغا، غالىب ۋە مەغلۇبلارغا ... ئانچە تەئەججۇپلەنمەي ياشىدىم. قەتئىي مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن «ھەقىقەت» دېگەنلىرىمدىن داۋاملىق قايتا ـ قايتا كۆزىتىشكە قالدۇرغان ئوبيېكتلىرىم كۆپ بولدى. بىر قېلىپ، بىر فىگورا، بىر مودېل ئەتراپىدا مۇخلىس ـ پەرۋانە بولغىنىم ۋە ھەربىر ئاتالمىنى ئۇنىڭ گۈزەل ياكى خۇنۇك نامى بىلەن

ماھىيەتلەشتۈرۈۋەتكىنىم يوق. مەن تۇغۇلغاندىن تاكى ئۆلگىچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پىكىر نۇسخىلىرىنى تەكرارلاپ ئۆتكۈچىلەر بىلەن يەڭگىلتەكلىك رەۋىشتە ئىنكار قىلغۇچىلاردىن پەرقلىنىشنى خالىدىم. تارىختا مەيلى دىن ئەۋلىيالىرى، مەيلى بىرەر كەشپىيات ئىگىلىرى بولسۇن، ئۆزلىرى يېڭى پىكىر سىستېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ خىل قاراشلارنىڭ نامايەندىلىرى بولمىغانىدى؟ ساكيامۇنى بۇددىزمنى، ئىيسا خىرىستىيانچىلىقنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بۇ ئەقىدىلەرنىڭ نامايەندىلىرى ئەمەس ئىدى. پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تەبىئىي پەنلەر تارىخىدىكى يېڭىلىق ئىگىلىرى ھەققىدىمۇ شۇنى دېيىش كېرەك. ئوتتۇرا ياكى ئارىلىق يېشىدا ئۆز زامانىسىنىڭ يېڭى پىكىر ئېقىمى ۋە ئىلمىي تەقەززالىرىدىن يىراقتا قالدىغانلار كۆپ، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەممە ئادەم ئېينىشتىيىن بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمما، تارىخ پىكىر بوھرانلىرى ۋە ئىلىم تەقەززالىرى مۇئەييەن پەللىگە يەتكەندە تارىخىي شەخسلەر ئارقىلىق ئۆز يولىنى يورۇتقۇچى مۆجىزىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار مۇشەققەت ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ ۋە كىشىلىك روھىيىتىگە نۇر بېغىشلايدۇ. تارىخ ئۇلارغا مۇشكۇللۇك ئارقىلىق يۈكسەكلىك بەخش ئېتىش بىلەن بىللە، قارشىلاشقۇچىلارنىڭ چۇقانلىرىغا يول قويىدۇ ۋە ئۇلارنىمۇ يەنە مەسخىرە توزانلىرى بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ. ئالەم پەقەت ئەبەدىيلىك جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ يولدىكى ھەربىر تارىخىي قاتلام تۆھپىسىنى روھىيەت بايلىقى قىلىپ، ئۇنىڭدا يېڭى ئەۋلادنىڭ كىشىلىك مۇھىتىنى يارىتىشقىلا مەپتۇن. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق شەخسنىڭ ھاياتى، روزغارى ۋە شەخسىي تۇرمۇشىغا بىۋاپا! چۈنكى ھالاكەت قانۇنى دەل ۋاپاسىز پەلەكنىڭ تۈپ قانۇنى، ئالەم دىيالېكتىكىسىنىڭ پولات مەنتىقىسىدىن ئىبارەت.

ئاتمىشقا كىردىم. ئالەم سىرلىرىدىن پىنىندەك بىلىۋالدىم ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ قىسمەنلىكتىن ئالەمنىڭ ئومۇمىي مىجەزىنى ھېس قىلدىم. ئاتىمىشقا كىردىم. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جىسمانىي جەھەتتە قىسقا مەزگىللىكلىكى ۋە روھىيەت ئىزچىللىقىنىڭ چەكسىز تارىخىي زەنجىرىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۆلۈم ماڭا قورقۇنچلۇق ئۇچۇر ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنى «ئالتۇن بوشۇك» ۋە «يالتىراق پۆپۈك»كە تېگىشىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھام بېرىپ، چۇقان سېلىپ تۇرغان ۋەھىي! مەن ھاياتنى ئۆلۈم تارازىسىدا، روھىيەت جاۋاھىراتلىرىمنى تارىخ مىزانىدا ئۆلچەيمەن. قالغانلىرى مەيلى قەسىر، مەيلى خەزىنە بولسۇن، پەقەت بىۋاپا ئالەم كىرپىكىدىكى چاڭ ـ توزان، خالاس.

ئۆمۈر تەلقىنلىرىم ئاخىرلاشمىدى. مەن ئۇنى ھەربىر ھۇجەيرەم نۇرغا تولغۇچە داۋاملاشتۇرىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئۇنى مەندىن كېيىن يەنە ئالەم سىرلىرى ۋە كىشىلىك تىلسىملىرى ھەققىدە ئىزدەنگۈچى مىڭلىغان روھىيەت مۇخلىسى ئىزچىللاشتۇرىدۇ.

ئۈمىدىم، غەلىتە پىكىرلىرىمنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقىنى، غەلىتە سېزىلمىگەن تەپەككۇر ئادەتلىرىڭىزنىڭ ئەقىدە ۋە ئادەتكە بېقىنغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىزدىن ئىبارەت.

1993 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر، توخۇ يىلى تارۇزا بۇرجى

# ئارىفنامە ①

## ھېكمەت دەرىخى

تۇپراقتىن بىنا بولۇپ، چاڭ ـ توزاندەك ئۇيۇق يۇزىگە كۆتۈرۈلۈپ، يامغۇر ـ يېشىن ۋە شەپەق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، خۇددى چۆچەكلەردە سۆزلەنگەن سۇمۇرغقا ئايلىنىپ قالدىم. بورانلار بېسىقىپ، سۇبھى سۇزۇلگەندە قوڭۇر زېمىن بىلەن كۆك ئاسمان ئارىسىدا رەڭگارەڭ شېرىن مېۋە بىلەن تولغان بەھەيۋەت ئەلۋەك مېۋە دەرىخىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ئېرەم جەننىتىدە «تۇنجى گۇناھ»قا سەۋەب بولغان ئەقىل دەرىخىگە ئوخشاش گۈزەل، يۈكسەك ۋە مەپتۇنكار ئىدى.

مەن شەيتان ئالدىمى بىلەن ئەمەس، «ئۆزلۈك» ئىلھامى بىلەن بۇ مېۋىلىك دەرەخكە يېقىنلاشتىم. مېنى ھېچقايسى مالائىكىمۇ توسىمىدى. مەن دەرەختىن كۆز چاقنىتىپ تۇرغان جاۋاھىراتتەك ھېكمەتبەخش مېۋىلەرنى ئىرغاڭلاتقىلى تۇرغىنىمدا يەھۋىنىڭ غەزىپىنى ئېسىمگە كەلتۈرمىدىم. چۈنكى مەن ئىبلىسنى يېڭىپ ئۆزلۈك ماقامىغا ئېرىشكەن ماھىيەتلىرىمنى يەھۋىنىڭ زاھىرلانغان

---

① ئالىمنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىدا روشەن بۇرۇلۇش ياسىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان، تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيەلەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇ نادىر ئەسىرى دەسلەپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سانىدا «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىنغان. 2000 ـ يىلى يەنە شۇ ژۇرنالدا ئىلگىرى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قالدۇرۇپ قويۇلغان قىسىملىرى قوشۇلۇپ، ئاپتور تەرىپىدىن قويۇلغان ماۋزۇ — «ئارىفنامە» نامىدا تولۇق ئېلان قىلىنغان. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەرنى جىبران خەلىل جىبراننىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دانىشمەن» بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۈرىتى دەپ چۈشەندىم.

مېۋىلەر كىرىستالدەك چاقناپ، شەربەتتەك خۇشبۇي تارتىپ تۇراتتى. ئويلىنىپ قالدىم. كىچىككىمىدە سېغىز لايدا قومىلاق ئېتىپ ئويناپتىكەنمەن. مانا، يېشىم 60 قا قەدەم قويغان كۈندە مىڭ يىللاردىن بېرىقى تەپەككۇر ئەمگىكى ۋە تەسەۋۋۇر ئەجىرىنىڭ بۇ مۆجىزىلىك گۈلشىنى كۆزۈمگە تاشلانماقتا. بەختىمنىڭ دەۋتى بىلەن بۇ جاۋاھىراتلارنى قەلب خەزىنىسىگە توپلاشقا تۇتۇندۇم.

## ئۇلۇغ قانال

تارماق ئېقىنلاردىن دەريالار، دەريا ـ دېڭىزلاردىن زېمىن سەتھىنى قورشاپ ياتقان بەھەيۋەت ئوكيانلار ھاسىل بولغاندەك، ھازىرقى زامان رەسمىي ئىبارىسىدە «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ قانالغا شىمالدىن مۇز دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خەلقلەرنىڭ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» لاتقىلىرى، جەنۇبتىن تىروپىك مۇھىتتا ياشاپ كەلگەن قوۋملارنىڭ «تېرىم مەدەنىيىتى» يالداملىرى قۇيۇلغان. مۇز ۋە ئوت ئاستىدىن ئاپىرىدە بولغان شىمال ـ جەنۇب قەدىمكى مەدەنىيىتى شەرق ـ غەرب بويلاپ ئالاھازەل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەڭدىن تولىسى ھەسسە قوشقان جاۋاھىراتلارنى بۇ قانالغا تاشلاپ، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئوكيانىغا ئايلاندۇرغان.

بىز ئۇنىڭدىن سۈمېر ۋە پىرئەۋن زامانى ئىزنالىرىنى، ئارىيان ۋە كىرىت دەۋرى شامالىرىنى، سوقرات ۋە كۇڭفۇزى نەسىھەتلىرىنى، مېترا ۋە ئاپوللو ئەپسانىلىرىنى، داۋ ۋە زوروئاستېر قەسىدىلىرىنى، مانى ۋە ساكيامۇنى دەستۇرلىرىنى، ئىسكەندەر ۋە دارا جەڭنامىلىرىنى، ئارىستوتېل ۋە سوقرات (ھىپوكرات) تەلىماتلىرىنى، كالامىيەت ۋە تەسەۋۋۇپ تەرغىباتلىرىنى، رابىيە، جۇنەيدىل باغدادىي، مەنسۇر ھەللاجى،

فەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىي گۇمانىزم
تىراگېدىيەلىرىنى، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازىي، ئۆمەر ھەييام،
ئابدۇرەھمان جامى ۋە نەۋايى لىرىكىلىرىنى، ھازىرقى زامان
ئازادلىق ۋە «ئۆزلۈك» تەپەككۈرىنىڭ يېڭى نوتىلىرىنى ھېس
قىلالايمىز. ئۇ ئۆز ساھەللىرىدا ئۆلگەن تىرىكلەرنى بېقىش بىلەن
بىللە، يەنە ئەبەدىلىئەبەد ئۆلمەس روھىيەت پەھلىۋانلىرىنىڭ
مۇبارەك تۇپرىقىنى قۇچۇپ ياتماقتا. ئۇ ھەقىقەتەن مىسلىسىز
قامۇس ۋە قىياسسىز خەزىنە! ھېلىغىچە ھېچقايسى مۇقەددەس
كىتاب ياكى ئېنسىكلوپېدىك ھېكمەت مۇجەسسەملىرىمۇ بۇ قامۇس
ۋە بۇ خەزىنىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىرەر پارچىسىغا تەڭلىشەلىگەن
ئەمەس. ئويلاپ كۆرۈڭ: ئەگەر بۇ قانالدا ئاققان، چايقالغان،
قوشۇلغان ۋە چۆكمە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى
نەزەردىن ساقىت قىلساق، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت جۇغلانمىسىدا
يەنە قانچىلىك جاۋاھىرات قالغان بولاتتى ـ ھە؟!

## ھايات دانىشمەن

ئىنسانىيەت ئومۇمىي ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا
روھىيەتتىكى مىسلىسىز بوھرانغا دۇچ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەت تەبىئەتنى تىزگىنلەشتە ئېينىشتېيننىڭ
«نىسپىيلىك نەزەرىيەسى» ئۇتۇقلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلاندى. ئۇ
ماھىر ئېلېكتىر ـ ماتېماتىك، كائىناتتىكى ئۇچقۇر رېتسار، يادرو
مۇشتىلۇق بوكسچى بولۇۋالدى. ئۇ يەنە شېكىسپىر
تىراگېدىيەلىرىدىكى رەشكچى، ئاچ كۆز ـ خەسىس، سۇيىقەستچى
ۋە نەسەب كۇشەندىگۈيلۈق تىپلىرىنى يېڭى نەسىل بىلەن
كېڭەيتتى. بۇلغانغان كائىنات ۋە يەر ـ سۇ، بۇلغانغان تەن ۋە
روھىيەت، بۇلغانغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئىنسانىيەتنى ساختا
مۇھەببەت ۋە ھەقىقىي نەپرەت ماتېرىياللىرىدىن بارغانسېرى
ئېنكوباتوردىن ئاغزىنى ئېچىپ، تىرناقلىرىنى چىڭىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقىشۋاتقان چۇجىلەردەك كۆپەيتىپ چىقارماقتا. ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان «نىسپىيلىك نەزەرىيەسى كىشىلىك تەلىماتى» نى ياراتقىنى يوق.

قەدىمكى ئەپسانىلەر، كاھىن ۋە شامان ئەپسۇنلىرى، ئۇچ ئۇلۇغ دىنىنىڭ ئەھكاملىرى، روھىيەتچىل ئەزگۇ تەسەۋۋۇپ تەشەببۇسلىرى، مونتىسكيونىڭ لىبرالىزملىق مەسلەكلىرى، ماركسنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك غايىلىرى هازىرقى مىسلىسىز روھىيەت بوھرانىنىڭ غايىسىزلىك كەلكۈنلىرىنى توسۇيالماي تەمتىرىمەكتە. باشقا كەيگەن تۇماق ـ تەلپەكتەك ئىدىيەلەر لەرزىگە كېلىپلا قالماستىن، يەنە باشتىن ئۇنۇپ چىققان ۋە كېلىشتۇرۇپ تۇگۇلگەن چاچتەك مەپكۇرىلەرمۇ تىترەككە تولماقتا.

غايىسىزلىك ئورنىغا بىر قاتار «پوتېنسىيال ئاڭ» ياكى «ئالدىنقى ئاڭ» قوشغۇراقلىرىدىن تارقالغان سىگناللار تۇرمۇش ئۇستىگە ئاشكارا سىڭدى. ئۇ يىلتىزى تېرەن، ھەتتا ئىنساننىڭ ئىنستىنكتلىق (تۇغما) فىزىيولوگىيەسى ۋە پىسخىكىلىق تۈزۈلمىسىگە تۇتاشقان، دىنىي ھېسسىيات ۋە مىللىي ھېسسىيات بىلەن زەرەتلىنىپ تۇرغان تەسىرى تېز سىگناللار بولۇپ چىقتى.

يۇقىرى ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى تۇرمۇشنىڭ ئىسراپ ۋە سۆلەت، ھەشەمخورلۇق ۋە بېزەمچىلىك (مانىېرىزم) كەيپىياتىغا توختاۋسىز سىيرىلىپ كېتىۋېرىشى، ساختا ۋە يەڭگىلتەك مەدەنىيەت بىلەن بەزلىنىش، سىياسەت ۋە مەمۇرىيەتچىلىكتە بۇ يول بىلەن كىشىلەر قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەتتا بۇنداق سىيرىلىشنى ماددىي تۇرمۇشتىكى دۇنياغا يۈزلىنىش ۋە چىقىش يولى دەپ بىلىش ئومۇملاشتى. ھەقىقىي، دائىمىي ۋە نورمال ماددىي پاراۋانلىق يولىدىن كۆرە تولاراق «پوتېنسىيال ئاڭ» بىلەن «ئالدىنقى ئاڭ» نى غىدىقلىغۇچى بۇ يۈزلىنىش غايە ـ ئەقىدە بوھرانىدىكى چوڭ بوھران

ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. ئۇ ھەقىقىي سۆيلىنزاتسىيەنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىنى كامالەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

جىنسىي خاھىش ۋە ئۇنى تاۋار شەكلىدە رىغبەتلەندۈرۈش، جىنسىي ئەركىنلىك، نىكاھسىز تۇرمۇش، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە يۇقۇملىنىش غايە ـ ئەقىدە بوھرانىنىڭ يەنە بىر ئېقىمى.

داڭلىق ماركىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قىزغىنلىقى بىلەن جىنسىي ئەركىنلىك ئېقىمى بىر ـ بىرىگە مەنپىي ـ مۇسبەت تەقەززالىقى تۈزۈپ، ئېلان ۋە سەنئەتنىڭ قۇياش ئىلاھى ــ ئاپوللو ئىبادەتخانىسىنى جىنايەتخانىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

زامانىمىزنىڭ يۇقىرىقى ئىككى كومېدىيەسىگە مۇناسىپ يەنە ئىككى تىراگېدىيە كۆز ئالدىمىزدا قانلىق تارىخ ياراتماقتا.

دىنىي مەزھەپ كۈرەشلىرى بىلەن مىللىي ـ ئىرقىي ئۇرۇشلار شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇنى ھەممە قىتئە ۋە مەملىكەتتىن تېپىش مۇمكىن. بىر قوشۇندىكى ئىككى دىنىي مەزھەپ، بىر كوچىدىكى ئىككى مىللىي ـ ئىرقىي تۈركۈم جىمى ۋاستە بىلەن شۇنداق ئۇرۇشتىكى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا پوپلار، پاپالار، ئۆلىمالار، سىياسىيونلار، سەركەردىلەر، ناتىقلارمۇ پايلىمىدى. مانا ئالدىڭىزدا تۇرغان تېلېۋىزورنى ئېچىڭچۇ، ئۇنىڭ رەڭدار ئېكرانىدا بۇ « تۆت دائىمىي» دىن باشقا تېماتىك مەزمۇنلار تولىمۇ زەئىپ ۋە ۋىجىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز.

تارىخ تەلىماتلارنى نوقۇل مەنتىقتىن، پىكرەن پەلسەپىدىنلا ئەمەس، يەنە روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە روھىيەت تارىخىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ تەلىماتلارنى زىددىيەتلىك نۇقتىدىنلا ئەمەس، بىرلىك نۇقتىسىدىن ــ «ۋەھدەت» نۇقتىسىدىن ئىزدەش لازىملىقىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنى دىن، ئىرق، مىللەت، رايون،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە سوئنىي يوسۇندا پارچىلىنىۋېتىلىدىغان ئۆلچەم ـ قائىدىلەرنى بۇزغان «مۇجەسسەم تەپەككۇر» ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئىزدەش لازىملىقىنى كۆرسەتتى.

تارىخ تەلىماتلارنى قانداقتۇر ھەقىقىي ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىدىن تاشقىرى، جانلىق ئادەمگە سىرتتىن تېڭىلىدىغان جانسىز نەرسە شەكلىدە ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە كىشىلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالەمنىڭ سىر ـ قانۇنىيەتلىرى گارمونىيەسى ئاساسىدا ئىزدەش لازىملىقىنى، ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئادەمنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممە قاتلىمىغا يىلتىز تارتقان ئادەم ھەققىدىكى تەلىمات سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، ئالەم ۋە ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتتىن تاشقىرى تارىخ يەنە نېمىنى تەن ئېلىشى مۇمكىن؟!

ئىنسان ئۈچۈن بۇنداق «ئۆز»، «ئۆزىدە» تۇرغان ئامىللار بارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇلار مەۋجۇت. بىز ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس غايە ۋە ئۈمىدلىرى، ئۆلچەم ۋە رىجە ھېسسىياتلىرى ئىچىدىن تاپالايمىز. ئۇ خۇددى مىڭ يىللاپ قۇدۇقتا قامالغان ساقاللىرى ئايئاق دانىشمەنگە ئوخشاش ھېلىمۇ ھايات. ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىشتىن باشقا نىجادىيەت يوق. ئۇ يىپەك يولى مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيەلىرى خەزىنىسىدە. ئۇنىڭ تىنىقىدا يۇزلىگەن مۇتەپەككۇر، مىڭلىغان ئىنسانپەرۋەر ئۆلىما، مىليونلىغان ھەقىقەت قۇربانىنىڭ روھى ھايات!

## سۇزۇك ئەينەك

ئىنسان تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ، گىياھتىن قەد كۆتۈرگەن ھايۋان، ھايۋاندا نۇتۇق يىپى بىلەن پىكىر كەشتىلىرىنى تۇزگەن كارامەت مۆجىزە، پۈتكۈل كائىنات سىرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇلۇغ

ئەۋرىشكە. ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلىمى بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

ئىنساننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە. ئۆز غوجىسىنى ئىتمۇ، مۈشۈكمۇ كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيەتلىرى ۋە بۇ ماھىيەتلىرىنىڭ كامالەت دەرىجە - ماقاملىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك. بۇ «ئۆزلۈك ئەينىكى» دۇر.

ئۆزلۈك — ئۆزىنى بىلمەكلىك! ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى سۈپىتىدە تۇرغان ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ساۋاتسىزلىقتىن ئىبارەت، خالاس. ئىنسان ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىدىن باشقا تەسۋىرىي ئالەم ھەقىقەتلىرىگە شۇنچىلىك ئېچىللىق بىلەن ئىچكىرىلەپ كىردىكى، ئۇ يىپەك غوزىسىغا قامالغان جانىۋار — پىلە قۇرتىغا ئوخشاپ قالدى.

روھىي زېمىندا ئىپتىدائىي ئىنساندىن تاكى تەقۋادار كاھىنلار ياكى ھازىرقى زامان مۇتەخەسسىسلىرى ۋەزخانلىق قىلىپ كەلگەن زامانلارغىچە بولغان نەچچە تۈمەن يىلدىن بېرى ئىنسان تۇركۇملىرى خۇددى بوغا تاپىدا قىممىلداپ يۈرگەن ئاچ چۈمۈلىلەردەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىنىم تېپىشمىدى. بۇنداق بوغا تاپىدىن نەپ ئېلىش پەن ۋە ماھارەت تارماقلىرىغا ئايرىلىپ، زېمىننى بارغانسېرى مۈرەككەپ ۋە ئىنچىكىلەشكەن قۇرۇلمىلار چىرمىۋالدى. ھەسرەتلىنەرلىكى شۇكى، ئىنسانىيەت تېخى ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى ماھىيىتى، ئورنى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئۆز پائالىيەت ھادىسىلىرىدىكى قىممىتى ھەققىدە ھېچقانچە ئىزدەنگىنى يوق. ئۇ ھېلىمۇ بوغا تاپىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلۈك خەزىنىسىگە دادىل قەدەم قويۇپ، «مەن كىم؟» دېگىنى يوق! مەئىشەت ئېچىللىقى خېرويىن خۇمارىدەك ئۇنى دومىلىتىپ، ئاللىقاچان ئۆزىنى ئۇنتۇغان مەجنۇن - دەلدۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسىل بىنالار، ھەرخىل شەكىلدىكى ئايروپىلانلار، ئالتۇن قەلەملەر، ئۇتلۇق قوراللار تۇتقان قايسى ئادەمزات ئۆزىنى ئۆز قولىدىكى يالتىراق «نام - ئەمەل كارتوچكىسى» دىكى مەن ئەمەسمەن، مەن بۇنىڭدىكى ئىبارىلەر ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنياسىمەن، دەپ بۇ كارتوچكىنى مەسخىرە قىلالايدۇ؟!

ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك شۇكى، ئىنسان ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئىچكى توغرىسىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، نەپسانىيەتتە مايمۇنلۇقتىن ئالۋاستىغا يۈزلەنگەن؛ ئەخلاقلىق، ساداقەتمەن كىشىلەرنى ئويۇنچۇق بىلىپ، بازار تىلسىملىرىدىكى شەيتان ئويۇنىنىڭ رولچىلىرى قىلىۋالغان؛ ئۇ بۇ يولدىكى ئەسەبىيلىكلىرىنى كىشىلەردىن ھالقىغان قابىللىق دەپ بىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىشىنىڭ ئۇنۇملۇك تەدبىرىنى تېپىشنى ئىجادىيەت دەپ قارىغان. قىسقىسى، ئۇنىڭ كەسپى ۋە ئىش - ئەمەلى زېمىن ۋە مۆھىت، پىكىر ۋە قەلبنى بۇلغاپ، ئۆز - ئۆزىگە گۆر كولاشتۇر.

دەرھەقىقەت، «ئۆزلۈك» بىر سۆزلۈك ئەينەكتىن ئىبارەت. ئۆزلۈك ئەينىكى ـــ ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىنى ئىنسانلىق ماھىيەتلىرى بويىچە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى «كۆرۈنمەي كۆرسەتكۈچى» ئەينەك. ئۇنىڭ قىرلىرىدىن مۆقەددەس نۇر جىلۋە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ مۆقەددەس نۇرىدا «ئۆزۈڭنى تونۇ!» دېگەن قۇتلۇق سادا جاراڭلايدۇ. ئۇ ئىنسانلىق ھەققىدىكى ھەقىقىي ئۇچۇر بولىقى!

ئىنساننىڭ ئىجادىيەت يولتۇزى ـــ «ئۆزلۈك ئەينىكى» دە ئۆزۈڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزگىلەرنى كۆرۈش ئىشقىغا، ئىنسانىي بىر - بىرى بىلەن قوشۇش مۆھەببىتىگە، ئىنساننى ئىنسانىي كامالەتكە كۆتۈرۈش تەلپۈنۈشىگە مۇيەسسەر بولىسەن.

ئۆزىنى كۆرۈپ بىلمەسلىك — ئىنسان سۈرىتىدىكى، ئەمما ھايۋانلىق زىندانىغا قامالغان مەھبۇسنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا تەمسىلدۇر. بۇ ئۇيقۇ غاپىللىق ئۇيقۇسى، مەغرۇرلۇق ۋە تەنتەكلىكنى «سەگەكلىك» دەپ ھۆزۈرلىنىدىغان جاھىلنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئىبارەت.

ئىنسان ئۆزلۈك ئەينىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق، تارىخنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۆلمەس سادالىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق، رەقىب ـ كۈشەندە بىلەن بولغان مۇشكۈل ئېلىشىشلارنىڭ روھىيەتنى تاۋلىشى ئارقىلىق، ئۆلۈم تەھدىتى ۋە كەرەملىك ئۈمىدى ئارقىلىق ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىرادە — قۇدرەت زەررىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ھېكمەت ئىلھامى ئاستىدا ئۆزلۈك ئەينىكى بولۇپ يېتىلىشى كېرەك!

ئۆزلۈك ئەينىكى كامالەتلىك ئىنسان قەلبىدىكى قۇياش ۋە ئەقىل كۆزىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلىرىنىڭ پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ھەتتاكى مەئىشەت، روزغار، ئىلىم ـ سەنئەت، ئىش ۋە شېئىرىيەتنىڭ پەقەتكىنە ۋاستە ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي مەقسەت ئۇنتۇلغان ۋە ياتلاشقان بىرلا نەرسە — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالىتى، ئىجتىمائىي ـ مەنىۋى بەختى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇ چاغدا سەن ئۇلۇغ بىلگەن قول ئىگىلىرىنىڭ لاي قورچاق، خار كۆرگەن قۇللارنىڭ نۇرانە مالائىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن.

ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل، ئۆزۈمچىللىكنى ئۇنتۇغان يېتۈك كىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ ئارىدا ھەقىقەتنى يوشۇرغان پەردىلەر، چېگرالار، سېپىللار، تېرە ۋە ئىرق پەرقلىرى بىلەن ئەپسۇنكار رىسالىلەر ھېلىقى لاي قورچاقلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرۇش كويىدا ياراتقان سېھىرلىك مەنزىرىسى بولۇپ چىقىدۇ. سەن تەڭرىلىك ماقامىدا تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزۈڭگە — ئىنسانغا سەجدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىسەن. بۇ ئېغىر ياتلىشىشتىن ئۆزلۈككە قايتىش ۋە پارچىلانغان ئالەمدىن ئۇلۇغ ۋەھدەت ــ بىرلىكنى قايتا تېپىشتۇر. سەن شۇ چاغدا ئىستىغپار ئوقۇيسەن: ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىگەن، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تاشقى ئالامەتلىرىنىلا تەن ئېلىپ، كامالەت تەرەپلىرىگە ئەقلىڭ يەتمىگەن پاكى ئۇنى تەن ئېلىشنى خالىمىغان، ھەتتا ئۇلارغا تۆھمەت توقۇپ، چەتتىن پىشۋا ئىزدەپ يۈرگىنىڭگە پۇشايمان قىلىسەن. ئۇ چاغدا سەن ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كۆھىقاپىنىڭ تاش بورانلىرىدا يىقىتىپ، ئۇنى ئىيسادەك كىرېست دارىغا مىخلاپ، شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ رەقىبلىرىدەك ئۇنى ئۆزگىلەر قولىدا قۇدۇققا تاشلاپ قەست قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇرمىلاپ، يەنە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئۆپكەڭگە ئۇن سۈيى تولدۇرۇش بىلەن ئەرمەك بولۇپ يۈرۈۋەرمەيسەن!

ئۆزلۈك ئەينىكى مېھراجى ئەلاكى، ئۇنىڭدا تەڭرىنى كۆرىسەن. ئۇ سەن، سېنىڭ ئاشىقلىق، مەھبۇبەڭ ۋە مەقسىتىڭ. جالالىددىن رۇمىي مۇنداق يازغان ئىدى:

ھېچنېمە يوقكى سېنىڭدىن ئۆزگە ئالەمدە پەقەت،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئىرۇر بىلسەڭ ئەبەد.

ئۆزلۈك ئەينىكى ــ كامىل ئىنسان قەلبىدىكى يېشىلگەن ۋەھدەتتۇر.

## «ئەنەلھەق» ئەپسانە ئەمەس

ئىنسان كائىناتتىكى ئوتتۇرىچە زات، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدىكى پائالىيەتچان تۈركۈم. ئىنساننىڭ تەبىئەت بىلەن، ئىلاھىيەت بىلەن، ئۆز ـ ئۆزى ۋە ئۆز تۈركۈمى بىلەن، ئۆز روھىيىتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئۆزلۈكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مىڭ ـ مىڭ يىللاردىن بېرى ئېتىقاد، ئىلىم ۋە

پسخولوگىيە پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەن تولىمۇ كونا ھادىسە.

ئىنسان زادى نىمە؟ ئۇنىڭ تۆۋەندە ھايۋان، يۇقىرىدا تەڭرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى قانداق؟

يەڭگىلتەك مىقدار ماتېماتىكلىرى بىلەن ئۇقۇم ۋە مۇھاكىمە مەنتىقلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىنساننى تەڭرىگە قارشى قويۇپ چۇقان كۆتۈرگەن چاغلاردا باغداد مەيدانىدا مەنسۇر ھەللاجىنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ مۇجەسسەم تەپەككۇر بىلەن ئەركىن گۇمانلىنىش تۇيغۇسىنى قوشۇپ، ئىنساننىڭ يوشۇرۇنغان ماھىيەتلىرىنى داۋاملىق ئاختۇردى. ئۇ تەڭرىنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنساندىن تاشقىرى ئالەم بىنا مۇھەندەس ياكى كائىنات پىرئەۋنى سالاھىيىتىدىكى مۇشەببىخ (ئادەم قىياپەتلىك ـــ ئانتروپومورفىزم) ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق قاراشلاردىن بىرى بولغان ساقلانغان روھنىڭ ئۆلمەستىن كۆچۈپ يۈرۈشى ـــ «تەناسۇق ئەل ئەرۋا» (ئىسلامدا)، «سانسارا» (بۇددىزمدا)، «مېتېمپىسخوز» (گىرېكلار دىنىدا) تەلىماتىدىن تاكى ئۆزگىچە بولغان تەڭرى، ئىنسان ۋە «ۋەسلى ئىلاھىيە» تەلقىنلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ رابىيە تىلغا ئالغان ئىنساننىڭ ئۆز چۈشىدە «ۋەسلى ئىلاھىيە» گە مۇيەسسەر بولۇش قاراشلىرى بىلەن، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تۆتىنچى ماقامى ـــ «ھەقىقەت» تە تەكىتلەنگەن ئىنساننىڭ شەخس سۈپەتتە تەڭرىگە سىڭىپ كېتىشى دېگەن چۈشەنچىلەرنى داۋاملىق قايتا ـ قايتا مۇلاھىزىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاخىر ئىنساننىڭ تەڭرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇلى ـــ ئىنساننى مەنىۋى جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى.

«ئەنەلھەق» ـــ «مەن ھەقمەن!» بۇ ئىنسان بىلەن تەڭرىگە ئوچۇق قويۇلغان ۋەھدەت پاراللېل بەلگىسى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنسۇر ھەللاجىدىن خېلىلا كېيىن چارلىز دارۋىن ئىنساننىڭ ھايۋان بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ۋە ھايۋاننىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنكى زامانلاردا دارۋىن تەلىماتى، ھەللاجى مۇھاكىمىلىرى گۈزەل ئەپسانە ياكى جىنايى ئىغۋا، دەپ قارالدى.

ئېيتىش كېرەككى، مەنسۇر ھەللاجى، فەرىدىددىن ئەتتار، شەمسىددىن تەبرىزىي، جالالىددىن رۇمىي قاتارلىق ھەرقايسى گۇمانىستلارنىڭ قارىشى مۇنداق: ئىنسان ماھىيىتى ۋە مۇمكىنلىكلىرى بىلەن تەڭرى، ياتلاشقان ھالىتى ۋە نەپسانىيىتى بىلەن شەيتاندۇر. بۇ ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر ئېرىخ فىروم (1900 ~ 1980) نىڭ دارۋىنىزمغا ئاساسلانغان «ئىنسان ئورمانلىقتىكى ياۋايى مايمۇن ئەمەس، بەلكى ھايۋانات باغچىسىدىكى مايمۇن بولۇپ، تېخى ھەقىقىي ئىنسان ماھىيەتلىرىنى تاپمىغان ئىجتىمائىي ھايۋاندۇر» دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تەسەۋۋۇپ نامىدىكى بىر قىسىم ئىنسانشۇناس: ئىنساننىڭ كامالىتى — شەيتان ۋەسۋەسىلىرىگە ئىسيان قىلىش، ئۆزلۈككە — ئۆزىنىڭ تەڭرىلىك مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشىش، دەپ قارايدۇ.

ئىسلام سوپىزمىدىكى گۇمانىستىك قاراشلارنىڭ ئۈچ چوڭ قاتلىمى — ئىنسان تەڭرىنىڭ ئالەم بىنا قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە ئەڭ ئالىي مۆجىزىسى دېگەن قاراش؛ ئىنسان ئەقىل بىلەن بىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە دېگەن قاراش؛ ئىنسان ئەسلىي تەڭرى دېمەكتۇر، ئۇ تەڭرىلىك كامالىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن دېگەن قاراشنى سىڭدۈرۈۋېلىشتۇرغاندىمۇ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ «ئەنەلھەق» تەلىماتىنىڭ ئۆلمەس روھى دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

## «ئات» بىلەن «ئات مىنگەن كىشى»

ئىنسان جىسمانىي جەھەتتە بىر ھايۋان بولۇپ، ئۇنى «ئات» قا؛

مەنىۋى جەھەتتىن بىر كارامەت مۇمكىنلىكىدىكى زات بولۇپ، ئۇنى «ئات مىنگەن كىشى» گە تەمسىل قىلىش مۇمكىن.

ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئى. ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ؛ نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ. ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئوزۇقىنىڭ — ئات يېمىنىڭ «ئىنكاسى»، «ئىپادىسى» ئۇچۇن ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ.

كامالەتتىن خالىي ئىنسان مۆتىۋەر ياكى گۈزەل، نازاكەتلىك ياكى قەيسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلۈكتىن بىخەۋەر بولۇپ، ئۆزى ھەققىدە غەم يېمەيدۇ، بەلكى ئات يېمى غېمىدە پايپېتەك بولىدۇ. سېنىڭ شېرىن خىياللىرىڭغا يوشۇرۇنغان، پۈتۈنلەي سەن ئۇچۇن جانجان بولغان نىيەتلىرىڭنى تارتىنماي ئۆز ئالىقىنىڭغا تۆكۈپ كۆرچۇ! قاراپ باق، ئۇلارنىڭ قانچىسى ئىنسان ماھىيەتلىرى غېمىدە ۋە قانچىسى ئات بوغۇزى غېمىدە؟! خۇسراۋ دېھلەۋىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇ!:

پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەستۇر ئادەم،
گۈزەلدۇر ئۇ يەنە ئىنسانىيلىق جەۋھىرى بىلەن ھەم.

سەن ئاسمان - زېمىن ھەققىدە يېتۈك بىلىمدان، ئەمما «ئۆزلۈك» ھەققىدە بىر تەلۋە نادان! بىلىمدان بىلەن ئاقىلنى، ئاقىل بىلەن دىل - قەلبى كامىلنى پەرق ئېتىشنى بىل. ئابدۇقادىر بېدىل مۇنداق دەيدۇ:

ھاياتلىق گۈلىستاندۇر دىل ھىممىتىدىن،
باسقان ئىزىڭ بوستاندۇر قول قۇدرىتىدىن.

بىلىملىك، ئاقىل، تەدبىرلىك، ئىقتىدارلىق كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئارىغنى — قەلبى ئۆزلۈك تېگىدا ئويغانغان كامىلنى پەرقلەندۇر.

بىلىم — ئوزۇقتۇر. ئۇنى ئۆزۈڭ ئۇچۇن رىزىق قىلىشىڭ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاۋام ئۈچۈن مەئىشەت قىلىشىڭ مۇمكىن. ئوزۇق يەنىلا ۋاستە ۋە بايلىق.

ئەقىل ــــ چىراغدۇر. دىلى كور كىشى ئۈچۈن چىراغ بەلكى ناشايان بىر ۋاستە.

ئىقتىدار ــــ كۈچتۇر. ئەزگۈسىز قۇدرەت جاللات پالتىسىنى ئەسلىتىدۇ. بىلىم ـ ئەقىل ـ ئىقتىدارنى ئىپتىخار خەزىنىسىگە سالماي، «ئۆزلۈك» ئەينىكى ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى تەلقىن قىل!

«ئۆزلۈك» ئەينىكىدە ئاتقا مىنگەن كىشى ئۆلمەس چەۋەندازدۇر. ئات ئۇنىڭ تېنى ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى. بۇ پائالىيەت ئۇنىڭ فىزىيولوگىيەسى، پىكىر ـ تۇيغۇلىرى، تۇرمۇش مەشغۇلاتى بولۇپ، بىر قاراشتا ئۇ پېرسوناژنىڭ بارلىقى. ئات بىلەن ئات مىنگۈچى ئارىسىدا بىر چاك مەۋجۇتكى، ئۇلارمۇ ئالەمنىڭ «ئىككىگە پارچىلىنىش قانۇنى» نىڭ ئىلكىدە. ئادەم قېرىپ خۇددى ئاتتەك ھالسىرايدۇ. بۇ دەل ئات مىنگەن كىشىنىڭ پىشقان، ئاتنى ئۆز ماھىيەتلىرىگە كۆندۈرگەن ۋە كامالەت ماقامىنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان چېغى سادىر بولىدىغان «ھىجران» دۇر. مانا بۇ ئات سۈپىتىدىكى ئىنساننىڭ ئۆمرى دېگەن سۆز. ئىنسان ئۆمرىنى باللىق بىلەن قېرىلىق ئارىسىدىكى يېرىم ئەسىرلىك مۇساپە قىرقىيدۇ، پۈچۈلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بەدىلى ــــ مەنىۋى يېتىلىشتۇر. ئەتەڭەي! «ناۋا مۇقامى» ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە چالغۇ تارىسى «چارس» قىلىپ ئۈزۈلىدۇ! تار ئالماشتۇرالمايسەن. بۇ خۇددى ئات يەڭگۈشلىيەلمىگەنگە ئوخشايدۇ. قولۇڭدىن كېلىدىغىنى ئەلىشىر نەۋايىدەك خاتىرجەم ئۈمىد:

> نەۋايى بىناۋالىق بىرلە دائىم مەي ئىچۈر، بىر كۈن ــــ
> ناۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي، دەپ.

نەۋايى دائىملىق بىناۋالىقنى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدنى ئېيتقان. بىز ئۇنى «نەۋايى بىناۋالىق بىرلە ئاخىر مەي ئىچەر، بىر كۈن ــــ

ناۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي، دەپ» دېگەن ئۇلۇغ ھىجران ۋە مۇقەددەس مەنىۋى ئىزچىللىق (ۋىسال) مەنىسىدە ئىستىئارە قىلىمىز.

ئىنسان ئۆلىدۇ، ئەمما مۇتلەق مەنىدە ئەمەس.

ئابدۇلھەسەن ھەرەكانىي: «يەر يۈزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك دەيمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك؛ يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك» دېمىگەنمىدى؟!

ئىنساننىڭ قىممىتى — ئات سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى! ئۆزۈڭگە ئات باھاسىدا، ئويناقلاپ تۇرغان ۋە ياكى پۇشۇلداپ قالغان ئات نەرخىدە قاراپ، تەمەننا ياكى غەمكىنلىك يولاتما! بەلكى ئات مىنگۈچى قىممىتىدە قاراپ نەپرەتلەن! ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆزىنى بارغانسېرى نەپرەتلىك سىماغا ئايلاندۇرۇۋاتقان غاپىل ئىنساندۇر. ئات چەيلەپ پېتىقلىۋەتكەن بۇ ئىنسانىي قىممەتتىن ساڭا يەنە قانداق تەقدىر نېسىپ بولاتتى، ئەي نادان!

## دانىشمەنلىكنىڭ دەردى

«فانىي» ۋە «باقىي» ئىبارىلىرى يوقىلىپ بېرىۋاتقان ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغان ئىككى سۈپەت (ئاترىبوت)، ئىككى دۇنيا مەنىسىدە تولاراق دىنىي كوسمولوگىيەلىك تۈس ئېلىۋالدى.

«زاھىر» ۋە « باتىن» ئىبارىلىرى كۆرۈنىدىغان سۈرەت ۋە كۆرۈنمەس ئىچكى ماھىيەت مەنىسىدە تولاراق دىنىي بىلىش نەزەرىيەسى قىياپىتىگە كىرىۋالدى.

«ماددا» ۋە «شەكىل» ئىبارىلىرى ئارىستوتېلدىن باشلاپ مۇقەررەر مەۋجۇدىيەت بىلەن ئۇنىڭ ھالەت — «ئەراز» كۆرۈنۈش ئالماشتۇرۇشنى ئىپادىلەشتىن، بىر دوملاپلا «مەزمۇن» ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«شەكىل» كاتېگورىيەسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئاڭلىقىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ماقامىنى نېمە دېگۈلۈك. «جاھىل» ۋە «پازىل» ئىبارىلىرىمۇ مەدەنىيەتكە قارىتىلغان تارىخىي مەنىگە بەند قىلىندى.

دانىشمەن ـــ بىلىمدان، ئاقىل، ئالدىن بىلگۈچى ۋە رەھنەما ساھىبى مەنىسىدە ئۇزۇندىن ھەممە خەلقلەر مۇبارەكلەيدىغان نۇرانە نام. ھەر دەۋرنىڭ دانىشمەنلىرى بولغان. ئۇ يۇقىرىدىكى قۇرۇلمىلارنى مۇجەسسەم ئۇچۇق قىلىپ كۆتۈرۈلگەن تەپەككۇر قۇياشى!

«دانىشمەن» ئىبارىسى قانداق ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، دانىشمەن ئۇلۇغ بېشارەتچىدۇر. دانىشمەن مەيلى مۇنبەردە، دار ئاستىدا، مەيلى سەرگەردانلىق دالاسىدا بولسۇن، قولىدا يېڭى ئۇپۇقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كاھىندۇر.

دانىشمەننىڭ ئىككى ئالقىنىنى ئوچۇم قىلغان چېغىغا قارا! ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئۇستىدىن ئىنسانىيەتكە ئاتىغان يېڭى ھەقىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرى چاقنايدۇ. ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ شەخسىي ھايات پاجىئەلىرىدىن ئۇرغۇغان پاك ـ ئىسسىق قان تامچىلايدۇ. ئۇ كاناي ـ سۇنايلار بىلەن چۇقان كۆتۈرگەن كوچىدا نېمە قىلسۇن. ئۇنى ناگھان ـ ناگھانلاردا بەلكىم ئاھ ـ پەريادلار بىلەن ياش تۆككەنلەر ئارىسىدا ئۇچرىتالىشىڭ مۇمكىن.

دانىشمەنلىكنىڭ دەردى تولا! گۈزىلىم، ھەربىر مۇشكۇل داۋاندا ساڭا: «ئەمدى قال!» دېگەنىدىمغۇ!

ئۇ ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئازابلىرىدا ياشايدۇ!

ئۇ ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىنى بىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز تىنىمسىز ئەجىر ـ ئەمگەك قىلىدۇ.

ئۇ ئۆز ھاياتىدا تەييار ئەقىدىلەر، ئاتا مىراس قاراشلار، ئىزچىل

رىجىلەرگە چوقۇنمايدۇ، بەلكى قايتا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا قايتا ئويغىنىدۇ، ئىككىنچى باشلىنىش ياسايدۇ. ئۇ بىر ئاسىيلىق — ئىسيانكارلىقتۇر. ساكيامۇنى شاھزادىلىكتىن بۇددىھالىقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەيرىي مۇسۇلمانلىقتىن مۇئمىنلىككە ئۆتكەن. مەنسۇر ھەللاجمۇ ئادەتتىكى كالام تەلىماتىدىن «ئەنەلھەق» قە ئۆتتى! دانىشمەنلەرنىڭ قايسىبىرى تاۋار - دۇردۇنلار ئۈستىدىن ھەقىقەت دۇردانىلىرى تېپىشقان؟!

ئۇ ئالدىن بىلىپ، ئالدىن ئويغانغاچقا، قەلبى ھەقىقەت، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا كۆيۈپ، كىشىلەر بىلگەن ئامەتلەرنىڭ ئىللەتلىكىنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن ئەيمەنمەيپ، سۈكۈنات ئىچىدە، نەپرەت ۋە خەيرخاھلىق ئىچىدە ياشايدۇ! ئويغاتماق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىش، چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ!

ئۇ سىرداشقا تەشنا، روھىي تىرەك — مۇئەككەلگە تەشنا، ھەقىقىي قەلب سايىسىگە تەشنا ھالدا خاتا ئوبرازلاندۇرۇشلار، رەشك - ھاقارەتلەر ئىچىدە مەنىۋى تەنھالىق ئازابىنى چېكىدۇ. ئۇ گويا توخۇ فېرمىسىغا كىرىپ قالغاندەك، ئۆز قولىدىكى ئۈنچە - جاۋاھىرلارنى توخۇلارنىڭ تىنىمسىز تېپىپ تاشلاپ، سامان - پاخاللار ئارىسىدىن دان تاللىشىپ يېيىشۋاتقاندەك ھالىتىدىن غەمكىن بولىدۇ!

مانا شۇ تاپتا چىدامسىز مەھبۇب، ۋاپاسىز يار - دوستلارنىڭ يوشۇرۇن ساتقىنلىقى بىلەن ئاشكارا مەسخىرىلىرى ئۆلمەس ئىبلىسنىڭ ئۆلگەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈستىدىن قاقاھلاپ كۈلۈپ، تەنە بىلەن بىر مەھەل تەنتەنە قىلغانلىقىدەك زەھەرخەندە روھىيەت ھاسىل قىلىدۇ!!

دىلبىرىم، ھەرقانچە ھالەتتىمۇ ئوغۇز سۈتى بىلەن باراۋەر پاك ۋە مۇقەددەس تۇنجى مۇھەببەت شارابىمنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرما! رەقىبلىرىمگە نەپرەتلىنىمەن. ئۇلارنىڭ پۇشتى - جەمەتىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ. ئەمما ساڭا نەپرەتلىنىشنى دۈشمەنلىرىمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈگەنمەك ماڭا نومۇس!
دانىشمەن تۇن قاراڭغۇسىدا ساڭا قېرىغان ياۋا توغراقتەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. تاڭ شولىسى ئاستىدا ئۇنىڭ ئالتۇن سۇمۇرغلۇقىنى ئاڭقىرالايسەن. ھە، ئۇ ئالتۇن سۇمۇرغ! تەنھا، بىراق مىليون - مىليون يۇلتۇزنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنژېنېرى! ئۇ دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرسىمۇ خالايىققا جەننەت دەرۋازىسىنى بېشارەت قىلىدىغان قەيسەر! ئۇنى ئىقلىمىنىڭ يىراق ئۇپۇقىدىن ياكى مايتېرى بىلەن ئىمام مەھدى ئاخىر زامان رىۋايەتلىرىدىن ئىزدىمە، ئۇ ئۆز قېشىڭدا، ئۇنىڭ روھى ئۆز ئىزىڭدا جاھان كېزىدۇ.

## مۇھەببەت ــ تەڭرىلىك تۇيغۇلىرى

ئۆزلۈك زىددىيەتچان دۇنيادا «بىرلىك» (ۋەھدەت) نى بىلىشنى، ۋەھدەتكە يۈزلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «مۇھەببەت» (ئىشق) ئۇنىڭ شېرىن مېۋىسى ۋە يالقۇنلۇق تىنىقىدۇر.

مۇھەببەت ــ خۇپيانە ئاشىق ۋە مەشۇقەلىقتىن تاكى كائىنات تەرتىپىگىچە كەڭ قوللىنىلغان ئىبارە بولۇپ قالدى. قەدىمكى گىرېكلاردا «ئىنتىلخىيە» دەپ ئاتالغان بۇ ئىنتىلىش تەسەۋۋۇپ تەپسىرلىرىدە تەڭرى ئىنسانىنى بىنا قىلىشتىن ئىلگىرىلا ۋەھدەتۇل ئالەمدە بولغان، ئۇ تەڭرىنىڭ خالىقۇلئىنسان پائالىيەتلىرىگە ئىلھام سالغان.

مۇھەببەت ــ ئۇلۇغ ئالەم ۋە ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى، كائىنات مۇۋازىنىتى ۋە ئىنسانىيەت كامالىتىنىڭ تىرىكلىكى. مەنپىي - مۇسبەت زەرەتلەر قوغلىشىپ موتورنىڭ چۆرگىلىشى ــ مانا ئۇنىڭ تىمسالى!

مۇھەببەت ــ ئىنسان ئۈچۈن كائىنات نىزامىدۇر. ئۇ ئىنسانىنى ھايۋان بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان بىلەن؛ ئات بىلەنلا ئەمەس،

بەلكى ئات مىنگۈچى بىلەن؛ ئات يېمى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن؛ ئۆلۈم ھىجرانى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەبەدىيلىك ۋىسالى بىلەن قوشۇش يورۇشىدىن ئىبارەت.

ئىنسان ئۆزىنىڭ «ئادەم» لىكى بىلەن «ھەۋۋا» نى سۆيۈشكە ھەقلىق. بۇنداق مۇھەببەتتە، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن مۇقەددەس روھىيەت قوشۇلمىسى كامالىدا سادىر بولسا، ئىنسانىڭ تەڭرىلىك تۇيغۇلىرى چېچەكلىگەن بولىدۇ. ئۇنى بىگانە ۋە جىنايى كۆز بىلەن كۆرمەك مەنسۇقتۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتى، زېھنى ئىقتىدارى ۋە پازىللىق ئۇتۇقلىرىنى سۆيۈشى لازىم. ئۇ ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئىقرارى، شۇكرانىسى ۋە قەسىدىسىدۇر.

ئىنساننىڭ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ ھەممە مۆجىزىسىنى سۆيۈشى دەركار. تەبىئەت ۋە مۆجىزات كائىناتنىڭ تېنى، ئىنساننىڭ بۆشۈكى ۋە دەرسخانىسى، ۋەھدەتى ئالەم، مۇھەببىتى ئالەم يەنە ۋەھدەت! ئۇ ئۆزلۈكنى تېپىش يولىدىكى باش كارۋان.

مۇھەببەتسىز ھەقىقي ئۆزلۈكنى، ئۆزلۈكسىز ھەقىقي مۇھەببەتنى قىياس قىلالمايمەن. ئۆزلۈك شوتىسى ياكى ئۆزلۈك دۇلدۇلىسىز ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىلاھىي قىممىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، كامالەت مېھراجىغا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ؛ سەرمايىدار تۈلكە، ھۆسندار تىيىن، ھوقۇقدار شىر، تەدبىركار يالتىراق يىلانلىق پەللىسىدىن چەتلىيەلمەيدۇ. ئۇ «نۆل» بىلەن يوقلۇق (ئادەم، سونىياتا) تىن كېلىپ، يەنە يوقلۇققا «نۆل» بىلەن قايتىدىغان سۆزمەن، خۇش پىچىم ھايۋان (ئىرخ فىرومىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ھايۋانات باغچىسىدىكى مايمۇن») بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

مۇھەببەت «ئات» تىمۇ، «ئات مىنگۈچى» دىمۇ بولىدۇ. مۇھەببەتتە ئىككى شەرت شۇكى، سەن ئۆزلۈك ماقامىدىكى كامىل - پازىل قەلبنى ئىزدە، ئۆزۈڭمۇ كامىل - پازىل قەلب ئىگىسى بول. بۇ ئاتقا مىنگەن ۋە ئۆز ماھىيەتلىرىنى تۇغ قىلغان مەلىكە بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شاھزادە بولۇپ، ئات مىنگۈچى ئىشق بابىدىمۇ ئات رىزقىنى يېمەسلىكى لازىم. مۇھەببىتىنى ئات ئويۇنى قىلىپ قويۇش نومۇس! ئەتراپقا نەزەر سال: مۇھەببەت سۇرىتىنى كۆتۈرۈپ، سۆيگۈ نامىنى سېتىپ يۈرگەن ۋە مەڭگۈ كامىل قەلب ئەنجۇمەنىدە ئىشقتىن مۇشائىرە كۆرمىگەن «ئات» تېپىرلاشلىرىغا! ئۇلارنىڭ سۇرىتىدە رەڭدار لاي، قەلبىدە ئەرزىمەس تاش بارلىقىنى ئۆزلىرىمۇ يوشۇرالمايدۇ. ئالداش بىلەن يەڭگىلتەكلىكتىن قوشۇلغان ئىككى ئىللەتنى يەنىلا بىر مەھەل ئۇستىگە گۈل تاشلانغان ھايۋانىي خىرىس، قوپاللىق بىلەن چېكى كۆرۈنمەس دىل ئازارلىق تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق نادانلىق ھاكىملىق قىلغان «مۇھەببەت» سەن ئۇچۇن نىكاھ پەردىسى ئاستىدىكى پاھىشىخانىغا ياكى ئېيىق ئۆڭكۈرىگە قامالغانلىقتىن ئۆزگە نېمە بولاتتى؟!

مۇھەببەت ئايال ئۇستىدە ئىككى ھەسسە مۇھەببەتتۇر. ئۇ مەھبۇب سۆيگۈسىدىن باشقا يەنە ئىنسانىي مۇھەببەتتۇر ھەم. بۇ مۇھەببەتنىڭ مېھراج كۇرسىدا مەنپىي ئىلاھە — ئاياللىق كامالىتى تۇرىدۇ. ئۇ قەدەم ئىپتىداسىدا ئوماققىنە قىزچاق، مەنزىل ئىنتىھاسىدا مېھرىبان موماي قىياپىتىدە چاقنايدۇ. ئۇنىڭ بەختى سەن تۇرغان كامالەت تەختىگە، ئۇنىڭ ئازادلىقى قەلبىڭدە لەپىلدىگەن ئەزگۈلۈك بايرىقىغا باغلىق. بۇنى ئۇنىڭ ساڭا نىسبىتى تەرىقىسىدىمۇ شۇنداق دېيىش مۇمكىن.

ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئەمما سەن بىر چەۋەنداز شەكلىڭ بىلەن قايتا تەكرارلانمايسەن. جەننەت گۈللىرى بىلەن دوزاخ يالقۇنلىرىنىڭ پەرقىنى كۆز قارىچۇقۇڭدىن ئېلىپ كەتكەن شېرىن سۆيگۈ غاپىللىقىدا تۇلكە، تېيىن، شىر، يىلاننىڭ دەقىقىلىق ياكى ئۆمۈرلۈك مەھبۇبى بولۇپ قالدىڭمۇ، بولدى، بەس! سەن ئۆزلۈك ئەينىكىدە نەزەر سالساڭ، دوزاختا ئۆرتەنگۈچىسەن! ئېسىڭدىن چىقمىسۇنكى، ھەقىقىي قەلب جەننىتىنىڭ شېرىن كەۋسىرىگە تەشنا ئىكەنسەن، ئۇنى جەننەت ماقاملىق قەلبتىن ئىزدە، كەۋسەر

قاچىلانغان ئىدىشنىڭ شەكلى ـ پەكلى بىلەن كارىڭ نېمە؟! چۈنكى ئۆيغانغانلار تولىمۇ ئاز ۋە ئۇلار خېلى يول يۈرگەن! بىلگىنكى، ئىنساننىڭ يېتىلىش يولىنى سىزىپ بەرگەن دانىشمەنىنىڭ نۇرانە سىماسىنى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىدىن ئىزدىمە! ئۇنى سەن ئىزدە، ئۇ ئات مىنگۈچىلەر بىلەن ئاتنى قانداق مىنىشنى ئۆگەتكۈچىلەر قاتارىدا! ئۇلاردا ئاددىي تۇپراقتىن مۇقەددەس تەڭرىگىچە بولغان پۈتكۈل بارلىق مۇجەسسەملەنگەن.

## گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان كور گاداي

ئىنسان ىىغلاپ تۇغۇلۇپ، جاپا بىلەن ياشاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلىدۇ! ئىنساننىڭ سىرلىرى ئۇنىڭ مۇناجات ئىلاھىيە قۇببىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈك ــــ بەشەرىيەت يۈكسەكلىكىدە!

ۋەھدەتتىن تاشقىرى ھېچنەرسە يوق. بىر بولمىغاندا، تۇمەن بولمىغان بولاتتى. بارلىق بولمىغان بولسا يوقلۇق ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، يوقلۇق ــــ بارلىقنىڭ كۆز ئالدىكىدا يوقلۇقى، ھىجران ــــ ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى، ئاچلىق ــــ توقلۇقنىڭ شۇ چاغدا يوقلۇقى، خەستەلىك ــــ سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقىدۇر.

ئىنسان گۆھەرسىزلىكتىن گاداي ئەمەس! چارىسىزلىكتىن بىچارە ئەمەس! قۇدرەتسىزلىكتىن ئاجىز ئەمەس! ئۇ قول، ئەمما بۇنىڭ ۋەجى ئەركىنلىك مەۋجۇت بولمىغانلىقىدىن ئەمەسقۇ، ئاخىر!

ئىنسان ھاۋا گۈلدۈرلىگەندە ئۆلىشىپ ـ تۇۋلىشىپ مۇناجات ئوقۇشتى. ئۇ ئەمدى كۆكتە پەرۋاز قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلدى.

ئىنسان يۇقىما كېسەللىككە زار يىغلاپ قۇربانلىق قىلىشتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى داۋالاشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى كۆردى. ئالاھازەل مۇمكىنلىكنىڭ مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان ئالاقىلىرى ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پىچىرلىماقتا.

بۇ ئۇلۇغ ئۆزلۈكنىڭ پېشايۋىنىدا سادىر بولۇۋاتقان ھادىس تېخى ئىنساننى ئۆزلۈك سارىيىغا ئېلىپ كىرگىنى يوق.

چۈشەن، ھەممە تەقەززايىڭ تەقەززا قىلغۇچى خاسىيەتلىرى بىلەن تەقەززا بولغۇچىنىڭ يېنىدا.

تىلەكلىرىڭنىڭ نىجادىيىتى سەن روكۇ قىلغان مېھرابتا ئەمەس، سەجدە قىلىۋاتقان چەۋەنداز ئىلكىدە!

تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى ئاجىزلىقىڭدۇر. ئاجىزلىقىڭ دېڭىز سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتىڭنىڭ تاغ ھالىتىدىن قوم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر. ئۇنى پارچىلىغان سەن ئۆزۈڭ! سېنىڭ نەپسىڭ، تەمەخورلۇقۇڭ، ئۆزگىنى ئانىي تېپىش نىيىتىڭ، ئاچ كۆز ھەسىتىڭ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ، ئۆزۈڭ ياساپ، ئۆزۈڭ ئىتقىدا قىلغان لاتا ـ پۇرۇچ قورچاقلىرىڭغا بولغان خۇپىيانە قۇللۇقۇڭ!

پارچىلاندىڭ، پارچە ـ پارچە «ئات» نەپسىڭنى ئەلا بىلىپ، بىر پۈتۈن قەلبى كامىل «ئات مىنگۈچى» ماھىيەتلىرىڭنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتتىڭ! ئۆزلۈك ئەيىنىكىڭنى سۇندۇرۇپ، ئىنسانىي بىردەكلىككە يىلاندەك نەشتەر سانجىپ، «سەن ئۆل، مەن ياشاي» يولىغا چۈشتۈڭ. ئۆلىمالىرىڭ ئۆزۈن بويلۇق قاتىل ئىبلىس تەلەتىدە تەرلىمەكتە. ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىڭ تالقان بولۇپ، قۇمدەك دەرغەزەپ غىچىرلىشىپ، جەڭ ـ جېدەل جەڭگاھىغا ئۇچۇشتى. نەيزە ـ ئاپتوماتلىرىڭ ـــ ئۇنىڭ تەرسا چۇقانلىرى! قارا، ئى ئالەمنىڭ نۇرانە گۈلتاجى ـــ ئىنسان، ئىش ـ ئەمەلىڭگە قارا: يىرتقۇچلۇقتا گۆشخور ياۋايى ھايۋانمۇ سەندىن ئۆزىنى تۇتقان. ئۇ توقلۇقتا مۇلايىم، سەن ئەسەبىيسەن. ئاخىرى ھەسرەت داش قازىنىنىڭ ئاستىغا تاشلانغان خەشەكتىنمۇ قەدىرسىز كۆيۈۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ نالە قىلىسەن. سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى، كامالىتىڭنىڭ قاتىلى، تۇرمۇشىڭ بولغانغان بىنەزەر

ئەخلىتى! بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزدۈڭ، ئاتەشىن، ئەمما نەپسانىي ئىستەك بىلەن، تەنتەكلىكلىرىڭدە ئالىقانات چىقىرىپ تۈزدۈڭ!

تەقدىرىڭدىن زارلانما! تەقدىرىڭ ئەزەللىك لەۋھەسىدە، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە، پېشانەڭ سەھىپىسىدە ۋە ياكى تەڭرىنىڭ رەھمى - شەپقىتى، قەھر - غەزىپى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس، ئۇ مۇھەببەت - نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە! بىلكى، ئۇ سەن يوقاتقان، سەن ئىزدەپ يۈرگەن، سەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىدە — ئىنسانىي قىممىتىڭنىڭ قىسمەتلىرىدە، قەلب دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدە.

جاھان سېنى ئەقىل - ئىدراك گۈلى قىلىپ ئېچىلدۇرغۇچە قانچە - قانچە يۇلتۇز ئۆمرى كەتتى. سەن جاھاننىڭ ئۆزىنى تېپىش يولىدىكى بىر پارچە ھېكمەت ئەينىكى بولمىقىڭ جائىز ئىدى. سەن بارلىقنىڭ گۈلشىنى، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەسىبىسىدە ئالەمگە كەلدىڭ. ھەممە ئىقتىدارىڭنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز تىزگىنىڭنى ئۆز ئەركىڭگە بەرگەن.

ئەقىل ئىزدە! ئەقلىنى ئۆزلۈك كامالىغا باشلا! ئەقىل — كىتاب سەھىپىلىرىدە تاۋلانغان ئۆلمەس روھلار قاتارىدا، تەجرىبە جەريانلىرىدا پىچىرلىغان دۇنيا ئۇچۇرلىرىدا، تۇرمۇش تەكرارلىقىدا نىگارىنى كۆرسەتكەن ھېكمەت جۇلالىرىدا، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا. بىلگىنكى، ئۇ يېنىڭدا، نادانلىقىڭنىڭ لاچىن كۆز قاپچۇقلىرىغا، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان نەشتەر تىلى ئاستىغا، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋاقلىرى تېگىگە كۆمۈلگەن!

ھەممە نەرسىنى كۆمگەن ۋە ئۇنىڭ موھتاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ - چاڭقاپ يۈرگەن ئىنساندا نە باياشاتلىق - ئاۋاتلىق، نە گۈزەللىك - بەخت، نە سۆيۈلىمزاتسىيە - كامالەت بولسۇن! ئۇ تار نەزەر ئۇپۇقىدا، پۇچۇق يارماق تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۈشۈك، مۇبالىغە قىلغاندىمۇ مولۇن، خالاس!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەي، گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان ۋە گۆھەرنى پەرق قىلالمىغان ئەما بىچارە تىلەمچى. سېنى گۆھەر زېمىنىگە، گۆھەر سېزەر ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان دۇنيا، سېنى ئىنسان، گۆھەرنى تاش، دەپ ئاتىمىغانمىدى؟

ئەمدى مۇھەببەتكە قارا: ۋەھىمە بىلەن بىخۇدلۇق، تەمەخورلۇق بىلەن بېسىمخورلۇق، قۇللۇق سۇكۇتى بىلەن قۇلدارلىق كىبىرى ھاۋاسى، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىسراپخورلۇق ··· قىسقىسى، كامالەت مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت، مانا سېنىڭ ئۆمۈر مۇھەببىتىڭ! بۇ مۇھەببەتنىكى سەن قاتىل بىلەن ئۆلگۈچى، ئوغرى بىلەن بۇلاڭچى، يالالىغۇچى بىلەن زوراۋان، جىنايەتكار بىلەن راھىب! سېنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك دۇنياسىغا تېخى تۆرەلمىگەن دەۋالاي دېسەم، سېنىڭ تاشلىغان زەھەرلىك قالدۇقلىرىڭ ھايات چىمەنزارلىقنى بۇلغىۋەتتى! غەلىتىلىكى شۇكى، بۇ تاشلاندۇقلار ئاداشتۇرغۇچى ساختا كىرىستالدەك قەلبى ئاجىز كۆزلەرگە جىلۋە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ!

كۆزۈڭنى ئاچ! ئۆز مۇھەببىتىڭنى ۋە ئۆز قۇدرىتىڭنى بايقا!

## ئەقىل ۋە كۆڭۈل

بىرلىك ــــ ۋەھدەت قارىشى شەرقتە لاۋزى تەلىماتىدا، غەربتە ئەپلاتون مىراسلىرىدا تىلغا ئېلىنىغان. لاۋزى: بىردىن تۈمەن تۇغۇلار دېسە، ئەپلاتون بىرلىكنى ئالەم نېگىزى ۋە مەنبەسى دەپ قارىدى.

ئەپلاتون قاراشلىرى شەرق ـ غەرب قەدىمكى مەدەنىيەت قانىلىدا غايەت زور جاۋاھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا يوپۇق يېپىپ قويۇپ «خالاس ـ تامام» دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەپلاتون ئۆزىدىن ئىلگىرىكى زاماندا يەتمەك مۇشكۇل بولغان ئېگىزلىك ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەپلاتونى ئىدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى

راۋاجلاندۇرۇلغانچە بۇرمىلاندى. ئۇنىڭ روھىنىڭ مېغىزى تېخى پىكرەن دۇنيادىن ئايرىلغىنى يوق. ئۇ ئالەمنى بىرلىك، روھ، قەلب، ماددا، فىزىكىلىق ھادىسىلەردىن ئىبارەت بەش قاتلامغا ئاجراتتى. بىرلىك ھەممىنىڭ ماھىيىتى بولۇپ، روھ ئەقلىنى، قەلب كۆڭۈل — ئىلاھىي تېرەن مەنىۋىلىكنى، ماددا نەرسىلەر بىلەن بەدەننى، فىزىكىلىق ھادىسىلەر ماددىي دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ «تەڭرى» ئىبارىسىنى ئىشلەتمىگەن. بىرىنچى سەۋەب بىلەن ئەقىلدىنمۇ مۇھىمراق ئىلاھىي مەنىدارلىقىقا ئىگە كۆڭۈل ( قەلب) تەڭرىلىك خاسىيەتلىرىگە قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. جالالىددىن رۇمىي كۆڭۈلنى ئەقىلدىن ئۈستۈن قويغان. بىر قاتار مۇتەسەۋۋۇپلار ئەقىل كۆزى ئويغاق زېھنىدارلار بىلەن كۆڭۈل ئەينىكى روشەن ئارىفلارنى پەرقلەندۈرگەن. ئۇلار ئەقىل ئارقىلىق بىلىمنى، ھەقىقەتنى بىلىش بىلەن، كۆڭۈل ئارقىلىق سىرلارنى چۈشىنىشنى ئايرىغان. نەتىجىدە ئەقىل ئىلمى بىلەن بىللە يەنە كۆڭۈل ئىلمى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلغان.

مانا، ئەپلاتوندىن بېرى ئىككى يېرىم مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتتى. گۇمانىزم — راتسىيونالىزم پېشۋالىرى پەقەت ئەقىل بىلەن بىلىم — تۇغۇلۇپ بىلىمدان بولۇش ۋە ئەقىل بىلەن بىلىم — ئىقتىدار ۋە بايلىقنى كۆپەيتىش، ئەقىل ۋە بىلىم ئارقىلىق ئەزگۈ ئەخلاقنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىلا تەپەككۇر گۈلشەنلىرى تۈزۈشتى. ئەقىل — بەدەن لەشكىرى، پادىشاھ، رەھنەما شۇنداقلا تەڭرى نېمەتلىرىنىڭ ئەلاسى، تەقدىر يۇلتۇزى، تەن غىلاپىدىكى قىلىچ، بەدەن يىلقىسىنىڭ چوپانى دېگەن سۆزلەر بىلەن بىلىم — ئەقىل ئۇتۇقلىرى، ھەقىقەت جاۋاھىرلىرى، قۇدرەت، ئۇلۇغلۇق قەسرىسى، ئەخلاق ماھىيىتى دېگەن ئىبارىلەر بىلەن تەرىپلەندى.

تارىخ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاقىللارنىڭ ھەممىسى دانا، بىلىملىكلەرنىڭ ھەممىسى ئارىپ (ئويغانغۇچى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولمايدىغانلىقىنى، ئەقىللىك ئالدامچى ۋە بىلىملىك مۇھەت بۇلغىغۇچىلارنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدا دائىم پاجىئە كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسەبىي غەزەپ ئۇچقۇنلىرى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى تەستىقلىدى. ئەخلاق ئەقلى ۋە ئەخلاق بىلىمى بىلەن ئورۇلغان ئوكۇللار ئۇلارنىڭ بۇزۇلغان قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇنداقتا، ئىنساننىڭ تەڭرىلىك ماھىيىتى ياكى خاسىيەتلىرى ۋە ئۇنى ئىش يۈزىگە كەلتۈرگۈچى كامالىتىنى قەيەردىن ئىزدەش لازىم؟ تەڭرىلىك سالاھىيىتىدىكى ئىنسانىنى شەيتان مىنىۋالغان ئىنسان ھالىتىگە سالغان نەرسە قايسى روھىيەت ئايۋانىدا پائالىيەت قىلىدۇ؟ روھ، ئەقىل، كۆڭۈل، پىكىر، ئېتىقاد، ئىشق دېگەن ئىبارىلەر ئوخشاش مەنىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ؟

فارابىي: ئەقىل، بىلىم، ئەخلاقنى پەزىلەتلىك تۇرمۇش ماقامىنىڭ شەرتى، بۇ ئۈچىنى گۈزەللىك — بەخت ـ سائادەت ئۇلى دەپ قارىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل، بىلىم، ئادالەتنى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئۇلى، قانائەتنى ئۇنىڭ مۇھىم شەرتى، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە زامان بۇزۇقچىلىقلىرىدىن شىكايەت قىلدى.

ئەقىل يەنىگە ئاساس سالدى. ماتېماتىكا ۋە تەبىئەت، جەمئىيەت، پەلسەپە پەنلىرى ئەقىل يېپىگە مەرۋايىتتەك تىزىلدى. ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسساملىق، تىياتىر سەنئەتلىرى تېخى ئەقىل يىپى مەرۋايىت تىزىقلىرى تىزىشتىن ئىلگىرىلا مەيدانغا چىققانغۇ! ئۇنىڭغا ئەقىلگە قارىغاندا كۆڭۈل ـ قەلب تۇزۇلمىلىرى ئىلھام بۇلىقى بولغان ئەمەسمۇ؟!

ئەقىل مەنتىق قورالى بىلەن نەرسىلەرنى پارچىلاپ، تاشقى دۇنيا ھەقىقەتلىرىنى ئېچىش يولىدا مەنپەئەتدارلىق قىرغاقلىرىغا، مەئىشەت ۋە ئالتۇن راۋاقلىرىغا ئۆز قىزىقىشلىرىنى بىلدۈرسە، كۆڭۈل مۇجەسسەملىك يولىنى تۇتۇپ، ئۆزلۈك ھەقىقەتلىرىنى ئېچىش يولىدا مەنپەئەتكە ئەمەس، يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىك

گۈلشەنلەرگە، ۋاپا ۋە ئەھدە مۇشكۈللۈكلەرگە، تۇپراقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىپسىل زاتقا ئۆز ئىشقىنى تەلپۈندۈردۇ! ھايات ئالتۇنخۇكارلىقىنىڭ ئىبلىستەك پەسكەشلىكىنى، تۇپراققا ئۇلۇغ نەزەر بىلەن قارىغۇچىلارنىڭ ئالىيجانابلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئەمگەكتىن قاچتىڭمۇ، دىمەك قەلبىڭ ئاقىۋەت ئالتۇن غىمىدە خەشەك ئامبىرىغا ئايلانماي قالمايدۇ.

ئەقىل ئۆزلۈك، ۋەھدەتنى ئەمەس، سىنىڭ تۈت تادۇدىن تەشكىل تاپقان بەدىنىڭنىڭ غىمىدە ئۇنىڭ يەككە، ھادىس ھەقىقەتلىرىنى ئىزدەيدۇ. يەككە يول — ئەقىل خىتابىدۇر. كۆڭۈل ئۆزلۈك ۋە بىرلىكنى، ئىنسان ماھىيەتلىرىنى ئىزدەپ، پۈتۈنلۈكنى پۈتۈنلۈك بىلەن كۆزىتىدۇ. ۋەھدەت كۆڭۈل شوئارىدۇر.

ئەقىل قائىدىلەرگە رەھنەما بولسا، كۆڭۈل سىرلارغا يولچىدۇر. ئەقىل بىلىم، كىتاب سەھىپىلىرى بىلەن نەزەر دائىرەڭنى توسسا، سىنى ئۆلۈك قائىدىلەر بىلەن غاپىل ۋە مەغرۇر قىلسا، كۆڭۈل سىنى دائىما كۆزەتكۈچى، پىكىر قىلغۇچى، ئۆز بىلىملىرىگە گۇمانلانغۇچى ئويغاق ۋە كەمتەر قىلىدۇ. بىلگىنىكى، بىلىم خەزىنىلىرىدىن باشقا يەنە تىلسىم غارلىرى مەۋجۇت.

ئەقىل كەسكىنلىكنى، مەنتىقى مۇنازىرىلەرنى تەلەپ قىلسا، كۆڭۈل رايىشلىقنى ۋە سۈكۈناتتا كۆزەتمەكنى خالايدۇ.

ئەقىل مەنپەئەت ھاۋاسىدا بىۋاپالىقنى لازىم تاپسا، كۆڭۈل ئەقىدە مۇرۇۋۋەتىدە ۋاپانى يار قىلىدۇ. ئەقىل چوت سوقىدۇ، كۆڭۈل پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. ئەقىلنى ھىساب - كىتاب بىلەن بىر مەنزىلدىن ئىككىنچى مەنزىلگە يۆتكەش مۇمكىن. دۇكاندار كارۋانچىغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئەمما كۆڭۈلنى يۆتكىمەك مۇشكۈل. ناپاك كۆڭۈلنى تازىلاش ھاجەتخانىنى ئىرىغداشتىن مۇشكۈل.

فىرىئۇد پىسخولوگىيەدە دانادىن ساراڭغىچە، ئويغاقلىقتىن چۈشەشكىچە كۆزىتىپ، روھىيەتنى ئۈستىلەپ تىزىلغان بىرقانچە قاتلامغا ئاجراتتى. ئۇ ئاڭ، ئالدىنقى ئاڭ ۋە پوتېنسىيال ئاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇستىدە توختالغاندا، ئاشۇ تۆۋەنكى روھىي ھادىسىلەرنى جىنسىي ۋە فىزىيولوگىيەلىك خاھىش (ئىنستىنكت) قوزغاتقۇچىلاردىن غىدىقلىنىدىغان پىسخىكىلىق كاتېگورىيە دەپ قارىدى. ئاڭ كاتېگورىيەسى فىرېئۇدتا ئەقىلمۇ، كۆڭۈلمۇ، پىكىرمۇ ياكى ئۇتۇقمۇ، قىسقىسى نىمىلىكى نامەلۇم پېتىچە قالدى.

كۆڭۈل بىر مەۋجۇت «بوشلۇق» سۈپىتىدە نەپسانىيەتچىلەرنىڭ شەيتان دەرگاھىغا، ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ دىنىي روھىيەت دەرگاھىغا ئايلىنىپ، تېخى ئۆزلۈك بىلىملىرىنىڭ «بەيتۇل ھۆكۈما» سى بولۇپ قەد كۆتۈرمىدى.

ئەقىل ۋە كۆڭۈل! نىمىدېگەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ۋە جىددىي پەرقلىق ئىككى گۈلشەن!

ئەقلى قارا! نادان ۋە بىلىمسىزگە قارىتىلغان؛ كۆڭلى قارا! ئەقلى ۋە بىلىمى بولغان ۋىجدانسىزغا قارىتىلغان.

زامان بارغانسېرى ئالتۇنغا سېتىلىش بەدىلىگە چىرىكلىشىدۇ. ئۇ قانداق گۈزەل نامدا ئاتالمىسۇن، ئالتۇن تاش بىلەن كۆڭۈل ئەينىكىنى چېقىشقا قارىتىلغانىكەن، ئۇ بۇلغىنىدۇ. شەيتان ھامىلىدار! ئەمما ئۈمىدسىزلەنمە! ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە! بارلىق چىرىش، قۇرتلاش ئاخىرى شاراب ھاسىل قىلىدۇ! بىر مەزگىل ئالتۇن ئىلاھ بولغاندىن كېيىن، يەنە «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت، ئادىمىي بول» دېگەن ئۇلۇغ ئىبارە ھايات لەۋھەسىگە يېزىلىپ، «مەنپەئەت ئالدىدا بۆرىنى ئويلاش» تۇرمۇش مىزانىغا ئايلىنىدۇ! بىۋاپالىق ئىچىدىن ۋاپا يېتىلىدۇ!

ئاقىل، ئارىف بول!

## يول

يول!

ئامېرىكىلىق يازغۇچى پاللون «مۇرۇۋۋەت» ناملىق كىتابىدا يول

توغرىسىدا مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: بىر بېكىنمە ماكان بولۇپ، ھېچكىم سىرتقا چىقماس ھەم سىرتتىن كىرمەس ئىكەن. كىمكى بۇ نىزامنى بۇزسا قەتل قىلىنار ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنىڭ يېپىق مۇھىتىنى مۇتلەق غايىۋى ماكان دېيىشكە كۆنگەنىكەن. كۈنلەردىن بىرىدە بىر بەختسىز بۇ ماكاندىن ئايرىلىپ جاھان كۆرۈپ كۆزى ئېچىلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەپسانىۋى ئادەت بىلەن ئالداپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆز ماكانىنىڭ قاراڭغۇ ۋە بەختسىز مۇھىتتا تۇرغانلىقىنى ئۆز خەلقىگە يەتكۈزگىلى قايتىپتۇ. ئۇ ئۆز تەسىراتلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشىغىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ بۇ يېپىق ماكاندا ئېغىر يەر تەۋرەش، تاغ گۈمۈرۈلۈشلەر بولۇپ، ھەممە كىشى تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. ئۇلار دۇنيانى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جاھىل ـ بېكىنمە ھاياتىغا نەپرەتلىنىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ بىر ـ بىرلەپ ئاتا قەدەم دىيارىغا قايتىپتۇ ۋە بۇ ماكاندىن تۇنجى بولۇپ سىرتقا چىققان قېرىندىشىنى ئەۋلىيا بىلىپ، ئۇنىڭغا خاتىرە سۇپىسى سېلىشماقچى بولۇشۇپتۇ. نەتىجىدە جەسەتگاھى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئۇ كىشىگە سېلىنغان خاتىرە سۇپىلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، بۇ ماكاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سوزۇلغان تاشيولغا ئايلىنىپتۇ.

يول — ماكان، يول يۈرمەك زامان سۈپەتلىك جەريان! يول ئوربىتا بويلىغان يۇلتۇزلار ئۇچۇنمۇ، تۇرمۇش سەپىرى ۋە ئۆمۈر كارۋىنى ئۇچۇنمۇ مەۋجۇت نەرسە.

يول — چەكسىز يايلاقتا، بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان بوستان دىياردا، دېڭىز ـ ئوكيان ساھىلىدا، كائىناتقا ئۇچۇش مەيدانىدا، تەپەككۇر جەريانلىرىدا، تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا، تارىخ داۋانلىرىدا داۋام قىلىدۇ.

يول — ماكان! ماكانلار زەنجىرى، ماكانلار سېكىلى، ماكانلارنىڭ زامان جەريانىدىكى ئاقما ـ راۋان ھالىتى. مەن ھەممە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يېرى بىردەك ماكاننى كۆرمىدىم.

يول — زامان! زامانلار ھالقىسى، زامانلار ئېقىمى، زامانلارنىڭ ماكان بوشلۇقىدىكى مېلودىك ئىلگىرىلىشى. مەن ھەمىشە بىر خىل، بىر سىزىقتا، ئىزچىل كەتكەن تۈتاش زاماننى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم.

يول — تارىخ! تارىخ — كەسمە زامانلار تارىخى! كىم تارىخنى ئەبەدىي بىر خىل تۈز سىزىق دەپ پەرەز قىلسا ئۇ سەبىي ياكى خامۇش، ھىيلىگەر ياكى ئالدامچى. تارىخ — زامان، ماكان، ئىنسانىنىڭ يولىدۇر. تارىخ يول سۈپىتىدە ھەممىنى ئارقىغا تاشلىمايدۇ! تارىخ قىسمەن ئۆلىدۇ، ئارقىغا تاشلىنىدۇ، ھېكايە ـ رىۋايەتلەرگە ئايلىنىدۇ، مۇزېيغا كىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھادىسىلىرى، ۋەقەلىك ـ تىياتىر كۆرۈنمىلىرى! تارىخ قىسمەن ئۆلمەيدۇ. ئۇ رېئاللىقتا ۋە كەلگۈسىگە ئۇل، تەركىب، ئەينەك، روھ، رەھنەما بولىدۇ. ئۇ پىروگراممىلارغا جان بېغىشلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆلمەس ماھىيىتى، مەنىۋى قۇدرىتى! تارىخنىڭ كامالەتكە يۈزلىنىش ماھىيىتى مەڭگۈلۈك گېنېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە. بۇ بىر قېتىملىق ئەمەس، دائىمىي پەيدا بولۇش يولى بىلەن ئۆز قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

تارىختا ئۆلمەسلەر — ئات سالاھىيىتى بىلەن ئۆلگەن، تار سالاھىيىتى بىلەن ئۈزۈلگەن ئات مىنگۈچى ۋە ناۋا سازەندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىيىتى تارىخقا، داۋاملىشىشقا موھتاج! پۈتۈنلەي ئۆلگۈچىلەر ياكى ئالتۇن ياكى يەم ـ خەشەككە ئەبەدىي كۆمۈلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ماددىي پاراغەتتە ئۆز بەخت ـ سائادەتلىرىنىڭ قاراڭغۇ لەھەتگاھىغا ئەبەدىلئەبەد غەرق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يالتىراق، كامىران ھاياتى گويا چەكسىز ۋاقىت دەرياسىدا يالتىراق قوڭغۇزچە بىر دەقىقىلىق جىلۋە.

يول يەنە قالىدۇ! ئۇ مۇنارىرىلەر ۋە سۈكۈناتلار ئىچىدە، جەڭ ـ جېدەل ۋە سۈلھىلەر ئارىسىدا، ۋىسال ۋە ھىجرانلار ئوتتۇرىسىدا،

پىكىر تۇزاقلىرى ۋە ئىقتىدا زالىپلىرى قوچىقىدا، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، ئەقىدە ۋە ساتقىنلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆكسىدە يەنە داۋاملىشىدۇ! ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت يول بويلاپ ئىچىلىدۇ، تەپەككۇر يول بويلاپ چېچىلىدۇ، تارىخمۇ يول تالالىرىدىن خۇددى گۈللۈك رەختلەردەك توقۇلىدۇ.

يول ھەر خىل! جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدىغان يول بىلەن جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ باشلانغان يېرىدە ئانچە پەرق يوق! گەپ، قەلبىڭنىڭ كۆزى ۋە ئىرادەڭنىڭ تاللاش ئىقتىدارىدا!

ئەي كارۋان! خەيرىيەتلىك بول! ئىنساپ ئۇنىڭ چۇلۋۇرى.

## تەڭرى، ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم
## توغرۇلۇق سۆز

تەڭرى — تەبىئەت قۇدرىتى ۋە تەبىئەت تەرتىپى مەنىسىدە، بۇ قۇدرەت ۋە بۇ تەرتىپنىڭ روھىي مۇئەككىلى، بىرىنچى سەۋەبى مەنىسىدە؛ ئادەم قىياپەتلىك ئالەم پادىشاھى مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ ئەقىل ۋە كۆڭلىدە گەۋدىلەنگەن ۋەھدەت مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ كامالەتلىك ماھىيىتى ۋە ماقامى مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلدى. ئىلاھلىق تېخىمۇ كەڭ مەنىدە، بىرىنچى دەرىجىلىك مۆتىۋەر يۈكسەك خاسىيەتلەر مەنىسىدە؛ ئىنساننىڭ پاك كۆڭلى مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

تەڭرى — خاسىيەت، ئىقتىدار، ماھىيەت ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئەزگۈسى ۋە ئەڭ گۈزىلى؛ ئىنسان قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ئەقىدە ۋە ئۈمىد چىرىغىنى يورۇتىدىغان ئەڭ نۇپۇزلۇق ئىبارە ۋە روھىيەت.

ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار، مۇھىمى ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتتىن خالىي ئالەم پادىشاھى مەنىسىدىكى تەسۋىرلىنىشىنى ئىنكار قىلسا كېرەك. ئىنسان پاك قەلبىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلاھىي مۇقەددەسلىكى ۋە كامالەت ماقامىغا يەتكەن ئىنساننىڭ تەڭرىدەك يۈكسەكلىكى توغرىسىدىكى قاراشلارنى بىردىنلا ئىنكارىيەت مۇز دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتمەسلىك لازىم.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي:

زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان،
ئۇ ــ ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.

ئۆمەر ھەييام:

ئالەمنىڭ تىلىگەن مېۋىسىدۇرمىز،
ئەقىل كۆز قارىچۇقى ئىنسان ئۆزىمىز.

نىزامىي گەنجەۋىي:

ئاسمان ۋە زېمىندا بارلىقنىڭ بارى،
ئىنساننىڭ پىكرىدىن ئەمەس تاشقىرى.

مەنسۇر ھەللاجى:

ئۇ بۇمۇ؟ ھە، ئۇ بۇدۇر! (خۇۋۋە ـ خۇۋۋە)

مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي:

سەن ئۆزۈڭنى بۈگۈن تاماشا قىل،
ھەرنە ئاجايىپكى باردۇر ئادەمدە.
ئەقىل كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نە تىلەرسەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەرغىنۇنىنىڭ ساداسىدىن كۆيدۈم،
شۇئىلە تاشلايدۇزىر ئىلە بەمدە.
قايدا ئىيسا كەبى ئول مەسىھ،
كۆرگىن ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە.

بابارەھىم مەشرەپ:

گەرچە مۇھىتى ئەزمەم،
ئاتىم ئادەمدۇر ئادەم.
تۇرئىلە كەۋنو ماكان مەنەم،
مەن بۇ ماكانغا سىغمەدىم.

دېگەنىدى.

ئاقىل ۋە ئارىفلىقنىڭ مىزانى: «توخۇ بىلەن تۇخۇمنىڭ قايسىسى بالدۇر» دېگەن تېپىشماقنى يېشىشتە ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئالەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مېلودىيەسى ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن، ئىنسان ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تەڭرىدەك پاك، ئالىيجاناب، مۇقەددەس، قۇت بەخش، ئەزگۈ، قابىل، قادىر، مېھرىبان، مۇرۇۋۋەتچان سۈپەت ۋە ئىقتىدار مۇمكىنلىكلىرى تىلسىمىنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئېچىپ كۆرسىتىش ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈشتۇر. ئويلاڭچۇ، تەنتەكلىك ۋە ئەسەبىيلىك، نادانلىق ۋە بىلەرمەنلىك تۈپەيلى، بۇ سۈپەت ۋە ئىقتىدار سېھىرلىرىنى ئىبلىس نامىغا تويلانغان ئىللەتلەر بىلەن بىللە قوشۇپ، «ئەپسانە» ۋە «ئەپيۇن» بەتكەردىسى ئاستىدا ئىنسانىيەتتىن ئادا ـ جۇدا قىلماقلىق، ماھىيەتتە بۇ شاراپەتلىك ماھىيەت، ئىقتىدار، سۈپەتلەر ئورنىغا نەپسانىيەتنى ۋە ئىبلىس مەجازىدا ئىپادىلەنگەن بارلىق قاباھەتنى ئىنسانىيەت ئىچىگە ماكانلاشتۇرماق بولغانلىقتۇر. بۇ قەلب (كۆڭۈل) خەزىنىسىدىكى ئۆزلۈك جاھاننەماسى ئورنىغا قاتىل خەنجىرى ۋە ئاچ كۆزنىڭ قازنىقىنى تىڭكىشكەنلىك ئەمەسمۇ؟!

سوقرات ھەكىم: روھىيەت بىلەن قارشىلىشىش ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ ئىلاھىيلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە بۇ مۇقەددەس روھىيەتكە ئاسىيلىقتۇر، دېمىگەنمىدى؟!

ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىدىن تولۇق غەلىبە قىلغان، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەم تىزگىنلىگەن، ئۆز ماھىيەت ۋە سۈپەتلىرىنى گۇمانسىز چۈشەنگەندىن كېيىن، مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەلھەق» يەكۈنىنى ئالەم مارشى قىلىش مۇمكىن.

بۇ مەنىدە، ئىنسان تەڭرىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ غەيرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەڭرىلىكىدىن ۋاز كېچىدۇ، خالاس!

بابارەھىم مەشرەپ:

ھەقىقەت كوچىسىدا رەئنائى ئىنتىزارىڭمەن،
تامامى ئەھلى غەپلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي دەيمەن.
* * *
كاسەلەپ كاززاپ شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار ئېسە،
كۇفر ئېلىگە مەشرەپتەك رەھنىما پەيدا بولۇر.

مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي:

بۇ پىشە سەرھەددىدە ھەر تەرەپ يۈز شىرۇئەجدىھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردە غەپلەت نۇر ئايان بولماس.
* * *
زەلىلىي ھېچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇ،
جاۋاھىر يوقىتىپمەن ئۇنى سوراغىم بار.

مانا، بۇ يەردىكى «پەيغەمبەر» لىك — ئەلچىلىك بولۇپ، ئىنسانىنىڭ ئويغانغان قىسمىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى ئويغىتىشى — مانا بۇ «ۋەھىي» ۋە مەرىپەت!

ئەلچى — رەسۇل دىنىي ئىزاھلارغا كۆرە ئالەم پادىشاھى تەڭرىنىڭ ئاددىي ئاۋامغا ئۇلارنى دىنىي مەرىپەت بىلەن ئويغىتىش ئۈچۈن تاللىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەلچىلىكنى تولىسى پەيغەمبەر — رەسۇللار ئۆزلىرى ئاۋامغا جاكارلاپ كەلگەن. ئۇلار مالائىكىلەرنىڭ ۋاستىسى، مىھراج ۋەسلى ياكى ئىلاھىي ۋەھىي ئارقىلىق رەسۇللۇق پائالىيىتىنى باشلىغانلىقىنى ئۆزلىرى قەيت قىلىشقان.

بىز ئېيتىۋاتقان «رەسۇل» ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئالدىن چۈشەنگەن ۋە مىللەت ئىچىدە ئۆزلۈك ئاقارتىشى ئېلىپ بارغان ھەقىقەت ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار تارىخنىڭ تەپەككۇر سۇمۇرغلىرى، خەلقنىڭ دانىشمەنلىرىدىن ئىبارەت.

قەھرىمان — ئۇلۇغ مەشئەلچى! توسقۇن بۆسكەن ۋە ئىنسان

هاياتىغا يېڭى سەۋىيە بەخش ئەتكەن زات ئومۇمەن قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، قەھرىمانلار ئىككى خىلدۇر: ئۇنىڭ بىرى، ھېكايەتلىك قەھرىمان، يەنە بىرى، ھېكمەتدار قەھرىمان! ھومېر ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھىي ياكى ئىنسانىي قەھرىمانلاردىن تاكى ھازىرغىچە بولغان تارىخىي قەھرىمان، تىراگېدىك قەھرىمان، رېئال قەھرىمانلار ھېكايەتلىك قىسمەت پەيدا قىلغان قەھرىمانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى چىنلىق ياكى ياسالمىلىق، ئىجابىيلىق ياكى سەلبىيلىك جەھەتتە يەنە ئۆزگىچە.

ھېكمەتدار ماقامىدىكى قەھرىمانلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار، بىلىش ياكى ئېتىقاد تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ئۇستىدىن غالىب كەلگەن ۋە ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى كۆرەشلەردە ئەزىيەت چەككەن، دارغا ئېسىلغان (سوقرات، ئىيسا، مەنسۇر ھەللاجى، مەشرەپ)، سۈرگۈن قىلىنغان (ئەپلاتون، فەرىدىددىن ئەتتار، چېرنىشېۋسكىي)، قەست بىلەن قەتل قىلىنغان (فارابىي، شەمسىددىن تەبرىزىي، ئابدۇقادىر داموللام) ۋە ھاقارەتلەنگەنلەردىن ئىبارەت. ھېكايەتلىك قەھرىمانلاردىن ھاكىمىيەت سەلتەنىتى سۈرگەنلىرىمۇ، سۈرەلمىگەنلىرىمۇ، ئاينىغان ۋە ئىزچىل تۇرغانلىرىمۇ نۇرغۇن.

ھېكمەتدارلىق قىممىتى ياراتقان قەھرىمانلار ئەل غېمىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ۋە ھاكىملىق سەلتەنىتى بىلەن كىبىر تۇزانلىرىنى ئۆزگە يولاتمىغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھاكىم — سەلتەنەت ئىگىلىرىدۇر. ھاكىملار توغرۇلۇق ئوقۇلغان ھەمدۇسانالار بىلەن ئۆتكۈر مەسخىرىلەر بۇ تائىپىنىڭ شۇبھە تۇمانلىرى ئارىسىدىكى ھالىتىدىن بىر دېرەك. ئادىل پادىشاھ، پەيلاسوپ پادىشاھ، رەئىيەت (خەلق) پەرۋەر پادىشاھ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زالىم، جاھىل ۋە چىرىك پادىشاھ ھەققىدىكى نەسرىي ـ شېئىرىي تەپسىلاتلار كۆپ قېتىم چاپىنالدى. ۋاھالەنكى، ھاكىم مەۋجۇتلۇقى زۆرۈرى بولغان مۇھىتتا، يەنىلا ھاكىم مەۋجۇتتۇر.

بىز پەقەت ئىككى نەرسىنى تەكىتلەيمىز:

سەلتەنەت ھۆكۈمرانلىق تەختى ۋە ھاكىملىق قورالى بولۇپ، ھاكىم قانداق پازىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان قەلبىدىن سىرت ۋە ئىنسان بېشىغا ھۆكۈمرانلىق ئۇچۇن تېڭىلغان تۆمۈر دۇبۇلغىدۇر. ئۇ ئۆزىنى ئۆلچەم، ئۇل ۋە تۇۋرۇك دەپ بىلىدىغان، ئەركىن ئىرادە ۋە ئەركىن پىكىرگە ھېسداشلىق قىلمايدىغان، ئىلىم ئەھلىگە شۇبھە بىلەن قاراشتىن خالىي بولالمايدىغان، ئۆز ئىرادىسىنى تۇغ ۋە قانۇن قىلغان قايراق تاشتۇر.

سەلتەنەت مەنىسىدە، ئىنسانغا ھاكىملىق قىلىشقا يۆلىنىپ، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنى ئىنسانغا بەخش ئېتىش شۇبھىلىكتۇر. ئۇ ھەقتە «سەلتەنەت تەختىدىن ھەقىقەت ئىزدەش، چۆلدە يوقالغان تۆگىنى پادىشاھلىق ئوردىسىدىن ئىزدىگەنگە ئوخشاش» دېگەن تەمسىل بار. بۇ ھاكىملىقتا خۇشتار كىشىلەرگە تەنبىھ. بىلگىنكى، ئىنساندىن ئۇلۇغ نەرسە يوق. ھاكىمغا يېقىنلاشقاندا، نېچۇندۇر كۆڭلۈك غۇۋۋالىشىدۇ، ھەتتا ھەقىقىي ئىنساننى قەلبىتىن يىراقلىشىپ، ئۇنىڭ بىرەر قوشۇمچىسى بولۇشقا يۈزلىنىسەن. سەندە ئۇنى «بۇزرۇكۋار»، ئۆزۈڭنى «كىچىك پىداكار» دەيدىغان روھىيەت گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ھەرقانچە ئادىل پادىشاھنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇشتىن كۆرە، ئازاد ئىنسانلارنىڭ ھامىيسى، دوستى، مۇرەببىي بولغىنىڭ ئەلا. بۇ بىرىنچى.

ئىككىنچى جەھەت شۇكى، سەلتەنەت ئەھلى مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنى ئەقىلگە، ئەدىلگە دەۋەت قىل! ئۇلار بىلسۇنكى، ئادىل پادىشاھقا قوشۇن ئانچە ھاجەت ئەمەس! زالىم پادىشاھقا قوشۇن ئۇنچە كاپالەتمۇ ئەمەس! ھەقىقىي سەلتەنەت ئادەملەر قەلبىدە

بەرقارار تاپقان سەلتەنەتتۇر. ئۇنىڭ ھاكىمى ھاكىملىق سۈرىتىدىكى ئىنسان، سەلتەنەت تەختىدىكى ئىنسان ھامىيسى بولمىقى لازىم. «قۇتاتقۇ» — ئىلاھىيەت قوللىغان سەلتەنەت بولۇپ، ئۆزۈمچى ھاكىملىق قىلغان سەلتەنەت مەلئۇن سەلتەنەت ۋە كۆلپەتلىك سەلتەنەتتۇر. سەلتەنەت ئىگىلىرىنى يېتەكلەش ھاكىمىيەتچىلىكتىكى ئىنسانپەرۋەر ئىدىيەنىڭ ئىزچىل بىر پىرىنسىپى بولۇپ، ئۇ يەنە نىسپىيدۇر!

ھەئە، ئۇلۇغ «نىسپىيلىك نەزەرىيەسى — كىشىلىك تەلىماتى!» سەن تەڭرىچە خاسىيەتلىرىڭ بىلەن تەڭرىلەردەك تەپەككۇر قىل. ھېچبولمىغاندا ئالدىڭغا ئالتۇن بېلىق ئۈزۈپ يۈرگەن بىر داس سۇنى قويۇپ، ئۇنىڭغا نەزەرسال. ئۆزۈڭمۇ ئوزۇق تالىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار قاتارىغا كىرىۋالماي، ئۇلارنى كۆزەت. ھەيرانلىقلىرىڭنى بىردىنلا ئىنسانىيەت تۈركۈملىرىگە يۆتكە. يېنىدىكى بېلىقنىڭ ئاغزىدىن نان تالقانلىرىنى يۇلۇۋالغان «غالىب» بېلىقتىن «غەلىبە» ۋە «غالىب» دەبدەبىلىرى بىلەن تەنتەنە قىلغان ئەسەبىيلىك چۇقانلىرىنى ئويلان! قەلبىڭدە ئويغانغان مۇنۇ جۈملىنى ئوقۇ: «غالىب» ۋە «غەلىبە» ئىبارىلىرى نادان ۋە ئەسەبىي قاراشلار ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇلمىقى جائىز!

غالىب خۇددى قەھرىماندەك، خۇددى سەلتەنەت ساھىبىدەك ھېكايەتلىك غالىب مەنىسىدىكى غالىب، خالاس. ھېكمەت قەھرىمانىنىڭ غەلىبىسى «ۋەھدەت» (بىرلىك) ۋە «ئۆزلۈك» نىڭ، نۇر ۋە ئەزگۈلۈكنىڭ تارىخىي تەنتەنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ كۆلكىسى ئەمەس، ئاخىرۇمازدا بىلەن پىرومېتىننىڭ قۇچاقلىشىشى!

ئەي ھېكايەت غالىبى، دەرھەقىقەت سەن ئۆز ھېكايىلىرىڭدا غەلىبە قىلدىڭ. بىلەمسەن، ئۇ يەنە سېنى يەڭدى. ھېكايەت غالىبلىرى مەۋجۇتلۇق سۈرىتىدىكى مەۋجۇتسىز زاتلاردۇر. شۇنىسىمۇ باركى، بەزىدە مەغلۇپ ئۆز غالىبىدىن ئۇلۇغۋار بولۇشى

مۇمكىن. غالىب ـ مەغلۇپ شاھماتلىرى مىڭ قېتىم ئوينالسىمۇ، ئۇرۇقلار يەنە ئانا زېمىندىن ئىبارەت شاھمات ساندۇقىدا دومىلاپ يېتىپتۇ! غەلىبە قىلغان نەرسە يەنىلا ئاڭ ۋە ھەقىقەت، خالاس! ئىنساننى بۇنداق غالىبلىق ئەپسانىسىگە قىزىقتۇرغۇچى مەيلەر ئاقىۋەت قەدەھ سوقۇشتۇرغۇچىلارنىڭ مەيلى ـ ئىختىيارى بىلەنمۇ، تارىخنىڭ ئۆتكەن ئىز ۋە ھېكايىلىرىنى كۆمۈپ ئىلگىرىلەش قائىدىسى بىلەنمۇ پۇچقا چىقىپ كېتىدۇ! غالىبلىق ئوردېنلىرى بىر مەھەل پورەكلىگەن قىزىلگۈلگە ئوخشاپ كۆزلەرنى چاقناتسىمۇ، ئۇ بەربىر تۆكۈلگەن خازاندەك ھەسرەتلىك تۇيغۇلاردا يەڭگىل ئۇچۇپ چىرىيدۇ. ئۇنىڭدىن قالىدىغان نەرسە ئۆتمۈشنىڭ كۈلكىلىك ئىبرىتى، خالاس.

قەھرىمان، ھاكىم، غالىب! پەرۋازدا تۇرۇپ زېمىنغا قارا! ئۇ سېنى تەۋەللۇت قىلغاندى، ئۇ يەنە سېنى ئۆز قوينىغا غەرق قىلىدۇ.

قەھرىمان، ھاكىم، غالىبلارغا نەزەر سال! ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىلىرى ئۆز ئايىغى بىلەن، قايسىلىرى كىشىلەر يەلكىسىگە مىنگەنلىكى بىلەن، يەنە قايسىلىرى ياغاچ ئاياغلىرى بىلەن سەندىن ئېگىز؟ ئۇنى ئۆز پەزىلىتى، كىشىلەر يەلكىسى ۋە ياغاچ ئاياغلىرى بويىچە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگىن. شۇ چاغدا ئىنسانىنىڭ بىر ـ بىرىگە چوقۇنۇش ۋە چوقۇندۇرۇش ھىيلىلىرىنىڭ قاچاندىن داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىسەن.

بىلگىنكى، چوقۇنۇش بەدىلىگە ئەرك بەرگۈچى ئىلاھ — ئەركسىز ۋە ئەرك سۆيمەس ئىلاھتۇر!

## ۋاقىت ساڭا ئالدانمايدۇ

ئىلاھىيەت — ئىنسان! ۋاقىت — ئىلاھىيەتنىڭ ئىلاھى! ھەل قىلىدىغان كۈچ ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئىرادەڭ، سېنىڭ تۈزگەن رېجىلىرىڭ، سېنىڭ پۇختا ھىيلە ـ تەدبىر ياكى تۇزاق ـ

ئالدامىلىرىڭ ئەمەس! سەن پىرئەۋىنلىك سەلتەنىتىدە مىڭ ــ تۈمەنلەپ يارلىق چۈشۈر ۋە ياكى سەن تەقۋادار راھىبلىق ئىبىرامىدا دائىمىي تىلاۋەت ــ تەسبىھ ئەھكامىنى ئادا قىل، بەرىبىر سەن ئەمەس، پەقەت ۋاقىت ھەل قىلىدۇ!

ۋاقىت ـــ ئاددىيلا دەقىقىلەر دەرياسى ئەمەس، ئۇ ئاددىيلا گېئومېترىيەلىك سىزىق ھەم ئەمەس! ۋاقىت ـــ ئۆتكۈ. ئۇ ئۆز ھالىتى، ۋەزنى، ساپاسى، ماھىيىتى ۋە قۇدرىتىنى تىنىمسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان تىرىگونومېترىيەلىك ئۆركەش. ئۇ تامچە بولۇپ، ئارقىدىنلا بۇلاق بولۇپ، ئارقىدىنلا دەريا بولۇپ، ئارقىدىنلا دېڭىز ــ ئوكيان بولۇپ ھەسسىلەپ قىممەت يارىتىدىغان تىلسىم. ئۇ يوللار روجەكلىرىنى، پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى، سەنئەت نەفاسەتلىرىنى، بىلىش سىستېمىلىرىنى، ئىنسان ئەۋلادلىرىنى، مىللەت ساپاسىنى، ئىنسانىيەت ئىقتىدارىنى ھەر قېتىم تىرىگونومېترىيەلىك يۈكسەلدۈرۈپ ئىلگىرىلەيدىغان مۆجىزىلىك ئېقىن.

ۋاقىت يول ئاچىدۇ، تاۋلايدۇ، ھەممىنى ھازىرلايدۇ، سىگنال تارقىتىدۇ، ئۆزى ھەققىدە رول ئالىدىغان شەخسلەرنى يارىتىدۇ. ئۇ مۆجىزىدار جۇغلانما ياراتقۇچى ۋە بىمۇاپا، شەپقەتسىز ھالاك قىلغۇچى دىۋە! ئۇ تىرويا قەھرىمانلىرىنى ياراتتى ۋە ئۆز قەھرىمانلىقلىرى ئىچىگە دەپنە قىلدى. ئۇ «ماخاپخاراتا» باتۇرلىرىنى ئويناتتى ۋە ئۇلارنى ئۆزى چەيلىگەن زېمىن تەرىپىدىن چەيلەتكۈزدى. ئۇ ئىسكەندەرنى ئۆزىنىڭ شاھانە بارگاھىدا غەلىبە پىلانلىرىنى تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، بۇ شاھىنشاھنى ئۆز پىلانلىرى بويىچە قازانغان غەلىبىلىرى بىلەن تەبرىكلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياش جېنىنى ئۇنىڭ جاسارەتلىك بەدىنىدىن يۇلۇپ كەتتى.

ۋاقىت ـــ ھىدايەتكار سېخىي! ئۇ بىكار تەلەپكە مەنىسىز ۋە ئۇنۇمسىز ۋاقىت ئاتا قىلغان. ئۇ ھەتتا مەغرۇر، كاززاپ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



هاماقەتكىمۇ كەڭ ـ كۆشادە ۋاقىت ئاتا قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ سېخىيلىق تاناۋىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىنى ئۇنىڭ تەنتەك ـ سۆيىقەست پىلانلىغۇچىغا بەرگەن مۇمكىنلىكلىرىدىن بايقا. ۋاقىت ئۇلارغا «نېمە قىلىمەن دېسەم، شۇنى قىلىمەن» دېگەن كاتتا ھەمدە ئەسەبىي مۇددىئاغا پۇرسەت ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلمەيدۇ.

ۋاقىت ـــ خەسىس رەشكچى! ئۇ ھەممىنىڭ يولىنى تورايدۇ، ھەممىگە ئۆمۈر چېكى ۋە ئەزگۈلۈك ئۆلچىمى بىلەن قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ. ئۇ مىليون ـ مىليون كىشىلىك قوشۇن، مىليون ـ مىليون قامۇسنامە بىلەن ئون يىللاپ، قەرنىلەپ، ھەتتا ئەسىرلەپ «تونى پىچىلىپ كەتكەن» بەرقارارلىقنىمۇ قايتىمدىن چۇۋۇپ، ئۆز ئۆلچەملىرى بويىچە ھەقىقىي تارىخ قەسىرىسىگە ئۆتكۈزىدۇ ياكى رەت قىلىدۇ. تالاي ئادەم شۇ نەرسىنى بىلمەيدۇكى، ۋاقىت ھەقىقىي قىممەتلىك، ھەقىقىي مۇقەددەس، مەڭگۈ تارىخىي ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنىلا، يەكۈنلەرنىلا تارىخ قاتلاملىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. ۋاقىت ھىيلىگەرنىڭ شېرىكى، ئوغرىنىڭ قازناقچىسى، سۆيىقەستچىنىڭ ھامىيسى ئەمەس. ۋاقىت قىلنى قىرىق يارىدىغان ئادىل سودىيە، ھەرگىزمۇ ئۆلۈكنى تىقىپ قويىدىغان قار دۆۋىسى ئەمەس.

ۋاقىت ـــ يېتىلىش دېمەكتۇر! ۋاقىتى ـ سائىتى پىشقان نەرسىنىڭ مۆجىزە يارىتىشى ۋاقىتنىڭ يېتىلگەنلىكىنىڭ دەلىلى. مۇشكۈل، ئازاب ۋە بىتاقەتلىك، خورلۇق ئىچىدە يېتىلگەن مىقدار ئۆزگىرىشلىرىدىن كېيىن خۇددى تۇخۇمدىن چۈجىنىڭ، غۇنچىدىن گۈلنىڭ، شەرقتىن كۈننىڭ چىقىشىدەك ئۇلۇغ يارىلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

ۋاقىت ـــ يېتىلدۈرۈش دېمەكتۇر! ئۇ يېتىلدۈرىدۇ. ئالغا قاراپ، يورۇقلۇققا قاراپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەركىن تەبىئىتى، ئەركىن روھىيىتى، ئەركىن كامالىتىگە قاراپ ئىلگىرىلەش ـــ

ۋاقىتنىڭ «ئىرادىسى» ۋە تۆمۈر قانۇنى، ئەنە شۇ!

## ۋاپا، جاپا ۋە بىۋاپالىق

نەۋايى مۇنداق دەيدۇ:

ئى نەۋايى بادە ئىچ، ئالەم غەمى بىھۇدەدۇر.

شۇنداق! ۋاپا — ئەزگۇ كۆڭۈلنىڭ ئەزگۇ پەزىلىتى، دانا ئەقىلنىڭ شېرىن مېۋىسى! ئەزگۈلۈك ۋە كامالەت ماقامىغا يەتكەن كىشى ۋاپا بېغىشلىغۇچىدۇر، ۋاپا تەلەپ قىلغۇچى ئەمەستۇر؛ كەرەم ئاتا قىلغۇچىدۇر، تەمەننا قىلغۇچى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ چۈشەنچە سەھىپىلىرىگە «ۋاپا كۈتۈش يۈزىسىدىن ۋاپا ۋە كەرەم بەجا قىلماق نادانلىقتۇر» دەپ يېزىلغان.

دۇنيا ماكان جەھەتتە ئويلىغىنىڭدىن بىقىياس كەڭ. زېمىن، مەملىكەت، شەھەر بويلاپ قىملداپ يۈرگەن سانسىز ئادەم توپى ئۇنىڭدا ھايات ـ مامات جېڭى بىلەن مەشغۇل. دۇنيا زامان جەھەتتە سەن ياشىغان ۋاقىت مۆھلىتىدىن بىتەققاس ئۇزۇن. ئۇ ئەلمىساقتىن ئاخىر زامانغىچە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بىھېساب ئۆتكۈنلەر گۇرۇھىنى ئۇزىتىپ ھارغان.

مېنىڭ بۇ ئىككى كەلىمە سۆزۈمنى تەسەۋۋۇرۇڭ يەتكۈنچە ئىدراك ئەينىكىگە چۈشۈر، ئاندىن «ۋاپا زارىدا يۈرگەن» ئۆزۈڭگە بۇرۇلۇپ نەزەر سال! قارا، ئالەمنىڭ قايسى يېرىدە قايسى زاماندا ساڭا «ۋاپا بېغى»، «ۋاپا شەپقەتخانىسى»، «ۋاپا قەسرى»، «ۋاپا دەرياسى»، «ۋاپا ماگىزىنى» ئۇچرىغان؟! بۇ، يوق! ساكيامۇنى شاھزادە چېغىدا ئالەم — ئازاب دېڭىزى، ئۆمۈر — جاپا چەرخى دېگەننى بىلدى. بۇنى ئۇ ئەڭ ئالىي ماقام — ئويغانغانلىق ماقامى، دەپ قارىدى. خىرىستىيان سىماسى ئىيسا ئالەمنىڭ جاپالىقىنى ئىلان قىلغانلىقى تۈپەيلى، ئەڭ ئاخىرقى جاپا ئىنئامى سۈپىتىدە كىرېست دارىغا مىخلاندى! ئىسلام تەسەۋۋۇپلىرىدا بايقالغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



جاۋاھىراتلارنىڭ بىرى «ئالەم باقاسىز، ئۆمۈر ۋاپاسىز» دېگەن ھۆكۈم بولۇپ، مەن ئۇنى ئالدامچى ئەقىدە ياكى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى ئەپسانە دەپ قارىمايمەن. بۇ بىر ھەقىقەت، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىنكار تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. دۇنيا ئەسلىدىن بىۋاپا، مەيلى ئۇ ئوردا ياكى زىندان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. زامان تەلىماتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ھۆكۈمدىن خالىي بولالمىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۈزەل بىر مودېلنى سىزدى ۋە بۇ ئالتۇن كۆۋرۈكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان غايىۋى ئەنداز ئاستىدىكى قايناملىق تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى، كىشىلەرنىڭ بىۋاپالىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق شىكايەت قىلدى:

چىۋىندەك چاقۇرلەر، ئىتتەك قاۋارلەر،
قايسىبىرسىنى بېرىپ ئۇراي مەن؟

ئەلشىر نەۋايىمۇ «ئىتلەر» ھەققىدە قاقشىدى، ھەتتا ئۇ پەھلىۋان مۇھەممەد كۈچتۈڭگۈردىن ياردەم سورىماق بولدى.

بۇ باشىم كويىدا دائىم غۇلغۇلە قىلۇر ئىتلەر،
گەر ئۆلمىسەم بۇ غۇلغۇلىنى نەغۇ قىلۇر ئىتلەر.
...
تۇتارغا ماتەمىم ئايا، يىغىلىشتىلەر ياخۇد،
قىلۇرغا تائام تەنىم ئارزۇ قىلۇر ئىتلەر.

بىر قاراشتا بۇ ئاچچىق ۋە ئىزچىل چىنلىق! يەنە بىر قاراشتا بۇ دۇنيا بىۋاپالىقىنىڭ ھەر جاي، ھەر زامان، ھەر كىشى بېشىدىكى خۇنۇك ئۇچۇرى!

«ئىت»، «چىۋىن» ــ ئويغانمىغان ھەممە كىشىدىكى ماددىي تەقەززا ۋە مەنىۋى ئېھتىياج بازىسىدىكى بىر مۇمكىنلىك! بۇ ھال

مەلىكە ۋە شاھزادە ئۇچۇنمۇ مەۋجۇت مۇمكىنلىكتۇر. ئۇنى «ئۇرۇپ» تۇگىتىش ياكى قابىللار ياردىمىدە ئۇنىڭدىن «خالاس» بولۇش مۇمكىن ئەمەستۇر.

قارا، تەبىئەتكە ـــ ئىنسانىيەتتىن ئىلگىرىكى نەپەس ئالغۇچىلارغا!

ئالما پىشار، مېۋىسىنى توكەر، ياپراقسىز بولۇپ قىشلىق ئۇيقۇغا كېتەر. ئالما ئۆز ۋاپاسىغا ھېچقاچان بەدەل ـ ۋاپا تىلىگەن ئەمەس!

دېڭىز بويىدىكى قۇمساڭلىقتا كېلىپ توخۇملىغان تاشپاقىغا قارا! قۇمغا تۇخۇملىرىنى كۆمۈپ قويۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇر. تۇخۇمدىن چىققان تاشپاقا قۇمچاقلىرى ئانىسىنى ئەمەس، سۇنى ئىزدەپ ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلار. تاشپاقا ئۆز ئەجرىگە زادىلا ھەق تەلەپ قىلغان ئەمەس!

مانا، ۋاپا ۋە ۋاپا كۇتمەسلىك! ئۇلار ئۆزلۇك كامالىتىگە يەتكەن ئەمەس، بىراق بۇ ئەقىلسىز، ئەمما ئۆز سىگنال رېفلېكسلىرى بىلەن دۇنيانىڭ قايسىبىر قاتلىمىدا «ۋاپا ھەرىمى» يوقلۇقىنى «بىلگەن» جاندارلار بىلەن ئۆزلۇك ماقامىدىكى دانالار بىرلا ھەقىقەتنى ئوخشىمىغان ھايات يولى بىلەن ئىختىرا قىلىشقان. بىرى، بىلىشتىن خالىي ھالدا ۋاپا كۇتۇشنى ئىنكار قىلسا، يەنە بىرى، ئازابلىق بىلىش بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغان!

ھەي نادان! يەنە ئەجرىلىرىڭگە تەنتەنىلىك ناغرا ـ سۇناي، تۇغ ـ سۇتۇق تەلەپ قىلىۋاتامسەن؟! قارا، شۇنداق زورۇقۇپ شوھرەت ئورمىسىدا مەسخىرە يىغىۋالغانلارنىڭ تەلۋىلىكلىرىگە! كىسىرىكىس جەڭگە ماڭغان ھەيۋەتلىك قوشۇننى ئۆزى پارات مۇنبىرى ئالدىدا ئۆزىتىمۇېتىپ مۇنداق دەپ يىغلىغاندى: يەنە يېرىم ئەسىر ئۆتمەي بۇ غالىب يىگىتلەر تۇپراق ئاستىغا ئەبەدىيلىك ئۇيقۇ ئۇچۇن كېتىدۇ ـ ھە!

مۇنبەردە كېرىلگەنلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆز يېشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھېكمەتلىك ئىدى.

جاپادىن قاچما، ۋاپا قىل، ۋاپا كۈتۈپ ئۆكۈنمە!

جاپاكەشلەرگە ھېسداش بول، كەرەم قىل، بىۋاپا بولما! بۇ ئەزگۈ ئۈمىد، ئەمما ئالەمنى بىۋاپالىقتىن خالاس قىلىدىغان تۇتىيا ئەمەس.

ياشلىقىڭغا كىبىر قىلما ھەي بىساقال. مەن ساقىلىمنى قىرىپ بولغۇچە، سەنمۇ ئۇستىرىنىڭ پاتراق بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ قالىسەن! ياشلىقمۇ باقاسىز ۋە بىۋاپا قىسقا دەقىقە، خالاس!

## ئۈمىد ۋە تەۋەككۈل

ئۈمىد ــ ئىجابىي ئىستەك؛ ئۈمىد ــ خۇددى يوقلۇقتا ئوخشاش مەۋجۇت بولمىغان نەرسىگە بېغىشلانغان ئارزۇ.

مەۋجۇت بولمىغان نەرسىگە بېغىشلانغان ئارزۇ ــ مۇھەببەت (ئىشق) ۋە ئۇنىڭ ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت.

مۇھەببەتسىز نە ئۈمىد ۋە نە ئىنتىلىش بولسۇن!

مۇھەببەت ــ ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئاساسىي جەۋھىرى ۋە روھىي پائالىيىتىنىڭ موتورى، مەزمۇنى، قانۇنىيىتى بولۇپ، مۇھەببەتسىز روھىيەتنى، ھەرىكەتنى ۋە ئىجادىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئۇلۇغۋار روھىيەت ۋە يۈكسەك ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ۋە نادىر پەزىلەت، جۈملىدىن ئەڭ يېتۈك ئىجادىيەت ۋە تالانت ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەڭ چىن ۋە ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئۇچۇر قىلىدۇ. نەپرەت مۇھەببەتنىڭ بىر قىسمى، ئۆكتىچى، بۇزغۇنچى، رەشكچى شەكلى خالاس. ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ مۇھەببەت بىلەن بىللە كامالەتكە بولغان ئىنتىلىشتۇر.

نادانلىق خامۇشلۇقى بىلەن پازىللىق ئارىلىقىنىڭ مۇھەببەت چۈشەنچىسى پۈتۈنلەي باشقىچە، نادان ـ خۇدبىن ئۈچۈن مۇھەببەت

جىنسىي شەھۋەتتۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي قارىشىمۇ پەقەت جىنسىي سۆيگۈ خاسلىقى (ساداقىتى) بىلەن ئائىلىۋى نىكاھتىن ئىبارەت. پازىل ئارىف ئۇچۇن مۇھەببەت كامالەتكە ئىنتىلىش ۋە كامالەتنىڭ بىر ئىپادىسى بولغان ئەخلاقتىن ئىبارەت.

فارابىي: بىز گۈزەللىككە ئېرىشكەن چېغىمىزدىلا بەختكە مۇيەسسەر بولىمىز، دەيدۇ. بۇ نادان ـ خۇدبىن چۈشەنگەن «گۈزەللىك» ۋە «بەخت» بولماستىن، ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي كامالەت ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبن سىنا «رىسالەئىي ئىشق» (مۇھەببەت رىسالىسى) ئەسىرىدە: مۇھەببەت پۈتكۈل ئالەمنىڭ كامالەتكە، گۈزەللىككە ئىنتىلىش قانۇنىدۇر، ئىنساندىكى مۇھەببەت، ھەتتا ياخشى كۆرۈشكەن ئىككى جىنس ئارىسىدىكى مۇھەببەت ئۇشبۇ ئالەم ئىنتىلىشىنىڭ ئەقىلدان تەبىئەتتىكى ئىپادىسى، دەيدۇ.

ئابدۇرەھمان جامى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا مۇھەببەتنى ھەتتا ئالەم يارىلىشىنىڭ رىجىسى، مۇقەررەرلىكى دەپ، مۇھەببەت تۈپەيلى ئالەم يارالغان دەپ مۇنداق يازغان:

ئىشق سۆزى ياڭرىدى ئىلىك سۇبھىدەمدە،
سۆيگۈ قۇدرىتى ئەكس ئەتتى قەلەمدە.

پەيدا بولدى كېيىن زەڭگەرى ئاسمان،
زېمىنۇ، زامانۇ، گادايۇ، سۇلتان.

بۇ پەشتىقى ئېگىز لاجۇۋەرد پەلەك،
كېچە ـ كۈندۈز زېمىننى ئايلىنىپ ھەلەك.

ئۇيلاڭ، ئالەم قانۇنىيىتى گالىلى ـ نيۇتون ـ ئېينىشتېيىن نەزەرىيەلىرى ۋە جامى قاراشلىرىدا تىلسىم ئىشققا ـــ ئالەمنىڭ ئومۇمىي باغلىنىش، يۇقىرىغا قاراپ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نادانلىق خامۇشلۇقى بىلەن پازىللىق ئارىغلىقىنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەت چۈشەنچىلىرىمۇ تامامەن ئەكسىچە.

«مۇھەببەت رىسالىسى» نىڭ مۇئەللىپى: ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئىنسانىنىڭ ئەۋزەل، كامىل، پازىل، يۈكسەك نەرسىگە ئىنتىلىشى دەپ، بۇنىڭغا كىيسەلنىڭ ساغلاملىقا، تۆۋەننىڭ يۇقىرىلىققا، كەمتۈكنىڭ تولۇقلۇققا، يوقاتقاننىڭ تولدۇرۇشقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىشلىرىنى مىسال قىلىدۇ. ئۇ ماھىيەت ۋە ھادىسىنى مەخرەج ۋە سۈرەت تەرزىدە تىلغا ئېلىپ، پەقەت ھۆسن ـ جامالنى، ياشلىقنى دەپ شەھۋانىي مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنسىي ئىنتىلىشنى «سۈرەت» كە ئىنتىلىش دەيدۇ. ئۇ بۇنداق «سۈرەت» سۆيگۈسىنىڭ ئۈچ نەرسىنى ھەل قىلىشىنى تىلغا ئالغان. ئۇلار: سۆيۈش، قۇچاقلاش ۋە فىزىيولوگىيەلىك ئالاقىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ نەرسە ھەل بولۇپ، ھايۋانىي زوق قانغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئادەم ھېچنەرسىگە ــــ كامالەت، پەزىلەت، ئەۋزەللىكتە ئۆزىدىن ئۈستۈن ۋە ئۆزىدە يوق نەرسىگە ئېرىشمىگەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ «سۈرەت» سۆيگۈسى مايمۇن قىچىشقان بەدىنىنى قاشلىغاندىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس. مەيلى نىكاھلىق، نىكاھسىز بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ ـ پىشىپ ياكى كۆڭۈل ۋەسۋەسىسى ئۈچۈن بولسۇن، مۇنداق «سۈرەت» سۆيگۈسىنىڭ موتورى شەھۋانىيلىقتۇر.

شەھۋەت كۈچى سالسا ھەر جايدا غوۋغا،
دىلدىن ئەقىل كېتۇر، كۆزلەردىن زىيا.

شەھۋەتتىن ھەر جايدا قوزغالسا توپان،
بەخت ئۆيىن قىلۇر شۇبھىسىز ۋەيران.

جامى بۇ نەزمىدە ئائىلە ۋە مۇھەببەتنىڭ كامالەتكە نەقەدەر موھتاجلىقىنى، كامالەت ئىنتىلىشى بولمىغان ئائىلە ۋە مۇھەببەتنىڭ بەختسىز، جانسىز، مەنىسىزلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئابدۇرەھمان جامى مۇھەببەتنى ئەخلاق نېگىزى، ئىنسانغا ئىنسانلىق قىلىش دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

سۆيگۈسىز بىلىنمەس ياخشى ۋە يامان،
سۆيگۈسىز ئەسلىدە ئىنسان ئەمەس ئىنسان.

ئىشق تۈپەيلى ئادەم ئادەم بولغۇسى،
ئىشق تۈپەيلى دوستمۇ ھەمدەم بولغۇسى.

سۆيگۈدە بولمىسۇن قانچە دەرد ـ ئەلەم،
پاكىز دىللارغا ئۇ ئېرۇر مەلھەم.

مۇھەببەت كۆپ ھاقارەتلەندى! توخۇ توخۇچە، ئۆچكە ئۆچكىچە، مۇشۇك مۇشۇكچە ئۇنى ئىزاھلىدى. ئۇ ئەڭ تۆۋەن، غەيرىي ئەخلاقىي ھاقارەت تېمىسى بولۇپ، بەزىدە نىكاھ زەنجىرىدە باغلىنىپ، ئائىلە زىندانىغا تاشلىنىپ، جامائەت مەيدانىدا سازايى قىلىندى. ئايالىلارنى خار، ئەرلەرنى دەپسەندە قىلدى. كىشىلەر «سۇرەت» سۆيگۈسى ۋە قورچاق پىرىسى بولۇپ، كامالەتتىن، ئەۋزەللىكتىن يىراقلاپ كېتىشتى. بۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بوھرانى ماھىيەتتە كامالەت بوھرانى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى دىشۋارچىلىقى بولۇپ قالدى. كىشىلەر قورچاققا ئايلىنىشتى.

بىزلەر قورچاقتۇرمىز، پەلەك قورچاقباز،
چىن سۆزدۇر بۇ سۆزۈم، ئەمەس ئۇ مەجاز.
يوقلۇق ساندۇقىغا بىر ـ بىر چۈشەرمىز،
ۋۇجۇد پالاسىدا ئوينىغاچ بىز ئاز.

مۇھەببەت ـــ ئۈمىد شەمئى (چىرىغى). ئىنسان ئۈمىد بىلەن كەلگۈسى دەقىقىلەرگە تەلپۈنىدۇ. ئىنساننىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي ئىنتىلىشلىرى ئۈمىد بىلەن تولغان. ئۈمىد ـــ ھايات ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىننىقى! ئەمما بۇ سېھىرلىك ئالەمدە ئۈمىد نەتىجىسىز قېلىشى، ئۈمىدسىزلىك كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. دېمەك، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك مۇتلەق ئەمەس.

ئۈمىد تەۋەككۇلدىن خالىي ئەمەس.

تەۋەككۇل — تەۋەككۇلچىلىك بىلەن خام خىيال قىلىپ يېتىشتىن ئىبارەت ئىككى تىكەن ئارىسىدا ئېچىلغان جاسارەت گۈلى، ئىنساننىڭ ئىنتىلىشى، مۇھەببىتى ۋە ئىرادىسىنىڭ ئۈمىدۋار شەكلى. تەۋەككۇلنى رەت قىلغان دانا ئەمەس، راھىب. تەۋەككۇل ئۇلۇغ بىلىش ئەينىكىدە كۆرۈنگەن مۇقەررەرلىك ۋە ماھىيەت بىلەن پەيت — پۇرسەت ئۇن — تىنسىزلىقى ئارىسىدىكى سەكرەشتۇر. ئۇ ئالىم ئەمەس باتۇر، شامان ئەمەس چەۋەنداز. تەۋەككۇلسىز تەنتەنە خىيالى چۈشتىن تۇرمۇشقا يول ئالالمايدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ «توۋا» پەللىسىدىن كېيىن «تەۋەككۇل» ماقامى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىلاھىيەتكە ئىشىنىش ۋە يۈزلىنىش بىلەن شەخسنى ئۇنتۇش شەرت قىلىنىدۇ. بۇ تەرىقەت ئۇچۇن خۇسۇسىي ھاياتىي قايغۇنى تەرك ئېتىش، ئۆزىنى تەڭرىگە ئاتاشتۇر.

«تەۋەككۇل» نوقۇل ئاڭسىزلىق ياكى دىنىي ئىبارە بولماستىن، ئۇ ئۆتمۈشتىكى دىل رەنجىگەن نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالماسلىق، «ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىش»؛ بولمىغان، تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلاردىن ئارتۇق ۋەھىمە قىلماسلىق، ئۆتمۈش ساۋىقى ۋە كەلگۈسى ئۈمىدىدىن باشقا ئارتۇق «جاھان ۋاپاسىزلىقى» غېمىدە پەرياد چەكمەسلىكنى، مۇھىم ھالقىلاردا جاسارەت كۆرسىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەۋەككۇل — ئۈمىد شاخاپچىلىرىدىن بىرى، مۇھەببەت گۈلزارلىقىدىكى بىر گۈل.

1993 ـ يىلى 30 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# تەبەسسۇم

تەبەسسۇم، ئۇ تاۋار ئەمەس، ئالدى - ساتتى قىلىدىغان ياكى پۇل ئورنىدا بانكىغا قويۇپ ساقلايدىغان.

تەبەسسۇم، ئۇ مۇغەمبەر كۈلكە ياكى خۇشامەت ھىجىيىشى ئەمەس، ناپاك نىيەتنى بېزەپ جۇلالاندۇرىدىغان ۋە بىر پاچكا ئالىي ماركىلىق تاماكىدەك يانچۇققا سېلىپ يۈرۈيدىغان.

تەبەسسۇم — ئىنسان قەلبىنىڭ سىرتلاشقان نادىر گۈل - چېچىكى، ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ خۇشبۇي ئىپار - ئەنبىرى. تۇغۇت ئازابىدا پەرياد چەككەن ئانا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا تەبەسسۇم قىلىدۇ. مەيلى ئۆز ياكى ئۆزگە پەرزەنتىنىڭ تۇنجى قېتىم تايتاڭلاپ ماڭغىنىنى كۆرگەن كىشى تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئۇ پاك ھېسداشلىق روھىنىڭ ئىقتىدارى، تەلپۈنۈشى ۋە جۇلاسى سۈپىتىدە ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتەرى بولۇپ مەيدانغا كېلىدۇ.

تەبەسسۇم — ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار يالدامىسى تەرزىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چاقنايدىغان مەرۋايىت. بىز مېھمانلىرىمىزنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالىمىز. ئۇسسۇل - تانسىلاردا ھۆرمەت ۋە زوق تەبەسسۇملىرى ئىپادىلەيمىز. تەبەسسۇم ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى پەقەت ئۆز ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى بىلەنلا گەۋدىلەندۈرەلىشى مۇمكىن.

ئىككى ئىش ئېسىمدە. 1950 - يىلى يازدا مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە ۋىلايەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋەكىل بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىن تېپىچان ئېلىيېف قاتارلىق بىر قىسىم ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەكىللىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇرۇمچى ۋە شىئەندە شائىر تېيىپجان ئېلىيېف مەن بىلەن بىرقانچە قېتىم قىزغىن تەبەسسۇم قۇچقان ئىللىق چىراي ۋە مېھرىبان سۆزلەر بىلەن پاراڭلاشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى دەۋرىدە يولى ئېتىلگەن ۋە ئازاب ئىچىدە ئىڭرىغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى ۋە ئۈملۈك ئارزۇسىنىڭ بەھرىمەنلىك ئۇچقۇنلىرىدىن بىرى ئىدى.

1988 ـ يىلى كۈزدە ئاخىرقى تىنىقلىرىنى تىنىۋاتقان شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنى يوقلاپ كېسەلخانىغا چىقتىم. ئا. خوجا كارىۋىتىدىن ئايرىمچە قوزغىلىپ ئولتۇرۇپ ئاجىزلاپ كەتكەن ئاۋازى بىلەن: مەن باشقىلار تاقاپ قويغان رەڭلىك كۆزئەينەك بىلەن سىزگە يىگىرمە يىل خاتا قارىدىم. ئىككى ـ ئۈچ يىل بولدى، بۇ كۆزئەينەكنى چۆرۈۋېتىپ قارىسام سىز ... — ئۇ ھاياجان ۋە مەردانە سۆزلىرىنى ئېيتىپ كۆكسىدىن بىر ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ تەبەسسۇم قىلدى. بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ كۆزىدىمۇ، سۆزىدىمۇ بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش ئالدىم. ئۆلۈم بۇ ئىككى ئەزىمەت شائىرنىڭ تەبەسسۇمىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئەسلىگەندە، يازغاندا، ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا قايتا پەيدا بولىدىغان ھالال تەبەسسۇم دولقۇنلىرىنى ئاخىرلاشتۇرالىغىنى يوق.

تەبەسسۇم — تەلمۈرگەن كۆڭۈل بۇلبۇلى ئۇچراشقان گۈل جىلۋىسى، تەلپۈنگەن يۈرەك كېيىنكى ئېرىشكەن گۈل شىرنىسى. ئۇ ئىنسانىنىڭ يوقاتقان ۋە ئىزدەپ يۈرگەن ئۆز قەلبى، ئۆز مەھبۇبى، ئۆز مەبۇدى. مەن يىگىرمە ئىككى يىلغا سوزۇلغان تەبەسسۇمسىز دۇنيا ئازابلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەبەسسۇم چىمەنزارلىقىنى سېلىشتۇرغىنىمدا، تەبەسسۇم ئىنسانىنىڭ تاشقى ھېسسىياتى، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بەختى ئىكەنلىكىنى سېزىمەن.

تەبەسسۇم — ئىجتىمائىي مۇھەببەت، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ قەلبىنى بىر رىشتىدە سۆيۈندۈرگەن. تەبەسسۇم — ئالىي خەيرخاھلىق، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، زوق - ئىپتىخارى، رىغبەت ۋە ھۆرمىتىنى بىر ئوبرازغا مۇجەسسەم قىلغان. تەبەسسۇملۇق تۇرمۇش بەختلىك، تەبەسسۇملۇق ئائىلە ئىناق ئائىلە. ئويلايمەنكى، تەبەسسۇم پەقەت ئائىلە سىرتىدىكىلەرگە قارىتىلغان قىزىل سىرلانغان دەرۋازا ياكى توز شەكلى چېكىلگەن پەردە بولمىسا كېرەك. ئائىلىدە ئەر - ئايال تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزئارا تەبەسسۇمگە موھتاج. تەبەسسۇمسىز مۇھەببەت كېسەلچان مۇھەببەت، ئۇنىڭ خىزمىتى تېز قېرىتىش ۋە تېز ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت. «گۈلىنى سىرتقا، تىكىنىنى ئائىلە ئىچىگە» قىلىدىغان بەختسىز ئائىلىلەر يوقىتىۋاتقان تەبەسسۇم گۆھىرىنى تۇمەنلەپ پۇل ۋە ياكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن قايتا تېپىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تەبەسسۇم مۇھىتى بولمىغان ئائىلىدە ئاتالمىش «تەقۋايىلىق»، ئەدىپىنى بېرىش، ۋايساش ۋە ئاقىۋەتتە پەرزەنتلىرىنىڭ توك - قوپال، كۆكەرمە، ھەتتا ئاتا - ئانىنى سىلكىشلىشى ھۆكۈمران مۇھىت بولۇپ قالىدۇ. «يازغا بۇلبۇل، قىشقا توك قاغا»، مانا بۇ ئىككى خىل ئائىلە مۇھىتىنىڭ يارىشىقى!

تەبەسسۇم — رىقابەتكە تولغان دۇنيادا ئەڭ پاك، ئەڭ ئەزگۈ ئىنسانىي ئاڭ - پىكىر، ھېس ۋە ھېسداشلىقنىڭ مەشئىلى. ئۇ ئوكياندىكى ماياك، دانكو قولىدىكى يالقۇنلۇق يۈرەكتەك ئىنسان ئەۋلادىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ لەۋھەسى: «سەن ھامان ئىنسان!» دېگەندىن ئىبارەت. دەر ھەقىقەت، ئىنسان ھامان ئىنسان، ئۇ ئۇنچە - جاۋاھىرلار غارىغا ئىگە بولغىنىدىمۇ، دۇلدۇلغا مىنگەندىمۇ، ياپراقسىز يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە ھەسرەتلىنىۋاتقىنىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. ئۈمىدسىزلىكنىڭ مۇز دەرياسىغا تەۋەككۈل قىلغان ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئىنسان» ئىبارىسىنى تاكى ھاياجانلانغىچە تەكرارلىسا ئۇمىد ۋە جاسارەت ساھىلىغا قايتىشى مۇمكىن. ئۇنى كۈتۈۋالىدىغان تۇنجى مەلىكە باشقا نەرسە ئەمەس، يەنىلا ھېلىقى ئالتۇن چىراغ — تەبەسسۇمدىن ئىبارەت. پىتنە ـ ئىغۋا كۆلكىلىرى، قەستۇ كۆنەملىك ھىجىيىشلىرى، مۇغەمبەرلىك نېزىقاشلىرىغا كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەقىقىي ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتنى خارلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاپاۋىتى تارىخنىڭ ئاچچىق مەسخىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخ ئىنسانىيەتنى يارىتىپ، ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلۇغۋار ئانا بۇركۈت چۈجە ئوغرىلىغۇچىلارنى كەچۈرمەيدۇ. ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتىنى ھۆددە ئالغان تارىخ دولقۇنلار يېرىپ ئىلگىرىلەيدۇ. تەبەسسۇم ئۇنىڭ مېلودىيەسى!

1990 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

# سۈكۈنات

سۈكۈنات — ئۇ سۈكۈت قىلىش ئەمەس!

سۈكۈت قىلىش — يولسىزلىقىقا شېرىكچىلىك ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۆرەشكە جۈرئەتسىزلىكتە ئىپادىلىنىدىغان ۋىجدانسىزلىق ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن.

سۈكۈنات — ئۇ تاقەت جۈملىسىدىكى ئەقلىي ھادىسە. ئىنىقراق ئېيتقاندا، سۈكۈنات — تەپەككۇر ئۆزگىشىدە شەكىللەنگەن، ئىرادە ئارقىلىق تورمۇزلانغان بىر مەزگىللىك ئالاھىدە روھىي كەچۈرمىشتىن ئىبارەت.

سۈكۈنات شەخس ئۇچۇنمۇ، مىللەت ۋە دۆلەت ئۇچۇنمۇ ئالاھىدە قىممەتلىك تەپەككۇر ۋە تەدبىر پەيتى بولۇپ، ئۇ مول مېۋىلىرى، ھېكمەتلىك بىشارەتلىرى، تەجرىبە - ساۋاقلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

سۈكۈنات تۈرلىرى ۋە سۈكۈنات سەمەرىلىرى ھەر خىل. لۇشۈن ھەم ئىچ ئاغرىتىپ، ھەم نەپرەتلىنىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئوبيېكتلىرىنى «ئاكيۇ» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەش ئالدىدا سۈكۈنات ئازابىدا پىكىر ئۆزگىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئابدۇقادىر داموللام چەت ئەلدىن ئوقۇشنى تاماملاپ ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، مىللىي زۇلۇم ۋە جاھالەت تۇمانلىرى ئۈستىگە قوشۇلغان ئەجنەبىي جاھانگىرلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بايقاپ، جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي تونغا ئورىنىۋالغان مالايلىرىغا قارشى ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆپ قېتىم سۈكۈنات خىلۋىتىگە چۆككەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نوقۇل تەلۋە دەبدەبىلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېتىقسىز ۋايساشلار مەزگىلى بولغىنى يوق. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە جۇڭگو تارىخىدىكى ئۇلۇغ سۈكۈنات دەۋرى ھەم بولدى. جۇڭگودىكى ئىلغار كىشىلەر كۆپ جەھەتلىمە، مول بىلىش، چۈشىنىش، پەرق ئېتىش، ئويغىنىش، ئىزدىنىش پىكىر تەلقىنلىرى بىلەن يېڭى دەۋر تەسەۋۋۇرىنىڭ كارتىنىسىنى سىزىشتى.

سۈكۈنات ـــ شەخسنىڭ ئۆز ئىرادىسىدىن ھالقىپ كەتكەن تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچلەر بېسىمى ئالدىدا ئىنسانىي تەپەككۇردىمۇ، شۇنىڭدەك ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلىگەن ئاڭلىق ئىرادە ئاستىدىكى قايتا ئويلىنىشتىمۇ، جۇملىدىن جەمئىيەتتىكى ھەر خىل يالغان ـ ياۋىداق بوھتان ياكى بىر مەزگىللىك چۈشەنمەسلىكتەك روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئۇچرىغاندىمۇ يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە، تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي كۈچلەر مۇشكۇلاتلىرىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىدۇ؛ ئۆز پائالىيىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئەۋزەل پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى ئويلىنىدۇ؛ بوھتان ۋە چۈشەنمەسلىكلەرنى جەمئىيەتشۇناسلىق، سىنىپىي (سىياسىي) كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ۋە كىشىلەردە ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش شەكىللەنگۈچە سۈكۈنات يوللىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

سۈكۈنات ـــ ئۆزگە قارىتا ئالغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تارىخ ـ ئۆتمۈشى، ۋىجدان ـ مەجبۇرىيىتى، ئىرادە ـ جاسارىتى، ئۈتۈق ـ سەۋەنلىرى ئۈستىدىكى ئەقلىي ئويلىنىش شەكلىدىمۇ غايەت قىممەتلىك كامالەت شەرتىدىن ئىبارەت. مۇنداق سۈكۈنات خۇددى ئايروپىلاننىڭ ئايروپورتتا قونۇشى سىياقىدىكى «قايتا ئويلىنىشى» (ئۆز مەجبۇرىيەتلىرى، ۋىجدان ئىجراسى، قەتئىيلىكى، تەدبىر پاكلىقى ۋە تەدبىر ئاقىلانىلىكى) ۋە «قايتا بايقىشى» (ئۆز خەلقى ۋە پۈتكۈل كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ

سەۋيىەسى ۋە ئالاقە قۇرۇلمىلىرىنىڭ هازىرقى رېئال هالىتى) بولۇپ، كىتابتىن ئالالمىغان دانىشمەنلىك سەمەرىلىرىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ. سوكونت قىلىشنى بىلىش چوڭ بەخت ۋە كاتتا ئىقتىدار بولۇپ، بۇ ئومۇمەن هايۋانلاردا بولۇش مۇمكىن بولمىغان ئىنسانىي خاسىيەت ۋە كامالەت هېسابلىنىدۇ. بۇنداق سوكوناتنىڭ شوئارى: «مېنى ئاسارەتكە سالغان نەرسە ئۆز ئەقلىم، تەپەككۇرۇم، روھىمدىكى كىشەنلەر» دېگەن بولمىقى لازىم.

سوكونات ــ باشقىلارغا قارىتا، ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى، چىن ياكى ساختىلىقىنى، تەمكىن ياكى يەڭگىلتەكلىكىنى بايقاشتا تېپىك كۆزىتىش ۋە ئويلىنىۋېلىش مومېنتىدىن ئىبارەت. ئۇ ساختا قەهرىمانلارنى، ۋاپاسىز دوستلارنى، پۇرسەتپەرەسلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ بېرىدۇ.

سوكونات ــ ئۆز مىللىتىنىڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شۇ بىر دەۋردىكى سىۋىلىزاتسىيە قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋيىەسىنى، ئۇنىڭ ئۆتۈق ۋە زەئىپلىكلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشتىمۇ مۇهىم تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت. ۋاهالەنكى، «تەپەككۇر قىلىدىغان» مىللەتنى يېتىشتۈرۈش بارلىق ھەقىقىي تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى هېسابلىنىدۇ. «ئۆز ـ ئۆزىگە ماختىنىپ يۈرگەن» مىللەت بىلەن «تەپەككۇر قىلىدىغان» مىللەت بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تارىخىي ئىستىقبالغا يۈزلەنگەن مىللەتتۇر، خالاس.

سوكونات ــ شەخسنىڭ هاياتىدا كۆپ قېتىم دۇچ كېلىدىغان روھىي هالەت بولۇپ، ئۇ ئۆز مەزمۇنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ساپاسى، يەكۈن ۋە تەدبىرلىرىنىڭ ئاقىلانىلىكى بىلەن بۆرۈلۈش هاسىل قىلىدۇ.

سوكونات ــ ئۈمىدۋار، يىراقنى كۆرەر، قەيسەر قەلبنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاڭقىرىش، ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى «مېھراج» دۇر. بۇ «مېھراج» دا ئۇ رېئاللىق بىلەن تويۇنغان تەپەككۇر بىلەن ئۇچرىشىدۇ! ئەگەر قورقۇشقا توغرا كەلسە تەلۋىلەرچە لاپچورلۇق قىلىۋاتقان دۈشمەندىن ئەمەس، رەزىللەرچە سۈكۈناتتىكى رەقىبتىن قورقۇش لازىم.

1990 - يىلى 13 - دېكابىر

# ئۆزىنى تىزگىنلەش

ئىنسان مۆرەككەپ ئىقتىدارلىق زىددىيەتچان مۆجىزە. ئۇنىڭ روھىيىتى ناگھاندا چەكسىز تەلپۈنۈش ۋە پايانسىز تەسەۋۋۇر چېچەكلىرى بىلەن پەرۋاز قىلسا، ناگھاندا دېڭىز ـ ئوكيانلاردەك تاشقىنلاپ، بۇژغۇن چاچرىتىپ تۇرىدۇ، رەڭدار بۇلۇتلاردەك ئېگىز چوققىلار ئۇستىگە يېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى يۆنىلىشتە، قۇلۇلىدەك ۋىجىكلەپ تۈگۈلۈۋالىدىغان، پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتەشكە ئاتقۇسى كېلىدىغان ھالەتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ سېھىرلەنگەن «سۇلايمان خۇمرىسى» دىكى بەھەيۋەت دىۋىدەك خۇمرا ئاغزىدىن پۇرقىراپ چىقىپ يەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرسە، بەزىدە كىچىككىنە خۇمرا ئىچىدە تۈگۈلۈپ يېتىشتىن ئۆزگە ئىلاجى بولمايدۇ. دەرھەقىقەت، ئىنسان ئەڭ ئالدى بىلەن ماددىي مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە مۇنداق مەۋجۇدىيەتنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن.

ئىنسان فىزىيولوگىيەسىدە، بولۇپمۇ نېرۋا پائالىيىتىدە ئۇقچۇش ۋە تورمۇزلىنىش ئىقتىدارى تۈپەيلى ئۇ ھاياتىي پائالىيەتلەرنى گارمونىيەلەشتۈرىدۇ. ئىنسان ئىختىيارا قىلغان ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سايمانلاردا، قاتناش ۋاسىتىلىرىدە ئېچىش ـ يېپىش توچكىلىرى، تېزلىتىش ـ ئاستىلىتىش، قوزغىتىش ـ توختىتىش ئەسۋابلىرى بولىدۇ. بۇ ھەممىگە روشەن ئېلېمېنتار چۈشەنچە.

ئەمما ئىنسان ئۇچۇن، ئىنسان تۈركۈملىرى ئۇچۇن بىر خىل جىددىي ئاڭ سۈپىتىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىسىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئىقتىدار مەلەكىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھەممە بىلگەن ئەمەس. چېكىدىن ئاشقان ئاچ كۆزلۈك، ساختا شۆھرەت ئۈچۈن ھەممىنى ۋەيران قىلىش تەلۋىلىكى، ئىسترىيە ـ ئەسەبىيلىك ھاسىل قىلغان ئىغۋا ـ تۆھمەتخورلۇق، بۇرچ، نومۇس ۋە شەرم ـ ھايا رىجىلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان بىشەملىك ... ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، شۇنىڭغا ئوخشىغان «سەلبىي ۋە بۇزغۇنچى چەكسىزلىك» ئۇرۇنۇشلىرى ئۆزىنى تىزگىنلەش ئاڭ قۇرۇلمىسىنىڭ بولماسلىقى بىلەن ئالاقىدار.

ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆزى ئۇۋلايدىغان ھايۋان تۇركۈمىگە قۇربانلىق قىلىش، ئۇنىڭ كۈشەندىلىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزى ئۇۋلايدىغان ھايۋان روھلىرى ۋە ئىلاھلىرىنىڭ كەچۈرۈم ۋە خەيرخاھلىقىغا ئېرىشىشنى رىجە قىلىشقانىدى. قەدىمكى قول ئىگىلىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا ئەخلاق سىۋىلىزاتسىيەسى تەشەببۇسلىرىغا نامايەندە بولغان كۇڭفۇزى، ساكيامۇنى، سوقرات ھەكىملەر ئىنساننىڭ چەكسىز خاھىشقا بېرىلمەسلىكى، ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەپنى بەجا كەلتۈرۈشى، ئىنسابلىق بولۇشى توغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەتلەر قىلىشقان. قەدىمكى كىشىلەر ياخشىلىق ـ يامانلىق ئىلاھلىرى، يورۇقلۇق ـ قاراڭغۇلۇق دىۋىلىرى توغرىسىدا دىنىي ياكى ئەپسانىۋى ئەقىدىلەر توقۇشقان.

سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە بىر تەخىرلىك دىنلارنىڭ ھاكىملار ھامىيلىرىغا ئايلىنىشى بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەقىب قىلىشى، خارلىنىشى ۋە قۇللۇق ئاسارىتىدە دەپسەندە قىلىنىشىنى مۇتلەقلەشتۈرىدىغان، تەقدىرلەشتۈرىدىغان پاسسىپ نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. فېئودالىزم ئىسكەنجىلىرىگە قارشى ئەركىنلىك تەشەببۇسلىرى تاكى بۇرژۇئازىيە مەھكۇم سىنىپتىن ھاكىم سىنىپقا ئايلانغىچە بولغان بۇرژۇئازىيە مەرىپەتچىلىكى ۋە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە نىسپىي ـ تارىخىي مەنىدە ئىلغار

تەشەببۇس بولغان بولسىمۇ، كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلەشكەن كېيىنكى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساختا، پۇچەك ۋە ناقابىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئىنساننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئاڭ قۇرۇلمىسى، بۇ جەھەتتىكى كۆپ قاتلاملىق مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكى بارغانسېرى هالقىلىق سىۋىلىزاتسىيە تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مۇئەييەن مەنىدە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، تىنچ ـ ئامانلىقى، تەقدىر ـ ئاقىۋىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭلىق ۋە ئۈنۈمدار يوسۇندا ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىش سەۋىيەسىگە باغلىق بولۇپ قالدى. زەھەرلىك ئىچىملىك ۋە چېكىملىك، مۇھىت بۇلغىنىشى، قارا جەمئىيەت گۇرۇھۋازلىقى، ئىرقىي ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك پىكىر ئېقىمى، پىسخىكىلىق ئىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەسەبىيلىك چوكمىلىرى هاسىل قىلىشى، ۋاپا ۋە مېھىر ـ شەپقەت گۈلزارىنىڭ پۇل ۋە پاراغەت قۇيۇنلىرىدا ۋەيران بولۇش خەۋپى، ساتقۇنلۇق ۋە پۇرسەتپەرەسلىك، هەربىي راسخوتنىڭ كىشىنىڭ يىلىكىنى شۈمۈپ كېتىشى، ئۇرۇش تەلۋىلىكى ۋە نوپۇس كۆپىيىش بوهرانى شەخس، ئائىلە ۋە مىللەت تۇرمۇشىدىكى ئۆزىنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى كۈچلۈك ئويغىنىش ۋە ئىزدىنىشنى شەكىللەندۈرمەكتە. مەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئىجتىمائىي بەخت تۈزۈلمىسى فورمىسىدا ئىلىم ـ مائارىپ، ئادىل سىياسەت ـ قانۇن، جەمئىيەتتىكى هەرقايسى قاتلامنى تەدرىجىي بېيىتىش يوللىرى توغرىسىدىكى ئۇلۇق قاراشلار بىلەن، «ئۇدغۇرمىش» ئوبرازىغا يىغىنچاقلانغان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا دىنىي، تەسەۋۋۇپ تۈسى ئالغان «قانائەت»، «ئاقىۋەت» كاتېگورىيەسىنىڭ تۈپكى ماهىيىتى، ئىجتىمائىي بەخت ۋە ئىنسانىيەت سىۋىلىزاتسىيەسىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇق شەرتى — «ئۆزىنى تىزگىنلەش» كاتېگورىيەسى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇشۇ مەنىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەر كونكرېتلىقى ئەينىكىدە ئۆزىنى تىزگىنلىمەسلىك ۋە شەخسىي مەنپەئەت ھەم شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلىش يالدامىسى بولغان ئومۇمىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاق بۇلغىنىش ھادىسىسىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان.

ئۆزىنى تىزگىنلەش ئاڭ قۇرۇلمىسى بىلەن پائالىيەت سىستېمىسى يالغۇز «دوللار ئىمپېرىيەسى» دۇنياسىغىلا ئەمەس، ھەممىگە، راۋاجلىنىشتا ئارقىدا مېڭىۋاتقان خەلقلەرگىمۇ مۇتلەق زۆرۈر. ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئىنسانىي ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي بەختىنىڭ مۇھىم ۋە دائىمىي شەرتى قىلغان خەلق گەرچە تەرەققىياتتا ئارقىدا مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى خورىتىۋاتقان ۋە ئىجتىمائىي، مەنىۋى ئىللەتلەر ئازابىنى چېكىۋاتقان تەرەققىي قىلغان خەلقلەرگە نىسبەتەن روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئاقىلانە تۇرمۇش شارائىتىغا مۇيەسسەر بولۇشى ۋە پات ئارىدا ئىجتىمائىي بەختىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى پەللىسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن.

1990 ـ يىلى 14 ـ دېكابىر

# تۇپراقنىڭ مونولوگى

تۇپراق ...

تۇغۇلغىنىمدىن بېرى تۇپراقنى كۆرۈپ، تۇپراق بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتىمەن. دەرسلىرىممۇ تۇپراق، شېئىرلىرىممۇ تۇپراق ... خىياللىرىم تۇپراق ئىلتىجاسى! تۇپراققا دەسسەپ تۇرغان تۇپراقنىڭ تۇپراق توغرىسىدىكى شېرىن خىيالى!

تۇپراقنى كۆرۈپ، تۇپراق بىلەن ھەپىلىشىپ يېشىم ئەللىكتىن ھالقىغاندىن كېيىن تۇپراقنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ تۇپراقشۇناسنىڭ ياكى ئالىمىكنىڭ تۇپراق تەركىبى، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى توغرىسىدىكى قىزىقىشلىرىدىن، ئەھمەد يەسەۋىينىڭ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ، خوجا نەزەرھۇۋەيدانىڭ «تۇپراق بول» دېگەن نەزم ـ ھېكمەتلىرىدىن پەرقلىق بولغان تۇپراق تەسەۋۋۇرىغا غەرق بولۇشقا باشلىدىم. كىم بىلسۇن، بۇ مېنىڭ تۇپراق توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلىرىم بولماي، بەلكى تۇپراقنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىشى بولۇپ چىقتى.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! مېنى كۆپتۈرۈپ تۇرغان نەرسە — سۇ، ھاۋا بىلەن مەئىشەت.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! مېنى يالتىرىتىپ تۇرغان نەرسە — ئەتراپىمدىكى تۇپراقلاردىن چۈشكەن نۇر قايتىلىمىسى بىلەن تۇپراقنىڭ ھېكمەتلىك يارالمىش تارىخى. بۇ تۇپراق جانسىزنىڭ جانغا ئايلىنىشى ۋە جانىنىڭ جانسىزغا ئۆزگىرىشىنىڭ تۈمەن يىللىق ئاجايىپ ھېكايەتلىرى ۋە «خېمىرى» نى تاۋلىغان.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! تەڭرى ئادەمئاتىنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئەقىل ـ ئىدراك، قايغۇ ـ ھەسرەت، ئىپتىخار ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نومۇستىن بىخەۋەر ئاشۇ تۇپراقنىڭ ئۆتمۈشتىكىمۇ ئەمەس، كەلگۈسىدىكىمۇ ئەمەس، دەل هازىرقى ئەۋلادى! مەن ئۆز زاتىدا ئەجدادلىرىمدىن قالغان خاك قالدۇقلىرى ۋە ئەۋلادلىرىمغا قالىدىغان تويا «خېمىر تۇرۇچى» بارلىقىنى ناگهان ـ ناگهاندا چۈشەكەيمەن.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! گاهىدا ھەسرەت كۆز ياشلىرىمدىن لايغا ئايلىنىمەن؛ بەزىدە جاسارەت ئۇچقۇنلىرىمدىن پولاتتەك قاتىمەن. بۇ كۆز ياشلار، بۇ ئۇچقۇنلار مېنىڭ تارىخىم. مەن بىر قانىتى نەۋقىران، بىر قانىتى سۇنغان بۈركۈتنىڭ پەرزەنتى!

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! نادان نەزىرىدە ئات تۇيىقى چەيلەپ ئۆتكەن بىر خەستەك كۆرۈنىمەن؛ دانىشمەنلەر مېنىڭ زېمىندىن يۈلتۈزلار دۇنياسىغا يۈلۈپ تاشلىنىشىمنى يەر شارىدىكى تەڭپۇڭلۇقۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نازۇك قانىتى دەپ قارىشىدۇ. مەن ئالەم تارازىسىنىڭ تېشى، قىيامەت ئىشىكىنىڭ ئەپسۇنى!

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! مەن ساناشقا سان يەتمەيدىغان ئالەم توزانلىرىنىڭ ئەرزىمەس بىر ئوچۇمى، شۇنىڭدەك جاهان دەۋۋارىنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان روشەن ئەينىكى. بىلگەنلىرىم بىلىم، بىلمىگەنلىرىم تىلسىم ...

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! گاهىدا قىلىچ پارچىسى، گاهىدا دەپتەر سەھىپىسى، گاهىدا شاھ تاجى ۋە گاهىدا دەرۋىش هاسىسىنىڭ، مەيخور كاسەسىنىڭ ئۇچىغا بىنا بولۇپ، هايات تاناسىپلىرى بىلەن مامات نىسبەتلىرىدىن ئەلجەبىر (ئالگېبرا) تۈزۈپ يۈرگەن توزانمەن.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! گۈزەلنىڭ يۈزىگە لاك بولۇپ سۈركەلگىنىمدە، ساھىبجامالنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا تاراق بولۇپ تېرەنلەپ كىرگىنىمدە، ئاشىقنىڭ بىتاقەت تەلپى ۋە مەشۇقنىڭ ئىنتىزار كالپۇكى قىياپىتىگە كىرىپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم سۆيگىنىمدە خۇددى بىر ـ بىرىنى يوقىتىپ، تۈنجى هىجران

ھېكايىسىنى ياراتقان ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدەك — ئۆز ـ ئۆزۈمنى تېپىۋالغاندەك روھلىنىمەن. ھەيكەلتىراشلار تۇرق ـ ھالىتىمنى، رەسساملار قەددى ـ قامىتىمنى يەنىلا مېنىڭ ئۆز خاكىمدىن تەقلىد قىلىشىدۇ.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! ئاددىيغىنە سەزگۈلىرىمدىن كۆرە ئۆز ـ ئۆزۈمنى سىزىپ تۇرغان ۋە ئاللىقانداقتۇر ئىسىم ـ فامىلە، ئۇنۋان ـ شۆھرەت، لەقەب ـ تەخەللۇس بىلەن تامغىلانغان «ھازىر ـ مەۋجۇت» تۇپراق قاتۇرمىسى بولساممۇ، ھەقىقىي تەپەككۇرلىرىمدىن كۆرە مەن يوقالغان شەيئىمەن! «جان» بىلەن «تەن» قوشۇلمىسى تەڭلىمىدە «ھايات» تىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ مەن ئۇچۇن ۋە ئۆزىنى «مەن» دەيدىغان ھەممە تۇپراقدىشىم ئۇچۇن «ئىنسان» ماقامىدىكى «ھايات» تىن ئىبارەت. ماھىيەت — «ھايات» بىلەن «ئىنسان» نىڭ، «ئىنسانىي» ھاياتىنىڭ ھەقىقىي پەرقى! مەن دەل مۇشۇ «ماھىيەت» ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يوقاتقان خاك توزىنى. جانىنىڭ نالىسى تەنگە قايتا قوشۇلماق بولغاندەك، مېنىڭ مۇناجاتىم يوقاتقان ئىنسانىي ماھىيەتلىرىمگە مۇيەسسەر بولماق.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! مېنىڭ ئالىقانىغا سىغدىلىدىغان ھەجىمىمدە دېڭىزلارنىڭ ئۆركەشتۇرۇلۇپ، تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش تارىخى، مىڭلىغان يىل داۋامىدا تىرنالغان بوقۇسا ئىزلىرى بىلەن جەڭگى ـ جېدەل، غەلىبە ـ زەپەر شەجەرىلىرىنىڭ يالدامىسى، قەسىر ۋە ئېھراملارنىڭ كېسەك تاللىرى، مەي كوزىسى ۋە ھاپىز ھاسىسىنىڭ سۇنۇقلىرى، ھېكمەتلەرنىڭ مەلھەملىرى بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى مۇجەسسەم. ئۇ مېنىڭ قەددى ـ قامىتىم، تۇرق ـ ھالىتىم، رەڭگىرويىم، خىيال ـ تەسەۋۋۇرلىرىم، سۆيگۈ ـ ئىنتىلىشلىرىمنىڭ خېمىرىنى بولدۇرغان.

مەن — بىر سىقىم تۇپراق! مەن مېنى زېمىندىن، تۆت ئەتراپىمدىكى تۇپراقلار تۇركۇمىدىن، بۇ تۇپراقلارنىڭ تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھېكايەتلىرى، چۆچەكلەر روھىيەتلىرى، ئۈمىدۋار شېئىرىيەتلىرى ۋە ئاجايىپ ھېكمەتلىرىدىن يۇلۇۋېلىپ، شاھانە يوپۇقلار بىلەن بېزەپ، ئاخىرۇمازدا ئىلاھى ياكى مېترا قوياش مۆئەككىلىدەك «نۇر»، «نۇرئەفشان»، «نۇر ئوغلى» دېگۈچىلەرگە قوشۇما قېشىمنى كۆمۈردەك قارايتىپ، مۇشتۇملىرىمنى تاغدەك تۈگۈپ ھومىيىدىغان تۇپراقمەن.

مالائىكىلەر تۇپراقتا، قۇياش زېمىنگە، تاغ چوققىلىرى تېرەن جىلغىلارغا تەزىم قىلىدىغان زامانلاردىلا ئىنسانىيەت ئۆز ماھىيەتلىرىگە مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ تۇپراقنىڭ مونولوگى!

1991 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىر، قەشقەر سەمەن

# ياتلاشقان ئىنسان ۋە ياتلاشقان ئەقىل - پاراسەت

ئىنسان — كائىناتنىڭ مەڭگۈ كامالەتكە ئېرىشكەن مېۋىسى.

ئىنسان — پۈتكۈل گۈزەل تەسەۋۋۇر، ئەزگۈ ئىستەك ۋە مۇقەددەس مۇئەككەل ئوبرازلىرىنىڭ ئىجادچىسى.

ئىنسان — ئۆزىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى، ماددا ۋە روھىيەتنى، ھالاكەت ۋە ئىجادىيەتنى، مۇقەررەرلىك ۋە ھۆرلۈكنى، غايە ۋە تارىخىي ئەسلىمىنى، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۆجىزىدار شەيئى!

ئىنسان — زېمىن سەتھىدە مەدەنىيەت ئېكىنزارلىقىنى بەرپا قىلغۇچى، جۇملىدىن يەنە شۇ زېمىن سەييارىسىدە ئۆز ئىختىرالىرىنى پېتىقلىغۇچى ۋە ئاخىرىدا تېخى زېمىن ھالاك بولماي تۇرۇپ كىشىلىك قىيامىتىنى ھاسىل قىلغۇچى قەيسەر!

ئىنسان — بەخت توغرىسىدا چۈشەكەيدىغان، ئەمما ئانا زېمىننى چەيلەپ، ئەسەبىيلەرچە ئۇستۇنلۇكتە تەرسالارچە قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۆتۈشنى بەخت دەپ چۈشىنىدىغان، بەخت ئارزۇسىدا زېمىندىكى بەخت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى تىندۇرۇپ يۇرۇيدىغان، تۈمەن يىللاردىن بېرى تېخى بەخت ئوبرازى ۋە بەخت قىياپىتىنىڭ مودېلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن، ئابستراكت بەخت ھەققىدە كونكرېت رىيازەت چېكىدىغان تەلۋە!

ئىنسان — ئىبلىس قاباھىتىگە قارشى جەڭ ئاچقان يەھۋە؛ ئىلاھىي مۇقەددەسلىكنى ئۆز نەپسىگە يەم قىلغان شەيتان! ئۇ ساختىلارغا قارشى ئىلىم - پەن ھەقىقەتلىرىنىڭ چىرىغىنى پەرلىگۈچى زەكى، شۇنىڭدەك، ئۆزىنى ئۆزى توقۇپ چىققان ئويدۇرمىلار بىلەن بەزلەپ يۇرگۈچى خۇدبىن! ئۇنىڭ ئەقىل -

پاراستى ئۇنىڭ نادانلىقىدىن ئىبارەت كىرپىست دارىغا ئېيسادەك مىخلانغان.

دەرھەقىقەت، ئىنسان ياتلاشقان؛ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن؛ ئۇ زۇلۇم قىلغۇچى ۋە زۇلۇم چەككۈچى. ھاكىم ۋە مەھكۇم، ئۈستۈنلۈك غۇرۇرى ۋە زەبۇنلۇق زالالىتى تۈپەيلى ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلىشىپلا قالماي، يەنە قۇدرەت ۋە بەخت، بايلىق ۋە ھوقۇق، بىلىم ۋە ئىجادىيەت مۇمكىنلىكلىرى تۈپەيلىمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشقان. قارا ئۇنىڭغا: ئۇ ئۆز - ئۆزىنى چەيلەپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆز نەپسىنىڭ ۋاستىسى، ياللانما مالىيى، قۇربان بولغۇچىسى قىلىپ پۈچەك تۇرمۇشقا يۈزلەنمەكتە. ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا باغى ئېرەمدىن ئىبلىسنىڭ دامىغا چۈشۈپ ئۆز ماھىيىتىدىن ياتلاشقانىدى. سىڭىللىرىنى تالىشىپ قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. چېكىدىن ئاشقان ياتلىشىشنى نۇھ زامانىدىكى توپان، سالىھ زامانىدىكى چاقماق، لۇت زامانىدىكى يەر تەۋرەش توختىتالىغىنى يوق. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر خىل قىرغۇچى قوراللار، مەسخىرىگە مۇناسىپ تاج - پاگونلار، غەلىتە غادىيىش ۋە خۇشامەتگۈيلۇقلار، رەڭمۇرەڭ نۇرلاندۇرۇلغان ساختىپەزلىكلەر كىشىلىك تۇرمۇشقا سىڭىپ كىردى. ئالەمنى ياراتقان خالىقمۇ ئادەمئاتا ئەۋلادلىرىنى تۇپراق تەكتى بىلەن ئۆزگىلەر قولىدىن ئالتۇن يىغىۋېلىشنىڭ ساراسىم كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويىدى. مەلۇم مەنىدە، ئىنسانىيەت ئالتۇن ئالەمنى تالىشىپ ئالەمشۇمۇل تىرويا ئۇرۇشىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. ئىنسانىيەت ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا «ئىلىنا» ئۈچۈن ئۆلۈم گىردابىغا خۇددى ئوتقا ئىنتىلگەن پەرۋانىدەك يېپىلماقتا. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاتالمىش زەپەر — ۋاستە ئۈچۈن مەقسەتنىڭ قۇربان قىلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق ساخاۋىتىگە ئاتىغىنىدەك

ھالاكەتكە يەتتى. تەڭرى ئىبراھىمغا قوچقار ئەۋەتىپ، مەقسەت بىلەن ۋاستىنىڭ چېكىنى ئايان قىلدى. ئەمما ئىنسان ئۆز نەپسى ئۈچۈن كاتتا زەپەر - تەنتەنىلەر ئىچىدە ئەڭ ياتلاشقان تاج - پاگونلارنى تاقاپ، ھازىرقى زامان توتېم مەبۇدلىرى بولۇشۇۋالدى. «ئۇلۇغ» دەپ ئاتالغان تەنتەنىلىك ئىبارە ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ۋەھىمە ئالدىدا قورقۇپ تىترىشىدىن ھاسىل بولغانىدى. دەھشەتلىك كەلكۈن سۇلىرى بىلەن كىشىلەر يولىنى توسۇپ ياتقان ئېگىز تاغ، ئوتلۇق چۆللەر، گۈلدۈرماما، چاقماق ۋە بوران ئۇلۇغ ھېسابلىناتتى. ئاددىي ئىنساننى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە پايمال، ھەتتا ھالاك قىلىۋېتىدىغان قۇدرەت «ئۇلۇغ» ئىبارىسى بىلەن ئىزاھلىناتتى. ياۋۇز ۋە قان پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئىبارىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن ئاددىي ئىنسانلىقتىن ئالاھىدە ياتلىشىشى كېرەك ئىدى. تارىخ «ئۇلۇغ» لۇق ماقامى بىلەن ئىزاھلىناتتى. ياۋۇز ۋە قان پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئىبارىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن ئاددىي ئىنسانلىقتىن ئالاھىدە ياتلىشىشنى توغرا تاناسىپ قىلىپ قويغان! چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغلۇقى لىنا دەرياسىدىن دىنېپىرگىچە، دەشتى قىپچاقتىن ئىلەم ئېگىزلىكىگىچە كەڭ كەتكەن زېمىننى قان بىلەن شەلپەردەك بويىغاندىن كېيىن بەرقارار بولدى. بۇ ئۇلۇغلۇق خارەزم سۇلتانلىقى، رۇس كىنەزلىكى ۋە ئەرەب خەلىپىلىكى زېمىنىدىكى ھەممە جانلىق، جۈملىدىن ئىنسانلار روھىيىتىنى نەچچە مىڭ يىل يىراقتىكى سۆرلۈك دەبدەبىسى بىلەن ۋەھىمىگە سېلىپ تىترەتكەن. ۋاھالەنكى، ياتلاشقان ئىنسانىيەت بۇنداق چوڭ - كىچىك «ئۇلۇغ» لارنى ھەمىشە ياساپ چىقىرىپ، ئۇلارغا خۇددى ئۆز قولىدا ياسىغان لاي بۇتقا چوقۇنغاندەك سەجدە قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ياتلىشىش ئەدەپ، ئۇنىڭغا «ئۆزلۈك» شولىسىنى چۈشۈرۈش ئالجىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىل - پاراسەت — مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى سېزىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلىش مەلىكىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئىقتىدار ۋە خاسىيەتلىرىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي خەزىنىسى. ئۇنىڭسىز ئىنسان توغرىدىن ـ توغرا هايۋاندۇر. ئەمما ياتلاشقان ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمۇ ياتلاشقان! ئۇ ئىنسانىي ماهىيەتلەرنى كۆرەلمەيدىغان، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە مەقسەتدارلىق قىممىتىنى ئاڭقىرالمايدىغان، نوقۇل ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىكى نەپسانىي مەنپەئەتلىرى بىلەن كىبىرلىك دەبدەبىلىرى ئۈچۈن تىنىمسىز هەرىكەتلىنىدىغان هېسابات چوتىغا ئوخشاش بىر خىل ئىقتىداردىن ئىبارەت. ئەقىل ـ پاراسەت — ئىنساننىڭ داۋاملىق ياتلىشىپ بېرىشىغا يول باشلىغۇچى ئىزتىقۇغا ئايلانغان. ئۇ هىيلىگەرلىك، هەسەتخورلۇق، مۇغەمبەرلىك شەكلىدىمۇ، شۇنىڭدەك ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت، سودا ۋە تىجارەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدىنىش كۆرۈنۈشىدىمۇ، تەقۋادار ياكى سالاپەتلىك دىنىي ئىززەت ياكى دىپلوماتىك ماهارەت تەرزىدىمۇ ياتلاشقان ئىنسانغا خاس ياتلاشقان! ئۇ خۇددى ئەرەب تىلىدىكى «ئەقىل» ئىبارىسىنىڭ ئېتمولوگىيەسىگە ئوخشاپ قالغان. ئەرەب تىلىدا «ئەقىل» — تۆگىنىڭ چۆلۈكىنى ئۇنىڭ چۆككەن ۋاقتىدىكى پۇتىغا باستۇرۇپ باغلاپ، ئۇنى قوزغىلالماس قىلىپ قويۇشقا قارىتىلغاندى. ئەبۇ رەيھان بىرونىينىڭ: «بۈگۈنكى تەدبىرى تۆپەيلى ئەتە يەنە تەدبىر قىلىشقا هاجىتى قالمىغان كىشى ئەقىللىكتۇر» دېگەن بىر جۈملە سۆزىمۇ ئەقىلنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشتىكى چېۋەرلىكى ـ ئۇستاتلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، يەنىلا ياتلاشقان ئىنساننىڭ ياتلاشقان ئەقىل ـ پاراسىتىنى كۆرسىتەتتى.

شۇنداق! ئىنسانىيەت تاكى ئۆز ـ ئۆزىنى پۈتكۈل تارىخىي پائالىيەتنىڭ مەركىزى ۋە مەقسىتى قىلمىغۇچە، تاكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇهىتى ۋە ئۇنىڭ يەر شارىدا ياشاش شارائىتىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئىي مۇهىتىنى ئۆزىنىڭ ساغلام، ئاقىلانە

تۇرمۇشىغا لايىقلاشتۇرىدىغان تەپەككۇر، قۇرۇلما ۋە پائالىيەت تورىغا ئايلاندۇرمىغۇچە ياتلاشقان ھالەتتىن خالاس بولالمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئاقىلانە، نورمال، ساغلام، مەرىپەتلىك غايىۋى كىشىلىك تۇرمۇشىغا ئىگە بولالمايدۇ. بۇ يەردە ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىنسانىلىشىشى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسان روھىيىتىنىڭ ساغلاملىشىشى ۋە «ئىنسان روھىنىڭ پاكلىنىشى» (ئارىستوتېل سۆزى) ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ پىكىر شەكىللىرى، مۇھاكىمە ئۇسۇللىرى، خەلقئارا تەدبىر يىغىنلىرى، پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، دىنىي ۋە مىللىي كۆزقاراشلارنى، شۇنداقلا پۇل ـ بايلىق، قورال ـ ياراغ، ھاكىمىيەتلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك نىزالارنى چۆرىدىمەي، پەقەت ئىنسان قىممىتى ۋە ئۇنىڭ بىر پۈتۈن بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئىجتىمائىي كامالىتىنى مەركىزىي ئوق ۋە ئەڭ ئالىي ئۆلچەم قىلىش لازىملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئىنسان ئۆز ماھىيىتىگە قايتىش، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا تويۇنغان ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق «ئۆزىنى كونترول قىلىپ، ئەدەپكە قايتىپ» (كۇڭزى) ئىجتىمائىي كامالەتكە — پارلاق كەلگۈسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. بۇ ئاددىي رېئاللىقتا ئۆسۈملۈكنى ئاسراش، ھايۋان تۈرلىرىنى ساقلاپ قېلىش، يەر، سۇ، ھاۋا مۇھىتىنى نورماللاشتۇرۇش، نوپۇس ۋە نامراتلىقنى تىزگىنلەش، ھاكىموتلەقلىقنى بىكار قىلىش، مىللىي ـ دىنىي ئاداۋەتلەرنى يوقىتىش، ئىنسان نەسلى، ساغلاملىقى ۋە روھىنى ئەۋزەللەشتۈرۈش، مائارىپ ۋە پەن ـ مەدەنىيەتنى ئىنسانىيەتنىڭ كامال تېپىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىشى لازىم. ئىنسان داۋاملىق ياتلىشىش ئارقىلىق ئۆز نەپسى مەنتىقىسى بويۇنتۇرۇقىدا پىكىر ۋە پائالىيەت قىلىش ھېسابىغا شۇنداق ياتلاشقان «تەرەققىيات» لارغا ئېرىشىشى مۇمكىنكى، بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ جانسىز تاشقى مۇھىتى — يەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇ، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ جانلىق تاشقى مۇھىتى ـــ ئۆسۈملۈك، ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ياشاشقا ئىلاجسىز ھالەتكە چۈشۈشى بىلەن يۈز بېرىدىغان ھەقىقىي قىيامەتتىن ئىبارەت.

ئالدىمىزدا بۇنداق ئىككى پىكىر قاتلىمى تۇرۇپتۇ: بىرىنچى، ئىنسان ئىككى قاتلام بولۇپ، بىرى ياتلاشقان، تىرىكچىلىك دالاسىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئىنسان؛ يەنە بىرى، شۇ ھالەتتىكى ئىنسانغا يوشۇرۇنغان ئىنسانىي ماھىيەت. قەلب كۆزى ئېچىلمىغان نۇرغۇن كىشى بۇ ئىنسان ئىچىدىكى ئىنساننى كۆرەلمەيدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنى پەلسەپىلىك سۆز ئويۇنى دەيدۇ. «ئەنەلھەق» تەلىماتىدىكى «جەۋھەر ئىچىدە ئىلاھ مەۋجۇت» دېگەن چۈشەنچە دەل رېئال، ئەمما ياتلاشقان ئىنسان ئىچىدە ئىلاھىي مۇقەددەسلىككە ئىگە ئىنسانىي ماھىيەت يوشۇرۇنغان دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، ئىنساندا ئاڭ مېنىڭچە (فىرېئودچە ئەمەس) ئۈچ قاتلاملىق بولۇپ، بىرى، ئۆز مەنپەئەتى، نەپسى، خاھىشى ئۈستىدىكى دائىمىي، ئالدىنقى ئاڭ، بۇ «ئات بوغۇزى» ھەققىدىكى پىداكار ئاڭ؛ يەنە بىرى، ماتېرىياتىكىلىق مۇلاھىزىلەر، پەن ـ تېخنىكا ئىختىرالىرى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقىلەرگە خاس لوگىكىلىق (مەنتىقىي) تەپەككۇر ئېڭى؛ ئۈچىنچى، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزى ھەققىدىكى مەنپەئەت ياكى ئۇنۇمدارلىق تەرىپىدىن تىزگىنلەنمەيدىغان ئىنسانىي قەلب ئېڭى، باشقىچە ئېيتقاندا «ئارىفلىق» (ئويغانغانلىق) ئېڭى. ئالدىنقى ئىككى قاتلام ئاڭ ھەممىگە خاس. كېيىنكى ئارىفلىق ئېڭى ئىنساننىڭ ھەممىسىدە پەقەت مۇمكىنلىك ھالىتىدە ساقلانغان بولۇپ، پەقەت ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇرلاردىلا زاھىر ھالەتكە يەتكەن. دەۋرنىڭ ۋە بىلىش جۇغلانمىسىنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل ئاڭ مانىزم، بۇددىزم، سوپىزم، گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىك پەلسەپىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، بىر ـ

بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى مايترى بۇرھان، ئىمام مەھدى ئاخىر زامان ياكى ئىيسانىڭ زېمىنغا قايتىپ 3 مىڭ يىل پادىشاھ بولۇشىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك «ئۆزىنى تۇتۇپ» ئارىپ بولۇپ، ئىجتىمائىي كامالەتكە يۈزلىنىشىگە موھتاج، ئۇنىڭسىز «قىيامەت» توسقىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت، خالاس.

ياتلاشقان ئىنسان ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىگە قايتقان ئىنسان، ياتلاشقان ئەقىل - پاراسەت ۋە ھەقىقىي ئويغانغان (ئارىپ) ئەقىل - پاراسەت، مانا بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ يېڭى ئەسىرگە ئېلىپ بارىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك تېپىشمىقى.

1993 - يىلى 15 - نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىممىتى

تەپەككۇر تۆپەيلىدىن سىرىن ياپالماس ئالەم،
پەرقلەنگەن تەپەككۇر سەۋەبلىك ھايۋان، ئادەم.
ئەمما شۇ تەپەككۇرنىڭ سۈپەت، قىممىتى ھەر خىل،
قانداقمۇ بىر خىل بولسۇن جەددال، سۇلايمان، ھاتەم.

دەرۋەقە ئىنسان تەپەككۇر ئىقتىدارى تۈپەيلى ھايۋانات تۈركۈملىرىدىن پەرقلەنگەن. ئىنسان تەپەككۇر تۈپەيلى مەدەنىيەت تارىخى دەرياسىنى قازغان. ئالەم ئىنسان تۈپەيلى ئۆز - ئۆزىنى ئىزاھلاشقا مۇيەسسەر بولغان. يەنە شۇ ئالەم ئىنسان تۈپەيلى تەبىئىي گۈزەللىكتىن تاشقىرى ئىجادىي گۈزەللىك مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشكەن.

ئەمما تەپەككۇر ھەممە كىشىدە بىردەك ئېچىلغان، جارى قىلىنغان، تۆھپىكارلىق ماقامىغا كۆتۈرۈلگەن ئەمەس؛ تەپەككۇرنىڭ مىقدار ۋە سۈپەتلىرى، مۇددىئا ۋە ئاقىۋەتلىرى، شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى ھەممە كىشىدە بىردەك ئەمەس. كىشىلىك دۇنياسى ھاڭقاي - دەلدۈشتىن، ھاڭۋاقتى - خاراموشتىن تاكى ئەقىلدان - زەكىي، دانا - مۇتەپەككۇرگىچە؛ تەرسا - جاھىلدىن، تەنتەك - ھاماقەتتىن تاكى ئارىپ - فازىل، تەقۋا - مۇرشىدغىچە؛ ھىيلىگەر - مۇغەمبەردىن، خەسىس - ئاچ كۆزدىن تاكى ھالال نىيەت، ھىممەتكار - ساھىبگىچە؛ تۇتۇرۇقسىز پىكىردىن مەنتىق - ناتىققىچە ھەر خىل تەپەككۇر ئىگىسىنى كۆرۈپ كەلمەكتە. جانلىق ھايات قاينىمىدا كۆزنى ئوتتەك پارقىرىتىپ تۇردىغان جازانىخور - جەزخورلار، كۆزنى مۈشۈكتەك

يۇمۇۋالىدىغان مۇغەمبەر ـ كاززاپلار، ھاكاۋۇرلۇق دىمىقىنى قىرىپ يۇرۇيدىغان كالتە پەملەر، قۇللارچە خۇشامەت ۋە تىز پۈكمىكەشلىككە ھېرىسمەن روھىي گادايلار، پىداكار ۋە سېخىي زاتلار، تەۋەككۇل ياكى ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئىش تۇتىدىغان كىشىلەر، شەپقەتلىك غەمخورلار، باشقىلارنىڭ ئازابىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان نائەھلىلەر، ھوقۇق تەمەخورلىرى، بىكار تەلەپ ياسانچۇقلار، لاپ بىلەن ئالدىغۇچى قىزىل كۆزلەر، مۇشتۇم ياكى تىل ـ ھاقارەت زورلاۋانلىرى، قاتىل ياكى جان ساتقۇچىلار، قىسقىسى سان ـ ساناقسىز پىكىر ئىگىسىنى ئۇچرىتىمىز. «ئىنجىل»، «قۇرئان كەرىم»، «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «بۇددىھا تەزكىرىسى»، «يارالمىش ھېكايىلىرى»، «ئىلاھ كومېدىيەسى»، «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، «چاھار دەرۋىش» ۋە بالزاك، شېكىسپىر، تولىستوي ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىباتلارنى جانلىق تۇرمۇشتا مىڭ ھەسسە ئارتۇق يولۇقتۇرغاندىن كېيىن، «تەڭرى قىيامەت قايىمدا بۇ بەندىلەرنى قانداق سوراقلاپ تۈگىتەر؟» دەپ قالىسەن. مانا بۇلارنىڭ قايسىبىرى تەپەككۇردىن خالىي سادىر بولغان؟!

ئۆتمۈشتىكى دانالار مەدھىيەلىگەن تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ سۆكىدىغان تەرەپلىرىنى ئويلىغاندىن كېيىن، كونكرېتلىق ماقامىغا دەسسەپ تۇرۇپ، قايتىباشتىن تەپەككۇرغا زەن سالغۇم كەلدى!

تەپەككۇر ئۇلۇغ ئىقتىدار، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ قىممىتىدە.

روشەنكى، ئوغرىمۇ، توغرىمۇ، زالىممۇ، ئالىممۇ، جاھىلمۇ، ئادىلمۇ، خارامۇشمۇ، دانامۇ، پاسىقمۇ، ئارىفمۇ تەپەككۇر قىلىدۇ. تەپەككۇر كىشىلىك مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ئۇنى يەنە راۋاجلاندۇرۇشمۇ، خانىۋەيران قىلىشمۇ مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېيتىش كېرەككى، ھايۋانات ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن ئىنسان تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئىنسان تۈركۈمى ئىچىدىكى ھەركىم تەپەككۇر قىممىتى تۈپەيلى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەزگۈ ۋە قاباھەت، يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك، ھۆرلۈك ۋە قۇللۇق، ئۆتكۈرلۈك ۋە گاللىق، ھەتتا كۆپ جەھەتتە غالىبلىق ۋە مەغلۇبلۇق، پايدا (تاپاۋەت) ۋە زىيان تەپەككۇر قىممىتىگە باغلىق. ئەگەر مىسال قىلىش لازىم بولسا تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تاش جىنسىگە ئوخشاتساق، تەپەككۇر قىممىتىنى بۇ تاشلارنىڭ ئادەتتىكى شېغىل تاشتىن ياكى ئالماس ـ بىرىلىيانتقىچە بولغان كۆپ دەرىجىلىك قىممىتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ۋاھالەنكى، كىشىلىك ئەقىل ـ پاراسىتىگە بۇ پەرقلىق قىممەتلەر جايلاشقان.

شەكلەن ئالغاندا بىز مەنتىقىي تەپەككۇر، ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرچان تەپەككۇر، ئەسلىمىچان تەپەككۇر، تەتۈر تەپەككۇر، قايتا تەپەككۇر، تەنقىدىي تەپەككۇر، قۇللۇق تەپەككۇرى، ھىيلە تەپەككۇرى (مىسالەن، جۇڭگونىڭ مەشھۇر 36 تەدبىرى)، ھەربىي (ئىستىراتېگىيەلىك) تەپەككۇر، ئالدىن كۆرۈش تەپەككۇرى، مۇستەقىل تەپەككۇر، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر، سودا ـ تىجارەت تەپەككۇرى، دىپلوماتىيە تەپەككۇرى، دىيالېكتىك تەپەككۇر، كومپلېكس تەپەككۇر، دىنىي تەپەككۇر، سوپىستىك تەپەككۇر، مۇزىكىلىق تەپەككۇر، بالىلارچە تەپەككۇر، سەپسەتىۋازلىق تەپەككۇر قاتارلىقلارنى بىلىمىز. ئومۇمەن ئالغاندا بۇ خىل تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ كەڭلىك ۋە تېرەنلىكى، دەللىك ۋە ماھىيەتلىكلىكى، ئەزگۈ ۋە ئىجابىيلىقى ھەر خىل.

ئىلىم ـ پەندىكى ھەر خىل ئېقىم ۋە ئىلمىي گۇرۇھ، بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ھەر خىل ئۇسلۇب ۋە ئېقىم، دىندىكى ھەر خىل سۇلۇك ۋە مەزھەب، سىياسىي، ھەربىي، كەسپىي ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىكى ھەر خىل تەشەببۇس تۈركۈملىرى تەپەككۇر ئوقنى

ئۆل قىلغان. تەپەككۇر تۇپەيلى سوقرات، ئىيسا پەيغەمبەر، مانى، مەنسۇر ھەللاج، بىرونو، بائۇئېر، بابارەھىم مەشرەپ دارغا مىخلاندى، ئوتتا كۆيدۈرۈلدى. تەپەككۇر تۇپەيلى گالىلى، نيۇتون، ئېينىشتېين پەن تارىخىدىن ئورۇن ئالدى. تەپەككۇر تۇپەيلى ئىركىن قاغان، بوسات قاغان، تۇمەن قاغانلاردىن باشلانغان ۋە تەڭرى قاغان، مۇيۇنچۇر قاغان دەۋرىدە گۈللەنگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (745 ~ 840) زىرقارا قوۋ بىلەن سانغۇن گۈللۈك باغا ئوتتۇرىسىدىكى ھەسەت تۇپەيلى قىرغىز خانى ئاجۇسقا يەم بولدى. بۇ ئىش قارلۇقلارنىڭ قاراقىتان خانى گورخاننى قاراخانىلارغا (840 ~ 1123) سېلىشى، ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ سەئىدىيە خانلىقى (1510 ~ 1678) ئۈستىگە جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ مۇنقەرز قىلىشىدا قايتا تەكرارلاندى. ئەيتاۋۇر، كىشىلىك دۇنياسىدا تەپەككۇرسىز «قىل تەۋرىمەيدۇ!»

مەسىلە شۇ قەدەر روشەنكى، مىللەتنىڭ روھىنى ساغلاملاشتۇرۇش، خەلقنى پاسسىپلىقتىن ئارىلىقتا، زاۋالەتتىن سائادەتكە يېتەكلەيدىغان تەلىم ــ تەربىيەنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر قىياپىتىنى، شۇ ئارقىلىق روھىي مەلەكىسىنى يۇكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بىلىش كېرەككى، بەخت ــ سائادەتنىڭ ئەنقا قۇشى ــــ يۇكسەك تەپەككۇر چىنارىغا قونىدۇ!

ف. ئېنگېلس: «بىرەر مىللەت دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىمەن دېسە، نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ» دېگەندى. ئالدىنقى قاتاردا ئەمەس ھەتتا نۇسرەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا ياشىماق ئۈچۈنمۇ يېتەرلىك ساغلام، ئۆتكۈر، مۇستەقىل تەپەككۇر قىممىتى ۋە قىياپىتىگە ئىگە بولۇش لازىم. بۇنداق تەپەككۇرسىز «ئەرشكە» چىققان بىلەن، دىققەت ــ نەزىرى زېمىندىكى «كەشى» دىن يىراقلىمايدۇ. «سەرۋى» دەرىخىگە چىقىپ «سەۋزە ئورىكى» گە دوملاپ كېتىدۇ. ئاتىلار توغرا ئېيتقان: «قۇت يىلتىزى ــــ قۇتلۇق ئۇگ!» «ئۆكۈن، ئۆكۈن ئۆكسۈزلىكىڭگە!!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن ئىلگىرى باشلانغان غەرىبتىن پىر ـ مۇرشىد، ئىمام ـ ئىشان ئىزدەش ھاۋاسى ۋە ئۆزىدىكى تەپەككۇر نامايەندىلىرىنى ئاسىي نامىدا ھالاك قىلىش تەلۋىلىكى بىلەن «باشسىز چەۋەنداز» بولۇپ قالغان ئۇشبۇ خەلق مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئورنىغا بۇزۇلغان روھ، قوللاشقان ئىرادە، تەلۋىلەشكەن تەپەككۇردىن باشقا يەنە نېمە قىلىشى مۇمكىن؟! ئۇلار ئۇ يەردە «پالان تۆرەم»، بۇ يەردە «پۇستان خوجام» كەينىدە مەھەللىۋى شەيخ ـ ئىشان، ئەپەندى ـ موللىلارنىڭ تار قەپىسىگە كىرىۋېلىپ، خۇددى «ھامىمام ئالدىدىكى ھور چىقىرىپ تۇرغان گۆلەخنىڭ كۆلىگە مىلىنىپ ياتقان بالىلار» دەك روھىي ئەمىنلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارنى مەزھەپ، يۇرت ۋە ئادەت رىشاتكىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىر پۈتۈن زامانىۋى تەپەككۇرغا ئۇيۇشتۇرىدىغان كۈچنى ئۇلار ھېس قىلالارمۇ؟... ئۇلار كۆزىنى ئاچقان ھامان ھېلىقى ئىشان ـ موللىلار ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۈل چاچىدۇ. مەخسۇس كۆز ئېچىشنى پاراڭ تېمىسى قىلىپ تون كىيىپ، سەللە ئورايدىغان روھىيەت سودىگەرلىرى بىلەن تەپەككۇر جەزخورلىرىمۇ بىر ئېقىم سۈپىتىدە قېچىر مىنىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلار كامىران بولۇپ كەلگەن، كۆز ئاچقانلار پەرىشان بولۇپ كەلگەن چىنلىقنى قايسىبىر قەلەم تىترىمەي يازالىغان! مانا بۇ «ئۆز ـ ئۆزىگە ئاڭ» ۋە «ئۆز ـ ئۆزىگە تەپەككۇر» ى بولمىغان خەلقىنىڭ مەنىۋىيەت ئاسمىنىدىكى قارا تۇتەك!

بىر قاراشتىلا غەرىبتىن كەلگەن سەللە ـ كۇلاھ، كەپكە ـ شىلەپە قاتارلىق باش كىيىملىرىنى كىيىۋالغان خالايىققا يېنىشلاپ قاراڭچۇ: ئۇلارنىڭ بېشى «سۈرەت» كۆرۈنۈشىدە ئۇلارنىڭ گەۋدىسى بىلەن بويۇن ئارقىلىق تۇتاشقان. بىر زامانلاردا تەسۋى ئېسىلغان بۇ بويۇنلارغا گالىستۇك تاقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىچارە ماھىيىتى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە «ئىمپورت قىلىنغان» تەپەككۇر قوشى چىكىلداپ

تۇرۇپتۇ. بۇ تەپەككۇرلار بىر - بىرىدىن قانچە پەرقلىق، ھەتتا بىر - بىرىگە مۇخالىپ بولۇشىغا قارىماي پىكىر تەختىنىڭ ئىككى چېتىدىن ئەمەس، بەلكى دەل شۇ تەختىنىڭ ئۆزىدىن ئورۇن تۇتقان. قۇلچىلىق، سېتىلىشقا ھازىر - نازىرلىق، خۇشامەتگۇيلۇق، «بىر بۇغدايغا سەمرىپ، بىر بۇغدايغا ئورۇقلاش» ئۇنىڭ دائىمىي ھاۋا رايى. ئۇلار تۇرمۇشنىڭ «ئازاب دېڭىزى» دىن ئۆتۈش ئۈچۈن خۇددى نۇھنىڭ كېمىسىنى چۈۋۈغاندەك «چوڭ كۆلۈنگو» (ماھايانا) ھارۋىسىنى پاچاقلاپ ھەربىرى بىر تاختايغا چىقىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە «كىچىك كۆلۈنگو» (ھىنايانا) ھارۋىسى ياسىۋېلىشقا ئالدىرىشىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش كەلكۈنىدە نۇھنىڭ ياكى ئۇنىڭ كېمىسىنىڭ قەدرىنى چۈشىنىشكە ئاجىز. بۇ پىتراقچىلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەپەككۇر ھودۇقۇشىدىن ئىبارەت.

تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەممىگە تەئەللۇق، ئەمما تەپەككۇر قىممىتى ھەر كاللىدا ھەر خىل. ئۆز - ئۆزىگە تەپەككۇر مۇجەسسىمى بولمىغان مىللەت ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولمىغان مىللەتتۇر.

*　　　*　　　*

بەخت - سائادەتنى دەسلەپ ئەلگە تىلە،
بەخت ئەمەس ئالتۇن بولسا يالغۇز تەڭلە.
تەپەككۇرسىز سائادەتتىن ئۈمىد كۈتمە،
ئۆز - ئۆزىگە تەپەككۇرسىز ئىنسان — تەلۋە.

1993 - يىلى 14 - نويابىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# روھىيەت ۋە مەدەنىيەت

سەن ئۆز قەلبىڭنى يورۇتالايدىغان تۇرلۇك چىراغ بول.
—— ساكيامۇنى

## 1. سېھىرلىك روھىيەت دۇنياسى

«ئىنسان —— كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشقا ئەمدىلىكتە ئىپتىراز بىلدۈرگۈچىلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەمما بۇ قاراش نوپۇزغا ئېرىشكۈچە ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ يىللىق سېھىرلىك قاراش ۋە ئادەتلەرگە بەند بولۇشۇپ، قانداقتۇر ئۆزلىرىنى «روھىيەتتىن خالىي»، «ئۆزلۈك روھىيىتى بولمىغان» مەخلۇق ساناپ كېلىشتى. ئۇلار ئىنساندىكى روھىي ھادىسىلەرنى قانداقتۇر ياخشى ياكى يامان ئىلاھلارنىڭ، ئەزگۈ ياكى قاباھەتلىك ئەرۋاھلارنىڭ ئىنساندىكى شولىسى، سېھرىي تەسىرى دەپ قاراپ كېلىشتى. ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى قۇدرەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدە دەھشەتلىك تەسەۋۋۇرلىرىغا ئېتىقاد باغلاپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قاراشلىرى بىلەن بەزلەپ كېلىشتى. ئانا ئۇرۇقىغا سېغىنىش ئەجداد ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىشكىنى ئاچتى. ئارقىدىنلا تەخمىنەن يېڭى تاش قورال —— ئەپسانە دەۋرىدىن باشلاپ ئىنسانىيەت روھىيىتى ئادەم قىياپەتلىك تەڭرىلەر تەسەۋۋۇرىغا ئۆتتى. ئىنسان روھىيىتىنىڭ بۇ ئىككىنچى چوڭ تارىخىي باسقۇچى ئەپسۇنكارلىق مۆجىزىلىرى بىلەن بېزەندى. «بەدەۋىلىك» نامى بىلەن ئاتالغان مۇشۇ دەۋردە كېيىنكى «سىۋىلىزاتسىيە» دەۋرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قېلىپلىرى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تۈرەلمىلىرى

تۇرمۇشقا كىرىپ كەلدى.

پىرومېتېينىڭ ئاسمى سۆپەتىدە سىكتايلار دىياردىكى قىياغا زەنجىرلىنىشى بىلەن ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ ئىرەم جەننىتىدىن تەپەككۇر دۇنياسىغا كىرىپ كېلىشۋاتقانلىقى، بۇ تېما يەنىلا ئىپتىدائىي ئىنسانغا خاس «ئۆزلۈك روھىيىتى بولمىغان» مەخلۇق — ئىنسان ھەققىدىكى ئەنئەنۋى قاراشقا نىسبەتەن «ئىسيانكار»، «گۇناھكار» ئىنسان تېمىسى سالاھىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھال يەنىلا «ئىنسان كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن قاراشنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تېخى تولىمۇ يىراق تارىخىي مۇساپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. سوقرات ۋە ئەپلاتون ئاجايىپ - غارايىپلىق بىلەن گادىرماچ بولۇپ ئۆتكەن روھىيەت ۋە مەدەنىيەتنى مەڭگۈلۈك ئۆلچەم بىلەن — سوقرات ئەخلاق بىلەن، ئەپلاتون ئىدېئال چۈشەنچە بىلەن تەرتىپكە سالماق بولدى. ئارىستوتېل بۇ ئىككى ئۇلۇغ پېشۋاغا قارىغاندا تەبىئەت قانۇنلىرىغا كۆپرەك ئېتىبار بېرىپ، روھىيەتنى «فىزىكا» (تەبىئەت ئىلىملىرى) سىستېمىسىدىن كېيىنكى «مېتافىزىكا» (تەبىئەت ئىلىملىرىدىن كېيىنكى ئىلىملار) سىستېمىسىغا كىرگۈزدى.

گىرېك ھەيكەلتىراشلىرى ئىشلىگەن «دىسكا ئاتقۇچى» (مىلوننىڭ)، «ئۈچ تەقدىر ئىلاھى» (فىدىياسنىڭ)، «نەيزە ئاتقۇچى» (پىلۇكرىتىنىڭ)، جۈملىدىن «نىدوستىكى ئافرودېتا»، «مىلوستىكى ئافرودېتا»، «رائوكۇن» قاتارلىق ھەيكەللەر بىلەن خوتەن دەندان ئۆيلۈكتىن تېپىلغان شەرق ۋېناسى «لاكشمى» (ئۈز تەڭرى) رەسىمى قەدىمكى جۇڭگودىكى «ئىنسان — ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن قاراش بىلەن بىللە قەدىمكى دۇنياغا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا چاقنىغان بىر چېقىن بولۇپ ئۆتتى.

ئىيسا پەيغەمبەر كىرىست دارىغا مىخلىنىپ تەخمىنەن توققۇز - ئون ئەسىردىن كېيىن شەرقتە «مۆتەز بىلىم» بىلەن «رىسالەت»

www.uyghurkitap.com



نامىلىق قامۇس مۇئەللىپلىرى، دەسلەپكى سوپىزىم نامايەندىلىرى، جۈملىدىن فارابىي ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىنساننى ئۇنىڭ ئەقلىي بىلىش ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن كائىناتنىڭ ئەڭ ئالىي مۆجىزىسى، ھەقىقەت قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قاراشتى. بۇ خىل پىكىر ئېقىمى غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىن پەلسەپە ۋە سەنئەت ۋاستىلىرى بىلەن كەڭ راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن مىكلانجىلو، لىئوناردو دا ۋىنچى، رافائىل، دىدرو، گولباخ، مونتىسكيو، بېكوندىن تاكى ھېگېل، ھىيوتى، فېيېرباخ ھەتتا نىچىشې، فىرېئود، ئىرىخ فىروم، سارترې، ماسلوفقىچە بولغان سەنئەت ۋە پەلسەپە مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن روھىيەتشۇناس ئالىملىرى كۆپ تەرەپلىمە ئىلھاملىنىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئېغىزدا بولسىمۇ «ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن ھۆكۈم خۇددى مىكلانجىلو سىزغان «داۋۇد» نىڭ رەسىمىگە ئوخشاش ئاياغ دەسسەپ تۇردى.

«ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى»، «ئىنسان — ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن قاراش يېقىنقى بىر - ئىككى ئەسىردىن بېرى رەسمىي نەزەرىيەۋى پەندە يەنە مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى. بىرقەدەر نوپۇز تىكلىگەن ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا راتسىيونالىزملىق گۇمانىزم دەپ ئاتالغان بۇ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي سىستېمىغا پىسخولوگلار، ئەڭ ئالدى بىلەن روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتچىسى فىرېئود ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئىنسانشۇناسلار ھەم ئېتىراپ قىلغۇچى، ئەمما كونكرېتلاشتۇرغۇچى كۆزقاراشلىرى بىلەن ياندىشتى. ئۇلار قويغان مەسىلىنىڭ تۈگۈنى: ئىنساننى ھەم ئەقىل - پاراسەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەم ئەدەپ - مەدەنىيەتتە كىشەنلەپ، ئۇنى نوقۇل ئىجتىمائىيلىقتا مەھبۇس قىلىپ قويماسلىق؛ ئىنساننى يەنە ھېس - كۆڭۈلدىمۇ ئېتىراپ قىلىپ، شەخسنىڭ يەككە تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىيولوگىك مەۋجۇتلۇقىغا چىقىش يولى بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىنسان ئۆزى توغرىسىدا تولىمۇ نادان. ئىنسان توغرىسىدىكى بىر قاتار ئىلىم ۋە مەرىپەتنىڭ ئىنساننىڭ سىھىرلىك روھىي دۇنياسىغا يۈزلىنىشى ياكى يۈزلىنەلىشى شۇبھىلىك. ئۇلارنىڭ يەكۈنلىرى زىۋىسىنىڭ پىرومىتى، يەھۋە (يەھۋە — ئاللانىڭ خىرىستىيان دىنىدىكى يەنە بىر خىل ئاتىلىشى) نىڭ ئادەم ـ ھەۋۋا ئۈستىدىكى ئەپسانىۋى ھۆكۈملىرىدىن پەرقسىز. پاجىئە مانا مۇشۇ يەردە!

قىزىقارلىق، ئەمما تىراگېدىيەلىك، شۇنىڭدەك پۈتكۈل سىۋىلىزاتسىيەدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئىنسانىيەت تارىخىدا داۋاملىق ۋىزوۋى يانار تېغىدەك پات ـ پات لاۋا چاچرىتىپ تۇرىدىغان غايەت زور ئەمەلىي تېما كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ.

## 2. ئېتىكىچى بىلەن پىسخولوگنىڭ دىيالوگى

پىسخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ھازىر بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارنى پىسخىكىلىق پائالىيەتنىڭ نېگىزى دېگۈچى بىيو — پىسخىكىلار بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭنى پىسخىكىلىق پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دېگۈچى سوتسىيولوگىيەلىك پىسخىكلاردىن يىراقلاشمايدۇ. ئەمەلىي پىسخولوگىيە روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئاساسلىق ھاياتىي مەۋجۇتلۇق قاتلىمى يەنىلا تۇغما ئىقتىدارنى ئۇل قىلغان بىيو ـ پىسخولوگىيەلىك جەريانغا تايىنىدىغانلىقىنى، بۇ ھاياتىي مەۋجۇتلۇق قاتلىمىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ روھىي پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي شەكلى بولغان نۇتۇقلۇق (مەنتىقىلىق) ئاڭ قاتلىقى توغرىسىدا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە، ئىنسان تۇرمۇشىنى بىلىش ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتىنى بىلىش لازىملىقى، باشقىچە ئېيتقاندا، روھىي پائالىيەتنىڭ ئەقلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گىنوسىيولوگىيەلىك (بىلىش نەزەرىيەسى) قاتلىمىنى كۆزىتىش ئۈچۈن روھىي پائالىيەتنىڭ بىيولوگىيەلىك ـ ئونتولوگىيەلىك (ئەسلىزاتلىق) قاتلىمىنى ئۆگىنىش لازىملىقى گەۋدىلىنىپ چىقتى. بۇ ھېلىمۇ جىددىي نوپۇزلۇق ئەنئەنىۋى قاراشقا تاقىلىدىغان ئۆتكۈر مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا.

ئېتىكچى (ئەخلاقشۇناس) بىلەن پسىخولوگنىڭ دىيالوگى (سۆزلەشمىسى. — تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) نى بىز «A»، «B» بەلگىسى بويىچە بىر قۇر كۆرۈپ چىقايلى:

A: ئەخلاق — مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى ۋە گۈلى، ئىنسانىيەتنى ياۋايىلىق ۋە بەدەۋىلىكتىن قۇتقۇزغان پىشاڭ. ئۇنىڭ نوپۇزى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز.

A: ئەخلاق — ئىنساننى پەقەت روھىيەتنىڭ ئاڭ شەكلى بولغان ئەقىلگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى ئىتائەتمەن قىلىدىغان شامان ۋە كاھىن. ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنى ۋە بىرقانچە مىڭ يىللىق ئەجىر ـ ئەمگەك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەدەنىيەت قارىشىنى قايتىدىن تەنقىدىي ئوپېراتسىيە قىلىش لازىم.

B: ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي يۈكسىلىشى مەدەنىيەتنى، مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئۆتۈقى ئەقىل تەرەققىياتىنى تەقەززا قىلىدۇ.

B: ھازىرغىچە بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەقىل راۋاجى ئىنساننىڭ پېرسونالىلىقى (خاراكتېر خاسلىقى) نى چەكلەشنى، ئىنساننى ئەقلىي تەپەككۇر بويىچە، ھېسسىي روھىيەت بويىچە ئۆز ـ ئۆزىگە قاتىل قىلىشنى بەدەل قىلمىدىمۇ؟

A: مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ئارقىلىقلا بەختكە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىپ بولامدۇ؟

B: مەدەنىيەت ۋە ئەقىل ئىنسانغا بەخت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە ئاپەتمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ مەدەنىيەتلىك دۇنيانى ياراتتى ۋە ئىنساننى ئۇنىڭدىن مەھبۇسقا، قۇلغا ئايلاندۇردى. ئۇ ئىنساننى

ياتلاشتۇرۇشتىن ئىنساننىڭ ئاتالمىش غەيرىي ياۋايى كۆڭۈلكۈشىنى شەكىللەندۈردى.

A: ئىنسان تەبىئەتنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا بېسىم قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلمىغاندا، ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. بېسىم ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئەقىلگە مۇۋاپىق خىزمەتتۇر.

B: مەدەنىيەت تارىخى مۇھەببەت خاھىشىنى مەركەز قىلغان ئىنسان روھىيىتىنى بېسىش ۋە ئۇنى ئىنساندىن ياتلاشتۇرۇش تارىخى بولۇپ كەلدى. ئۇ خۇددى بۇددىزمدەك مۇھەببەت خاھىشىنى مەدەنىيەتكە (جۈملىدىن ئەدەپ ۋە ئەقىلگە) زىت قويۇپ، خۇددى خىرىستىيانلاردەك بۇ خاھىشنى «تۇنجى گۇناھ» دەپ قاراپ كەلدى! نەتىجىدە ھەممىلا مەدەنىيەت فورماتسىيەلىرى ئىنسان ماھىيەتلىرى بىلەن كۆپ قىرلىق توقۇنۇش ھاسىل قىلدى.

دىيالوگ (سۆزلەشمە) تېمىلىرى بۇنىڭ بىلەنلا ئاياغلاشمىسىمۇ، مەسىلە ناھايىتى روشەن، ئۆتكۈر، ئىنچىكە ۋە قەدىمىيلىكلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بۇ زىددىيەت دىن ۋە ئەخلاق، سەنئەت ۋە ھوقۇقنىڭ چەكلەنگەن نۇرغۇن رايونىغىچە كېڭەيتىلگەن.

دىن: ئىنسان ئۆز خاھىشلىرىغا يول قويۇپ تۇنجى گۇناھنىڭ تەكرارلانماسلىقىنى، ئىستىغپار ۋە ئېتىقاد ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پاكلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېسە؛ بۇ قاراشنىڭ مۇخالىپلىرى: زېۋس ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس ئائىلىسى ئىپتىدائىي جىنس ئېتىقادچىلىقى، شامان ۋە كاھىنلارنىڭ تۇنجى كېچىلىك ھوقۇقى، ئىپتىدائىي خىرىستىيان چېركاۋلىرىدىكى يات جىنسلار ئۇچرىشىشلىرى، بۇددىزم رەسىملىقىدىكى يالىڭاچ ئادەم تەسۋىرى، ئىسلام ئېتىقادىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق قاتارلىق دىنىي ئېتىقادتىكى جىنسىي خاھىش ھادىسىلىرىنى قانداق ئىزاھلاش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇمكىن؟ دەيدۇ.

ئەخلاق: ئىنساننىڭ كامالەتكە يېتىشى، ئۆزىنى تەبىئىي ۋە ھايۋانىي ـ بەدەۋى خاھىشتىن پاكلاشتۇرۇپ، ئىدىئال ـ غايە ـ خۇدالىق كامالەتكە يېتىشتۇر، دېسە؛ بۇ خىل قاراشنىڭ مۇخالىپلىرى: ئەخلاقىي قۇرۇلمىلار ئىنساننى مەقسەت قىلىشى، جەمئىيەتنى ئىنسانغا لايىقلاشتۇرۇشى، ئەكس ھالدا ئىنساننى ئەخلاق قېلىپلىرىدا قويۇلغان قورچاق بولۇپ قالىدۇ، بۇنى ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم، دەيدۇ.

سەنئەتتە ئەھۋال مۇرەككەپ. ئۇنىڭ بىر قىسمى: سەنئەت ئالدىنقى ئاڭنىڭ قارشىلىقى، چۇقان ۋە فونتان ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئازادلىق ئىنتىلىشى، دېسە؛ ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى: سەنئەت سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق ۋە دىنغا ماسلىشىشى، كىشىلىك تۇرمۇشنى تەشكىل قىلغان يىپلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈن بولۇشى لازىم، دەيدۇ.

ھوقۇق — ئومۇمەن ئىگىدارچىلىق تۈزۈلمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە لايىق روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىقارارلىقىنى ياقلايدۇ.

مۇنبەردىكى تەپەككۇر ۋە نۇتۇق بىلەن سۆزلەنگەن بۇ ئىبارىلەر بەرىبىر جانلىق ئىنسان ئاغزىدىن چىققان. قىزىقارلىقى شۇكى، كاھىن كىپچىلىك ھوقۇقىدىن زوقلىنىشتىن ئۆزىنى چەكلىيەلمەيدۇ؛ ئەخلاقشۇناس كۆڭلى چۇشۇپ قالغان جۇۋاننىڭ قىياپىتى، ئاۋازىنى سېغىنىپ بىئاراملىقتا ئازاب چېكىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە ئەپلاتۇننىڭ ئىتتىكىلىك رىجىملىرى تولىمۇ قېلىپىدىن چىققان روھىي دىكتاتۇرا سىماسىدا سايە تاشلايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسپىي فورمىلىرىنى كىيىشىپ مۇنبەرگە چىققاندا يەنىلا قېلىپلاشقان ئۆز ئەھكاملىرى ئۇستىدە مەرۋەز سۆزلىشىدۇ.

## 3. ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى

ئىنسان ھايۋانات دۇنياسىدىن ئىجتىمائىي ئىنسانغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىيىتى ئاسماندىن چۈشكىنى يوق، بەلكى ئىلگىرىكى بىيولوگىيەلىك روھىي ئىنىستىنكىت (تۇغما ئىقتىدار) ئاساسىدا، ئۇنى ئۇل قىلغان يېڭى روھىي قاتلامغا مۇيەسسەر بولدى. ئىنسان روھىيىتى ئىككى كېنەزلىككە — ئىنىستىنكىت كېنەزلىكى بىلەن ئەقلىي بىلىش (پاراسەت) كېنەزلىكىگە ئايرىلدى. تارىخ بۇ ئىككى كېنەزلىكنىڭ بىرى جاھانگىرشاي سۈپىتىدە ئىككىنچىسىنى ئىستېلا قىلىشى، نەتىجىدە بىر پۈتۈن روھىي مەدەنىيەت ئىمپېرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى مىليون ھېكايىسى، مىليارد پاجىئەسى بىلەن داۋاملىق ئۇچۇر قىلماقتا.

ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى بىرقانچە قاتلاملىق روھىيەت ھادىسىلىرىدە ئىپادىلىنىپ، ئاجايىپ - غارايىپ رەڭگارەڭلىك ھاسىل قىلغان. مىسالەن، ھايات خاھىشى بىلەن مامات خاھىشى؛ ئۈمىد تەلپۈنۈشى بىلەن ئۈمىدسىزلىك روھىيىتى؛ ئەقىل ئىقتىدارىدىن ھەم بەخت، ھەم ئازاب ھېس قىلىش؛ ئارزۇ بىلەن مۇمكىنلىك ئارىسىدا تېڭىرقاش؛ جىنسىي ئىنىستىنكىتلىق ئارقىلىق روھىي ئازاب ئىزدەش ۋە ئۆزىنى قايتىدىن روھىي مەھبۇسلۇققا سېلىشقا ئالدىراش؛ مۇھەببەت قويۇپ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەسلىك؛ ۋاپا ۋە ئەقىدىلىرى ئۇچۇن ۋاپاسىزلىق ۋە خىيانەتكارلىققا ئۇچراش ئازابىنى چېكىش؛ نىكاھ ۋە مۇھەببەتنىڭ بىر - بىرىدىن ياتلىشىپ كېتىشى؛ ئېغىر ئەخلاقىي بېسىم مۇھىتى ئىچىدە تۇرۇپ ئىختىيارسىز ئىشق ئەسەبىيلىكى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش؛ كۆڭۈل ۋە جىنسىي خاھىشنىڭ داۋاملىق قايتا تەشكىللىنىپ تۇرۇشى؛ ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئالداش، غىدىقلاش ۋە زەھەرلەش ئارقىلىق ساختا روھىي شادلىق قوغلىشىش؛ ئىپىنسىتىنكتلىق خاھىش بىلەن يەنە ئۆزىنى ئەيىبدار بىلىشتەك زىددىيەتچان روھىيەتكە تەڭ گىرىپتار بولۇش؛ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان رەشك ... بۇلار ئۇنىڭ بىر قىسىم تىپىك مىسالى، خالاس.

ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىنى ھەر خىل روھىي قاتلام ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىلا ئەمەس، يەنە بىر خىل روھىي قاتلامنىڭ، مىسالەن، ئەقلىنىڭ جىنسىي خاھىشىنىڭ، مۇھەببەت خاھىشىنىڭ ئوبيېكت ۋە سۇبيېكت ھەرىكەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئىپىنسىتىنكتىنىڭ خۇشاللىقنى ئالىي ماقام قىلغان پائالىيەتچان ئىقتىدارى بولغان كۆڭۈل (فىرېئودنىڭ ئەسلىي ئىبارىسىدىكى «unconscious» — يوشۇرۇن ئاڭ) بىلەن ئەقلىنىڭ رېئاللىقنى ئالىي پىرىنسىپ قىلغان پائالىيەتچان ئىقتىدارى بولغان ئاڭ (فىرېئودنىڭ ئەسلىي ئىبارىسىدىكى «conciusnes») ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنىنىڭ ئوقى ۋە تىپىك شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا بەدەن بىلەن روھنىڭ ئايرىلىشى؛ بەدەندىكى تۇپراق ۋە سۇدىن ئىبارەت ئېغىر زات (تادۇ) لار بىلەن ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت يەڭگىل زات (تادۇ) لارنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى تۇغما ۋە ھايۋانىي ئىقتىدارلار بىلەن ئەخلاقىي ۋە ئېرىشلگەن ئىقتىدارلارنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى بەش «ئوغرى قاچتى» (بۇددىزم ئىبارىسى) سەزگۈلەر بىلەن قەلب كۆزى ۋە پەزىلەتلىك خاسىيەتلەرنىڭ ئايرىلىشى؛ ئىنساندىكى ئىپىنسىتىنكتلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك ئاڭنىڭ ئايرىلىشى ھەققىدىكى بايانلار ماركس، دارۋىن، فىرېئود قاتارلىق كىشىلەر تىلغا ئالغان بىر چوڭ ھەقىقەتكە مەركەزلەشكەن. بۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىيولوگىيەلىك قاتلىمى بىلەن

ئىجتىمائىي قاتلىمىنىڭ نىسپىي بىر پۈتۈنلۈكى ۋە زىددىيىتىدىن ئىبارەت.

ئىنسان خۇددى فارابىي ئېيتقاندەك ھايۋاندا بولىدىغان ئوزۇقلىنىش، نەسىل قالدۇرۇش، سېزىش ئىقتىدارى ئۈستىگە نۇتۇق ـ تەپەككۇر ئىقتىدارى قوشۇلغان مەۋجۇدات.

ئىنسان خۇددى ئىجتىمائىي ھايۋان. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇنىڭ مىنبىراللىقى، ئۆسۈملۈكلۈكى ياكى پاك ـ پاكىز ئىجتىمائىيلىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھايۋانلىقى ئۈستىگە قوشۇلغان. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇنىڭ بىيولوگىيەلىك ھازىرلىقلارنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ھايۋانلىق تۈزۈلمە ۋە ئىقتىدارىنى يوقىتا چىقىرىش بەدىلىگە ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي بىيولوگىيەلىك جىسمانىي تۈزۈلمە ۋە ھاياتىي قۇۋۋەتلىرىگە، يەنى ئېنىستىنكتلىق ــ ئاڭدىن خاسلىق روھىي ئىقتىدار بىلەن نۇتۇقلۇق ــ ئاڭ تەپەككۇرلۇق روھىي ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىككى قەۋەتلىك بىنا شەكلىدىكى پىسخىكىلىق خاسلىقنى بەرپا قىلىشنى بەدەل قىلغان.

«جەننەتتىن ئايرىلغان ئىنسان» ۋە «ئىنساندىن ئايرىلغان جەننەت» نىڭ ھەر ئىككىسى ئىنسانغا نامۇناسىپ بولۇپ قالدى! ئاڭ ــ ئىنساننى نوقۇل، يوگەنسىز پوتېنسىيال ئاڭدىن، تۇغما ئىقتىدارىدىن ياتلاشتۇردى. ئىنسان ئۇچۇنمۇ ئاڭ ۋە تەپەككۇر تىزگىنىدىن ئايرىلغان ئېنىستىنكت، بولۇپمۇ تۇغما جىنسىي خاھىش چەكلىنىشى، تىزگىنلىنىشى لازىم بولدى.

ئىنسان روھىيىتى خۇددى ئوتتۇرىسى ئۈزۈلگەن تاقا شەكلىدىكى ماگنىتتەك، كۆڭۈلگە لايىق نەرسە بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە، مۇھەببەت خاھىشى بىلەن ئەخلاق نىزامى ئارىسىدا توختىماي پىرقىراشتىن مەڭگۈ خالاس بولالماسلىق سېفىراسىغا جايلاشتى. مانا بۇ تەقۋادار كاھىنلار، سوخەنساز ئەخلاقشۇناسلار، مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار يوشۇرۇپ كەلگەن چىنلىق ــ ئىنسان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



روھىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش قانۇنى. قىزىقارلىق تەققاس: كىشىلەر مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. ۋاھالەنكى، ئاشۇ نۇرانە پەرزەنتىنىڭ تۆت كوچا ئاغزىدا كىرىست دارىغا مىخلىنىپ تۇرغان تەقدىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈشمەيدۇ ...

## 4. ئىنسان روھىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە كۆپ قاتلاملىقى

ئىنسان گەرچە جانلىق تەبىئەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەمەرىسى بولسىمۇ، ئۇ ئاڭسىز تەبىئەت مۆجىزىسى بولماستىن، يەنىلا ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە بولغان مەدەنىيەت مۆجىزىسىدىن ئىبارەت. ئىنسان ئۈچۈن خاس بولغان بىر قاتار فىزىيولوگىيەلىك تۇغما ئىقتىدار ھادىسىسى يەنىلا ئىنسان ئۈچۈنمۇ خاس بولغان پىسخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن شەكىللىنىدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە ئىنساندا ئەقلىي بىلىش ئەقلىي ئاڭ ئارقىلىق مەيدانغا كەلمەيدىغان ياكى بۇنداق بىلىش ۋە ئاڭ ئارقىلىق بىردىن تەرك ئېتىپ بولمايدىغان بىر قاتار ئىنستىنكتىلىق پوتېنسىيال ئاڭ خاراكتېرلىك روھىي ھادىسىلەر، ئەڭ ئالدى بىلەن ھېسسىي، كۆڭۈل تۈسىنى ئالغان ھادىسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىنسانغا خاس بولۇپ، پۈتۈنلەي ھايۋانىي ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ نۇقتا بولمىغان بولسا، ئىككىگە بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى سادىر قىلىدىغان بىر پۈتۈن ئىنسان روھىيىتى توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

دەرھەقىقەت، ئىنسان بىيولوگىيەلىك تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي (مەدەنىيەت) تۈزۈلمىگە ئىگە مۆجىزە. شۇنىڭدەك ئىنسان بىيولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە خاھىش، ئىجتىمائىي ئېھتىياج ۋە خاھىشقا ئىگە مەۋجۇدات. ئىنساندىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي خاھىش ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى،

ئېھتىياجى ئاساسىدا بىر خىل «لىبىدۇ»[1]، ئىنتىلىش ۋە بېغىشلاش شەكلىدە تەجەللى بولىدۇ، ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بۇ ئومۇمەن سەۋەبىياتلىق، قانۇنىيەتلىك بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئىلمى تەپەككۇرغا — ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

ئىنساننىڭ بىيولوگىيەلىك تۈزۈلمىسى نوقۇل جىنسىي تۈزۈلمە بولماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى، ھاياتىي خاھىشى، ھاياتلىق كامالىتى بولغان ساغلاملىقتا بولغان ئىنتىلىشنى تەمىنلەيدىغان ھاياتلىق تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت. يەندە «ئائۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان، ئادەمنىڭ بەدەن ھالىتى سىرتىنى قاپلاپ تۇرىدىغان بىر قاتلام ھاياتىي نۇر چەمبىرىكى ۋە بۇ ئائۇرا قاتلىمىنىڭ سۈپەت ھالىتى دەل مۇشۇ ھاياتلىق تۈزۈلمىسى ۋە ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇددا، مانىزم ۋە خىرىستىيان رىۋايەتلىرى ئاساسىدا باش قىسمىنى قاپلاپ تۇرغان نۇر چەمبىرى بىلەن مۇقەددەس ئوبرازلارنى سىزىش ئادىتى ھازىرقى كۈندە پۈتكۈل بەدەننىڭ تاشقى نۇر چەمبىرى بولغان ئائۇرانىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغان بىر قىسمى دەپ قارالماقتا. «ئائۇرا» — ھاياتىي كۈچ بولۇپ، ئۇنىڭ «لىبىدۇ» — ئېنىستىنكتلىق ئىقتىدار (قۇۋۋەت) دىن كاتتىلىقىدا مەسىلە بولمىسا كېرەك. ماماتلىققا زىت بولغان بۇ تۈپكى ھاياتىي تۈزۈلمە، ئىقتىدار، خاھىش ۋە ئىنتىلىشنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ ئىنساندىكى باشقا بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىدار، خاھىش ۋە ئىنتىلىشنىڭ ئۇلى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ باشقا بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىدار، خاھىش ۋە ئىنتىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دىققەت قىلىڭ: ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق قىممىتى نوقۇل جانلىق تەبىئەت قىممىتى — بىيولوگىيەلىك قىممەت بولماستىن، يەنى ئىجتىمائىي قىممەت ۋە مەدەنىيەت قىممىتى! ئىنساننىڭ بىيولوگىيەلىك تۈزۈلمىسىدىكى تۇغما ئىقتىدار

[1] لىبىدۇ (Libidu) — جىنسىي ئىستەك — مۇھەررىردىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەققىدە ئالدىمىزدا ئىككى مەشھۇر مۇھاكىمە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىرى، فىرېئودنىڭ «جىنسىي خاھىش ئېنىستىنكتىنىڭ مەركىزى» دېگەن قارىشى. بۇ قاراش «ئىنساننىڭ ھايۋانلىقى — ئەسلىدىكى مەنلىكتۇر» دېگەن تېزىسقا ئاساسلانغان. ئۇنىڭ يەنە بىرى، فىرېئودتىن ئاز كەم مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ «رىسالە ئىشق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئالغان «كامالەتكە ئىنتىلىش — مۇھەببەتتۇر»، «كامالەتكە ئىنتىلىش كائىناتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى»، «ئۆزىدە بولمىغان قۇتۇپقا ئىنتىلىش، تولۇق - مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، ئەۋزەللىككە ئىنتىلىش — كامالەتكە ئىنتىلىشتۇر»، «ئىككى جىنس ئارىسىدىكى سۆيگۈ — كائىنات ئىشقىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسىدۇر» دېگەن قاراشلاردىن ئىبارەت. فىرېئود بىلەن ئىبىن سىنا بىر نەرسىنى — ئالەمنىڭ مەنپىي - مۇسبەت قانۇنىنى، زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ جازىبىدارلىقىنى، بۇ ئومۇم ھادىسىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسىنى تىلغا ئالغان.

فىرېئود روھىي كېسەللىكلەر ئۈستىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەردىن خۇددى ئىسلام سوپىزمى تىلغا ئالغان ئەقلىدىن ئايرىم، مەنتىقىي تەپەككۇردىن خالىي، ئاڭدىن تېرەن بولغان «كۆڭۈل» ئىبارىسىگە ئوخشايدىغان پوتېنسىيال ئاڭ ئاتالمىسىنى يەكۈنلىدى. ئىبىن سىنا تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى بىلەن دىيالېكتىك روھقا ئىگە راتسىيونالىزملىق سوپىزملىق قاراشلار ئۇلىدا «رىسالە ئىشق» (مۇھەببەت رىسالىسى) ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

فىرېئود گەرچە جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەت خاھىشىنى بىر - بىرىگە تۇتاشقان، ئەمما بىر - بىرى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك بولمىغان خاھىش دەپ ئىزاھلىسىمۇ، جىنسىي خاھىشنىڭ تىزگىنسىز يامراپ كەتمەسلىكىنى تىلغا ئالسىمۇ، ئۇ ئاڭدىن خالىي بولغان جىنسىي خاھىشنى تۇغما ئىقتىدارنىڭ يادروسى،

خۇشاللىق ئىنتىلىشىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆكۈمران شەكلى دەپ قارايدۇ.

ئامېرىكا پسىخولوگى ماسلوۋ ئىنساندىكى ئېھتىياجلار توغرىسىدا توختالغاندا، تۇغما ئىقتىدار (ئىنىستىنكت) نەزەرىيەسىنى بىر پۈتۈن ئىنساندىكى تەبىئىي (بىيولوگىيەلىك) ۋە ئىجتىمائىي (مەدەنىيەت) ئېھتىياج ئاساسىدا، يۇقىرى - تۆۋەنگە دەرىجىگە ئايرىپ ئىزاھلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ ئىنساندىكى ئېھتىياجنى (تەقەززا، Needs ) «بىيولوگىيەلىك ئېھتىياج»، «بىخەتەرلىك ئېھتىياجى»، «مۇھەببەت ئېھتىياجى»، «قەدىرلىنىش ئېھتىياجى»، «ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئېھتىياجى» دىن ئىبارەت بەشكە ئاجراتتى. ئۇنىڭچە، ئالدىنقى ئېھتىياج ھەل قىلىنمىغىنىدا، كېيىنكى ئېھتىياج شەكىللەنمەيدۇ. ماسلوۋمۇ تەبىئىي ئېھتىياجنى يېمەك - ئىچمەك، بىخەتەرلىك بىلەن باشلاپ، ئىنساننىڭ ئۆز ئىقتىدارى بويىچە تارىخىي تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئېھتىياجى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ماسلوۋ تىلغا ئالغان ئېھتىياج قاتلاملىرى ئىنساندىكى خاھىش ۋە پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلىرى ھېسابلانغان. مېنىڭچە، ماسلوۋ تىلغا ئالغان ئېھتىياجلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئۈچ قاتلاملىق ئېھتىياجغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن. بۇ فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە خاھىش، مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى، مەنىۋى مەدەنىيەت (بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش) ئېھتىياجى ۋە خاھىشىدىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە ئۆزى ئاچ - يالىڭاچ ھالەتتە ئۆتكۈر گەۋدىلىنىدىغان فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجدىن خالىي بولسىمۇ، كۆزى ئاچلىق تۇپەيلى مال - دۇنيا ھېرىسلىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەرنى تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج، خاھىشقا يانداشتۇرۇش مۇمكىن. ئىنساندىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلىپ، كىشىلىك مەدەنىيەت تارىخىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



تۆھپە قوشۇپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ نوقۇل فىزىيولوگىيەلىك ئوبيېكت ۋە ئائىلىۋى سۇبيېكتلىق سالاھىيەت بىلەن چەكلىنەمەيدىغان ئىجتىمائىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياج ۋە خاھىشى بىلەن فىزىيولوگىيەلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەقەللىي ئىجتىمائىي خاھىش ئارىسىدا مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى جايلاشقان.

ئىنسان روھىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكتە گەۋدىلىك رول ئوينايدىغان مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى ھەققىدە ئايرىم توختىلىش جايىز.

## 5. مۇھەببەت خاھىشىنىڭ ئىنسان روھىيىتىدىكى ئورنى

مۇھەببەت ــ نوقۇل جىنسىي خاھىش بولماستىن، «ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنى ــ كامالەتكە ئىنتىلىش» ۋە ئۇنىڭ «ئىككى جىنس ئارىسىدىكى ئىپادىسى» (ئىبن سىنا)، «ھاياتلىق ئىستىكى» (گوركىي)، «بارچە ھېسسىياتنىڭ ئەۋجى ۋە غالىبى» (ھېنرىخ ھېينى)، «بىزنى قايتا يارانقۇچى قۇدرەت» (دوستويېۋسكىي)، «مەھبۇب ھاياتىغا قوشۇلۇپ ياشاش» (ل. تولستوي)، «بەخت خەزىنىسى» (موللېر) ...

مۇھەببەت ــ ئىنساننىڭ تۇغما ئىقتىدارىدىكى جىنسىي خاھىشىدا، ئىنساننىڭ ئاڭ ۋە ئىختىيارىدىكى ئىجتىمائىي تەلپۈنۈشىدە، قىسقىسى ئىنساننىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، تەقەززاسى ۋە خاھىشىدا ئىپادىلەنگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتچانلىقىنى قارماپ تۇرغان ئۇلۇغ ئالەم قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنساندىكى ئىككى كىنەزلىك قاتلىمىنىڭ بىرلىك ھالقىسى، ئىنسان ھاياتىغا ماھىيەت، ئىقتىدار ۋە قىممەت بېغىشلىغۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ماماتلىق خاھىشىغا زىت ھاياتلىق خاھىشى ماھىيەتتە يەنىلا

مۇھەببەت ــ كامالەتكە ئىنتىلىش خاھىشىدۇر.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، مۇھەببەت ئېھتىياجى ۋە خاھىشى قارىماققا خۇددى ماسلوۋ كۆرسەتكەندەك تەبئىي ئېھتىياج بىلەن ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئارىسىغا جايلاشقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ ئېھتىياج ۋە خاھىش ئاجىز ياكى كۈچلۈك ھالەتتە ئىنسان تەقەززاسى ۋە خاھىشلىرىنىڭ ھەممە قاتلىمىدىن تېپىلىدۇ. ئۇ ئاڭ، تەپەككۇر، ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەت بىلەن يېگى ھاياتىي كۈچ، مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالغان ئەڭ تۆپكى ۋە ئەڭ دائىمىي ھاياتىي تەقەززا، پائالىيەتچان خاھىش. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن «كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسە» بىلەن «ئەقىلگە مۇۋاپىق نەرسە» نىڭ مۇجەسسەم گەۋدىلىنىشى. مۇھەببەت نوقۇل ئاڭدىن خالىي تۇزۇلمىنى غىدىقلاش ۋە روھلاندۇرۇشنى ئەمەس، يەنە ئاڭ ۋە ئاڭلىق پائالىيەتنى يېتىلدۇرۇش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشنى ئۆزىگە قانائەت ۋە ئىپتىخار نۇقتىسى قىلغان. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ كۈچى يالغۇز جىنسىي خاھىشنى قوزغاش ۋە تىزگىنلەشتىلا ئەمەس، يەنە ئۇمىدسىزلىكنى يېڭىشتە، ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشتا، قېرىش ۋە ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، مۆجىزىلەر يارىتىدىغان مەنىۋى قىزغىنلىق ۋە جاسارەتتە جىلۋىلىنىدۇ. روشەنكى، مەۋجۇتلۇق قىممىتى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە بولغان ئاڭلىق بىلىشى ــ مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ھەقىقىي بۇلىقىدۇر.

بۇ يەردە تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىبن سىنانىڭ «رىسالە ئىشق» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئىبن سىنا نوقۇل جىنسىي خاھىشقا بېرىلىشنى مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ سىرتىنى كۆرگەنلىك، دەيدۇ. ئۇ پەقەت ئۈچ نەرسىگە ئېرىشىش ــ سۆيۈشمەك، قۇچاقلاشماق ۋە جىنسىي ئالاقىگە ئېرىشىش پەقەت مۇھەببەتنىڭ سۇرىتىگە ئېرىشىش بولۇپ، ئۇلار خۇددى «ئايدىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قېتىق دەپ بىلگەندەك»، مۇھەببەت ئارقىلىق ئېرىشىش لازىم بولغان ماھىيەتتىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ماھىيەت ــ ئەۋزەللىك، مۇكەممەللىك، كامالەتتىن ئىبارەت. ھەقىقىي جىنسىي تۇرمۇش ئۆز مەھبۇبىدىن ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەنىۋى يېتىلىش ۋە مەنىۋى ئەۋزەللىك ئالامەتلىرىنى تېپىش، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن قوشۇلغان ئىپتىخار تۇغدۇرىدۇ. دېمەك، مۇھەببەت خاھىشى ــ مەنىۋى ئەۋزەللىككە ئىنتىلىش خاھىشى بولۇشى لازىم.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ماسلوۋنىڭ «ئىنسان نىيىتى ھەققىدىكى نەزەرىيە» ناملىق ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇ: فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج بىلەن بىخەتەرلىك ئېھتىياج قانائەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن مۇھەببەت ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى يېڭى مەركەز بولۇپ قالىدۇ. كىشى دوست، مەھبۇب، خوتۇن، ئەر، پەرزەنت خاھىشىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە بىر قاتار روھىي زىددىيەتكە گىرىپتار بولىدۇ، دەيدۇ. مۇھەببەت خاھىشى ئۇچىغا چىققاندا، ئىنسان ئۆز روھىيىتىدىكى خاھىش چەكلەش تۈيغۇسىنىڭ تورمۇزىنى بۇزۇپ، خەتەرگە قارىماي ئىلگىرىكى تۇغما ئىقتىدار خاھىشىنىڭ قانائەتلىنىش ئەسلىمىسىنى قايتىدىن رېئاللاشتۇرۇشقا ياكى يېڭىدىن مۇنداق قانائەتلىنىشتىن قانائەتلەنمەسلىككە ئۆتۈپ، يېڭى قانائەت ئۇچۇن داۋاملىق ئىزدىنىشى مۇمكىن. مەجنۇنلۇق ئەنە شۇنداق تەلۋىلىكنىڭ ئەسەبىي شەكلى، خالاس.

ماسلوۋ ھەرقايسى خاھىشنىڭ ئورۇنلىنىشىنى شۇ خاھىشنى تۇغدۇرغان ئېھتىياجدىن باشقا، تاشقى رىغبەتلەندۈرگۈچى ئوبيېكت بىلەن ئىچكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجرىتىپ قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ. مۇھەببەت خاھىشىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلە شۇ يەردىكى، تولا ئادەم فىزىيولوگىيەلىك ۋە ئەقلىي ئىجتىمائىي خاھىشنى ھەل

قىلغاندىن كېيىن، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقىل ۋە ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ ئىنسانىيەتكە تۆھپە قالدۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۆتمەي، مۇھەببەت خاھىشىدا لەيلەپ ياكى چۆكۈپ قالىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئىبىن سىنا ئېيتقاندەك مۇھەببەت سۈرىتىگە ئېرىشىپ، مۇھەببەت ماھىيىتىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر. روھىيەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇلارنى ئۆزىنى، ئۆز مۇھىتىنى بىلىش ئارقىلىق كامالەتكە رىغبەتلەندۇرۇش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

مۇھەببەت ئۈچۈن «لىبىدۇ» (جىنسىي ئىستەك) ئاددىيلا جىنسىي ئىقتىدار ئەمەس، ئۇ ئەۋزەللىكنى قوبۇل قىلىش بىلەن كامالەت (تۆھپە، قىممەت) بېغىشلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدە، ئادەم ئۆلۈپ، ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇجەسسەم بىيوفىزىك نۇر چەمبىرى «ئائۇرا» ئۆچكەندىن كېيىنمۇ بۇ كامىل مەنىدىكى «لىبىدۇ» ئۇزاق ساقلىنىشى مۇمكىن.

## 6. يېڭىچە روھىي مەدەنىيەت: كۆڭۈل بىلەن ئالەمنىڭ ھەمجەھەتلىكى

ماقالىمىزنى «ئىنسان — كائىناتنىڭ مەركىزى» دېگەن ھۆكۈم بىلەن باشلىغانىدۇق. پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى بىلەن جىمىكى «فىزىكا» ۋە «مېتافىزىكا» پەنلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ ئۆز - ئۆزى ھەققىدە تېخى ئىپتىدائىي ئىزدىنىش بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىلاھىيەت ھەققىدە ياراتقان «نەزەرىيەۋى دۇنيا»، «ئەقىدىلەر دۇنياسى»، «تەسەۋۋۇر دۇنياسى»، «باقىي ئالەم» قاراشلىرى ھەممىدە بولۇپ ئۆتكەن ۋە كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇۋاتقان رېئال دۇنيا ھادىسىلىرى بىلەن نەقەدەر كەسكىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



سېلىشتۇرما ــ ھە؟!

ئىنسان ئۆزى ھەققىدە ئىزدەنگىنىگە بىرقانچە مىڭ يىل بولدى. بۇنداق ئىزدىنىش ئىنسانىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق ياتلىشىش تارىخى بىلەن بىللە ياتلىشىپ تۇردى. مورگان تەرىپىدىن شەرتلىك مەنىدە ئىشلىتىلگەن ئاتالمىش «سۆيلىزاتسىيە دەۋرى» ئىنسانىنىڭ ياتلىشىش تارىخى بىلەن قوشكېزەك بولۇپ تۇغۇلدى. ئىنسان ئۆزى ياراتقان ماددىي مەدەنىيەت مېۋىلىرى ئۇنىڭ تەييارتاپ ھاكىملىرى ئۈچۈن، قىرغۇچى ئوغرۇشلىرى ئۈچۈن، ئاز بىر قىسمى كۈندىلىك تىرىكچىلىك زوروۋرىيەتلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىندى. ئىنسانىيەت ياراتقان مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىدىن ھەقىقىي ئىلىم ۋە سەنئەتتىن باشقىلىرى ئىنسانىنى داۋاملىق ياتلاشتۇرۇش ۋە ئاجايىپ ــ غارايىپ ئەقىدە ــ نىزاملار بىلەن چۈشەپ قويۇش ۋاستىلىرى بولۇپ قالدى. تارىخىي دەستۇرلار ساراي ھادىسىلىرى ۋە جەڭنامىلەرنى مەركەز قىلغان سەھىپىلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەنقا قۇشى جەننەتكە كىرىپ كەتكەندەك، بەخت ــ سائادەت ئارزۇلىرى باقىي ئالەمگە قالدۇرۇلدى. ئىنسان ھەققىدىكى، بولۇپمۇ ئىنسان روھىيىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىش تىراگېدىيىلىك سەنئەت بىلەن روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ھەيدەلدى. ئانچە ــ مۇنچە باش كۆتۈرگەن ئىنسانشۇناسلىق ئاب ــ ھاۋاسى بەزىدە سوپىزم، بەزىدە بىدئەتلىك، بەزىدە بۇرژۇئا ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيەسى نامىدا ھاقارەتلەندى. «ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئىنسان» ئۆز ــ ئۆزىگە ئۆلچەم بولالمىدى. ئۇ خۇددى تۇغما ئەمادەك تېخى ئۆز سىياقىدىن بىخەۋەر پېتى قېلىۋەردى. ئىنسان ئۆز مۇھىتىنى سۈنئىي ۋە تەبىئىي بايلىقلار بىلەن بېزەش بىلەن بىللە، ئۆز روھىيىتىنى يېتەرلىك بۇلغىۋالدى. ئۇلار جىنايى مەيدانلاردا بۇلغىنىش بىلەن دىنىي ئېھراملاردا ئىستىغپار ئوقۇشنى ئارقاق ــ ئۆرۈش قىلغان ئۆمۈر پەلسەپىسىنى

يېپيېڭىۋېلىپمۇ روھىي ئازادلىققا، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشەلمىدى. بىر زامانلاردا ئىنسان تونۇشقا كىرىپ كەلگەن ئاقچا بارغانسېرى ئىنساننىڭ ھەممە ئېھتىياج ۋە خاھىشىنى ئىگىلەپ، ئىپتىدائىي ئىنسان تەسەۋۋۇردىكى تەڭرىنىڭ ئورنىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق بولغان يېگانە روھىيەت ئىلاھىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىنسان روھىيىتى ئۆز ـ ئۆزى ئۈستىدە تېخى ھېچنېمىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئاقچا توغرىسىدىكى تەخىرسىز، پۈتمەس ـ تۈگىمەس روھىيەت ئەسەبىيلىكىگە غەرق بولدى. بىز دەل مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئاستىدا، دەل مانا مۇشۇنداق ئېتىبارسىز تاشلانغان تېما ــ ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتى توغرىسىدا نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن؟

ئىنسان قايتىدىن ھەقىقىي ئىلمىي ئاساستا، بارلىق دىنىي ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئىدىيەۋى قاراش بېسىمى ھەم چەمبىرىدىن خالىي ھالدا تەتقىق قىلىنىشى لازىم.

سىۋىلىزاتسىيە (مەدەنىيەت) تارىخى ئىنساننى مەركەز ۋە مىزان قىلغان ھالدا قايتىدىن ئوپېراتسىيە قىلىنىشى، بىرقانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىنساننى ياتلاشتۇرۇش ۋە ئىنسان ماھىيەتلىرىنى ئېچىش، ئىنساننى تەرەققىياتنىڭ ۋاستىسى ياكى مەقسىتى قىلىش بويىچە تەلقىن قىلىنىشى لازىم.

ئىنساننىڭ ماددىي تۈزۈلمىسى ئۆزىنىڭ ئېلېمېنتار ئاساسلىرى بويىچە ئالەم تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش فىزىكىلىق، خىمىيەلىك تەبىئەتتىن تۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن تەبىئەت ئېلېمېنتلىرى ۋە ئېنېرگىيەلىرىنىڭ مۇجەسسەم ھەرىكەتتە تۇرغانلىقى، ئىنساننىڭ بىيولوگىيەلىك، فىزىيولوگىيەلىك، پسىخولوگىيەلىك تۈزۈلمە ۋە پائالىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ئالامەتلىرى كۆپ قاتلاملىق بىر گەۋدىلىكى ۋە ئۆزئارا ئۆتۈشچانلىقى، ئىنسان پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە ئاساسىي قاتلام ۋە ئەڭ ئالىي مۆجىزە ئىكەنلىكى تەتقىق قىلىنىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنساننىڭ تەبىئىي، فىزىيولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي كومپىلېكس (مۇجەسسەم) شەيئىلىكىگە مۇناسىپ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياج، ئىقتىدار ۋە خاھىشلىرى مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىنىشى، ياخشىلىق ياكى يامانلىق كاتېگورىيەلىرىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە تىزگىنلەش (تەتبىق قىلىنىش) دائىرىسى تولىمۇ چەكسىزلىنىپ، ئىنسان ياتلاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم.

ئىنسان روھىيىتىدە گەۋدىلەنگەن ئىقتىدار، تەقەززا ۋە خاھىشلارنىڭ زىددىيەت ۋە بوھرانلىرى ئىنساننىڭ كامالىتى، مەدەنىيىتى، ئەقىل ـ تەپەككۇرىنى يېتەكچى ۋە تىزگىنلىگۈچى كۈچ قىلغان ھالدا، ئەڭ جىددىي تۈۋەن دەرىجىلىك ئىقتىدار، تەقەززا ۋە خاھىشنى بەھرىمەن قىلىشنىڭ پازىل ۋە ئەۋزەل ئۇسۇللىرى بىلەن ھەل قىلىنىشى، نوقۇل ئىدېئولوگىيە ئارقىلىق باستۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

ئىنساننىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئىجتىمائىي خاتىرجەملىك ۋە جىنسىي تۇرمۇشتىن ئىبارەت تار دائىرىدىكى خاھىش ۋە بەھرىمەنلىك ئىچىگە چۈكۈپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەڭ زور ئىسراپچىلىقى ئىكەنلىكىدىن ئۇنى خەۋەردار قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئېلىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇشتىن ھالقىغان ئۇلۇغ تۆھپىكار (ھىممەتكار) لىققا دەۋەت قىلىش لازىم. ھىممەت — ئىنسان روھىيىتىنىڭ كامىل ماقامىدىن ئىبارەت.

ئەخلاق — ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، ئىنساننى تۈرلۈك بېسىم ئارقىلىق ئۆز ماھىيەتلىرىدىن ياتلاشتۇرىدىغان ئاتالمىش «سۆيلىزاتسىيە» دىن پەرقلىق يېڭىچە ھەقىقىي سۆيلىزاتسىيە ۋاستىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىشى؛ ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى ئىنساننىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇش قاتلاملىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ۋە تەرەققىيات بىلەن بولغان ئىجتىمائىي

ئالاقىلىرىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىق خاراكتېرىگە قارىتىشى لازىم.

تەبىئەت ئۇلۇغ مۆجىزە — ئىنسانىيەتنى ياراتتى.

ئىنسانىيەت — گۆدەكلىك ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىرقى ماددىي مۇھىتى بىلەن روھىي دۇنياسىنى شەكىللەندۈردى. ئىنسانىيەت تېخى ياش. ئۇ ئۆزىنى ئىزدەپ تاپقىنى، ئۆزىنى مەركەز قىلغىنى، يوشۇرۇن ئىقتىدارلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلغىنى، ئومۇمىيۈزلۈك كامالەتكە قاراپ راۋاجلانغىنى يوق. ئۇ ئاپەت، ئاچارچىلىق، نادانلىق، جەڭگى ـ جېدەل، بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە ئەقىدىلەر ئىچىدە تەمتىرىمەكتە، ئىگىرىماقتا. ئۇنىڭ روھىيىتى ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن — ھازىرقى مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن توغرا تاناسىپ. ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ تارىخىي سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن. ئىنسانىيەتنىڭ تىزگىنسىز بۇلغىنىشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى يەر يۈزىدە ئىنسانىيەت ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتمىسىلا، ئىنسانىيەت روھىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ پارلاق پەللىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

1993 ـ يىلى 21 ـ ئاپرېل

www.uyghurkitap.com



# يىپەك يولىنىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە «تۆگىقۇشى» روھى

«ئويغاتماق — ئەڭ مۇشكۇل ئىش، چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ.»

— «نىجادىيەتنامە» دىن

يۇرتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى شۆھرەتلىك مەدەنىيەت گۈلزارىنى سۇغىرىپ كەلگەن خەلقئارا ئالاقە يولى — «كارۋان بۇيۇك» — «يىپەك يولى» قايتا ئېچىلدى! مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى يېقىنقى زامان دېگىز - ئوكيان قاتنىشىغىچە داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان «تۆگە» يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىدا قايتا نامايان قىلىندى. بىزنى تەقەززا قىلغان كەلگۈسى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان كەلگۈسىگە ئايلانماقتا!

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان يىپەك يولى زامانلىرىدا ئەجدادلىرىمىز شەھەر - قەلئەلەرنى ھالقا قىلغان ئاۋات بوستان مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ھۈنەرپەز ۋە خەلقئارا سودىگەر خەلق سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان، پەلسەپە ۋە تەبىئەت پەنلىرىدە قامۇسىي ئالىملارنى يېتىلدۈرگەن، مۇشۇ ئاساستا سەنئەتتە داڭق قازانغانىدى. ئۇ چاغدىكى تەكلىماكان چۆللۈكى دىيارى مەدەنىيەت چۆللۈكى ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولماستىن، ئەكسىچە سايا - ھەتنامە مۇئەللىپلىرىگە ئالتۇن ئىلھام بېغىشلىغان مەدەنىيەت دەھلىزى ئىدى.

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان ئاۋات ئەسىرلەر خارابىلىرىنى ئوغۇت قىلىپمۇ باياشاتلىققا ئىگە بولالمىدۇق. ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» سىما قىلىنغان يېڭى ئەسىرلەر تىزمىسى ئالدىدا تۇرىمىز. بۇ غايەت كاتتا ھادىسىنى يېتەرلىك مەنىسى بىلەن ھېس قىلىدىغان

كىشىلەر ئاز بولىسىمۇ، ئۇنى كەلگۈسى تارىخچىلىرى ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدۇ.

ئويلاپ قالدىم، «توگە» بىلەن «قاناتلىق توگە» نىشانلانغان تارىخىي دەۋرلەر ئارىسىدا ئۆتكەن زۇلمەتلىك ئەسىرلەرگە نېمىنى سىمۋول قىلىش لازىم؟ بۇ بىر سىمۋولنىڭ ئىخچاملاش ۋە ھېس قىلدۇرۇپ تەربىيەلەش كۈچى ناھايىتى چوڭغۇ! مېنىڭچە «توگىقۇشى» نى سىمۋول قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە!

شۇنداق، بىز بۇ جاھالەتلىك ئەسىرلەردە ئىلىم ۋە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ مۇرىتۋازلىقى لاتقىسىغا پاتتۇق. «ئاق تاغ» لىق، «قارا تاغ» لىق (ئەسلىي توغرىسى «ئاق تەقىيە ــ ئاق بۆك»، «قارا تەقىيە ــ قارا بۆك ياكى تەلپەك» ـ تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) بولۇۋېلىپ قان تۆكتۇق، ئويغاتقۇچى بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى، ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى) ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى خارلاپ، سىرتتىن كەلگەن مەخدۇم ئەزەم، يۇسۇپ چاخموزىلارنى ئەۋلىيا قىلىۋېلىپ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ ياتتۇق. قولىمىزدىن كەلگىنى داپ تاراخشىتىپ ئۇسسۇل ئويناش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىزلىق بولدى! ئاخىرى بىر تال قەنت، بىر تال سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق!

يېپەك يولىنىڭ خارابىلىشىشى خەلقئارا تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى. بىز بۇ تاشقى مۇھىت ئىچىدە بارغانسېرى بېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇق. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى بىرقانچە ۋىلايەت ـ ناھىيە بويىچە قاماپ تاشلاپ، بىر ـ بىرىدىن ئۈركۈيدىغان، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدىغان «يۇرتۋازلىق پىسخولوگىيەسى» تەييارلىنىۋالدۇق. بىر زامانلاردا ۋاڭ يەندى، ياللۇغ چۇسەي، ماركوپولو ۋە بىر توپ ئەرەب ساياھەتچىسى قەلىمىدە ئىزچىل «ئۇيغۇر» دەپ تىلغا ئېلىنغان ئىبارە كېيىنچە رادلوف، مالوف، چوقان ۋەلىخانوف... قاتارلىقلار قەلىمىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



«قومۇللۇقلار»، «تۇرپانلىقلار»، «تارانچىلار»، «دولانلار»، «قەشقەرلىكلەر»، «ماچىنلىقلار» دەپ يېزىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئىبارىسى پەقەت «سېرىق ئۇيغۇر» لارنىڭ نامىدىلا قالدى. گەرچە بۇ ئەسىردە يېڭى مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ ئىلھامىدا «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ھەممىمىز ئېغىزدا، قەغەزدە، ۋىۋىسكا ۋە تامغىلاردا ئېتىراپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن روھىيەتتە، ئاستىنقى ئاڭدا تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدۇق. مۇھەببەت ـ نەپرەت سىزىقىدا، ھالاۋەت تەقسىم قىلىش چۆمۈچىدە، مەسىلە ھەل قىلىش تەستىقىدا، دوستلىشىش ۋە مۇراسىم داستىخانلىرىدا، باھا ـ تەقرىز زوۋانلىرىدا، ئۆرلەش ـ چۈشۈش تاناپلىرىدا، كىرىم ـ چىقىم سېتكىلىرىدا تېخى «ئۆز يۇرت بالىسى»، «ئۆزگە يۇرت كالىسى» ئالاھىدىلىقى ئېغىر! مىللىي مەدەنىيەت ئارغىماقلىرىنىڭ بەيگىسىگە قويۇلغان تۇسۇق شادىلىرى ھەربىر يۇرت بويىچە بىردەك ئەمەس! بۇ بولمىغۇر، ھالاك قىلغۇچى ئاپەتنى جىن ـ شەيتانلار ئەمەس، «ئۆز يۇرت» ئەزىمەتلىرى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. تاماقخانىلارغا كىرىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، خىزمەت تەقسىماتىدىمۇ «ئۆز يۇرت»، ماقالە ـ كىتاب نەشر قىلىشتىمۇ «ئۆز يۇرت!» پەقەت «توتېم» پاسونىدا بەدەنگە گۈل چېكىش بىلەن «شامان» قىياپىتىدە گىرىم قىلىشلا قالدى!

دۇنياغا دۆلەت دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋېتىش (تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) شامىلىدا ھەربىر ناھىيەگىچە كۆپلىگەن كىتاب ـ ژۇرنال يايمىسى كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەتتا تەيۋەن، شياڭگاڭلاردىن كەلتۈرۈلگەن خەنزۇچە كىتاب ـ ژۇرناللار ئەركىن سېتىلماقتا. مەن پات ـ پاتلا ئۈچكىرىدىكى يىراق ئۆلكە ـ شەھەرلەردە چىقىدىغان ژۇرناللارنىڭ ئەسەر ئەۋەتىش تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇۋالىمەن. بۇ گۈللەش مۇھىتى بىلەن گۈللەش روھىيىتىنىڭ ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆزدەك بىرلەشكەن مەنزىرىسىنىڭ ئىپادىسى. بىزدىچۇ؟ بىر

ۋىلايەتنىڭ ژۇرنىلىنى باشقا ۋىلايەتلەردە، ھەتتا ئۈرۈمچىدە كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ياكى تەس. بىزدە خېلى كۆپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ خۇددى مەھبۇس تامىقىدەك ئۆز ـ ئۆزىنى قامال قىلغان روھىيەت سىپىلى ــ «ئۆز يۇرت» دائىرىسىدىلا ھەزىم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەربىر ۋىلايەت ژۇرنىلى «ئۆز يۇرت» كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، «ئۆز يۇرت» كىشىلىرىگىلا ئەۋەتىلىدۇ.

يېقىندىن بېرى يەرلىك شېۋىلەرنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات سۈپىتىدە ماختاپ كېڭەيتىدىغان، يەنە ئىسىم ـ فامىلىلەر ئاخىرىغا «ئاتۇشىي»، «كەلپىنىي»، «دولانىي»، «لەمجىنىي»... دېگەنلەرنى، ھەتتا تېخىمۇ كىچىك كەنت نامىلىرىنى قوشۇپ ئاتايدىغان باشلامچىلار چىقىپ قالدى! يىراق ئەللەردە مۇساپىرەتتە قوللىنىلغان بۇ يۇرت نامىلىرىنى ئۆز يۇرتىدا «توتېم» ئۈرۈۋقداشلىقى تامغىسى قىلىۋېلىش قايسى روھىيەتتىن ئېتىلىپ چىققاندۇ ـ ھە؟! يېڭى يىپەك يولى ئېچىلدى! ئەمما مەھەللىۋى مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنىڭ پىچىتى بۇزۇلغىنى يوق! «قاناتلىق تۆگە» پائالىيەتكە كىرىشتى! ئەمما «تۆگىقۇشى» بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشتىن خالاس بولغىنى يوق! بۇ ھال داۋاملىشىدىكەن، قەدىمكى يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى بولغان ئۇيغۇرلار خۇددى كۆكۈم ـ تالقان بولغان بۇتۇلكا سۇنۇقلىرىدەك بىر زاماندىكى شېشىلىك ھالىدىن قالغان كىرىستاللىرىنى ئاپتاپ نۇرىدا يالتىرىتىپ ماختىنىشتىن ئۆزگە يېڭى شەربەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ يېڭى يىپەك يولى ھېكمەتلىرىدىن داۋاملىق چەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ھەي، ئەتتەڭ! لۇشۇن ئەپەندى «ئاكيۇ» روھىنى سىزىپ بەرگەندەك، «تۆگىقۇشى» ئەرۋاھىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئەقىل ۋە قول قاچان قەلەم تۇتاركى ...

1993 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەسىر يالدامىلىرى

(نەسىرلەر)

## قارىغاي خىياللىرى

تاغ باغرىنى باغىرلاپ ئاققان كىچىككىنە جىلغا سۈيى تاشتىن ـ تاشقا سوقۇلۇپ، كۆۋەجەپ، ئۇششاق بۇژغۇنلار چېچىپ، ئۆز ئېقىمىدا تېيىز سايلار، تېرەن ھاڭلار ۋە چوقچايغان قورام تاشلارنى قالدۇرۇپ، مىليون ـ مىليون يىلدىن بېرىقى شىۋىرلىغان ناخشىلىرىنى تەكرارلاپ، راۋان بولماقتا.

تاغ باغرىنى قاپلاپ بولۇق قەد كۆتەرگەن چەكسىز قارىغايلىق ۋىژىلدىغان شىۋىرغانلىق قار چاچقۇلىرى بىلەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئۈچەتەك زىننەتلەپ، بەئەينى قەدىمكى چەۋەندازلاردەك ئەزىمەت گەۋدىسىنى جىلغا بويىغا قارىتىپ، ئالەم كارامەتلىرىنى كۆزەتمەكتە.

ئەمدىلەتىن ئۈستى ـ ئۈستىگە توزغاقتەك پەي تاقىغان قارلىق ساھىل لېۋىدە، سۇمبات قارىغايلار ئالدىدىن خۇددى تىقما ـ تىقما زىچ مەھەللىلەردىكى غەيۋەتخۇمار خوتۇنلاردەك ھاياتلىقنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ پېرسوناژلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئەنە، تېزەك پارچىلىرىدىن پىلانىتا ياساپ، ئۆز سەمەرىلىرىنى دومىلىتىپ، مۇدۇرۇپ ـ يىقىلىپ، ھېرىپ ـ تېلىقىپ، دىرىلدەپ كېتىۋاتقان قوڭغۇز...

ئەنە، ئالدىدىلا تېنەپ ـ تەمتىرەپ كۆزگە سېمىزلىكى بىلەن قىش غېمىدا پايپېتەك كېتىۋاتقان قوڭغۇزنىڭ ئەجىلىنى

نەشتىرىگە توختىتىپ خىرقىراپ خىرىس سىلىۋاتقان سىھىرلىك يىلان…

ئەنە، قۇيرۇقلىرىنى ئىچىگە تىقىپ سوكۇلداپ كېتىۋاتقان سوزۇنچاق ئورۇق قانجۇقنىڭ ئارقىسىدىن ھۇلۇقۇپ ـ ھودۇقۇپ، ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ، بىر ـ بىرىدىن بەتتەررەك يورغىلىشىپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئىت…

ئەنە، ھەممىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ چۆچۈتۈپ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقان ئىت قوشقان چانا. ئۇنىڭدا تۈلكە جۇۋىسىغا پۈركىنىپ، ئېيىق تېرىسى كۆرپىسىدە زوڭزايغان بىرسىنىڭ بۆرە تۇمشۇقى ناسۋال قاپىقىدەك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. چانىدىكى ئىككى ئارغامچىدا بەشتىن ئون ئىت خۇددى مەبۇد يۆتكىگەن راھىبلاردەك زوق ـ شوخلىرى بىلەن ئويناقلاپ يۈگۈرۈشمەكتە…

ئەنە، ئاق تۈلپارغا ئاق توشقان تېرىسىدىن تەييارلانغان ئاق جۇۋىغا ئورالغان ئاق قۇدەك ئاپئاق قىزنى سىڭا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە بولغان راھەت ۋە ئامەتنىڭ ھەقىقىي خەزىنىسىنى كۆتۈرۈپ، ناخشىدەك ئاق قار ئۈستىدە ئاق مامۇقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇق…

ئەنە، تولۇقتەك ئېغىر بەدىنىنى سۆرەپ ـ تىمىسقىلاپ، يەر ئىسكەپ، ئۇياق ـ بۇياقتىن قالغان قالدۇقلارنى قويماي تېرىشتۇرۇپ كېتىۋاتقان قېرى ئېيىق…

يەنە شىۋىرغانلار قۇيۇنداپ ئۆتتى.

شىلدىرلىغان سۇ كۈمۈش قوڭغۇراقلىق مەيسىنى چاپتۇرۇپ جاھاندىن پەرۋايى پەلەك ئېقىپ كېتىۋەردى.

ھەممىنى كۆزەتكەن ۋە كۆڭلىگە پۈككەن پېشقەدەم ئەزىمەت قارىغايلار غەيۋەتلەر، قەست ـ كۆنەملەر، پەسكەشلىكلەر بىلەن ھەقىقىي ھالال سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەقىقىدە قاچان ئېغىز ئاچاركى…

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# ئەڭ ئاخىرقى مۇكاپات

رەڭگارەڭ تۇغ ـ ئەلەملەر، قىيا ـ چىيا ۋە گۈلدۈرلىگەن چاۋاك ئاۋازلىرى بىلەن تولغان ھەشەمەتلىك مەيدان. ھەر خىل چاچ پاسونى، كىيىم ـ كېچەك ئۆلگىسى، لاك سۈركەلگەن لەۋلەر ۋە كۆلكە چىراي ھۆسن ـ جامالىلارنى سىيپاپ مەستخۇش بولغان لەرزان شامال، ئاۋات ۋە مەردانە مەنزىرە…

ئات بەيگىسىدە ئاق چىپار ئېتىم ھەممە تۇلپارنى ئۇچقۇر تاپانلىرى كەينىگە قالدۇرۇپ ئۆرلىدى. بېشىمغا چاچقۇلار قوندى. قىز ـ چوكانلار مېنىمۇ، ئېتىمنىمۇ باغاشلىۋېلىشتى…

توپ تەپكىنىمدە ۋاراتار شامالغا ئېسىلىپ قالدى…

قىلىچۋازلىقتا چۈشكىنىمدە قوشنامنىڭ روھلىنىپ كەتكەن قىزى ئادەتتىكى سىپايىلىقىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، گۈل سۇنۇپ بوينۇمغا گىرە سالغىنىچە كۆزىدىن ئىللىق ياش ئۇنچىلىرىنى تۆكتى…

بوكس سۇپىسىدا بوقا پاتتاڭ، چۈپپۈرلۈق رىقابەتچىنى يىقىتقىنىم ئۇچۇن پۇتكۈل مەيداندىكىلەر ئۆرە تۇرۇپ چاۋاك ياغدۇردى …خۇشاللىق گاڭگىراشلىرىدىن ھوشۇمنى تاپقىنىمدا پۇتكۈل مەيدان خۇددى رىم خارابىسىدەك قۇيقۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. مەن ئۆزۈمنى تەنھا سەزدىم.

چېچىمنى سىلايدىغان بىرەر ئىزغىرىن شامال، لېۋىمنى سۆيىدىغان بىرەر قەترە شەبنەممۇ تېپىلمىدى. خۇددى جەڭدىن كېيىنكى جەڭگاھتىكى جەسەتلەر ئارىسىدىن قوپقان ھالسىز مەجرۇھتەك تولىمۇ تەنھالىق ۋە ئېغىر خورلۇق ھېس قىلىۋاتىمەن. قول ـ پۇتۇمنىڭ بەدىنىمدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن!

قەيەرلەردىدۇ ئات چاپتۇرۇۋاتقان، توپ تېپىۋاتقان، قىلىچ

ئۇرۇۋاتقان ۋە پومداقلىشىۋاتقان قەھرىمانغا بىغىشلانغان تەنتەنە قىيا ـ چىيالىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇمۇ تەنھالىق قوينىدا ئۆز ھوشىنى قايتا تىپىشقا يىقىنلاپ كەلمەكتە.

قولۇمنى تىپىۋالدىم. ئۇ ئالىقانلىرىنى ھەسرەتلىك دەرۋىشتەك ئىچىپ چاچلىرىم ئارىسىدا توختىدى. كاللامغا كەلگىنى مۇنۇ: لەھەتتە قايتا تىرىلگەن مۇردىدەك تەنھالىق! ئۇ قەھرىمان ئىرىشكەن ئەڭ ئاخىرقى مۇكاپات!…

## ئەسەبىيلەر ۋە سەبىيلەر

بىرەر قەھرىماننىڭ پورتىرىتىنى قىياس قىلغۇم كەلدى. قانداقتۇ پورتىرىتى سىزىلمىغان بىر ئەرۋا «قەھرىمان» دىگەن نامنى ئاڭلاپ شۇنداق روھلىنىپ كەتتى. ئۇنى «ئۇلۇغ قەھرىمان»، «بايراقدار»، «تەڭداشسىز قەيسەر» قىلىپ سىزىپ چىقماقچى بولدۇم. ئىلھام تاشقىنىمۇ ياكى بىرەر «تاختا سۇرەت» كە دۇئايى بەند قىلىنغان ئەرۋاھلارنىڭ ۋەسۋەسە سىلىشىمۇ، ئەيتاۋۇر قەھرىمان پورتىرىتىنى سىزماق بولدۇم.

مانا، تاراس بولبا!

ئۇ بۇرۇتلۇق، سالۋار تۇماق، جۇۋىلىق كۆچتۆكگۇر گەۋدىسىنى ئاتنىڭ ساغرىسىغا قوندۇرۇپ چىپىپ كەتتى.

ئۇ يالاڭ بىشىدىكى كىچىككىنە نىياز چىچىنى چىقىرىپ، قىلىن قارا دوپ ياغىچىغا ماتالغان گەۋدىسىنى ئۆز رەقىبلىرىگە ئاخىرقى پالتىدەك ئىتىپ، سىلكىنىپ غەزەپلەنمەكتە.

مانا، مەنسۇر ھەللاجى!

ئۇ قىيا ـ چىياغا تولغان ئالىمان مەيدانىدا «شارابى ئەنتەھۇر» ئىچكەن ئاشىقتەك ئىگىز ياداڭغۇ تىنىنى دار ياغىچى تۈۋىدە سۆكۈت ئىلكىگە بەند قىلىپ، خۇددى تەڭرى دەرگاھىغا قايتىۋاتقان تەڭرىدەك گاھ بۇلۇتلانغان ئالازەڭگەر ساماغا تىكىلىپ قاراپ يىنىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۆتىلىپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ مۇنداق «ۋەسلى ئىلاھىيە» دەبدەبىسىگە نەپرەت نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىغا نەپرەتلىنەتتى...

ئەنە، خوجا مەھمۇد پوچى!

ئۇ قىزىل ئۇچلۇق كۇلاسىغا يۇسۇپ چاڭمۇزىدەك كۆكۈچ سەللە ئوراپ، ئۆزىنى سەئىد ئەۋلادى، بۇخارالىق مەخدۇم ئەزەم نەسەپدارى، كۇكۇلتاش مەدرىسەسىدىن يېتىشكەن كۆك سەللە ئالەم قۇتقازغۇچى «مەھدى ئاخىرقى زامان» قىلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىغا كېلىشۋالدى. ئۇ ئۆز ئەسەبىيلىكلىرىگە لايىق جاھالەت ئەھلىدىن سەبىي چۈشەنچىلەرنى بايقىۋالغاندىن كېيىن، ھىيلە ـ قەست بىلەن ئەزەمخان سۇلتان ۋە ئەمىر ئابدۇروسۇلبەگنى «ئىلى سانغۇنىنىڭ جاسۇسى» دەپ ئىغۋا توقۇپ، ئۇلارنى نادانلارنىڭ تىغىدا، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇپ قەتل قىلدۇرۇپ، بىرنەچچە كۈن «سۇلتان مەھمۇد خوجا سەئىد بۇخارىي» بولۇۋالدى. ئەسەبىي ھىيلە ۋە سەبىي ئالدىنىش توزاڭلىرىدىن ھوشنى تاپقان ئەل ئۆز كۆزىنى ئاچقاندا، بۇ «ئالەم قۇتقازغۇچى مەھدى ئاخىر زامان» ئىلى سانغۇنىنىڭ پاناھىغا ئۆزىنى ئاتقاندى! ئەمما ئۇنى بىر قول — تارىخنىڭ ئادالىتى يۇلۇۋالدى. ئۇ بېشى گەۋدىسىدىن، شۆھرىتى ھەيۋىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولغانىدى.

ئەمما ئۇنىڭ ئەرۋاھى قاچتى! ئۇنى تاراس بولبا يېقىن يولاتمىدى، مەنسۇر ھەللاجى يېقىن يولاتمىدى. ئۇ يۇز يىل سەرگەردانلىقتىن كېيىن بىشىغا چاچ قويىدى، شىلەپە كىيدى، كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا ھېلىقى «ساتقۇنلۇققا قارشى تۇرماق» تىنىمۇ مۇقەددەس ياڭراق كەلىمىسىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىۋالدى. ئۇ ئەمدى تالاشقۇدەك ھېچقانداق سۇلتانلىق، سەردارلىق ھەتتا خانىقا پىرىي كامىللىقىنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، مەشرەپ ۋە مەسچىت تالىشىشىغا چۈشتى. ئۇنىڭ قولىدىكى قەلىمى خۇددى خوجا مەھمۇد پوچىنىڭ ھاسىسىدەك ھەرقانداق نۇرانە باشقا

«مۇناپىقلىق!» دەپلا تەگسە، ئۇنى نابۇت قىلماي قالمايتتى.

تارىخمۇ ئۆسۈپ قالدى. ھەزرىتى ئادەمئاتا ۋە ھەۋۋا ئانا بىلەن كۆز ئاچقان تارىخ ھەممە ئەسەبىيلىكنى بەربات قىلىپ، ئىنسانىيەتكە، بولۇپمۇ سەبىي باللارغا ئۆز ھامىيلىقىنى توختاتمايدىغانلىقىنى ئۇ قانداق بىلسۇن!

ئۇ بەرىبىر ئالدىرايدۇ. چۈنكى ئۇ پورتىرىتسىز ئەرۋاھ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پوئېتىكا①

## مۇقەددىمە

*«شېئىر يېزىش تارىخ يېزىشقا قارىغاندا پەلسەپىلىك مەنىدارلىققا تېخىمۇ باي بولغاچقا، جىددىي مۇئامىلە قىلىشقا لايىقتۇر.»*

— ئارىستوتېل: «پوئېتىكا»

### 1. ئىنسانىنىڭ شېئىرىي روھىيىتى

ئىنسان — تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالىي مۆجىزىسى، مەنىۋى ئىقتىدارغا ئىگە ئىجتىمائىي ھايۋان، تامغا ئارقىلىق ئۆچۈر قالدۇرىدىغان ئىجادىيەت سۇبيېكتىدىن ئىبارەت.

ئىنسان — تەبىئەتتە بىردىنبىر بىلىش ئىقتىدارىغا، ئەكس ئېتىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا، ئىجادىي تەسەۋۋۇر ۋە مەنتىقىي تەپەككۇر ئىقتىدارىغا، ئۆزىنى ۋە ئۆز مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي تۈركۇم. ئىنسان تۇپەيلى تەبىئەت «ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش» مۇمكىنلىكىگە مۇيەسسەر بولغان.

شېئىرىي پائالىيەت — ئىنسان روھىيىتىدىكى «پوتېنسىيال ئاڭ»، ئالدىنقى ئاڭ ۋە مەنتىقىي ئاڭ قاتلاملىرىغا كەڭ ۋە تېرەن يىلتىز تارتقان، ئىنسانىنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتى، رىتىمدار تىل ۋە كەيپىياتىنى جانلاندۇرىدىغان ئېستېتىك پائالىيەتتىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە يارالغان ھەم بىللە راۋاجلانغان

---

① بۇ ئالىمنىڭ شېئىرىيەت نەزەرىيەسى ھەققىدىكى «ئانالىتىك پوئېتىكا» دېگەن كىتابىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى بولۇپ، ئۆمرىنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبلىك ئاخىرلاشتۇرالمىغان. شۇنداقتىمۇ بىز يېزىلىپ تۈگىگەن قىسمىنى ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە سۇندۇق. — نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

بولغاچقا، ئىنسانىيەت شېئىرىيەتتىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسان ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت ۋە ئەمگەك رىتىمدارلىقى تەسىرىدە، مۇھىت ۋە پىكىر - ھېسسىيات ئۆزگىرىشلىرى تەسىرىدە، تىل - نۇتۇق تۈزۈلمىسىدىكى مەپتۇنكار كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدە ئۆز روھىيىتىدە شېئىرىيەت بىخلىرىنى بايقىدى. تۇرمۇش ئۈچۈن بولغان كۈرەش ئىپتىدائىي ئىنساندا ئەمگەك ۋە ئېتىقاد تورىنى شەكىللەندۈردى. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنىۋى ئەقىدىلەر ئارقاق ۋە ئۆرۈش قىلىنغان ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇش قاراشلىرى ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ روھىي تۈزۈلمىسى بىلەن پائالىيەت ئالامەتلىرىنىڭ ئۆلىنى تۈزدى. شېئىرىيەت دەل ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىپادىسى ۋە ئۈچۈرى شەكلىدە مەيدانغا كەلدى. ھازىرقى زامان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە قانداق ئىزاھلىغۇچى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىسۇن، سەنئەت، جۈملىدىن شېئىرىيەت ئەڭ دەسلەپتە ساپ ياكى نوقۇل سەنئەت قىممىتىدىكى ئېستېتىك ئېھتىياج نەتىجىسى بولۇپ ئەمەس، بەلكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش مۇھىتى ۋە بىلىش دەرىجىسىدىكى ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ بىۋاسىتە مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى، يېمەك - ئىچمەك ۋە بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، تەشكىللىنىش ۋە ئەقىدە ئېھتىياجى، ئەمگەك (كۈرەش) ــــ نەسىل قالدۇرۇش ۋە مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئېھتىياجى تۈپەيلى، ئۇنىڭ شەرتى، ۋاستىسى، شەكلى ۋە ئىپادىسى تەرىقىسىدە تەدرىجىي مەيدانغا چىقتى. بۇ بىر تولىمۇ ئۇزاق داۋام قىلغان تارىخىي باسقۇچتا «سەنئەت ئېڭى» ۋە «سەنئەت ھادىسىلىرى» «ئۆزى ئۈچۈن نەرسە» سالاھىيىتىگە ئېرىشمىگەن. ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى (دىنىي) ئەقىدە ئېڭى ۋە ھادىسىلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان. بۇ تارىخىي باسقۇچتا سەنئەت مەنپەئەتدارلىق ۋاستىسى بولۇپ، مەنپەئەتدارلىقتىن ھالقىغان ئېستېتىك زوق ۋە بەدىئىي لەززەت ئوبيېكتى ھېسابلانمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىپتىدائىي ئىنسان تۇرمۇشىدا رىتىمدارلىقى روشەن بولغان بەدەن مۇزىكىسى — ئۇسسۇل بىلەن تىل ـ نۇتۇق مۇزىكىسى بولغان شېئىرىيەت ئىنتايىن سېھىرلىك ۋە مەپتۇنكار روھىي ھادىسە ھېسابلانىدى. تېز ئارىدىلا ئاددىي ئاۋاز ئارقىلىق رىتىم ھاسىل قىلىنىدىغان سوقما ۋە پۈۋلىمە چالغۇ قوراللىرى ئۇلارغا قوشۇلدى. دەسلەپكى ئۇرۇقداش قەبىلىلەر ھاياتىدىكى توتېملىق ۋە ئەپسۇنكارلىق مىراسىملىرىدا مۇزىكا ـ ئۇسسۇل، شېئىر ـ قوشاق بىر گەۋدىگە ئايلاندى. مېنىڭچە، ھەرقايسى خەلقنىڭ شېئىر ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللىرىدىكى ئاساسلىق رىتىملىك، ئۇدار — تېمپلىق، ۋەزىن ـ بەھرىلىك مېلودىك ئالامەتلەر ئەنە شۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكەت رىتىمى، فونېتىك ۋە گامماللىق تاۋۇش رىتىمى بىلەن قوشۇلۇپ، ئېتنىك مەدەنىيەت خاسلىقىنى شەكىللەندۈرگەن.

شېئىرىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسان تۇرمۇشىدا «ئىلاھىيەت سۆزى» دەپ قارىلىشى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ھادىسە ئەمەس ئىدى. ئەپلاتون «ئىئاننامە» ناملىق ئەسىرىدە: «شائىر — تەڭرىنىڭ سۆزىنى قىلغۇچىدۇر» ① دېسە، گوراتىيۇس «شېئىرىيەت سەنئىتى» دېگەن ئەسىرىدە: «تەڭرىنىڭ نىيەتلىرى شېئىر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ، شېئىر تۇرمۇش يولىنى كۆرسىتىدۇ»، «ھېچقانداق نەرسە ھەقىقىي ھېسسىياتنىڭ ئۇرغۇپ چىقىشىدەك مۇقەررەرلىككە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، بۇنداق ھەقىقىي ھېسسىيات خۇددى مەستخۇشلۇق ۋە ئەسەبىيلىكتەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان شېئىرنى ئاڭلىغاندا خۇددى تەڭرىنىڭ ساداسىدەك تۇيۇلىدۇ» ② دېگەن ئىدى. بىز قەدىمكى شامان ئېتىقادىغا نەزەر سالساق، باشقىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا بىر يۈرۈش ناخشىنى ئەپسۇن قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. چۇ يۈەننىڭ «توققۇز نەزم» ناملىق

① ئەپلاتون: «ئىئاننامە» («غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 ـ كىتاب 19 ـ بەت)

② گوراتىيۇس: «شېئىرىيەت سەنئىتى» (يۇقىرىقى كىتاب 116 ـ بەت)

كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا ئەينى زامان باخشىلىق مىراسلىرىنىڭ مۇقەددەس نەزمىلىرى ئەكس ئەتكەن[1]. «ئاۋىستا» دەستۇرى بىلەن «رىگاۋېدا» ئىلاھىيەت كىتابى جۇلانغان نەزم ـ قەسىدىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قىسىملىرىمۇ مۇقەددەس ئىلاھىيەت نەزمىلىرىدىن ئىبارەت بولغان.

شېئىرىيەتنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى ۋە شېئىر ئارقىلىق مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئىپادىلەش يېزىق پەيدا بولغان مەدەنىيەت زامانىدىن كېيىنمۇ ئىزچىللاشتى. گىرېكلار ئېراتو (Erato) نى لىرىك شېئىرىيەت ئىلاھى، كاللىيوپې (Calliope) نى داستانچىلىق ئىلاھى دەپ قارىدى. ئۇلار شائىر شېئىرىيەت ئىلاھلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبى، قەلەم ئۇچى ياكى يەڭلىرىگە كىرىۋېلىپ، ئىلھام ئاتا قىلىشلىرى نەتىجىسىدە شېئىر يازىدۇ دەپ قاراشتى. شائىرلارنىڭ تولىسى ئۆز ئەسەرلىرىنى شېئىرىيەت ئىلاھىنىڭ مەدەت بېرىشىنى تىلەشتىن باشلاشتى. بۇ ھادىسە ھەتتا يېقىنقى زامانغىچە تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن ئۆز ئەسىرىگە مۇقەددىمە تۈزۈش ئادىتى تەرىقىسىدە داۋاملاشتى.

قەدىمكى زاماندا يېزىلغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ تولىسى شېئىرىي شەكىلدە ياكى رىتىمدار شېئىرىي تىلدا يېزىلغان. لوكىرىتىسىنىڭ «ماتېرىيە» ناملىق تەبىئەت پەلسەپىسى ئەسىرى بۇ جەھەتتىكى نەمۇنە. بىز ھەرقايسى ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارىخلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئوبيېكت ۋە ھادىسىلەر شېئىرىي لېگىندا — داستان تۈسىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇنىڭدا «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»، «ماخاپخاراتا»، «رامايانا»، «گىلگامىش»، «رۇستەمى داستان» قاتارلىق تارىخىي داستانلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

شېئىرىيەت تەدرىجىي ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قىممەت شەكىللەندۈردى. ئۇ ماددىي تۇرمۇش ۋە دىنىي ئەقىدىنىڭ

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ۋاڭ يىجى تەرجىمە قىلغان: «چۇ يۈەن: توققۇز نەزم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەپسۇنكار ۋاستىسىدىن «ئۆزى ئۇچۇن» بەدىئىي قىممەت ئۆلچەملىرىگە ئىگە ئوبيېكتقا ئايلاندى. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ يەنىلا قەبىلە ۋە مىللەت ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ چىن نەرسىلەر بىلەن بىللە ياشىدى. ئۇ بىلىم ۋە ئەقىدە، فولكلور ۋە ئېتنىك تۇرمۇشنىڭ نامايەندىسى ۋە ئەينىكىگە ئايلاندى.

شېئىرىيەت خۇددى سىدنېي «شېئىرىيەتكە ھامىيلىق» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك: «ئىلىمنىڭ ئاتىسى»، «بارلىق بىلىمنىڭ جەۋھىرى، پۈتكۈل ئىلىم - پەن يۈزىدە كۆچلۈك ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات»، «ھەممىگە تونۇشلۇق ئېسىل مىللەتلەر ۋە تىللار ئىچىدە بىلىمسىلىككە دەسلەپكى نۇر بېغىشلىغۇچى دەسلەپكى ئېمىكئانا»[①] بولدى. نەتىجىدە «تاللىس، ئېمپېدوكىل، بارماندىرلار شېئىرىيەت ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىلىرىنى كۈيلىدى.»[②] خۇددى سىدنېي ئېيتقاندەك: «مەدەنىيەتسىز زامان بىلەن ياۋايى رايونلاردا باشقا ئىلىملەر رەت قىلىنىسىمۇ، پەقەت شېئىرىيەت قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىنىدىغان بولدى.»[③]

شېئىرىيەت ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆز زامانىسى مەنىۋى مۇھىتىغا يارىشا راۋاجلاندى. ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن كېيىن شېئىرىيەت ياۋروپادا ئىنساننىڭ ئەركىن روھىيىتى، ئىسلام شەرقى سوپىستىك ئەدەبىياتىدا ئىنساننىڭ ئىلاھىي مۇقەددەسلىك ماھىيىتىنى كۈيلەيدىغان گۇمانىستىك (ئىنسانپەرۋەر) ئىدىيەنىڭ شېئىرىي چەشمىسىگە ئايلاندى. شېئىرىيەت ئىزچىل يوسۇندا پەلسەپىۋى خاسىيەتلىرىنى ساقلىدى. مەشھۇر شائىرلار «ئاممىنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپى»[④] بولۇپ كەلدى. بۇ شېئىرىيەت روھىنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە ياشايدىغانلىقىنى، ئۆلمەسلىكىنى كۆرسەتتى.

① سىدنېي: «شېئىرىيەتكە ھامىيلىق» (يۇقىرىقى كىتاب 227 - بەت)
② يۇقىرىقى كىتاب 228 - بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب 228 - بەت.
④ يۇقىرىقى كىتاب 236 - بەت.

## 2. «پوئېتىكا» ــــ شېئىرىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى تەپەككۇر

پوئېتىكا ــــ گىرېكچە «$\pi o i \eta \sigma i s$» (Poietike) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ياسىماق»، «ئىجاد قىلماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. گىرېكلاردا دەسلەپتە بۇ ئىبارە تىل ـ نۇتۇق ۋاسىتە قىلىنغان بەدىئىي ئىجادىيەتكە قارىتىلغان بولۇپ، كېيىنچە «شېئىرىي سەنئەت»، «شېئىرىيەت ئىلمى» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنىشقا باشلىدى.

جۇڭگودا شېئىر ئىبارىسى «诗» خېتى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، «شاڭنامە، ياۋ تۇزۇتلىرى» دە: «شېئىر ــــ كۆڭۈل سۆزى، ناخشا بۇ سۆزنىڭ كۈيلىنىشى» دېيىلگەن.

ئەرەب تىلىدا «ئەششېئىر» ئىبارىسى بىلەن شېئىرىيەت ئىپادىلىنىدۇ. «شېئىرىيەت» ئىبارىسى كۆپلۈك مەنىدە شېئىرلار ۋە شېئىر تۈركۈملىرىنى كۆرسىتىدۇ. «نەزم» ئىبارىسى بولسا قاپىيەلىك سۆز ۋە جۈملىلەر تىزمىسىنى بىلدۈرىدۇ.

دۇنيادىكى ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ۋە شېئىرىيەت مىراسلىرى ئىنتايىن باي. شېئىرىي مەدەنىيىتى بولمىغان مەدەنىيەت ۋە خەلقلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما شېئىرىيەت ئىلمى ھەممە مىللەتكە خاس بولۇشى شەرت ئەمەس.

ھازىرغىچە شېئىرىيەت ئىلمى نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى ئۈچ تارىخىي جۇغراپىيەلىك چەمبەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇلار: گىرېك ـ رىم پوئېتىكا قاراشلىرىنى مەنبە قىلغان ياۋروپا شېئىرىيەت نەزەرىيە تۈركۈمى؛ جۇڭگو پوئېتىك قاراشلىرىنى گەۋدە قىلغان شەرقىي ئاسىيا شېئىرىيەت نەزەرىيە تۈركۈمى؛ ئەرەب شېئىرىيەت نەزەرىيە تۈركۈمىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ سىستېما بولۇپمۇ ياۋروپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋە ئىسلام شەرقى شېئىرىيەت نەزەرىيەسى سىستېمىلىرىدا يېقىن تارىخىي ۋارىسلىق رىشتىلىرى ساقلانغان، غايەت زور ئورتاقلىققا، بىردەكلىككە ئىگە بولغان.

قەدىمكى گىرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 384 ~ 322 ـ يىللار) «پوئېتىكا» ناملىق مەشھۇر ئەسەرى ئارقىلىق شېئىرىي سەنئەتنى مەركەز قىلغان قەدىمكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتە يەكۈنلىمەك بولغان. ئارىستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» ناملىق بۇ ئەسەرى غەربتە شېئىرىيەت نەزەرىيەسى بويىچە تۇنجى ئۇل قويغۇچى ئىلمىي نامايەندە بولۇپ قالغان.

ئارىستوتېلدىن كېيىن گىراتىئوس فىلاككوس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 65 ~ 9 ـ يىللار) «شېئىرىيەت سەنئىتى» ناملىق ئەسەرىدە پوئېتىكا مەسىلىلىرى ئۈستىدە كىلاسسىك مۇھاكىمە يۈرگۈزدى.

خىرىستىيان ئوتتۇرا ئەسىرى دەپ ئاتالغان ياۋروپا فېئودالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئارىستوتېلنىڭ پوئېتىك قاراشلىرى ئىلىم مۇنبىرىدىن غايىب بولدى.

ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن كېيىن گۇمانىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ ھىمايىسىدە شېئىرىيەت قايتا ئىناۋەتكە ئېرىشىپ، مۇستەقىل ئەدەبىي ژانىر بولۇپ قالدى. دانتې ئالگېرى 1305 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئاۋام تىلى» ناملىق ئەسەرى ئارقىلىق شېئىرىي تىلنى پۈتكۈل ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆلچەملىك شەكلى دەپ تەكىتلىدى. فىرانسېسكو پېتراركا (1304 ~ 1374) بىلەن بوككاچىيو (1313 ~ 1375) شېئىرىيەتكە ھامىيلىق قىلىشتى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئارىستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» ناملىق ئەسەرى تېپىلىپ، 1549 ـ يىلى ئىتالىيان تىلىدا نەشر قىلىندى. ماركوۋىدا (1480 ~ 1566) خۇددى گوراتشۇسنىڭ شۇ ناملىق ئەسەرى روھىدا ئۆزىنىڭ «شېئىرىيەت سەنئىتى» ناملىق

ئەسىرىنى يازدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن ۋېرناردو دانىئېللونىڭ «پوئېتىكا» (1536)، فىراكاسترونىڭ «شېئىرىي دىيالوگ» (1543)، سېباستىئانو مىنتورنىنىڭ «پوئېتىكا» (1559)، «شېئىرىي سەنئەت» (1564)، يولئۇس سېكالىگىرنىڭ «پوئېتىكا» (1561)، كاستېلۋېترونىڭ «ئارىستوتېل پوئېتىكىسىغا شەرھ» (1570) قاتارلىق ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلدى.

1586 ـ يىلى پاترىزىي «پوئېتىكا» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، تۇنجى قېتىم ئارىستوتېل تەقلىدىيەت نەزەرىيەسىگە قارشى چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىل ئارىستوتېل پوئېتىك قاراشلىرىنىڭ نوپۇزى تۆكۈلدى.

سىر فىلىپ سىدنېي (1554 ~ 1586) «شېئىرىيەتكە هامىيلىق» ناملىق ئەسىرىنى، بوۋىلىئاۋ (1674) «شېئىرىيەت سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئارىستوتېلنىڭ پوئېتىك قاراشلىرى قايتا نوپۇزغا ئېرىشتى.

شەرقتە ـــ جۇڭگودا شېئىرىيەت نەزەرىيەسى ئىزچىل بىر سىستېما هاسىل قىلدى.

«شاھنامە، ياۋ تۇزۇتلىرى» دە: «شېئىر ـــ كۆڭۈلنىڭ سۆزى، ناخشا بۇ سۆزنىڭ كۈيلىنىشى» دېيىلگەن.

كۇڭزى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 551 ~ 497 ـ يىللار) «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن ئەسىرىدە، مېڭزى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 390 ~ 305 ـ يىللار) «يۈن خەن» (云漠) ناملىق ئەسىرىدە شېئىرنىڭ روھلاندۇرۇش، بىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش ۋە نەپرەت قوزغاش رولىنى تىلغا ئالغان. شېئىرىيەتتە مەنىدارلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، شائىرغا قاراپ شېئىر بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى ماۋ چاڭنىڭ «ماۋ نەزمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «شېئىر قەلبتىن چىقىدۇ، قەلب كۆڭۈلدە نۇتۇق تۇزۇپ، شېئىر هاسىل قىلىدۇ» دېگەن. ماۋ چاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«نەزمنامە» دىكى شېئىر ـ قوشاقلار ئۇستىدىن كۆڭزىچىلىق سىستېمىسى بويىچە يەكۈن چىقاردى.

جۇڭ رۇڭ (468 ~ 518) نىڭ «نەزم خىسلەتلىرى» ناملىق ئەسىرى سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىگىچە ئاساسلىق شېئىرىيەت دەستۇرى ھېسابلاندى. بۇ كىتاب يۇزدىن ئارتۇق شائىرنى باھالاش ئوبيېكتى قىلىپ، شېئىرىيەتتە شەكىللىۋازلىقنى بىرىلمەي، تەبىئىي ئۇسلۇبتا يېزىش ۋە بەدىئىي جازىبدارلىققا ئىگە بولۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

بەي جۈيى (772 ~ 846) «يۈەن بىلەن يېزىشقان توققۇز مەكتۇپ» دېگەن ئەسىرىدە: «شېئىرنىڭ يىلتىزى ھېسسىيات، بىخى تىل، گۈلى ئاۋاز، مېۋىسى مەنە» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھېسسىيات بىلەن مەنىدارلىقنى تەكرارلىدى.

سى كۈڭتۇ (837 ~ 908) نىڭ «شېئىرىيەت سۈپىتىگە ئائىت 24 مىسال» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى زامان شېئىر ـ نەزم ۋەزنلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

يەن يۈي «ساڭلاڭ نەزم سۆھبىتى» ناملىق ئەسىرىدە: «شېئىر ھېسسىياتنى كۈيلىمەكتۇر» دېدى ۋە شائىرنىڭ ھېسسىياتى بىلەن تىل ماھارىتىنى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلدى.

شې جىن «تۆت دېڭىزدا نەزم سۆھبىتى» دېگەن كىتابىدا: «شېئىر ھېسسىيات ۋە مەنزىرىنى تەسۋىرلەيدۇ؛ تەقلىد قوشۇلۇپ (ئېرىپ) كېتىش ــ جۇلالاندۇرۇش» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يې شيې (1627 ~ 1703) نىڭ «ئەسلىي نەزم» ناملىق ئەسىرى جۇڭگو فېئوداللىق تارىخىدىكى ئاخىرقى نامايەندە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا شېئىرىيەت نەزەرىيەسىگە ئائىت بىرقەدەر نوپۇزلۇق نامايەندە سىر دەريا (جەيھۇن) بويىدىكى ئوترارلىق پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر فارابىي ئەتتۇركى (873 ~

950) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، فارابىي پەيلاسوپ ۋە قامۇسىي ئالىملىقى تۈپەيلى ئالاھىدە دىققەت مەركىزىگە ئايلانغان. فارابىي ئۇستازى ئەبۇ مەشەر مەتتەنىڭ قەدىمكى سۈرىيە (شام) تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان ئارىستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» سىنى ئۆگەندى. پەيلاسوپ شائىر سۆپىتىدە شېئىرلار يازدى ۋە «شېئىر ۋە قاپىيە ھەققىدە»، «شېئىرىي سەنئەت قانۇنلىرى ھەققىدە» ناملىق خاس ئەسەرلەرنى يازدى. فارابىي قاپىيە، ئوبراز، تەسەۋۋۇر، شېئىرىي تۈر، گىرىك شېئىرىيىتى مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالدى.

ئىسلام شەرقىدە فارابىيدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تاكى ئەلشىر نەۋايىگىچە پوئېتىكا توغرىسىدا مەيدانغا كەلگەن مۇھىم ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە بولدى:

خەلىل ئىبنى ئەھمەد (؟ ~786) ــــ «ئارۇز» نەزەرىيەسىگە ئاساس سالغۇچى پېشۋا. ئۇ بەھرىلەرنى 15 تۈرگە ئاجراتتى[1]، ئىبنى ھەسەن ئەھمەتنى ئۇلارغا بىرنى قوشۇپ 16 قىلدى.

ئەلجاھىز (775 ~869)، «كىتابۇل بەدىئىي»نىڭ مۇئەللىپى ئىبنۇل مۇئەتتەز (861 ~908)، ئەبۇل فەرەز ئەل ئىسفاھانىي (897 ~967)، «نەقدىئەشېئىر» (شېئىرىيەت تەنقىدى)نىڭ مۇئەل-لىپى قۇدامە ئىبنى جەففار (؟ ~922)، «ئەلمۇجەم فى مەئاپىرى ئەششۇ ئارۇل ئەجەم» (ئەجەم شېئىرىيەت بەھرىلىرىنىڭ مۇجەسسەم دەستۇرى)نىڭ مۇئەللىپى شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى قەيس رازى، «مىفتاھىل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نىڭ مۇئەللىپى سىراجىددىن سەككاكىي (؟ ~1228)، مەشھۇر ئاسترونوم، پەيلا-سوپ، شائىر، «سىيارۇل ئەششار» (شېئىرىيەت ئۇسۇللىرى) نىڭ مۇئەللىپى نەسرىددىن مۇھەممەد تۇسى (1201 ~ 1274)، «تىبيا-نول بايان» نىڭ مۇئەللىپى ئىبنۇل ئەسىر، «ھەدايىئۇس» نىڭ مۇ-ئەللىپى رەشىدىدىن ۋاتۋاتى، «كەششاپ» نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد

[1] ئاتائۇللا ھۈسەينى: «بەدايىئۇس سەنائى»، تاشكەنت نەشرى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



زەمەخشەرىي، جۇملىدىن مەۋلانە ئەمىر سەئىد شەرىف (1330 ~ 1414) قاتارلىق ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرى ئەرەب ـ ئەجەم ـ تۈركىي شېئىرىيەتلىرى ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە توختالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قابۇسنامە» نىڭ مۇئەللىپى قابۇس كەيكاۋۇس ئۆز ئەسەرلىرىدە شېئىر ۋە شائىر، تىل گۈزەللىكى ۋە تىل سەنئىتى ھەققىدە توختالدى.

ئاتائۇللا ھۇسەينى (؟ ~ 1513) «بەدايىئۇس سەنائى» («بەدايىئۇس ئاتايى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سۆز گۈزەللىكى سەنئىتى دېگەن مەننى بېرىدۇ) ناملىق چوڭ تېپتىكى كىتابىدا ئەرەب ـ ئەجەم ـ تۈركىي ئارۇز مەسىلىلىرىنى كەڭ تۈردە تەتقىق قىلدى.

نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ھەرقايسىسى خاس «ئارۇز رىسالە» ناملىق ئەسەرلەر يېزىشتى.

ئەلىشىر نەۋايى ئەينى زامان «تۈركىي ئارۇز» بەھرلىرىنىڭ تەپسىلىي تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان «مىزانۇل ئەۋزان» (ۋەزىن مىزانى) ناملىق ئەسەر يازدى.

يېقىنقى زاماندا ياۋروپا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۇسۇلى ۋە پوئېتىك قاراشلىرى دۇنياغا يۈزلەندى. غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيادىمۇ ياۋروپا شېئىرىي ئۇسۇلىدا شېئىر يېزىش ۋە ياۋروپا پوئېتىك نەزەرىيەسىنى قوللانما قىلىش ھادىسىسى شەكىللەندى. ئەمما غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ئاسىيادا يەنىلا ئەنئەنىۋى شېئىر بەھرلىرىدە يېزىش، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت نەزەرىيەلىرىنى تەتقىق قىلىش يەنە ئىزچىل ساقلاندى.

يېقىنقى بىر ـ ئىككى ئەسىر داۋامىدا ياۋروپادا تىياتىر، مۇزىكا، رەسساملىق سەنئەتلىرى توغرىسىدىكى نەزەرىيەۋى ئىزدىنىشلەرگە ئەگىشىپ، جۇملىدىن سەنئەت ـ شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاقىدار ھالدا شېئىرىيەت

توغرىسىدىمۇ بىر قاتار يېڭى ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى. ۋاھالەنكى، بۇ بىر تارىخىي قاتلامدا «پوئېتىكا» ئىلمى ئارىستوتېل زامانىدىكى پۇتكۇل سەنئەتنى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پۈتكۈل ئەدەبىياتنى ئەمەس، نوقۇل شېئىرىي قاپىيە ۋە شەكىل ھەم ئىپادىلەش ماھارىتى تەتقىقاتىغا قاراپ سىغدىلىپ تارايدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شېئىرىيەت ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى قارىمىقىدىكى قوشۇمچە ماۋزۇغا ئايلىنىپ قالدى. ھېكايە ـ رومانچىلىق شېئىرىيەتنىڭ ئىلگىرىكى «سەلتەنىتى» نى تارتىۋالدى. بۇ ھادىسە يەنە سىدنېي روھىنى ـــ شېئىرىيەتكە ھامىيلىك روھىنى قوزغىدى. نەتىجىدە رودولف لېھمان (1827 ~ 1855)، موللېر فېرېفلىس قاتارلىق ئاپتورلار پسىخولوگىيە ئاساسىدا يېڭى پوئېتىكا بەرپا قىلماقچى بولۇشتى. ئوتتو بورگېر (1903 ~) «پوئېتىكا» ئىبارىسى ئورنىغا «پوئېتولوگىيە» (شائىرشۇناسلىق) ئىبارىسىنى قوللىنىپ، شېئىرىيەتنى تىل سەنئىتىنىڭ كامالەتلىك مۇستەقىل گەۋدىسى قىلىپ، ئۇنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىي قىسمى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېقىنقى ئوننەچچە يىل ئىچىدە شېئىرىي ئىپادىلەش ئۆزىنىڭ مەجازىي ئالاھىدىلىكى بىلەن نەسرىي ئەدەبىيات ئىنكاسچىلىقىدىن مەنىۋى ۋە بېشارەتلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ قالدى. ئۇ روھىيەت ئەركىنلىكىنىڭ ھاياتىي ئىنتىلىشچانلىقىنى گەۋدىلەندۈردى. نەتىجىدە زاۋ چاڭچىڭ بىلەن شې ۋىنلى «شېئىرىي ماھارەت»، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، خۇاڭ گاڭ «شېئىرىي سەنئەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. شاۋشۇنىڭ «شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى» توپلىمى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە دائىر ماقالىلەر توپلاملىرى كۆپلەپ يېزىلىپ، بېسىلىپ چىقتى. بېشارەتلەر پوئېتىكا ئىلمىنىڭ يېڭىباشتىن مۇستەقىل، يېڭى گۈللەنگەن يەن سۈپىتىدە ئىلىم مۇنبىرىدە ھۆسن تۈزۈۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر كۆرسەتمەكتە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## 3. شېئىرىيەت تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى

### شېئىرىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى

قەدىمكى گىرېك مۇتەپەككۇرلىرى شېئىرىيەتنى ئىنسان روھىيىتىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى، ئىنساندىكى ئىلاھىي خىسلەت دەپ قارىدى.

مەلۇمكى، ئىنسان روھىيەتكە، پىكىر ـ ھېسسىياتقا ئىگە جانلىق جىسىم. تەسىرلىنىش، ئىدراك ۋە ھېس، تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر، نۇتۇق ۋە رىتىمدارلىق تۇيغۇسى، تەقلىد ۋە ئىپادىلەش ئىنسان روھىيىتىنىڭ پائالىيەتچان ھەرىكەت شەكلىدىن ئىبارەت. شېئىرىي روھىيەت ـــ شېئىرىيەتنىڭ مۇمكىنلىك ئاساسى، شېئىرىيەت ـــ شېئىر روھىيىتىنىڭ رېئال ئىپادىسى.

مەلۇمكى، روھىي شەيئى ئىدېئولوگىيەلىك نەرسە، ئىنسان سۇبيېكتى بىر تۈپ قانۇنىيەتكە ئىگە، ئۇ بولسىمۇ ماددىيلىشىش، سىرتلىنىش، ئىپادىلىنىش شەكلى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى بەقارار قىلىشتۇر. مۇشۇ قانۇنىيەت تۈپەيلى ئىنساندا شېئىرىي تەسىرلىنىش ـــ شېئىرىي روھىيەت ـــ ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئىگە بولغان رېئال شېئىرىيەتتىن ئىبارەت تىرىيادا[1]، تىرىلوگىيە[2] مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ مەلۇم مەنىدە ئىنسان تۇغما شائىر، شېئىرىيەتسىز ئىنسانىيەتنى، ئىنسانىيەتسىز شېئىرىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ دېگەن سۆز.

ئىنساننىڭ شېئىرىي روھىيىتى ۋە شېئىرىي ئىقتىدارى

① تىرىيادا ـــ ھېگېل ئوتتۇرىغا قويغان تەرەققىياتتىكى تېزىس، ئانتى (قارشى ـــ تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) تېزىس، سىنتېزدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچ. ئىنكارنى ئىنكار قىلىش جەريانىنىڭ باسقۇچ شەكلى.

② تىرىلوگىيە ـــ ئۈچ توملۇق ئەدەبىي ئەسەر.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ساھەسى. ئۇ ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىگە — تۇغۇلماق ۋە ئۆلمەك، مۇھەببەت ۋە نىكاھ، ئەمگەك ۋە جەڭ، دىن ۋە ئىلىم - پەن، ئائىلە ۋە مىللەت، پەلسەپە ۋە سەنئەت، مۇزىكا ۋە تىياتىر، رەسساملىق ۋە ئۇسسۇل قاتارلىقلارغا تۇتاشقان؛ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەممە قاتلىمىغا كۈچلۈك ئىز قالدۇرغان. شەرتلىك مەنىدە شېئىرىيەتنى بىرىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ دائىمىي، ئەڭ تەسىرچان ئىقتىدارغا ئىگە بىر تەركىبىي قىسمى؛ ئىككىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەركىبىي قىسمىغا تېرەن سىڭىپ كىرگەن كەڭ تۇتاشمىلىققا ئىگە بىر تەركىبىي قىسمى؛ ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىدىن ئۇنىڭ مۇھىتىغا چوڭقۇر چېتىلىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى دېيىش مۇمكىن. بىز بىر مىللەتنىڭ شېئىرىيىتىگە قاراپ ئۇنىڭ تارىخىي كامالىتى، ھايات شارائىتى، پوتېنسىيال (يوشۇرۇن) ئالغ ئەينىكىدە چىنلىق لاياقەتنامىسى ئالغان مەنىۋى ھۆرلۈكى ياكى روھىي قۇللۇقىنى مۆلچەرلىيەلەيمىز. شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ مىقدارى، دەبدەبىسى، ياساندۇرۇلۇشى ياكى ياڭراقلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ساغلام ۋە ئۆز بولاقلىرىنىڭ — ئىنسان قەلبىنىڭ ئەركىن - ئازادىلىكىنى ئۇچۇر قىلىشى ناتايىن. خۇددى مۇڭگۇز بۇرغىدىن ياڭراپ چىقىۋاتقان بەھەيۋەت ئاۋازدەك بىرخىل سادا چىقىرىدىغان شېئىرىيەت كۆپ ھالدا ساختا ياكى كېسەلچان شېئىرىيەت بولۇپ چىقىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى ھەققىدە ئارىستوتېل ۋە كۇڭزىدىن ھازىرقى زامان شېئىرىيەت دەرسلىكلىرىگىچە تالاي ھەقىقەت سۆزلەندى. دەرۋەقە، شېئىرىيەت بىلىش، تەربىيەلەش، روھنى قوزغاش، مەسخىرە ۋە كىنايە قىلىش ئىقتىدارى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتكە تۆھپە قوشۇپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قەدىمكى دانىشمەنلەر شېئىرىي نۇتۇق بىلەن پادىشاھ ۋە هاكىملارغا نەسىهەت قىلىشقان. ئەمما شېئىرىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتتە تۇتقان توپ ئورنى ئۇزۇل - كېسىل هەل قىلىنمىدى. مېنىڭچە، شېئىرىيەت ئىنسان قەلبىدىكى كىشىلىك پەلسەپىسىدىن ئىبارەت. ئۇ، ئۆزىنى يوقاتقان، ئۆزىنى ياتلاشتۇرغان، ئۆز - ئۆزىنى ۋاسىتە، قورال، قۇل، ياللانما سۇپىتىدە خارلاۋاتقان، ئۆزىنىڭ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى، روهسىز كائىناتتىكى بىلىش ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېگانە روهىيەت سۇبيېكتى، ئۆزىنىڭ ئىلاهىي مۇقەددەس ماهىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان «رېئال»، «سۇرەت»، «جىسىم» ئىنسانغا ئۇنىڭ هەقىقىي ئەسلىي زاتى ۋە هەقىقىي ئىنسانىي ماهىيەتلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى، چۇقان كۆتۈرۈشى، نەرە تارتىشى، ئۆز - ئۆزىنى تونۇتۇش يوللىرىدىكى پارتلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شېئىرىيەت هازىرغىچە مەلۇم بولغان رېئال مەنىۋى مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى شۇنداق بىر ئەزگۈ سادادۇركى، بۇ سادا ياتلاشقان ئىنساندا مەهبۇسلۇقتا تۇرغان هەقىقىي ئىنسانىي ماهىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئاپىرىدە بولغان. ئىنساننىڭ ئۆز ئىچىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈشى — شېئىرىيەتنىڭ هەقىقىي سىرى! مەنىۋى مەدەنىيەتنى، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل كىشىلىك تۇرمۇش مۇهىتىنى ئىنسان ماهىيەتلىرىگە لايىقلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش — شېئىرىيەتنىڭ مەنىۋى رولى! بۇ هەقىقىي سىر ۋە بۇ مەنىۋى رولغا يۈز ئۆرۈش — شېئىرىيەتنىڭ ئۆلۈمى! لونگىنوس: «سەن شېئىر يازماقچى بولساڭ، سېنى قەلبى هەييار تۈلكە ئالداپ كەتمىسۇن»، «پۇلغا بولغان ئاچ كۆزلۈك بىلەن راهەت - پاراغەتكە بولغان ئاچ كۆزلۈك بىزنى ئۇلارنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ، بار بويىمىز ۋە قەلبىمىزنى هاڭغا سۆرەپ كىرىدۇ» دەيدۇ. مانا بۇ ئىنساننى ئۆز

ماھىيەتلىرىگە ياتلاشتۇرغان ئاچ كۆزلۈك ۋە ئىنسان ھەققىدە ساختا ئۇچۇر تارقاتقان ھەييار تۈلكە!

* * *

**شېئىرىيەت تەتقىقاتىدىكى ئىككى قارىمۇقارشى يۆنىلىش**

شېئىرىيەت ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى تارىختىن بېرى بىرخىل بولۇپ كەلمىگەن. ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى زامان مۇخلىسلىرىنىڭ قارىشىچە، «پوئېتىكا» تىل - نۇتۇق ۋاستە قىلىنغان بارلىق بەدىئىي ئەدەبىيات ژانىرلىرىغا قارىتىلغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا تارىخىي قىسسەلەر، رىۋايەتلەر ۋە ناتىقلىق سەھىپىلىرى، سەھنە ئەسەرلىرى، پەلسەپە ۋە دىداكتىك ئەسەرلەر شېئىرىي سەنئەت ھېسابلانغان، تولاراق شېئىرىي نۇتۇقتا يېزىلغان.

ياۋروپادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن كېيىن بىر ئايرىلىش ۋە شېئىرىيەت ئوبيېكتىدىكى بىر تارىيىش يۈز بەردى. رەسساملىق ۋە تىياتىر سەنئىتى قاتارلىقلار ئومۇمىي شېئىرىيەت ئائىلىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى، شېئىرىيەت ئوبيېكتى نىسپىي مەنىدە تارايدى.

رومانچىلىق شېئىرىي سەنئەتنىڭ نەسر تارمىقىدىن تۇغۇلغاندىن كېيىن تېز ئۇلغايدى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق بىر قانىتىنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە شېئىرىيەت بارغانسېرى ۋەزىن، قاپىيە، بېيىت شەكلىگە ئائىت تار مەنىدىكى ئىلىم تارمىقىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر «پىكرىي ھېس» تەكرارلىنىپ تۇرمىغاندا ئىدى، پوئېتىكا پەقەت شېئىرىي شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىشقا ئائىت ئىستىلىستىكا بولۇپ قالغان بولاتتى. بۇ، شېئىرىيەت تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ تېخىمۇ تارلىشالمايدىغان ئەڭ ئاخىرقى چېكى ئىدى. بۇ، شېئىرىيەت تەتقىقاتىدىكى بارغانسېرى تارىيىپ كەلگەن بىر تارىخىي يۈزلىنىش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تاشقى مۇھىتتىن ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىشى، ماددىي بۇيۇملارنى بىلىشتىن روھىيەت ھادىسىلىرىنى بىلىشكە قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، شېئىرىيەتنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى تېرەنلىككە قاراپ، نۇتۇق ئىستىلىستىكىسىدىن سىمانتىك مەنىدارلىققا قاراپ، شېئىرىي ئىپادىلەشتىن ئىنسان قەلبىدىكى شېئىرىيەت «تىلسىمى» گە قاراپ يۈزلەنمەكتە. بىر تارىيىش ۋە ئەكس ھالدا بىر چوڭقۇرلىشىش، مانا بۇ شېئىرىيەت تەتقىقاتىدىكى ئىككى قارىمۇقارشى يۈنىلىش.

مەلۇمكى، شېئىرىيەت ئىلمى — «پوئېتىكا» ئومۇمەن شېئىرىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان بولىدۇ. شېئىرىيەت ھادىسىلىرى تەتقىقاتى شېئىرىي نۇتۇق ھادىسىسى بىلەن شېئىرىي روھىيەتنىڭ گېنىزىسى (پەيدا بولۇش مەنبەسى)نى تەتقىق قىلىشقا قاراپ تېرەنلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ شائىر — شېئىرىيەت سۇبيېكتى تەتقىقاتى بىلەن تۇتىشىدۇ. شېئىرىي روھىيەتنىڭ تەتقىقاتى تەبىئىي يوسۇندا شائىر بىلەن چەكلەنمەستىن، ئۇنىڭدىن ھالقىغان ھالدا خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ھەقىقىي روھىيەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى بىلىش بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ «پوئېتىكا» تەتقىقاتى شېئىرىيەت ئىستىلىستىكىسى تەتقىقاتى، شېئىرىيەت سەنئىتى تەتقىقاتى، شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى تەتقىقاتى، شېئىرىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى تەتقىقاتى، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىنساننىڭ روھىيەت ھالىتى تەتقىقاتىنى بويلاپ چوڭقۇرلىشىدۇ. بۇ، شېئىر يېزىشنىڭ تارىخ يېزىشقا قارىغاندا پەلسەپىگە يېقىنلىقىنى، شائىرنىڭ ھەقىقىي خەلق پەيلاسوپى بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

* * *

پوئېتىكا ئۆزىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تەتقىقات ئوبيېكتى

جەھەتتىكى كەڭ دائىرىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرى — ئۆز خىزمىتىنى ئىنسانىيەت روھىيىتىدە تۇتقۇن ھالەتتە ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسان ماھىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇنىڭ پائالىيەت ئۇرغۇلىرىنى ئىپادىلەش، ئۇنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئىبارەت. بۇنىڭسىز شېئىرىيەت ئۆز ئىشىنى، ئىقتىدارىنى، قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز نوپۇزىنى بەرپا قىلالمايدۇ.

پوئېتىكا — ئومۇمەن شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن، خۇسۇسەن شېئىرىيەتنىڭ مەنبەلىرى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرى، شېئىرىيەت سۇبيېكتى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرى، شېئىرىي تىل ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق ئالامەتلىرى، بېيىت - كۇپلېت شەكىللىرى، شېئىرىي زوق، باھا ۋە شېئىرىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمدارلىقى، شائىرلىق ۋە شېئىرىيەت ئۇسلۇبى توغرىسىدىكى پەن.

پوئېتىكا تەتقىقاتى يەنە شېئىرىيەت تارىخى، سېلىشتۇرما پوئېتىكا، پوئېتىك تەرجىمە قاتارلىق تارماقلارنىمۇ دىققەت نەزىرىدىن چەتلەتمەيدۇ.

پوئېتىكا بىر قاتار پەنلەر بىلەن — پەلسەپە، پىسخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، پېداگوگىكا، ئېتنوگرافىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. پوئېتىكا ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشىگە ھەسسە قوشىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# بىرىنچى بۆلۈم
# شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە تەھلىل

## بىرىنچى باب شېئىرىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى

*«دەسلەپتە شېئىرىيەتنىڭ ئۇلۇغ كىملىكىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ پەيلاسوپ ۋە تارىخچىلارمۇ ئاممىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىش دەرۋازىسىدىن ئۆتەلمەيتتى.»*

— سىدنېي

### 1. شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل ئىزاھلىنىشى

شېئىرىيەت — نۇتۇقنى ئوق قىلغان بەدىئىي ئىجادىيەت ئىچىدىكى ئەڭ ئەپسۇنكار ژانىر.

شېئىرىيەت ئىبارىسىنى كۆپ قىرلىق مەنىدە قوللانغۇچىلار بىلەن شېئىرىيەتنى ئۇنىڭ ئەپسۇنكار كۈچى ۋە خاسىيەتلىرى تۈپەيلى ھەرخىل تەسۋىرىي ئىبارە بىلەن تەرىپلەپ ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، شېئىرىيەت (پوئېتىك ھادىسە) ھەققىدە تەسۋىرىي تەرىپلەپ ئىزاھلىغۇچى ئىبارىلەر بىلەن ئېنىقلىما خاراكتېرلىك ئىزاھلىغۇچى ئىبارىلەردىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش مۇھاكىمە كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، شەرقتىن غەربكىچە شېئىرىيەت تەرىپى ھەققىدىكى ئىزاھلار شېئىرىيەتنى ئىلاھقا باغلاپ ئىزاھلاش، تەقلىدىيەت ۋە ئىنكاس قىلىشقا باغلاپ ئىزاھلاش، قەلب ۋە

ئىپادىلەشكە باغلاپ ئىزاھلاش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باغلاپ ئىزاھلاش، پوتېنسىيال (يوشۇرۇن) ئاڭغا باغلاپ ئىزاھلاش، تىل ـ مۇزىكىلىق رىتىمدارلىققا باغلاپ ئىزاھلاش، شېئىرىي مەپتۇنكارلىققا باغلاپ ئىزاھلاش ساھەلىرىدە كۆپرەك ئىپادىلەندى.

ئەپلاتون «شائىر تەڭرىنىڭ سۆزچىسى» دېسە، ئارىستوتېل «شېئىر يېزىش پەلسەپىۋى مەنىدارلىققا ئىگە» دېدى. سىدنېي «ھەقىقىي شائىر ئاممىنىڭ پەيلاسوپى» دېسە، بېكون «شېئىر بىلىمنىڭ بىر قىسمى» دېدى.

دانتى: «شېئىر ــ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ۋەزىنگە مۇۋاپىق يېزىلغان، ئىستىلىستىكىغا رىئايە قىلىدىغان توقۇلما ھېكايە» [1] دېسە، شىللېر: «شېئىرنى ‹تەسەۋۋۇرنىڭ ئىپادىلىنىشى› دېيىش مۇمكىن» [2] دېدى.

پۇشكىن: «مېنىڭ ھەقىقىي ئاۋازىم مەڭگۇ رۇس خەلقىنىڭ ئەكس ساداسىدۇر» دېگىنىدە شېئىرىيەتنى خەلقنىڭ ئەكس ساداسى دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى.

كولېرىدگې:

ۋىجدان شېئىرنىڭ بەدىنى،
خىيال ئۇنىڭكى كىيىمى.
ھەرىكەت شېئىرىيەتنىڭ جېنى،
تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ ئېرۇر قەلبى.[3]

دەپ يازغان.

ھيۇگو: «شائىر خەلقنىڭ بۇركۇتى، قارلىغىچى ئەمەس، شېئىر سىياسىي بوران ـ چاپقۇندا خەتەرگە قانچە كۆكرەك كېرىپ چىقالىسا، شۇنچە گۈزەل بولىدۇ» دەيدۇ.

---

① «غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ماقالىلەر توپلىمى» 1 ـ توم 173 ـ بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب 2 ـ توم 51 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى كىتاب 2 ـ توم 34 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نېكراسوف: موسى[①] بىلەن خەلق بىرلىك سىپىنى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسى ئۇلى دەپ كۆرسەتتى.

سانتايانا «شېئىرنىڭ ئاساسى ۋە خىزمىتى» ناملىق ئەسىرىدە: «شېئىر — ھېسسىي ئىدىيە ۋە ئەقلىي ئىدىيەنى ئىپادىلەيدىغان، ۋەزىنلىك، ياساندۇرۇلغان بەدىئىي مۇھاكىمە»[②] دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈردى.

گوركىي «ئەدەبىيات توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە: «ھەقىقىي شېئىر — مەڭگۈ قەلب شېئىرى، مەڭگۈ قەلب ناخشىسىدىن ئىبارەت» دېدى.

جۇڭگونىڭ «شاڭنامە، ياۋ تۈزۈتلىرى» قاتارلىق قەدىمكى دەستۇرلىرىدا: «شېئىر — كۆڭۈلنىڭ سۆزى» دېيىلگەن. تاڭ دەۋرىدىكى شائىر بەي جۈيى: «شېئىرنىڭ يىلتىزى ھېسسىيات، بىخى تىل، گۈلى ئاۋاز، مېۋىسى مەنە» دېسە، شى جىن: «شېئىر — ھېسسىيات بىلەن مەنزىرىنى تەسۋىرلەيدۇ» دەيدۇ.

نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى مۇنداق يازغان:

شېئىر بۇ ئەقلۇ زەكا تۇتىسىنىڭ ئىلھامىدۇر،
شېئىر بۇ مەڭگۈ ياشايدىغان نەرسىنىڭ بىر نامىدۇر.

شېئىر ئەگەر بولسا راۋان، ھەر كىم ئۇنى تۇتقاي ئەزىز،
جان بىلەن دىل ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى بولغاي لەزىز.

شېئىر خۇددى چەشمە كەبى شەفىق بولمىقى كېرەك،
ئىچ ـ ئىچى مىسلى بىر دەريا گۆھەرگە تولمىقى كېرەك.

---

① موسى (موزا) — قەدىمكى گرېكلاردىكى ئاپوللو (قۇياش ئىلاھى) قارىمىقىدىكى سەنئەت مۇئەككەللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. قەدىمكى گرېكلاردا ئاپوللو كىلاسسىك سەنئەتنى، دىيونىس خەلق سەنئىتىنى باشقۇرىدۇ دەپ قارالغان.

② ۋۇ سىجىن: «شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي قائىدىسى»، 1987 ـ يىلى نەشرى 8 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىنغان.

سۆز ـ جاھانگەشتە بولسا، مەنە مۇساپىر بىر غېرىب،
ئەمما زېرەك زېھنىدىن تۇرماس ئۇزاقتا ئەي ھەبىب.
قاپىيە چىن شايىسىدەك نادىرۇ كەمياپ ئېرۇر،
ۋەزنى بىرگە ئويناپ تۇرغان دولقۇن سۇنى ئەسلىتۇر.
شېئىر ئەسلىي ھەر نېچۇك ئارتۇقچە پەردازدىن يىراق،
ماختىنىش، كېبرۇ ھاۋادىن خالىيدۇر باشتىن ـ ئاياغ.
ئۇ تاپار ئەمگەك بىلەن نىجات بىلەن ھۆسنۇ جامال،
ئەمگەكىڭ سىڭمەي شېئىر يازساڭ ئاڭا باقماس كامال.①

بابۇر شېئىرىيەتنى مەنە ـ دۇر ـ جاۋاھىرلەر دەرياسى دەپ مۇنداق يازغان:

ھەر لەفزى دۇرۇ بەھرى مەئانى ئۇندا،
كىم كۆردى دۇركى، ئۇندا دەريا بولغاي.②

مۇنىس خارازمىي ھەقىقىي شېئىرىيەتكە يۇقىرى باھا بېرىدۇ، ئۇ:

يەرگە خۇرشىددەك سالۇر دەۋران،
قىلسىلەر سارايى ئاسمان شۇئارا.

مەنىسى: (شېئىر ئەگەر ئۆز سارىيىنى ئاسمانغا سالغان بولسا، يەرگە قۇياشتەك ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى) ③ دەيدۇ. ئۇ شېئىرىيەتنى ئەسكەر ئىشلەتمەي دۇنيانى فەتھ قىلىدىغان پادىشاھ، ۋەيران قىلغۇچى ھەرقانداق ھادىسىدىمۇ يىقىلماس مەھكەم ئىمارەت، جىمى نېمەتنى بېسىپ چۈشىدىغان شېرىن تائام دەپ تەرىپلەيدۇ.

شىنجاڭ ئۆزبېك شائىرلىرىدىن نۇرمۇھەممەت ئېركى (1927 ~ 1984):

①«ھېكمەتلەر گۈلدەستىسى»، تاشكەنت 1998 ـ يىلى نەشرى 96 ـ بەت.

②③ يۇقىرىدىكى كىتاب 99 ـ، 101 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ جاھان باغىدا بىر قۇش، بەلكى سۇمۇرغ ئەدەبىيات،
پەلسەپە باشتۇر ئۇنىڭغا، تىل دېگەن گويا قانات.
يۈرىكى تارىخ ئۇنىڭكى، قۇيرۇقى قالمىش ساۋات،
ئۇ شۇلار بىرلە مۇقەددەس، ئۇ شۇلار بىرلە ھايات[1]

دېسە، تېيىپجان ئېلىيېۋ:

شېئىر يازمىقىم ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر يۈرىكىم، مىسرالار تومۇر،
ھەرپلەر قېنىم، ۋەزىنلەر نەپەس[2]

دەپ يازغان.

شېئىرىيەتنى — تۇرمۇشنى ۋە ئىنسان قەلبىنى ئىپادىلەشتە رىتىمدار تىل بىلەن بېزەندۈرگەن بەدىئىي شەكىل؛ پىكىر ـ ھېسسىيات چاقناپ تۇرىدىغان ئوبرازلىق سۆز ـ جۈملىنىڭ مۇزىكىلىق بەدىئىي قۇرۇلمىسى؛ شائىرنىڭ پىكىر ئېقىمى ۋە بەدىئىي غايىسىدىن شېئىرىي شەكىلدە گەۋدىلىنىپ چىققان گۈزەللىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىلاھى؛ شائىر قەلبىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى، شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي ئوبرازلىق قۇرۇلمىغا ھاۋالە قىلىنغان ئەركىن ئاڭنىڭ كۆپ قاتلاملىق سىرتلىنىشى دەپمۇ ئىزاھلاش مۇمكىن[3].

شېئىرىيەتنى «سەنئەت پېشۋاسى، ھېسسىيات كىرىستالى، روھىيەت چېچىكى، ئەقىل مېۋىسى، كىشىلىكنىڭ كامالەتكە ئىنتىلىش روھى، قەلبنىڭ چىن تەسۋىرى، ئىشق، ماددىيەتنىڭ ئوبرازى، روھىيەتنىڭ روھىيىتى، بارلىق بىلىمنىڭ ئىپتىدا ۋە

① نۇرمۇھەممەت ئېركى: «گۈل ۋە بۇلبۇل».
② تېيىپجان ئېلىيېۋ: «تاللانغان شېئىرلار»، 1985 ـ يىلى، 291 ـ بەت.
③ بۇ سۆزلەر مۇشۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى ماقالىلىرىدىن ئېلىندى.

ئىنتىھاسى، قەلب ناخشىسى، قەلب نوتىسى، ھەقىقەتنىڭ گۈزەللىكى، زاماننىڭ ئەكسساداسى، سەنئەت مەلىكىسى، روھىيەت شاھزادىسى، تىل - يېزىقتىكى ۋېناس، تارىخنىڭ قەدەم ئىزى، ئۈمىد تىنىقلىرى، ئويغاق ھالەتتىكى چۈش، بىسىمغا ئۇچرىغان روھنىڭ سۆزلەشمىسى (دىلباياني)، ياتلاشقان روھنىڭ ئۆزىنى پاكلىشى، ئىنسان قەلبىدىكى ئىلاھىي ۋەھىي، ھېسسىيات يالقۇنى، پىكىر نۇرى، سەنئەت ئەركىسى، زامان بۇرغىسى، كۈچلۈك تەسەۋۋۇرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، يېزىق بىلەن تىلنى چالغۇ قىلغان مۇزىكا، مىللەتنىڭ ساداسى، شېئىر سەكرەپ چىققان يۈرەك، يۈرەك - كۆكرەكتىكى شېئىر، شېئىر — مەجازلاشقان دۇنيا» ۋە ھاكازا دەپ تەرىپلىگۈچىلەر نۇرغۇن.

يۇقىرىدىكى تەرىپلەر پەقەت شېئىرىيەتنىڭ خاسىيەتلىرىگە قارىتىلغان ئىجابىي باھا ۋە ئىخچام تەسۋىر بولۇپ، مەلۇم ھەقىقەت قىممىتىگە ئىگە. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ ئېنىقلىمىسى قىلىش قىيىن.

## 2. شېئىرىيەت بىلەن نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ پەرقى

شېئىرىيەت ھەققىدىكى ھەرخىل ئىزاھاتنى مەلۇم مەنىدە پۈتكۈل ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ نەسرىي ئەدەبىياتقىمۇ تەئەللۇق دېيىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى مۇئەللىپلەر نەزىرىدىكى شېئىرىيەت چۈشەنچىسى زامانىمىزدا خاس مەنىدىكى ئەدەبىي ژانىرغا قارىتىلىدىغان چۈشەنچە بولۇپ قالدى. بۇ بىزگە شېئىرىيەتكە ئىلمىي تەبىر - ئېنىقلىما بېرىش ئۇچۇن ئالدى بىلەن شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ ئاساسىي پەرقلىرىنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بىر قاراشتىلا سۆز - جۈملىلەرنىڭ روكىن -

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۇراق، رىتىم ۋە قاپىيەلىك تەشكىللەنگەن شەكىلنى شېئىرىي جۈملە (نەزم)، بايان خاراكتېرى تەلەپلىرى بىلەن تەشكىللەنگەن شەكىلنى نەسرىي جۈملە دېيىش مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، شېئىرىي گىراماتىكىلىق ۋە نەسرىي گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۇ ئىككى ئەدەبىي ژانىرنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدىن، ئومۇمەن ھېكايە، رومان، رىۋايەت، بايان ماقالە، ئوچېرىك، خەلق چۆچەكلىرى، مۇنازىرە ماقالىلىرى، ھەتتا ئەدەبىي شەكىلدىكى خەت - چەكلەرنىڭ ھەممىسى نەسرىي ژانىرغا كىرسە، ناخشا - قوشاقلار، بارماق ياكى ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلار، داستان - باللادا ۋە ھەرقايسى خەلقنىڭ تۈرلۈك مىللىي شېئىرىيەت شەكلىدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى شېئىرىي ژانىرغا كىرىدۇ.

شېئىرىيەت بىلەن نەسرىيەتنىڭ پەرقى ئاددىيلا جۈملىدىكى مۇزىكىلىق ۋە مۇزىكىلىق جۈملىدىكى گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن ھەل قىلىنىپ كەتمەيدۇ.

شېئىرىيەت بىلەن نەسرىيەتنىڭ پەرقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭمۇ بىر بىلىش تارىخى بولغان.

جىن سۇلالىسى زامانىدىكى لىيۇ سى «ۋېن شىن دياۋلۇڭ» ناملىق ئەسىرىدە «قاپىيەسى بولمىغىنى نەسرىي، قاپىيەسى بولغىنى نەزمىي بولىدۇ» دېگەن بولسا، تاڭ دەۋرىدىكى شائىر لىيۇ يۈيسى: قەلب گۈزەللىشىپ، نەسرگە ئايلىنىدۇ، نەسر مەپتۇنكار بولۇپ، ناخشىدەك نەزمگە ئايلىنىدۇ دېگەن ئىدى①. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب شۈي شۆيى «نەزمنىڭ ئەسلىي زاتىنى ئېنىقلاش» دېگەن ئەسىرىدە: «نەزم بىلەن نەسر ئوخشاشمايدۇ. نەسر روشەن ۋە تۈز ئىپادىلەيدۇ. نەزم يوشۇرۇن ۋە دولقۇنسىمان ئىپادىلەيدۇ،

---

①«جۇڭگونىڭ ھەرقايسى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ماقالىلىرى توپلىمى» 2 - توم 157 - بەت.

كۆرۈنگەن ئەدىبنىڭ شېئىرىدا مەنە سۆزنىڭ سىرتىدا دولقۇنسىمان ۋە خۇپپىيانىدۇر»[1] دەپ يازغان. چىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى يەنە بىر ئەدىب گۇچاۋ شېئىر بىلەن نەسرنى پەرقلەندۈرۈپ، شېئىر گۈرۈچتىن هاراق ئېچىتقانغا ئوخشايدۇ، نەسر بولسا گۈرۈچتىن تاماق ئەتكەنگە ئوخشايدۇ[2] دەيدۇ.

غەرب پوئېتىك قاراشلىرى تارىخىدا شېئىرىيەتنىڭ رىتىم ۋە مۇزىكىلىق كۈچى ھەققىدە (ئەپلاتون، ئارىستوتېل، كولېرىدگې، ھېردېر)، ئۇنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتچانلىقى، پەلسەپىۋى مەنىدارلىقى ھەققىدە (ئارىستوتېل، لونگىنوس، سىدنېي، دىدېرو)، ئۇنىڭ مەپتۇنكار سېھرىي كۈچى ھەققىدە (ئەپلاتون، گوراتىيوس، لونگىنوس) كۆپلىگەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرى ئەبۇ نەسىر فارابىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى شېئىرىيەتنىڭ تۇرمۇش ۋە روھىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شېئىرىي تىل گۈزەللىكى، شېئىرىيەتتە رىتىم ۋە ۋەزىن ئۆلچەملىرى ھەققىدە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرغان.

بىز نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەدەبىياتنىڭ تۈپ پەرقىنى شەكلەن پەرقتىن ماھىيەتلىك پەرققە قاراپ بىرقانچە قاتلام بويىچە مۇنداق ئىزاھلايمىز:

بىرىنچى، شېئىرىي ئەسەر جۈملىنىڭ مۇزىكىلىق تەرتىپتە تىزىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ مۇزىكىلىق شېئىرىي مىزاندا ئۆلچىنىپ، بەھرلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىك — ئەركىن تىزىلىش، ئاتالغۇلىق، مەنتىقىسى راۋانلىق، ئىخچاملىق قاتارلىقلارغا ئىگە بولىدۇ؛ ناخشا (دېكلاماتسىيە) قىلىپ ئوقۇغىلى بولىدۇ.

---

① «شېئىر يېزىش ۋە ئوقۇش ھەققىدە»، 1956 ـ يىلى نەشرى 27 ـ بەت.

② «چىڭ سۇلالىسى دەۋرى شېئىرىيەت مۇھاكىمىلىرى»، 1978 ـ يىلى نەشرى 1 ـ قىسىم 27 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى، شېئىرىي ئەسەر ئۆزىنىڭ بايان قىلىش ئالاھىدىلىكى بويىچە شېئىرىي تەسەۋۋۇر، شېئىرىي تەسىر، شېئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي پىكىر ـ ھېسسىيات ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل بايان قىلىش (ئىنكاس قىلىش، ئىپادىلەش) ئالاھىدىلىكى ھەقىقەتكە، چىنلىققا، پەنگە، قائىدىگە، مەنتىققە زىت ھېسابلانمايدۇ. ئەكسى ھالدا ئۇ چىنلىق ماھىيىتى، ھەقىقەتلىك ھېكمىتىگە يېقىن ياكى ئۇيغۇن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئالاھىدىلىك شېئىردا زامان ـ ماكانىنى ئاتلاپ ئۆتۈشكە يول قويۇلىدىغانلىقىنى، جانلىق، جانسىز جىسىملارنى شېئىرىي پىكىرگە بويسۇندۇرۇپ بايان قىلىش مۇمكىنلىكىنى، تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن شەكلەن ھالقىتىپ ئىپادىلەش ئەركىنلىكىنى گىراماتىكىلىق تەرتىپتىن ئاتلىتىپ بايان قىلغۇچى جۈملە تۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مىسالەن:

خۇددى ئۈچ مىڭ گەز بولۇپتۇ ئاق چېچىم،
بىھېساب دەردۇ نادامەت دەستىدىن.
بىلمىدىم يۇققان قاياقتىن بۇ قىرووۋ،
كۆرۈنۈپ ئەينەكتە رەڭگىم ئەپتىدىن.

ـــ لى بەي

بۇ شېئىردا تۇرمۇش ۋە تەبىئەت مەنتىققە زىت ھالدا ئاقارغان چاچ قىرووۋغا ئوخشىتىلىپ، ئۈچ مىڭ گەز دېيىلگەن بولسىمۇ، كۈچلۈك ئىپادىلەش قۇدرىتىگە ئىگە بولغان.

جىڭ سۈيى سۈزۈك، كۆرۈنگەي ئاق تېشى،
سوغ ھاۋا، كەمدۇر قىزىل ياپراقمۇ ھەم.
تاغ يولىدا ياغمىغان يامغۇر، لېكىن ـــ
ئۈستىباش ھۆلدۇر، يېشىللىقتىن بۇ دەم.

ـــ شۇ شىجى

بۇ شېئىردا يامغۇر ياغمىسىمۇ، كۆكۈمتال تاغ يولىدا كىيىم ـ كېچەكنىڭ ھۆل بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

بىز لى بەيننىڭ:

چىللىدىم ئاينى شارابقا جام ئېلىپ،
ئۈچ كىشى بولدۇق مانا سايەم بىلەن.

نەۋايىنىڭ:

ئاياغ سال ئىككى كۆزۈم ھالقىسىغا ئەي چابۇك،
كى ئۈچمەسۇن ئاياغىڭ ئۇل ئىككى ركاب ئەسرۇ.

دېگەن شېئىرلىرىدا پىكىرنى ئىپادىلەش ئۇچۇن رېئاللىقتا زىت ئوخشىتىشلار ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، رېئاللىقتا ئوخشىتىشتىن كۈچلۈك چىققان.

ئۈچىنچى، شېئىرىي ئەسەر ئۇچۇن نەسرىي ئەسەردەك «نېمىنى يېزىش» ئەمەس، بەلكى قانداق يېزىش مەسىلىسى ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. «يازمىغاننى دېيىش» شېئىرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى.

ئېيتىش كېرەككى، شېئىرىي نۇتۇق نەسرىي نۇتۇقتەك دېمەكچى بولغان پىكىرنىڭ ئېنىقلىقى، دەللىكى، ئىگە ـ خەۋەر، سۆپەت، پېئىللىرىنىڭ راۋانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى شېئىرىي نۇتۇقتا ئىشلىتىلگەن تىل ۋاسىتىلىرىگە «ھاۋالە» قىلىنغان شېئىرىي پىكىر بىلەن پەرقلىنىدۇ. شېئىرىي نۇتۇق نەسرىي نۇتۇقتەك نېمىنى دېيىش، دېمەكچى بولغان پىكىرنى قانداق گىرامماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق، لوگىكىلىق، سان ـ ھۆججەتلىك ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئەمەس، بەلكى شۇ پىكىرنى قانداق ئوبراز، ئوخشىتىش، بېشارەتلەش ۋە چېقىندىتىپ ئۆتۈش قاتارلىق مەجازىي ۋاسىتىلەرگە ھاۋالە قىلىپ ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، شېئىرىي نۇتۇقنىڭ قىممەت يېرى

يۇغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىلگەن جۈملىلەرگە يوشۇرۇنغان، ئەمما روشەن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنمىگەن پىكىر ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى گۇچاڭ ئېيتقاندەك گۇرۇچتىن قورساق تويمايدىغان، ئەمما روھنى ئۇرغۇتىدىغان ھاراق ئىشلەپچىقارغانغا ئوخشايدۇ. بۇ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ: «جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازىي بولمىسا» دېگەن سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. زەلىلىي ھەقىقەت شېئىرىيەتتە مەجازىي ۋاسىتىلەرگە ھاۋالە قىلىنغان ھالدا جىلۋە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ يەنە ئەپلاتوننىڭ شېئىرنى تەڭرى ھاۋالە قىلغان سۆز، تەڭرىگە ۋاكالىتەن قىلغان سۆز، دېگىنىمۇ شېئىرىي نۇتۇقتا شېئىرىي پىكىرنىڭ بىرىنچىدىن غايىب، ئىككىنچىدىن ئالىيجاناب ھەقىقەتلىكىگە قارىتىلغان.

دېمەك، مۇزىكىلىق مىزاندىكى نۇتۇق - جۈملە بىلەن تەشكىللەنگەن، شېئىرىي مەنىدارلىقنى ئۈچۈر قىلىش ئۈچۈن مەجازىي ۋاسىتىلەرگە ئەركىن ھاۋالە قىلىنغان ئەدەبىي ژانىرلىق خاسىيەت شېئىرىيەتنى نەسرىي ئەدەبىياتتىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسىي خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت. بۇ خىل خۇسۇسىيەتتىن شېئىرىي ئىجادىيەت، شېئىرىي تەسىر ۋە زوقلىنىش، شېئىرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خاسلىق تۇغۇلىدۇ.

### 3. شېئىرىيەتنىڭ تەبىرى ھەققىدە

يۇقىرىدا شېئىرىي سەنئەت ھەققىدىكى ھەرخىل باھا، ھۆكۈم، مۇھاكىمە ۋە قاراش بىلەن شېئىرىي ژانىرنىڭ نەسرىي ژانىردىن پەرقى ھەققىدە توختالدۇق. تۆۋەندە شېئىرىيەتنىڭ تەبىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

شېئىرىيەتكە تەبىر بېرىشتە ھازىرغىچە مۇنداق ئۈچ نۇقتا

كىشىلەر دىققىتىگە تاشلىنىپ كەلمەكتە. بۇ ئۈچ نۇقتىنى ھەل قىلماي شېئىرىيەتكە بىر قەدەر ئەتراپلىق تەبىر بېرىش قىيىن.

بىرىنچى، بەزى نەزەرىيەچىلەر شېئىرىيەتنىڭ تۇرمۇشنى مەركەزلىك ئىنكاس قىلىشنى شېئىرىيەتكە تەبىر بېرىشتە ئاساسىي ھالقا دېسە، يەنە بەزى نەزەرىيەچىلەر شائىردىن ئىبارەت ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئىپادىلىشنى شېئىرىيەتكە تەبىر بېرىشتە ئاساسىي ھالقا دەيدۇ.

ئىككىنچى، بەزى نەزەرىيەچىلەر شېئىرىيەتتە پىكىر ـ ھېسسىياتنى قانداق ئىپادىلەشنى تەكىتلەپ، شېئىرىيەتنىڭ مۇزىكىلىق رىتىمدارلىقى، بېيىت شەكلى ۋە قاپىيەدارلىقىنى شېئىرىي ئىپادىلەشتىكى توسقۇن ـ يوك دەپ قارايدۇ. ئۇلار شېئىرىي ۋەزىن، بەھرلەردىن چەتنىگەن ئەركىن شېئىرىي پىكىرنىڭ ئۆزىنى شېئىر دەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بەزى نەزەرىيەچىلەر شېئىرىيەتنىڭ مۇزىكىلىق رىتىم ۋە شەكلى، تۇزۇلمە ئۆلچەملىرىنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ھەرقانداق شېئىرىي پىكىر بىلەن شېئىرىي قۇرۇلمىلىقتا ئىگە شېئىرىي ئەسەرنى پەرقلەندۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، بەزى تەتقىقاتچىلار شېئىرىيەتتە تەسەۋۋۇر ۋە ئاتالتما، ھاۋالە، مەجازىي ۋاستىلەرنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي روشەنلىككە ئەھمىيەتسىز قارايدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار شېئىرىيەتنىڭ تىل ـ نۇتۇق ئامىللىرىنى شېئىرىيەتتىكى ئاساسىي ۋاستە دەپ تەكىتلىشىدۇ.

بۇ ئۈچ نۇقتا شېئىرىيەتتىكى پىكىر ـ ھېسسىياتنىڭ رېئاللىق بىلەن، مۇزىكىلىق رىتىمدارلىق ۋە بېيىت شەكلى بىلەن، شېئىرنىڭ تىل ـ نۇتۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭسىز شېئىرىيەتكە ئىلمىي تەبىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

مەلۇمكى، شېئىرىيەت ئىنساننىڭ سىماتىك مەنىۋى ئۈچۈر

شەكلىنىڭ بىرى. مۇنداق مەنۋى ئۇچۇر تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن شائىر سۇبيېكتى ئارىسىدىكى بايقاش، بىلىش، چۆكمە ھاسىل قىلىش ۋە قايتا ئىنكاس قىلىش ئاساسىدا تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك چىنلىقىنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك. بۇ يەردە شائىر ئوبيېكتى بىلەن سۇبيېكتىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش، بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇش توغرا ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىرىيەت باشقا سەنئەت تۇرلىرىدىن تىل ـ نۇتۇقنى ۋاستە قىلىپ، تىلدا قەلبىنى، قەلبتە تۇرمۇش ماھىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇ تىل ـ نۇتۇق جەھەتتە نەسرىي ئەدەبىياتتىن قانچىلىك پەرقلەنمىسۇن، ئۇ يەنىلا تىل ـ نۇتۇق سەنئىتىدىن، تىل ـ نۇتۇق ئارقىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سىمانتىك ھادىسىدىن ئىبارەت.

ئاخىرىدا، شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ گېنېئولوگىيەلىك (پەيدا بولۇش) تارىخى بىلەن راۋاجلىنىش تارىخىدىن ئېيتقاندىمۇ «نۇتۇق مۇزىكىسى» بولۇپ كەلگەن. ئۇ مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن بىللە يارالغان، ئۆسكەن، راۋاجلانغان. شېئىرىيەتتىن رىتىم، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىق مۇزىكىلىق ئامىللارنى چىقىرىۋېتىش ئۇنىڭ گېنزىسى (مەنبەسى) ۋە تارىخىي راۋاجلىنىش ھالەتلىرىگە زىت. ئەي چىڭ توغرا ئېيتقان: «شېئىرىي مېلودىيە ــ تۇرمۇش مېلودىيەسى، شېئىرىي تۇراق ــ تۇرمۇش ئۇدارىدىن ئىبارەت.»①

دېمەك، شېئىرىيەتكە تەبىر بەرگەندە بىر خىل پىكىر ئېقىمى، بىرخىل ئىلمىي ياكى ئېستېتىكىلىق ئىلىم گۇرۇھىنىڭ خاس قاراشلىرىغا ئاساسلىنىپ ۋە ياكى بىر تارىخىي دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل شېئىرىيەت تارىخى ۋە شېئىرىيەت ھەققىدىكى بىر پۈتۈن قاراشقا ئاساسلىنىپ ئىش كۆرۈش كېرەك.

شېئىرىيەت (كۆپلۈك مەنىسىدىكى شېئىرلار) تىل ـ يېزىقنى

① ئەي چىڭ: «شېئىر ھەققىدە»، 1980 ـ يىلى نەشرى.

قەلەم ۋە رەڭ قىلغان تۇرمۇش كارتىنىسى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تىل ـ يېزىقنى چالغۇ قىلغان قەلب ناخشىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئاددىي تەبىر شېئىرىيەتنىڭ تىل ـ يېزىقنى ماددىيلىشىش ۋاسىتىسى ۋە گەۋدىلىنىش شەكلى قىلغانلىقىنى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن قەلبنى ئىپادىلەشنى مەزمۇن قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شېئىرىيەت شائىر سۇبيېكتىدە جەمغىرلەنگەن تۇرمۇش، ھېسسىيات، تەپەككۇر چىنلىقىنىڭ ئوبرازلاشقان، بېشارەتلەشكەن، مەجازىيلاشقان مۇزىكىلىق تىل ـ يېزىق تىزمىسى ئارقىلىق ماددىيلاشقان بەدىئىي تۇزۇلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تەبىردە شائىر سۇبيېكتىنىڭ ئەكس ئېتىش ـ ئىپادىلەشتىكى مەنە چىنلىقى بىلەن، مۇنداق ئەكس ئېتىش ـ ئىپادىلەشتىكى بەدىئىي ۋاسىتىلەر — ئوبرازلىق ۋە مۇزىكىلىق تىل ـ يېزىق تۇزۇلمىسى (شېئىرىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتى) گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شېئىرىيەت — ئەڭ ئىخچام، ئەڭ بېشارەتلىك (ئوبرازلىق، مەجازىي) تىل ـ يېزىقتىن تەشكىل قىلىنغان رىتىمدار، ۋەزىندار، قاپىيەدار بەدىئىي تۇزۇلمە بولۇپ، ئۇ شائىر قەلبىدە جۇغلانغان ۋە تاۋلانغان تۇرمۇش — تەپەككۇر چىنلىقىنىڭ ھېسسىياتچان پارتلىشىدىن ئىبارەت. بۇ تەبىردە شېئىرىيەتنىڭ تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى تاشقى ئۈچ ئامىلى — ئىخچاملىقى، بېشارەتلىكلىكى ۋە مۇزىكىلىقى بىلەن ئۇنىڭ شائىر سۇبيېكتى جەھەتتىكى ئىچكى ئۈچ ئامىلى — تۇرمۇش چىنلىقى، تەپەككۇر قىممىتى، ھېسسىياتچان تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچى بىر گەۋدە قىلىنغان.

ئېيتىش كېرەككى، بۇ تەبىر ئىلمىي جەھەتتىن پۇختا، ئەتراپلىق ۋە ئىخچامدۇر. ئۇ ئادەتتىكى تەبىرلەردە سۆزلىنىدىغان «باي تەسەۋۋۇر»، «لىرىك ئىپادىلەش، ئىلھام، ئىجتىمائىي ئۇنۇمدارلىق، ئېستېتىك ئۇنۇمدارلىق، نەسرىي ئەدەبىياتتىن پەرقى» دېگەن ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەستىنلا، بۇ ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەندىكى ئۈنۈمنى ھاسىل قىلغان.

www.uyghurkitap.com



دەرۋەقە، شېئىرىيەت، ھەتتا ئۇ «ئىلىيادا» ياكى «شاھنامە» داستانى بېيىت ـ كۇپلېتلىرى بولغاندىمۇ، ئۆز مەزمۇنى ۋە سىغىمچانلىقىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىخچامدۇر.

شېئىرىيەت ــ بېشارەتلىك (ئوبرازلىق، مەجازىي) ۋاسىتىلەرگە باي بولۇپ، كۆچلۈك ئوخشىتىش، تەققاسلاش، تەقلىد قىلىش، قىياسلاش، تەسەۋۋۇرچان ۋە يوشۇرۇن ئىشارە قىلىش كۆچىگە ئىگە. بىز بىر قاتار لىرىك شېئىرلاردىلا ئەمەس، ئېپىك داستانلاردىمۇ مۇنداق بېشارەتلىك ئىقتىدارنىڭ قويۇقلۇقىنى كۆرىمىز. ئوخشاش تېمىدا يېزىلغان بىر قاتار «خەمسە» داستانلىرى ئۆزىنىڭ بېشارەتلىك مەنىۋى قىممىتى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن خەزىنىسى جۇملىلەر ئارىسىغا كۆمۈلگەن. ھەتتا بەزى مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىممىتى شېئىرىي جۇملىلەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئوقۇرمەن ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ تېپىشى مۇمكىن.

شېئىرىيەت ــ مۇزىكىلىق رىتىمدارلىقتا، ئاھاڭدارلىقتا ئىگە بولۇپ، ئۇ تۇرمۇش رىتىمى، ئىنساننىڭ نەپەس رىتىمى بىلەن تېماتىك رىتىم، تەپەككۇر رىتىمىنى مۇئەييەن مىللىي شېئىرىيەت ۋەزنىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ مۇزىكىلىق كۆچى شېئىرىي ئىلھام ۋە شېئىرىي تەپەككۇردىن تاكى شېئىرنىڭ كومپوزىتسىيەلىك تۈزۈلۈشى، ئىپادىلىنىشى، ئوقۇلۇشى، تەسىر كۆرسىتىشىگىچە ئىزچىللىشىدۇ.

شېئىرىيەت ــ مەيلى فولكلور ياكى كىلاسسىك ۋە ياكى ھازىرقى زامان شېئىرلىرىغىچە بولسۇن شائىر قەلبىدىن پوئېتىك تۇستە مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ تەپەككۇر، ھېسسىيات شەكلىدىكى قىيامى ۋە پۇرىقى سۈپىتىدە، شېئىرىي پىكىر، تىل ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىدە ئۆز لىرىكىسىنىڭ قانىتىنى يايىدۇ.

# ئىككىنچى باب   شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى

*«تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شېئىرىيەت ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ؛ شېئىرىيەت تۇرمۇش يولىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ شائىر شېئىرىيەت ئارقىلىق پادىشاھلارنىڭ ساخاۋىتىگە ئېرىشىدۇ؛ شېئىرىيەت ئەمگەكتىن كېيىن خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.»*

—— گوراتىيوس

## 1. شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە غەرب ـ شەرق قاراشلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى —— شېئىرىيەت ئېنىقلىمىسىنىڭ ئاساسى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە شېئىرىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتى، ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور ئوخشاشلىق، بىردەكلىك ساقلانغان. ئىنسانىيەتنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ھەققىدىكى تەلپۈنۈشى، قاراشلىرى ئورتاقلىقتا ئىگە. غەرب ـ شەرق سەنئىتى، بولۇپمۇ شېئىرىيىتىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن تېماتىك مەزمۇن، ئوبرازلىق ئەسەر مەۋجۇت. غەرب ـ شەرق ئېستېتىك قاراشلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئورتاقلىق ساقلانغان. بۇ، ئىنسانىيەت ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى بىردەكلىك، ۋارىسلىق، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، شەرق (مۇھىمى قەدىمكى جۇڭگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان) ـ غەرب (مۇھىمى قەدىمكى گىرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان) پوئېتىك ئىجادىيەت ئەنئەنىسى، پوئېتىك ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، پوئېتىك ئىجادىيەت نەزەرىيەسىدە ئۆز ئالدىغا بىر سىستېما ھاسىل قىلغان خاسلىقلار ساقلانغان. بۇ خاسلىقلار يەنىلا شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت پۈتۈن ھالقىنى چۆرىدىگەن.

بىز قەدىمكى غەرب دۇنياسىغا نەزەر سالساق، ئۇزاق ـ قەدىم زامانلاردىلا قەبىلىلەر كۆچۈپ يۈرگەن، پارچە ھاكىمىيەتلەر ۋە شەھەر دۆلەتلىرى شەكىللەنگەن. ئاتلىقلار، كېمىچىلەر، سودا كارۋانلىرىنىڭ پائالىيىتى بالدۇر باشلانغان. ھەر خىل ئەپسانە، پەيغەمبەر، دىن ۋە ئىلىم تارماقلىرى ئېپتىدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز كىرىت ئارىلى، بالقان يېرىم ئارىلى، كىچىك ئاسىيا، پەلەستىن ۋە ھىلال ئاي رايونى، مىسسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكى بىلەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئۆتمۈش تارىخىغا نەزەر سالساق، كۆز ئالدىمىزدا «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان كەرىم» تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەر، گىرېك ـ رىم تىياتىرلىرى، تەنھەرىكىتى، ھەيكەلتىراشلىق نەمۇنىلىرى گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق تارىخىي ھەرىكەت ئېقىمى گىرېك ـ رىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا گىرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ئاساسىدا ياۋروپا ـ ئامېرىكا سەنئەت مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان. ئوخشاشلا بىز قەدىمكى يىراق شەرق دۇنياسىغا نەزەر سالساق، ئۇ يەردە تولىمۇ ئۇزاق ـ قەدىم زامانلاردىلا ئولتۇراقلاشقان مۇقىم قانداشلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، كىشىلەر كۆڭلىدە زېمىن ۋە سۇ، تېرىقچىلىق ۋە ھوقۇقىي ئىمتىيازغا بولغان ئېتىقادىنىڭ تېرەن يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرىمىز. قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قول

ئىگىلىكى مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان فولكلور، ئەپسانە ۋە شېئىرىيىتى بىر قەدەر تۇرغۇن ۋە ئۆز ئىچىنىك تۇركۇمى بېكىنمە ھالىتىدە تەدرىجىي راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن بىر مىللەت پېرسوناژلىرى ئەكس ئېتىدۇ. قەدىمكى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك شېئىرىيىتى يىراق شەرق شېئىرىيىتىگە ئۆلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. غەرب ـ شەرق پوئېتىك ئىجادىيىتى ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان، ئوخشىمىغان مۇنبەت تۇپراق ياكى بالىياتقۇ ھاسىل قىلغان، كارل ماركسنىڭ «مىسىر ئەپسانىلىرى گىرېك مەدەنىيىتىگە مۇنبەت زېمىن ۋە ئانا قارنى بولالمايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى غەرب ـ شەرق شېئىرىيىتى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە.

غەرب شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ۋە نەزەرىيەسى بويىچە شېئىرىيەتتە تۇرمۇش، تارىخىي ھادىسىلەر ئەكس ئەتكەن، مۇنداق ئەكس ئېتىشتە تۇرمۇشقا، ھادىسىلەرگە تەقلىد قىلىش ئاساسىي پرىنسىپ قىلىنغان. ئارىستوتېل «پوئېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە مۇشۇ تەقلىدىيەت نەزەرىيەسىنى گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شېئىرىيەتنىڭ تىياتىرلىق ـ ھېكايەتلىك بايان قىلىش قىممىتىنى تەكىتلىگەن. دانتى «ئاۋام تىلى» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرىيەتنى رىتىم قانۇنىغا مۇۋاپىق ۋە ئىستىلىستىكىغا رىئايە قىلغان توقۇلما ھېكايە دەپ كۆرسەتكەن. غەرب شېئىرىيەت تارىخىدىكى تارىخىي داستانلار، تىياتىرلىق (بولۇپمۇ تىراگېدىك) داستانلار، شېئىرىي ئىلمىي ياكى دىنىي ئەسەرلەر، قەسىدە ۋە باشقىلار دەل ئاشۇ بولغان ياكى بولۇشى مۇمكىن بولغان چىنلىق ۋە تەقلىدىيەت پرىنسىپى بويىچە ئىجاد قىلىنغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ غەرب شېئىرىيىتى ئارىستوتېلنىڭ پوئېتىك قاراشلىرىغا ئاساسلانغان دېگەن مەنىدىن كۆرە، ئارىستوتېلنىڭ پوئېتىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاراشلىرى غەرب شېئىرىيىتىدىكى بۇ تارىخىي ئېقىمنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن، ئارىستوتېلدىن كېيىنكى غەرب شېئىرىيىتى تارىخى يەنىلا بۇ تارىخىي ئەنئەننى داۋاملاشتۇرغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شەرق شېئىرىيىتى ئەنئەنىسى بىلەن بۇ ئەنئەنە ئاساسىدىكى نەزم نەزەرىيەسى شېئىردا شائىر ئىرادىسىنى، پىكىر مەنىدارلىقىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلغان. بىز جۇڭگو شېئىرىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، «شاھنامە»، ياۋ تۈزۈتلىرى»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ماۋ نەزمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى»، «نەزم خىسلەتلىرى» قاتارلىق نوپۇزلۇق كىتابلاردا شېئىرىيەتنىڭ «كۆڭۈل سۆزى»، «قەلبتىن چىققىدىغان» لىقى، «مەنىدارلىق» نىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ جۇڭگو شېئىرىيىتى مەدەنىيەت چەمبىرىدە شائىر سۇبيېكتى ۋە مەنە ئىپادىلەشنى پوئېتىك قاراشنىڭ ئۇلى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز «نەزمنامە»، چۇ يۈەن نەزملىرى، خەن ـ تاڭ «يۆفۇ» لىرى[1]، ھەرقايسى دەۋردىكى شېئىرىيەت نەمۇنىلىرىگە نەزەر سالساق، رېئاللىقنى روشەن ئىپادىلەشتىن باشقا، مۇھىمى شائىر روھىيىتىنى ئىپادىلەش ئاساسلىق ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرىمىز.

## 2. شېئىرىيەت ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەت

شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىش نوقۇل ياكى ئاددىي ھالدىكى شېئىرىي سەنئەت ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي شەكلى ھەققىدىكى ئىزدىنىش دېيىلىدىكەن، ناھايىتى چوڭ بىر

---

① «خەن يۆفۇ» خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردا تەرىپىدىن توپلانغان خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى، «تاڭ يۆفۇ» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە توپلانغان خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قەدىمكى «نەزمنامە» دىن كېيىنكى نوپۇزلۇق خەنزۇ خەلق قوشاقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەرەپلىمىلىكىكە يول قويۇلىدۇ. بىلىش كېرەككى، شېئىرىيەت بىلىشنىڭ بىر خىل تەپەككۇر شەكلى، ماھىيەتلىك بىر خىل ئۇچۇر شەكلى. بىرخىل ئۆزلۈك ــ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاشقىرىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ شېئىرىيەتنى ئىلاھ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، ئىلاھىي قەلبنىڭ ناخشا شەكلىدە زاھىر بولۇشى، مۇقەددەس سۆز دەپ قارىغانلىقى بىلەن ئارىستوتېلنىڭ شېئىرىيەتنى تارىخىي ئەسەرگە قارىغاندا پەلسەپىلىك سالاھىيەتكە ئەڭ باي دەپ كۆرسەتكىنى؛ نۇرغۇن مۇتەپەككۇرنىڭ شېئىرىي تىل بىلەن ھېكمەت بايان قىلغانلىقى شېئىرىيەتنىڭ بىلىش سىستېمىسى، ئۇچۇر شەكلى ۋە سەنئەت ژانىرلىرى ئارىسىدا پەلسەپىۋىلىككە ئەڭ بايلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. پەلسەپىۋى قىممەت شېئىرىيەتنىڭ ئەسىرلەردىن ھالقىغان ھاياتىي كۈچىنىڭ نېگىزى بولۇپ كەلگەن.

بۇ يەردە ئىككى نۇقتا ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى كېرەك:

بىرىنچى، شېئىرىيەت پەلسەپىۋى ھېكمەت قىممىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇ مەيلى دىداكتىك ــ ئەخلاقىي شېئىرىي ئەسەر شەكلىدە، مەيلى تارىخىي داستان شەكلىدە، مەيلى دىنىي ۋە ياكى تەبىئەت ئىلمى كاتېگورىيەسىدە، مەيلى لىرىك شېئىرىي چەشمە شەكلىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەلسەپىۋى ھېكمىتى بولمىغان شېئىرىيەت جانسىز شېئىر شەكلىدىكى سۆز قۇرۇلمىسى، پۇچەك شېئىر بولۇپ قالىدۇ. بىز «قۇتادغۇبىلىك»، «شاھنامە»، «خەمسە نەۋايى»، «دىۋانىي ھېكمەت»، «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، «مەسنەۋى رۇمىي»، «دىۋان ھافىز شىرازىي» ۋە ياكى «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»، «رامايانا»، «ماخاپخاراتا»، «ئاۋېستا»، «رىگاۋېدا»، «ئىلاھ كومېدىيەسى»، «فائۇست» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېكمەت كۈچى تۈپەيلى ئەسىرلەردىن ھالقىپ

www.uyghurkitap.com



كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مىسىرلىقلارنىڭ نىل دەرياسىغا، قۇياش ئىلاھى «را» غا، مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ مىتراغا، چۇ بەگلىكى ئاھالىلىرىنىڭ (چۇ يۇەنىنىڭ «توققۇز نەزم» ناملىق ئەسىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. — ئاپتور) «شەرق ئىلاھى» غا ئاتىغان نەزم ـ ناخشىلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ ئاساسىي پەلسەپىۋى روھىيىتىنى، ھەتتا ئۇنىڭ باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۇرگەن. پەلسەپىۋى مېغىزدىن چەتنىگەن شائىر تېخى شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن شائىردۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قانداق بېزەنمىسۇن، ئۇ جانسىز ھەيكەلگە ئوخشاش، ھاياتىي كۈچتىن يىراق بولىدۇ.

ئىككىنچى، شېئىرىيەت پەلسەپىۋى ھېكمەتنىڭ مەنتىقىي باياني بولۇپ قالماسلىقى، بەدىئىي مەجازلىق ئارقىلىق سەنئەت شەكلىدە، ئېستېتىك زوق ۋاستىسى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلۈشى لازىم. بۇ، پەلسەپىۋى ھېكمەتنى پەلسەپىۋى ئىبارە ـ ھۆكۈم ئارقىلىق ئىپادىلىمەسلىكنى، ئۇ شېئىرىي مەندارلىقنىڭ مەجازىي ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇنى دىنىي ئەدەبىياتتىكى ئىلاھىي چۈشەنچىلەرنى تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، سوپىستىك ئىدىيەلەرنى خاس تەسەۋۋۇپ ئىبارە ـ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، شەخسنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنى تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، كىشىلىك تارىخىي قانۇنىيەتلىرىنى رىۋايەت ـ قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەردىن كۆرەلەيمىز.

دەرۋەقە، شېئىرىيەت نوقۇل ھېكمەتنامە ئەمەس، كۆپ ھالدا شائىر بىرەر ھېكمەتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلمىغان ھالدا قولىغا قەلەم ئالىدۇ، بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ئەمما، شېئىر ئادەتتىكى نەسر ئەمەس، سۆز ـ ھېكايەت تېخىمۇ ئەمەس.

ئۇ شائىر قەلبىدە جەمغىرلەنگەن، سىنتېز [1] لەنگەن، ئىخچام —

ماھىيەتلىك پىكىرنىڭ پوئېتىك ئۇچقۇنى. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا شېئىرىيەتكە ماھىيەتدارلىق — مەنىدارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. روشەنكى، بۇنداق ماھىيەتدارلىق — مەنىدارلىق ھادىسە سۈرەت قۇلۇلىسىغا ئورالغان سەدەپ (مەرۋايىت) تەك مۇئەييەن ھېكمەت خاسىيىتى ۋە يۈكسەكلىك، مۇقەددەسلىك شاراپىتىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. بىز بۇنى مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ كلاسسىك شېئىرلىرىدىلا ئەمەس، خەلق ناخشا ـ قوشاق، بېيىت ـ داستانلىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئېيتىش كېرەككى، قەدىمكى دىنىي مۇراسىملارنىڭ مۇناجات نەزملىرى، پېرىخونلۇق نەزملىرى، ئەمگەك، مەۋسۇم، جەڭ، مۇھەببەت قوشاقلىرى، ئاتا ـ ئانىغا بېغىشلانغان ئەجداد قەسىدىلىرى، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن ھازىرقى زامان ئېپىك ۋە لىرىك شېئىرىيىتىگىچە روھىيەتنىڭ تالاي ھېكمىتى، كىشىلىك تۇرمۇش ئەقلىيەلىرى، تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە ئۆمۈر يەكۈنلىرى سىڭگەن.

شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ھېكمەتدارلىقى تۈپەيلى، شائىرنى نەسرىي ئەسەردىكى پېرسوناژلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، «لىرىك قەھرىمان» — ھېكمەت رىياسەتچىسى «مەن» گە ئايلاندۇرىدۇ. شېئىرىي ئەسەردىكى «مەن»، «بىز»، «ساقىي»، «مۇترەب»، «دىلبەر»، «مۇغبەچە»، «گۈل»، «بۇلبۇل»، «زەكىي» ئىبارىلىرىنى، نەسرىي ھېكايىلەرنى مۇئەييەن پېرسوناژ مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى شائىر قەلبىدىكى ئالەم ـ ئىنسانىيەت ھېكمەتلىرىنىڭ ھاۋالىسى، ۋەكىلى، ئالامىتى، دىيالوگ ۋە مونولوگ [2] ھالقىسى دەپ قاراش، چۈشىنىش لازىم. بۇ، شېئىرىيەتنىڭ نەسرىي ئەدەبىياتتىن پەرقلىنىدىغان ماھىيىتىنى

① سىنتېز — ھېگېلنىڭ تىرىيادا — ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە تېزىس، قارشى تېزىس، سىنتېزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى — مۇجەسسەملىشىش باسقۇچى، بۇ يەردە مۇجەسسەملىك كۆرسىتىلىدۇ.

② دىيالوگ — ئىككى كىشى ئارىسىدىكى پاراڭ — سۆزلەشمە، مونولوگ — دىلبايان ئۆز ـ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىش شەكلىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى (تەكلىپلىك مۇھەررىردىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلىش ۋە ھۆرمەتلەشتىكى بىر مۇھىم نۇقتا.

شېئىرىيەتنىڭ پەلسەپىۋى ھېكمەتدارلىقى شائىرنىڭ شائىرانە پىكىر قىلىشىنى، شائىرانە تەسىرلىنىپ تەسەۋۋۇر ئۇيۇشتۇرۇشىنى، شائىرانە كومپوزىتسىيەلەشتۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى «شائىرانە» لىق دەل مۇتەپەككۇرانىلىق بىلەن پوئېتىك مەجازلىقنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، شېئىرىيەتنىڭ پەلسەپىۋى ھېكمەتدارلىقى شائىر سۇبيېكتىگە يۇقىرى مەنىۋى مەدەنىي تۈزۈلمىلىك «فوند» تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەڭگىل ھەۋەس، چاكىنا شۆھرەت، غەلىتە مىجەز بىلەن گەۋدىلىنىدىغان ئەسەبىيلىك بولماستىن، مۇتەپەككۇرانە ئەقىل ـ پاراسەت، ئىنسانپەرۋەر روھىيەت، دەۋر جاۋابكارلىقى، راستچىل ـ ھەققانىيەتچىلىك بىلەن يۇقىرى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، تەسۋىرىي مەلەكە تەلەپ قىلىدىغان ئىقتىداردىن ئىبارەت.

## 3. شېئىرىيەتنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭغا ھامىيلىق

شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە، رول ۋە تەسىرىدە، قىممىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. فېيېرباخ توغرا ئېيتىدۇ: ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھاياتنىڭ ھەرىكىتى — پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

شېئىرىيەتنىڭ ماھىيەتلىك كاتېگورىيەسى بولغان ئۇنىڭ رولى ۋە تەسىرى توغرىسىدا شەرق ـ غەرب شېئىرىيەت تەلىماتلىرى تارىخىدا كۆپلىگەن بايان ساقلانغان. كۇڭزى «مۇھاكىمە ۋە بايان»، مېڭزى «يۈن خەن» ناملىق ئەسەرلىرىدە شېئىرنىڭ روھلاندۇرۇش، بىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، نەپرەت قوزغاش رولىنى تەكىتلىگەن. ئارىستوتېل «پوئېتىكا» ناملىق كىتابىدا شېئىرىيەتنىڭ تەقلىد قىلىش، بىلىش، ئىچ ئاغرىتىش ياكى نەپرەتلىنىش، پاكلىنىش رولىنى تىلغا ئالغان. ئارىستوتېلدىن كېيىنكى غەرب

پوئېتىكىلىرى، بولۇپمۇ دانتى ۋە سىدنېي شېئىرىيەتنىڭ خەلق تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، مەرىپەتچىلىكتە ئوينايدىغان تارىخىي رولى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى تەكىتلىگەن. غەربىي ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا شېئىرىيەت نەزەرىيەسى تارىخىدا شېئىرىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى ئىزچىل تەكىتلەنگەن بولۇپ، ھەتتا ئۇ «زېمىننى يورۇتىدىغان قۇياش، يىمىرىلمەس ئەبەدىيەت قەسىرىسى» (مۇنىس خارەزمىي)، «يۇرت ـ زېمىنلارنى قولغا كىرگۈزىدىغان قەھرىمان» (ھۈسەيىن بايقارا)، «مەنە جاۋاھىراتلىرى دەرياسى» (بابۇر)، «روھنى ئويغاتقۇچى سەنئەت» (نەۋايى)، «مەجازىيلاشقان ھەقىقەت» دەپ بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار شېئىرىيەتنىڭ ئىنسان مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى غايەت زور بىلىش سەمەرىسى، ھېكمەت مۆجىزىسى، ئىنكاس ۋە ئىپادىلەش ئۇچۇرى، قوزغاتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىتتىپاقلاشتۇرغۇچى رىغبەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت بۇرۇنىسىدىلا رىتىمدار ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە شېئىر ـ قوشاقلىرى بىلەن تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت، مۇھەببەت ۋە كىشىلىك روھىيەت بىلەن ئالاقە قىلىپ، ھەتتا شېئىر ئارقىلىق ئىستىغپار ئوقۇپ، ھارغىنلىقىنى چىقىرىپ، كېسەل داۋالاپ كەلگەن. شېئىرىيەتنىڭ بىلىش، ئۇچۇر قىلىش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولى مەسىلىسى شېئىرىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەھلىگە ئايان بولۇپ، مەسىلە بۇ رولىنىڭ قانداق گەۋدىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى خىل رولىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا قويۇلۇشىدا.

غەرب پوئېتىك نەزەرىيەسىدە شېئىرىيەتنىڭ بىلىش — ئىنكاس قىلىش رولى بىلەن ئېستېتىك رولى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىزاھلانغان بولۇپ، بۇ، شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى تەقلىدىيەت ۋە بەدىئىي ئۇنۇمدارلىق دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش بىلەن چەمبەرچاس

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



باغلانغان. شەرق پوئېتىكا نەزەرىيەسىدە شېئىرىيەتنىڭ ئىجتىما-
ئىي ئۇنۇمدارلىقى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئىزاھلانغان بولۇپ،
بۇ، شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى — مەنە ئىپادىلەش ۋە سىيمانتىك
قىممەت يارىتىش دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشقا تۇتاشقان. غەربىي ئا-
سىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا شېئىرىيىتىدە گەرچە گىرېك شېئىرد-
يىتى ۋە ياۋروپا شېئىرىيىتىنىڭ سالماقلىق تەسىرى بولسىمۇ،
مەنىدارلىق، قەلب ئىزھار قىلىشتىكى بايلىق ۋە گۈزەللىك قارد-
شى بىلەن تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق كىشىنى ئارىلاش (ئۆزىنى
تونۇش - ئويغىنىش. — تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) قا باشلاش قا-
رىشى ئاساسىي پوئېتىكا - ئېستېتىكا قاراش ھېسابلىنىپ كەلدى.

ئېيتىش كېرەككى، شېئىرىيەتنىڭ قىممىتى ۋە بۇ قىممەتنى
شەكىللەندۈرىدىغان ئۇنىڭ ھەرقايسى رول - تەسىرى، ئومۇمىيلىق
جەھەتتىن بىر پۈتۈن شېئىرىيەت ژانىرى جەھەتتىن ئېيتىلغان
بولۇپ، ھەربىر شائىرنىڭ ھەربىر شېئىرىغا قارىتا ئېيتىلغان
ئەمەس. شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قىممىتى ۋە ئۇنىڭ
ھېكمەتدارلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزمەستىن، شېئىرىيىتىگە ھەقىقىي
شېئىرىي قىممەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس.

شېئىرىيەت نەزەرىيەسى تارىخىدا شېئىرىيەتنى دەپسەندە قىلغان
ئاتالمىش شائىرلارنى قاتتىق سۆكۈش بىلەن بىللە شېئىرىي
سەنئەتكە ھامىيلىق قىلغان سادالار كۆپ قېتىم كۆتۈرۈلگەن
ئىدى.

جۇڭگودا جۇڭ رۇڭ «نەزم خىسلەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە
يۈزدىن ئارتۇق شائىرنى سىيلىشتۇرۇپ تەلقىن قىلىپ،
شەكىلۋازلىق ۋە قۇرۇق بېزەكۋازلىق بىلەن بولۇپ كېتىپ،
شېئىرىي مەنىدارلىقنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى نۇقتىلىق
تەنقىدلىدى. مەركىزىي ئاسىيادا ئەبۇ نەسىر فارابىي شېئىرىيەت
ھەققىدىكى ئەسىرىدە تەقلىد قىلغۇچى شائىرلار بىلەن تەپەككۇر

قىلغۇچى شائىرلار ھەققىدە، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي «شاھنامە» دە شائىر قەلبىنىڭ جاۋاھىر، شائىر تىلىنىڭ جاۋاھىر تارازىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە، ئاتائۇللا ھۇسەيىن «بەدايىئۇس سەنائىي» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرىيەتتىكى ۋەزىندارلىق ۋە مەنىدارلىق نۇقسانلىرى ئۈستىدە، ئەلىشىر نەۋايى «مىزانۇل ئەۋزان»، «مەجالىسۇن نەفائىس» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىن ئۆلچەملىرىدىكى نۇقسانلار بىلەن بىر قاتار شائىرلارنىڭ پەزىلەت ۋە ئىللەتلىرى ئۈستىدە توختالغان. غەربىي ياۋروپادا سىر فىلىپ سىدنېي 16 ـ ئەسىردىكى شېئىرىيەتكە قارىتا قوزغالغان سالقىن قاراشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «شېئىرىيەتكە ھامىيلىق» ناملىق مەشھۇر ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. سىدنېي بىر تەرەپتىن شېئىرىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە رولى ۋە قىممىتىنى يالقۇنلۇق ئىبارىلەر بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى زامان شېئىرىيىتىدە شېئىرىي سەنئەتكە داغ چۈشۈرىدىغان نۇقسان ۋە ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شېئىرىيەت ھازىرقى زامان نەسرى — رومانچىلىقى، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تۈرتكىسىدە، سەنئەتنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە ئىلگىرىكى نوپۇزىدىن چۈشكەندەك قىلسىمۇ، بۇ، شېئىرىيەتنىڭ پەقەت ئىلگىرىكى ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالىتىدىن ئۆز دائىرىسىدىكى سەنئەت ھالىتىگە كىرىشىدىن ئىبارەت، خالاس. شەرتلىك مەنىدە بۇنى پەلسەپىنىڭ ھەممە پەن ئۈستىدىكى «پەنلەرنىڭ پىرى» ھالىتىدىن بىر پەنلىك ھالىتىگە كىرگەنلىكىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. شېئىرىيەت يەنىلا جانلىنىپ تۇرغان سېھىرلىك چەشمە، مەپتۇنكار مۆجىزە!

مەسىلە شېئىرىيەتنىڭ ھازىرقى زاماندا، ھەرقايسى رايون ۋە مۇھىتتا قانداق مەنىۋى رول ئويناپ، قانداق ئىجتىمائىي رول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتەۋاتقانلىقىدا. شېئىرىيەت ئەگەر ئۆز ماھىيەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىپ، ھېكمەتدارلىقىنىڭ مەجازلاشقان شېئىرىي شەكلى بولۇشتىن قېلىپ، نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ بېيىتلاشقان شەكلىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، ئۇ ئۆز ئېتىبارىنى كېمەيتىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھېكمەتلەشكەن ئىنسانىي قىممىتىدە! شېئىرىيەت بۇ مۇقەددەس مېغىزدىن چەتلەپ شوئارۋازلىق، رەڭۋازلىق، يالغان سۆزلۈك ۋە ياكى چاكىنا تېماتىك ئىجادىيەت ئىللەتلىرىگە گىرىپتار بولىدىكەن، ئۇ ئۆز قەدرىنى يوقىتىدۇ!

شېئىرىيەت ئۆز ـ ئۆزىگە ھامىيلىق قىلىشى كېرەك![1]

---

① ئەسەر مۇشۇ يەرگىچە يېزىلغان بولۇپ، ئاخىرىنى تاماملاشقا ئالىمنىڭ ئۆمرى يار بەرمىگەن. ـــ نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

# شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىرقانچە ئېستېتىكىلىق مەسىلە توغرىسىدا

## 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

شېئىرىيەت ــ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن، سالماقلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى بەدىئىي ژانىر. ئۇيغۇر خەلقى ئاجايىپ رەڭدار ئېغىز ئەدەبىيات چەشمىلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆلگىلىك كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسى، تەرجىمە ئەدەبىياتى ماھارىتى ۋە يېڭى ئەدەبىيات دۇردانىلىرى بىلەنمۇ ئېپتىخارلىنىشقا ھەقلىق. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق ئۆركەشلىك ئېقىمىدا پەلسەپە، ھېكمەت، ئىلىم، تېبابەت، تارىخ ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئۇنچىلىرى ئۆزىگە لايىق شېئىرىي تۇستە گەۋدىلىنىپ كەلگەن. مەلۇم مەنىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى تىنىقى، ئۇيغۇر خەلقى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىنتىلىشچان تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئوبرازچانلىق بىلەن شۆھرەت تاپقان بەدىئىي پاۋلىيونى دېيىش مۇمكىن.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر قاتار مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بەزىلىرى يېڭى خاراكتېر ئالغان كونا مەسىلىلەر بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى شېئىرىيىتىمىز ئەمدىلەتىن دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەردىن ئىبارەت. شېئىرىيىتىمىز ئۈچۈن ئېستېتىكىلىق تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇۋاتقان بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا جامائەتچىلىكتە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەدىبلىرىمىزدە سۇبيېكتىپ قاراش جەھەتتە يۇز بەرگەن بىرمۇنچە ئىختىلاپ ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەرق شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىنى خېلىلا كېڭەيتىشكە ئېلىپ كەلمەكتە.

سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلقىمىز مەنىۋى تەلەپلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىغا ئەگىشىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھېرىسمەنلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرىمۇ كۆپەيمەكتە. شېئىرىيىتىمىز ئۆزىنىڭ تارىخىي، ئەنئەنىۋى تىما قاتلاملىرى، قاينام ـ تاشقىنلىق سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي كۈرەش دەۋرىگە ئائىت تىما قاتلاملىرىدىن باشقا يەنە ھازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشىنى، ھازىرقى كىشىلىرىمىزنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنى، تەلپۈنۈشچان تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەر خىل رەڭدار ئىپادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر قەدەر نازۇك تېما قاتلاملىرىنىمۇ شەكىللەندۈرمەكتە. شۇنداق قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى «بارچە گۈل تەكشى ئېچىلغان» ھەقىقىي ئىجادىيەت باھارىغا كىرىپ كەلدى. شېئىرىيەت ژانىرلىرى، ۋەزىنلىرى، ئېقىم ۋە ئۇسلۇبلىرىمۇ بىر قەدەر «كۆپ قىرلىق» ھالەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. بىز شېئىرىيىتىمىز گۈلزارىنىڭ سىياسىي شېئىرلار، تەلىم ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلار، تارىخىي تېمىدىكى شېئىرلار، ھېكايەتلىك شېئىرلار ۋە مۇھەببەت لىرىكىسىدىن ئىبارەت كۆپ خىل تۈرگە؛ ئارۇز، بارماق ۋە ئەركىن قاپىيە ۋەزىنىدىكى، ھەتتا نەسرىي شېئىرىي شەكىللەرگە؛ خىتابەتلىك، مەجازىي، غۇۋا، مۇڭلۇق، سىمۋوللىزملىق، تەسەۋۋۇرچان (ئىماگ)، لىرىزملىق ئاخبارات شەكىللىك ھەرخىل ئېقىم ۋە ئۇسلۇبقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز. بۇ، مەنىۋى ھاياتىمىزنىڭ بېكىنمىلىك، بىر ئېقىملىق، قاتمال ۋە بۇرۇقتۇرما ھالەتتىن ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ قىرلىق، جانلىق، ئەركىن ـ ئازادە يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قارىغاندا، راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى تارىخىي مۇھىتتا مىللىتىمىز يەنىلا

شېئىرىيەت مىللىتىلىك خاسىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالمىسا كېرەك.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىمكى، بىز ھازىر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە ئىككى مىڭ يىلدا ئېرىشكەن ھەممە ئۇتۇقىنى بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ھەسسىدىن كۆپرەك قاتلىغۇەتكەن ۋە يېڭى ئىدېئولوگىيەلىك ئويغىنىشنىڭ مۇقەددىمە مۇزىكىسىنى باشلىغۇەتكەن يېڭى تارىخىي پەللىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق. رىقابەت ۋە ھەمكارلىق، تاللىغۇېلىش ۋە شاللىغۇېتىش، ئارىلاشما (سېنكرېتىك) مەدەنىيەت ۋە ھازىرقى زامانغا خاس رەڭدار مىللىي مەدەنىيەت جەريانىنى ئۆز پائالىيىتى، رىتىمى ۋە گارمونىيەسى قىلغان بۇ دەۋردە بىر يىل كېيىن قېلىش ئۆتمۇشتىكى بىر ئەسىرلىك جاھالەت ئۇيقۇسىدا ياتقاندىن كۆپرەك ۋە ئېغىرراق تارىخىي قىممەت يوقىتىشنى ئۆزىگە بەدەل قىلىپ، بىزنى ئاگاھلاندۇرماقتا. ھازىرقى زامان ئويغانغان ئېڭىنىڭ تەپەككۇر مەنتىقىسى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى پارات قىلىشتىن كۆرە يېڭى نەتىجىلەرنى لايىھەلەشنى، ساندىن كۆرە سۈپەت ئۇتۇقلىرىغا نەزەر سېلىشنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى ئۆتمۇشتىكى ھالەت ۋە سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشتىن كۆرە ئۇنى ھازىرقى زاماننىڭ ئالدىنقى تارىخىي ئۆلگىلىرى بىلەن، ھەتتا بۇ ئۆلگىلەرنىڭ يېڭى يۈزلىنىش مۇمكىنچىلىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ھازىر بىز ئەسىرىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى) ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار تەكىتلىگەن مەرىپەتپەرۋەر ئويغىنىشنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانشۇناسلىقنى مەركەز قىلغان، ئىنفورماتسىيەلىك پەن ـ تېخنىكا ۋاسىتىلىرىنى قورال قىلغان، 21 ـ ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەنتەنە قىلىدىغان يېڭى ئويغىنىشنى ــــ ھازىرقى زامان ئويغانغان ئېڭى ۋە نەزەرىيەۋى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تەپەككۇرنى تەشەببۇس قىلىشۋاتىمىز. بۇ، خەلقىمىز ئۇچۇن 21 ـ ئەسىردە ـــ ئاجايىپ مۆجىزاتلار تەسەۋۋۇر قىلىنىشۋاتقان مۇشۇ بولغۇسى ئەسىردە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، يېڭى قىممەت يارىتىش ئىقتىدارى ۋە ھوقۇقىغا مۇيەسسەر بولۇش ـ بولالماسلىقىغا قارىتىلغان يالقۇنلۇق تەشەببۇس. مۇنداق ئويغانغان ئاڭ ۋە ئۇنى غايىۋى توغ قىلغان ئىسلاھات تۇرمۇشىمىزنىڭ، ئىجادىيىتىمىزنىڭ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچىدىن ئىبارەت.

يېڭى ئويغىنىش بوسۇغىسىدا، يېڭى بىر تارىخىي ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ژانىرى بولغان شېئىرىيىتىمىزنىڭ «جابدۇنۇش» ھالىتىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلىچۇ. ئۆز تېزلىكىنى مىنۇت ساناپ بارغانچە ئاشۇرۇۋاتقان ئۇچقۇر تارىخ ئىلان قىلغان «ئۇرۇش» ئالدىدا شېئىرىيەت سېپىمىز ۋە ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە چوڭ ـ كىچىك مەسىلىلەرنىڭ خېلىلا مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى: شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ژانىرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە بولغان كۆز قاراشنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى، ئەنئەنىۋى ۋە ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئىپادىلەش شەكىللىرى ئۈستىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى، ئوچۇق خىتابەتلىك ۋە لىرىك مەجازىي شېئىرىي ۋاسىتىلەر توغرىسىدىكى مۇجمەل قاراشلار، ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ مۇناسىۋىتى، شېئىرنىڭ ھەرخىل تۈر ـ شەكىلنىڭ باراۋەر بولۇشى، ئوقۇرمەن بىلەن ئاپتور ۋە شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقى مۇناسىۋىتىدىكى مەسىلىلەر، ۋەھاكازالار. شۇنداق قىلىپ، شېئىرىيىتىمىز بەدىئىي ئىجادىيىتىمىزدىكى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، ھامىيلىق قىلىش ئەڭ تەقەززا قىلىنىدىغان ساھەگە ئايلىنىپ قالدى.

شېئىرىيىتىمىز دۇچ كەلگەن بۇ يېڭى مەسىلىلەر، مېنىڭچە،

بىر تارىخىي ھادىسىدىن بېشارەت بولسا كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىرىيىتىمىز، ھېچبولمىغاندا چاغاتاي ئۇسلۇبىدىكى شېئىرىيەتتىن پەرقلىق بىر قاتلام ھاسىل قىلغان ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرى مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەكىلدىكى شېئىرىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىغا يېقىنلاشقان بولسا كېرەك. كۆپلىگەن ئالامەت ۋە مەنىۋى تېگىر قاشلار شېئىرىيىتىمىزنىڭ كونا باسقۇچىنى ئاخىرلىتىش ۋە يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇش ھالىتىگە كىرىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە.

## 2. شېئىرىيەتكە ھامىيلىق، شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىك پائالىيەتتە تۇتقان ئورنى

ئىنسانلارنىڭ ئۆز سۇبيېكتىنى ئىپادىلەش جەريانىدا قىلغان بارلىق ماددىي، جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن بەدىئىي زوق ۋە بەدىئىي باھا خاراكتېرىنى ئالغان پائالىيىتىنى ئېستېتىك پائالىيەتكە جەملەش مۇمكىن. مەلۇم مەنىدە ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى سېزىش، بىلىش، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش، زوقلىنىش، ئىجتىمائىي گۈزەللىك، بەدىئىي گۈزەللىك، ئىقتىدار گۈزەللىكى بەرپا قىلىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىگە ئېستېتىك قىممەت سىڭگەن.

شېئىرىيەت ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىش جەھەتتىكى سۇبيېكت ئالامەتلىرى بولغان ھېسسىيات، تىل ۋە تەپەككۇر بىلەن بىللە شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇ ئىنسان بىلەن بىللە، ئىنسان سۇبيېكتى بىلەن بىللە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ تارىخىي غەلىبىسىنى نامايەندە قىلىپ بارىدۇ. تارىخ شېئىرىيەتنىڭ بارلىق ئىدېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت شەكلى ۋە سەنئەت ژانىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم ھاياتىي كۈچكە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. ئىدېئولوگىيەلىك مەدەنىيەت شەكىللىرى ۋە سەنئەت ژانىرلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە راۋاجلىنىشىنى شېئىرىيەت تارىخىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ خىل ھاياتىي كۈچنىڭ ئىزچىللىقى ۋە بەقۇۋۋەتلىكى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. ھومېر شېئىرلىرىنى تېخى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان «ئىدېيال مەملىكەت» كە كىرگۈزمەسلىكنى تىلىغا ئالغان قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرى پىلاتون (ئەپلاتون) ئۆزىمۇ شېئىرىيەتتىن خالىي بولمىغان.

ئالمىنى ساڭا ئۆزاتتىم، ماڭا قىلساڭ ساداقەت،
ئالمىنى سەن ئال، ماڭا بېغىشلاپ پاك مۇھەببەت.
باشقىچە ئويلىساڭمۇ ئال ئالمىنى مەرھەمەت،
ئەمما ئەستىن چىقارما: ھال رەڭگىڭ قىسقا مۇددەت.

مانا بۇ ئەپلاتوننىڭ ساقلىنىپ قالغان لىرىكىلىرىدىن بىرى.

شېئىرىيەت شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم ھاياتىي كۈچكە ئىگىكى، ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. ئوبيېكتىپ مەۋجۇداتنىڭ ئىنسان سۇبيېكتىدە ئىنكاس قىلىنىشى قانداق مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولسا، ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلىشىمۇ شۇنداق مۇمكىنچىلىككە ئىگە. روشەنكى، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئىنسان ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سۇبيېكت ئۈچۈن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆزىنىڭ مەزمۇن ۋە قىممىتىنى سىرتقا ئىپادىلەشتىن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ماددىي تۈس» كە كىرگۈزۈشتىن باشقا چىقىش يولى يوق. بىر چاغلاردا «ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش مەيدە (ئۇششاق. — تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) بۇرژۇئازىيەنىڭ روھىي ھالىتى» دەيدىغان ئىلمگە يات ئىپادىلەر ئارقىلىق ئىنساننى ئۆز سۇبيېكتىدىن ۋە ئۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى تەبىئىي (قانۇنىيەتلىك) ھوقۇقىدىن

مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى «قورال» غا، بۇتقا ئايلاندۇرۇش يولىدىكى تەرسالىقنى ئىلمىي تەپەككۇر ئالدىغا قويىدىغان بولساق، خۇددى نەپەس ئېلىشمۇ «بۇرژۇئازىيە شەخسىيەتچىلىكى» دېگەندەك ھاماقەتلىكتىن كۆلگۈمىز كېلىدۇ. مەسىلە ئايانكى، ئۆزىنى ئىپادىلەش روھىي دۇنيانىڭ ئاساسلىق ئىنتىلىشى ۋە تۈپ پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ مەزمۇن سەۋىيەسى بىلەن ئەركىنلىك دائىرىسى ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئېڭى دەرىجىسى بىلەن رېئال ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ياكى ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ قارشى قۇتۇپقا نىسبەتەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىغا باغلىق.

ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىشنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر قاتار ھېسسىي، ئەقلىي ۋە تەسەۋۋۇر پائالىيىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شېئىرىيەت دەل مۇشۇ ئاساس ۋە مۇشۇ روھىي پائالىيەتلەردىن ئايرىلمىغان ھالدا، تولاراق تەسەۋۋۇر، بولۇپمۇ بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن قاناتلانغان بولىدۇ. كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان شەيئىلەر ئىچىدە ھەرخىل ئۇچار قانات، ئايروپىلان، ھاۋا شارى ۋە ھەرخىل سۇرئەتتىكى راكېتا ھەم ئالەم كېمىلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، روھىيەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ يىراق مۇساپىلىك ئۇچۇر شەكلى بولغان تەسەۋۋۇر دەل شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ تۇلپارىدىن ئىبارەت. شېئىرىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق ـ ۋارۋارلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرىشىدىكى «تۇنجى يورۇقلۇق مەشئىلى»، «بىلىمنىڭ ئاتىسى»، « ئىنسانىي بىلىملەرنىڭ پادىشاھى» (سىدنېي) بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ. بىز تەسەۋۋۇرسىز ئىدراك ۋە خاتىرىلەردىن ئوبراز ياكى تەپەككۇر سېكىللىرى ئۇيۇشتۇرالمايمىز، ئىلمىي ياكى ئوتوپىك، ئېھتىماللىق ياكى فانتازىيەلىك قىياسقا ئىگە بولالمايمىز. ئۆتمۈش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەنمۇ، كەلگۈسى بىلەنمۇ ھېچقانداق مەنىۋى مۇناسىۋەت ئورنىتالمايمىز. ئوبرازلىق كۆرۈنمىلەر بىلەن شېئىرىي ئۇچقۇندارلىققا تولغان تەسەۋۋۇر تۇتېمىزملىق روھىيەتنىمۇ، دىنىي ئىللوزىيەلەرنىمۇ، ئىلىم - پەن گىپوتىزالىرىنىمۇ، غايىۋى تەلپۈنۈشلەرنىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلدى.

شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىي ھاياتتىكى پائالىيەت قىممىتىنى بىرقانچە جەھەتكە ئىخچاملاش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، شېئىرىيەت مىللىي ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى، لۇغەت تەركىبى بايلىقى ۋە رەڭگارەڭلىكى، ئىپادىلەش جەھەتتىكى جانلىقلىقى ۋە ئاھاڭدارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەدەبىي تىلنىڭ «ئۆلچەملىك شەكلى» (دانتى) رولىنى ئۆتەيدۇ. شېئىرىيىتى قاتمال ھالەتتىكى مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ روناق تاپقانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، شېئىرىيەت ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئاڭنىڭ، زامانىۋى ئاڭنىڭ، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكىنىڭ مۇھىم بىر شەكلى. شېئىرىيەت بولسىمۇ - بولمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە ئەمەس! ئۇ ئىنسان سۇبيېكتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەركىن ئاڭنىڭ ئەڭ نازۇك ئىجتىمائىي مىزانى. شېئىرىيەتنىڭ ئازادلىقى، شائىرنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى بىلەن قوشۇلۇشى نەسرىي ئەدەبىيات ئازادلىقىنىڭ، پۈتكۈل سەنئەت ئازادلىقىنىڭ ئالدىنقى بېشارىتى ۋە ئۆلچىمى. ۋاھالەنكى سەنئەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولمىغان مىللەت روھىيەت كېسەللىكىدە تۇرۇۋاتقان مىللەتتىن ئىبارەت. يالغان شېئىرىيەت، قۇيقۇرۇق شېئىرىيەت، زورمۇزور ياساپ تېڭىلغان شېئىرىيەت ئۈستۈنلۈك ئالغان جايدا «مۇھەببەت مۇھەببەتكە، ئىشەنچ ئىشەنچكە ئالماشمىغان» جايدا (كارل ماركس) «شائىر» شېئىردىن، «شېئىر»

خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۆز شېئىرلىرىنى پىغانلىق كۆز ياشلىرى ياكى ئىبادەت مۇناجاتلىرىغا سىڭدۈرۈشكە مەجبۇر.

ئۈچىنچىدىن، شېئىرىيەت ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنىڭ، ئىنسان تەپەككۇر بوشلۇقىنى ئېچىشنىڭ، مىللەت روھىيىتىنىڭ ھەرقايسى پىسخىكىلىق تۈزۈلمە ۋە قاتلىمىدا چوڭقۇر ھاسىل قىلىپ قالغان بولمىغۇر ئىللەتلەرنى ئېرىغداپ، روھىي ساغلاملىق ۋە روھىي تەشەببۇسكارلىقنى ئۇرغۇتۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلىرىدىن بىرى. مەلۇمكى، روھىي ساغلاملىق ۋە جۇشقۇنلۇق ئىنساننىڭ تاكامۇللىشىشى ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىنىڭ مۇھىم بىر شەرتى.

ئەلۋەتتە، شېئىرىيەتنىڭ ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسى كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەنە بىر قاتار رولى ۋە ئەھمىيىتىمۇ بار.

يۇقىرىقىلار شېئىرىيەتكە ئىلمىي، ئېستېتىكا ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن، ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ھامىيلىق قىلىش، ئېتىبار بېرىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە كۇپايە قىلىدۇ.

## 3. شېئىرىيىتىمىزنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي قىممىتى

ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز ئەنئەنىۋى ئارۇز ۋە بارماق بەھرىدىكى تۈرلىرىدىن تاشقىرى، يەنە ئەركىن ۋەزىنلىك، نەسرىي شەكىللىك ۋە ھەرخىل ئۇسلۇب ـ ئېقىمغا مەنسۇپ شېئىرىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئۆز بېغىنى بېزىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىرلار ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە ھەرخىل شېئىرىي تۈر ۋە ئېقىمغا قارىتا ھەرخىل قاراش، ھەتتا خىلمۇخىل كەسكىن ئىختىلاپلارمۇ كۆرۈلمەكتە، بەزىلەر سىياسىي، خىتابەتلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاشكارا ۋە ئاخبارات شەكلىدىكى شېئىرلارنى ئەتىۋارلىسا، بەزىلەر ئۇنى «شېئىرىي خىتاب»، «قاپىيەلىك دوكلات»، «دەبدەبىلىك پاراڭ»، «قاتمال ھۆكمەت» دەپ قاراپ، غۇۋا، ئىدراكىي، يېپىق شېئىرلارنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنى «كەلگۈسى شېئىرىيەتنىڭ نەمۇنىلىرى» دېيىشمەكتە. بەزىلەر دىداكتىك — تەلىم شەكلىدىكى، بەزىلەر ھېكايەتلىك شەكلىدىكى، بەزىلەر سىمۋوللۇق شەكلىدىكى، بەزىلەر ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگۈچى شېئىرلارنى ئەتىۋارلاپ، قالغانلىرىنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى چەتكە قاقىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئەھۋالدىن قارىغاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە روسىيەدە يۈز بەرگەن كارلوس ۋىللىيامس، پۇئۇند، ئالدىنگتون قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئىماگ (ئىدراكىي) شېئىرىيەت ئېقىمى، رىلكى، ۋېرانىي، جون رامون قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى سىمۋوللۇق شېئىرىيەت ئېقىمى، ماياكوۋسكىي (گەرچە ئۇ بەزىدە كەلگۈسىچىلىك ئېقىمىغا خاس ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ) قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ياڭراق خىتابەتلىك شېئىرىيەت ئېقىمى، لوۋېلىل، سېرگىي يېسېنىن، ئاننا ئاخماتوۋا ۋەكىللىكىدىكى «كىچىك ئاۋاز، ئىنچىكە تاۋۇش» ۋە مونولوگ شەكلىدىكى شېئىرىيەت ئېقىمى، جۈملىدىن فىرانسۇز شېئىرىيىتىنىڭ پىرى ھېسابلانغان سائىنت پېرسى ۋەكىللىكىدىكى نەسرىي شېئىرىيەت، ئاپوللىنائىرى ۋەكىللىكىدىكى «قاپىيەدىن ئازاد» شېئىرىيەت ۋە ھۈيدۈبرو ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان شەكىلۋازلىقى بولغان «ئىجادىيەتچىلىك» ئېقىمىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئالامەتلەرمۇ شېئىرىيىتىمىز مۇنبىرىدە «قىياپەت» كۆرسەتمەكتە. بۇ ھال شېئىرىيىتىمىزگە ئەتراپلىق، تارىخىي باھا بېرىش ئاساسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بەرپا

قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئۇستۇنلۇك ئالغان بۇگۈنكى مۇھىتىمىزدىلا ئۆز مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە.

مېنىڭچە، گېرمان كىلاسسىك پەيلاسوپى ھېگېلنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق بارلىق نەرسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق نەرسىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق» دېگەن سۆزى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ھەممە خىلدىكى (ھەتتا دىنىي تۈستىكى) شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى خەلقىمىز شېئىرىيەت خەزىنىسىدىكى بايلىق بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ئېھتىياجلىرى تۈپەيلى تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن. بىز خەلق قەھرىمانى سېيىت نوچىنىڭ 1920 ـ ، 1924 ـ يىللىرى سوۋېت رۇسىيەسىنى ئايلىنىپ ئۇچتۇرپانغا كېلىپ ئېيتقان:

ئاش پىشۇرۇڭ شۇ تاپتا،
خېمىر يېيىڭ تاختىدا.
كەمبەغەللەر ياشايدۇ،
لېنىن ئاتام ۋاقتىدا.

دېگەن قوشىقىنى شېئىرىيەت نەپىسلىكى جەھەتتە نەۋايى بىلەن خوجاجاھان ئەرشى شېئىرلىرىدەك باالاغەتلىك دېيەلمىسەكمۇ، لېكىن تارىخىي قاتلام نۇقتىسىدىن نەۋايى ۋە خوجاجاھان ئەرشى شېئىرلىرىدا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تۇنجى ئىپادىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز. دىداكتىك شېئىرلاردىن ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» ناملىق ئەسىرى، سوپىزملىق ـ پانتېئىزملىق شېئىرلاردىن بابا رەھىم مەشرەپ بىلەن مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ لىرىكىلىرى، مەرىپەتپەرۋەر شېئىرلاردىن قۇتلۇق شەۋقىي بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىتابەتلىك غەزەللىرى، جۇملىدىن، سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈرلەشكەن يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ياڭراق ۋە جەڭگىۋار شېئىرىيىتىمىز ئۆز دەۋرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرىغا خاس تارىخىي قىممەت ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

تارىخىمىز بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئىپراسىغا قەدەم قويدى. يېقىندىن بېرى خەلقئارا يۈزلىنىشمۇ تىنچلىق، ھەمكارلىق ۋە گۈللىنىشنى ئاساسىي ئېقىم قىلغان بىر راۋاجلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ئاڭلىقلىقى مۇتەئەسسىپلىك ۋە تەلۋىلىكتىن كېلىپ چىققان «ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەر» نى تېزگىنلەش ئىقتىدارىنى ھەر تەرەپلىمە ئاشۇرماقتا. بۇ ھال ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئوبرازلىق نۇتۇق ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئىپادىلەش شەكلى بولغان شېئىرىيەتنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ۋاستىلىرىگە يېڭى زۆرۈرىيەت ۋە مۇمكىنچىلىكلەر بېغىشلىدى. ئەمدى «ئەرەنچە كىيىنىپ جەڭگە كىرگەن» خۇامۇلەننىڭ يۈيۈنۈپ - تارىنىپ پەرداز ئۈستىلى ئالدىغا كېلىش مۇمكىنلىكى تۇغۇلدى. بۇ ھال شېئىرىيىتىمىزدە يېڭى رەڭدارلىق، نەپىسلىك ۋە لىرىزملىق موتىفلىرىنىڭ كۆچىيىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىجتىمائىي ئېستېتىك تەقەززامۇ دەل مۇشۇ ئامىللاردىن بەھرىلىنىشكە يۈزلەندى. قىسقىسى، شېئىرىيىتىمىز تىنچ گۈللىنىش مەنزىرىسىگە قەدەم قويدى.

بۇ، شېئىرىيەتنىڭ «ئۇلۇغۋار» لىقتىن «چاكىنىلىق» قا چېكىنگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ ياق!

ئىلگىرىكى شېئىرىيىتىمىزدىكى ياڭراقلىق ۋە خىتابەتلىكنى «بەدىئىيلىكى يوق پاراڭ» دېگىلى بولمىغىنىدەك (ئەلۋەتتە قىسمەنلىرى بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس)، يېڭى ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق شېئىرىيىتىمىزنى «چاكىنىلىق» (ئەلۋەتتە

قىسمەنلىرى بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس) دېگىلى بولماس.
شۇنى روشەنلەشتۈرۈش ھاجەتكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى جەمئىيەت ئومۇمىيلىقىغا قويۇپ تۇرۇپ يېزىلغان «ماكرو» تېماتىكىلىق شېئىرلار بىلەن جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ھالەتلىرىنى ئىنسان خۇسۇسىيلىقىغا قويۇپ تۇرۇپ يېزىلغان «مىكرو» تېماتىكىلىق شېئىرلار ئوخشاش ئىنسانپەرۋەر شائىر قەلبىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مۇھىتتىكى (ھەتتا ئىلھام مۇھىتىدىكى) ئوخشاش يۈكسەكلىكى، قىزغىنلىقى ۋە ئىجتىمائىي ھېسسىداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇر ئازادلىقىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ.
شېئىرىي شەكىللەرنىڭ تارىخىيلىقى، ئۇلارنىڭ «ھەممە گۈل تەكشى ئېچىلغان» سەنئەت گۈلزارىدىكى باراۋەرلىكى، يېڭى شېئىرىي شەكىل ۋە ئېقىملارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنىڭ يوللۇقلۇقى بىزدىن شېئىرىي شەكىللەر ۋە شېئىرىيەت تۈرلىرىگە نىسبەتەن بىر قەدەر كەڭ، تارىخىي ۋە ئەتراپلىق قاراشقا ئىگە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.
كونكرېت شېئىرىي ئەسەر ۋە مەلۇم شائىرنىڭ تارىخىي قىممىتى مەسىلىسىگە كەلگەندە ئۇ كونكرېت تەتقىق قىلىنىشى لازىم. بۇ، ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي مەيدانى، مەنىۋى قىياپىتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، بەدىئىي بالاغىتى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدار تەسىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنچىكە ئىش. بۇ ئىشتا ئادالەتسىزلىككە يول قويۇش تەتقىقاتچىنىڭ خاراكتېر تۈزۈلمىسىدىكى ئادالەتسىزلىكنى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى ئېچىپ بېرىدۇ، خالاس.

## 4. شېئىرىيەتنىڭ خاس بەدىئىي ئالامىتى ھەققىدە

بىر دوستۇم ماڭا: «مەنمۇ شائىر بولۇپ قالدىم، شېئىر دېگەن بىرقانچە بوغۇملۇق سۆزدە ئىگە بىلەن خەۋەرنى دۈم كۆمتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قويسىلا بولىدىغان پاراڭ ئىكەنغۇ؟!» دەپ چاقچاق قىلدى. دەرۋەقە، مۇنداق شېئىرلارمۇ ئاز ئەمەس!

شېئىر دېگەن زادى نېمە؟

بۇ ھەقتىكى ئوقۇلغان مەدھىيەلەر ۋە بېزەندۇرۇلگەن جۈملىلەر يېتىپ ئاشقۇچە: « قەلبنىڭ ناخشىسى»، «ھەقىقەتنىڭ گۈزەللىكى»، «زاماننىڭ ئەكس ساداسى»، « سەنئەتنىڭ مەلىكىسى»، «روھىيەت شاھزادىسى»، «ئەدىبىيە ئۇچقۇنلىرى»، «ھېسسىيات چېچەكلىرى»، «تارىخنىڭ قەدەم ئىزى» ... ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقلىرىدا «شېئىر ـــ سەنئەت»، «سۆز سەنئىتى»، «ئەدىبىيە ھېسسىياتچان سەنئەت»، «رىتىمدار، ۋەزىندار، قاپىيەدار، ئاھاڭدار سۆز سەنئىتى»، «ئەدىبىيە، مەنىدارلىق شېئىرىيەتنىڭ جېنى»، «ئاھاڭدار نۇتۇق شېئىرىيەتنىڭ جېنى» دېگەن سۆزلەر بىلەن «شېئىر ئويغاق ھالەتتە كۆرۈلگەن چۈش»، «ئاڭ ۋە ھېسسىيات ئېقىمىنىڭ بۇژغۇنلىرى»، «بىسمىغا ئۇچرىغان روھتىن ئېتىلىپ چىققان ياڭراق ياكى غەمكىن فونتان»، «ياتلاشقان ئىنسان روھىنىڭ ئۆزىنى پاكلىشى» قاتارلىق ئىبارىلەرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ.

شېئىرىيەتتە ئەدىبىيەۋى ھېسسىياتنىڭ، نەۋايى دەۋرىدىكى ئېستېتىكىلىق ئىبارە بىلەن ئېيتقاندا «مەنىدارلىق» نىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى شۈبھىسىز. ئەپلاتون «شائىر تەڭرىنىڭ سۆزچىسى» دېسە، ئارىستوتېل «شېئىر يېزىش پائالىيىتى تارىخ يېزىش پائالىيىتىگە قارىغاندا پەلسەپىۋى مەنىدارلىققا كۆپرەك ئىگە» دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى قىلغان. بېكون «شېئىر ـــ بىلىمنىڭ بىر قىسمى» دېسە، سىدنېي «ھەقىقىي شائىر ـــ ئالىمنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپى»، «تەبىئەت دۇنياسى مىس بولغاندا ئىدى، شائىر ئۇنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان بولاتتى» دېگەن. بېلىنىسكىي «ئەدىبىيەۋى ھېسسىياتى بولمىغان ئەسەرنى شېئىر دېيىش مۇمكىن ئەمەس» دېسە، گوركىي «ھەقىقىي شېئىرنىڭ تولىسى قەلب شېئىرى، قەلب

ناخشىسىدىن ئىبارەت» دېگەن.
ئەمما شېئىرىيەت ئۇچۇن ئاساسىي مەسىلە «نېمىنى دېيىش» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى «قانداق دېيىش» مەسىلىسى بولغاچقا، مەزمۇندارلىقنى تېخى شېئىرنىڭ، ھەتتا شېئىرىي ئالامەتنىڭ ئۆزى دېيىش قىيىن. شېئىرىيەت گەرچە ئىدىيە ـ مەزمۇندىن، بىلىش ۋە چۈشىنىشتىن خالىي بولمىسىمۇ، ئۇ بىلىش كاتېگورىيەسىدىكى مەھسۇلات ئەمەس.
شېئىرىيەتتە تىل ۋە ئاھاڭدارلىقنىڭ غايەت مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئارىستوتېل «تىل ئىدىيەنى ئىپادىلەيدۇ» دېسە، سىدنېي «شېئىر — سۆزلەيدىغان رەسىم» دېگەنىدى. ھەتتا ئىدىيەۋى ھېسسىيات بىلەن تىل ۋە ئاھاڭدارلىق مەسىلىسىدە قارىمۇ قارشى پىكىرلەرمۇ مەيدانغا چىققان. لىئوناردو داۋىنچى «شېئىر قارىغۇ رەسىم، رەسىم بولسا گاچا شېئىر» دېسە، ھېردېر «شېئىر رەسىم سىزمايدۇ، ناخشا ئوقۇيدۇ. شېئىرىيەتنىڭ مۇكەممەللىكى قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تەسىرلىنىشنىڭ گارمونىيەسىدە» دېگەن.
دەرھەقىقەت، بىز باي مەنىدار، ھەتتا يۈكسەك ئىدىيەۋىلىككە ئىگە كۆپلىگەن شېئىرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، ئەمما ئۇنىڭدىن قانداقتۇر «ئىبارىچىلىك»، «ئوقۇمچىلىق» نۇقسانلىرى تۈپەيلى شېئىرىي لەززەت ئالالمايمىز.
دەرھەقىقەت، بىز كۆپلىگەن چىرايلىق ئىبارە، ئوخشىتىش، ماقال ـ تەمسىل بىلەن بېزەندۈرۈلگەن ئىبارىلەر «تەلەپپۇز قائىدىسى دەستۇرى» بويىچە گىراماتىكىلىق تەرتىپتە رەتكە تۈرغۈزۈلغان شېئىرلارنى بىلىمىز. جۈملىدىن، ھەر خىل ئارۇزنىڭ خىلمۇخىل بەھرىنىڭ ئاھاڭدار ۋەزنىدە يېزىلغان يېڭىچە شېئىرلارنىمۇ بىلىمىز. ئەمما ئۇنىڭدىن گىراماتىكىلىق ئىزچىللىق ۋە رىتىمدار داپ ئۇرغۇلىرىنىڭ كېلىشمىلىك تەكرارلىنىشىدىن باشقا سېھىرلىك شېئىرىي زوققا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بولالمايمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋال بولۇپمۇ بۇ شېئىرلارنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرغاندا ياكى ئۆزگە تىل سىستېمىسىغا تەرجىمە قىلغاندا ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغاندا كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ.

ئۇنداقتا شېئىرنى ھەرقانداق ھالەتتە شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان بەدىئىي ئالامەت نېمە؟

بۇ ھەقتە ھەقىقىي ئىزدىنىش ئۇچۇن سۆزنى شېئىرىيەتنىڭ «سەنئەت» كە، بولۇپمۇ «سۆز سەنئىتى» گە تەئەللۇق بەدىئىي ژانىر ئىكەنلىكىدىن باشلايلى.

مەلۇمكى، سەنئەتنىڭ ھەممە ژانىرى ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. رەسسام، ھەيكەلتىراشلار تۈرلۈك ياغاچ، تاش، مېتال، گەج، رەڭ ـ بوياق قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ ئۇلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. مۇزىكانت ھەرخىل مېتال، تېرە، ياغاچ ۋە قىلدىن ياسالغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇسسۇلچى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ بەدەن ھەرىكىتى ۋە قىياپەتلىك مىمىكىلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن قىياسىي ھەرىكەت شەكلىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، مەلۇم ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسىنىڭ نېمىلىكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىلا ئويلاشقان بولسا، ئۇنداق قىينالماستىن ئېغىزدىلا دەۋەتسە بولماسمىدى؟ ياق! ئۇ چاغدا بۇ سەنئەتلەر يوقالغان، مەۋجۇتلۇق قىممىتىدىن مەھرۇم بولغان بولاتتى. بىر چاغلاردا ئادەم توپلاپ ۋەز ـ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن دەسلەپ داقا ـ دۇمباق چېلىپ، بىرەر نومۇر كونسېرت قويۇلىدىغان. ھازىرمۇ «ئاخىرىدا كىنو» ياكى «سەنئەت نومۇرلىرى» بولىدۇ دېگەن تەكلىپنامىلەر بىلەن يىغىن تەشكىللەيدىغان ئادەت بارغۇ! سەنئەتنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋەز ـ

تەشۋىقات ياكى يىغىن دوكلاتلىرىدىنمۇ ئارتۇق ئەمەسقۇ؟!

بۇلاردىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، سەنئەت ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ زامان، ماكان ۋە تەسەۋۋۇرچان قۇرۇلمىلار ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق سەنئەتنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنىڭ ئۇل تېشى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس (ئىندىۋىدۇئال) ئېستېتىك ئىقتىدارى بولۇپ، تەربىيەۋى ئىقتىدار ئېستېتىك ئىقتىداردىن تۇغۇلغان، تارماقلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، سەنئەت بىر قاتار ئەقلىيە ياكى دىنىي ئەقىدىنىڭ پىرامىداسىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

ئۇنداقتا، شېئىرىيەتنى ئاھاڭدار ۋە رەڭدار تىل ۋاستىسى ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدىغان سەنئەت ياكى بەدىئىي ژانىر دېسەك بولامدۇ؟ بۇنىڭغا بىز شەرتلىك ئاساستا «ھەئە!» دېيىشىمىز مۇمكىن.

مەلۇمكى، ئىنسان تىل بىلەن تەپەككۇر قىلىدۇ. بىز ئادەتتىكى تىل بىلەن شېئىرىيەت تەلەپ قىلىدىغان تىلنىڭ پەرقى ۋە چېگراسىنى قانداق ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن؟ شېئىرلارنىڭ خېلىلا بىر قىسمى ھېلىقى دوستۇم ئېيتقاندەك گىراماتىكىلىق دۇم كۆمتۈرۈش بىلەنلا يېزىلىۋاتامدۇ؟ خېلىلا نەپىس، ئوخشىتىشلىق، ئاھاڭدار ۋە رەڭدار تىل ۋاستە قىلىنغان شېئىرلار كىشىنى شېئىرىي مەپتۇنلۇققا ئىگە قىلمايدىغۇ؟ قانداق قىلغاندا شېئىرىيەتنى گۈزەل تەسۋىرىي سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتلىرىدەك ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئۈستىگە قۇرغىلى، ئۇنى ئادەتتىكى نۇتۇقنىڭ تەرتىپلىك تىزىلمىسى ۋە ئۆزگەرتىلگەن ۋارىيانتلىق خەۋپىدىن قۇتقۇزغىلى بولىدۇ؟

روشەنكى، شېئىرىي ئەسەر سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش كۆپ ئامىللىق، كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. ئالەمدە زەررىدىن قۇياش سىستېمىسىغىچە ھەممە نەرسە قاتلاملىق قۇرۇلمىلىققا ئىگە. ئەمدىلىكتە بىرەر ھۆجەيرە ياكى بىرەر ئېلېمېنتلىق ئاتوم زەررىسىنىڭ خېلىلا مۇرەككەپ قاتلاملىق قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى، خاراكتېر ۋە پائالىيەتنىڭ روھىي قۇرۇلمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھازىرقى زامان پىسخولوگىيە نەتىجىلىرى ئىسپاتلىماقتا.

سىدنېي «خۇددى سۆزمەنلىك ئادۋوكاتلىقنىڭ شەرتى ھېسابلانمىغاندەك، شائىرلىق قاپىيەلىك شېئىرىي مىسرالارنى يېزىپ چىقىش بىلەن ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئوبراز قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ، شائىرنى چۈشىنىشتىكى ھەقىقىي ئۆلچەم» دېگەنىدى. ئەنگلىيە شائىرى ۋە سەنئەت نەزەرىيەچىسى توماس ئېللىيوت «سۇبيېكتنى ئىپادىلەشتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بولىدىغان نەرسىنى تېپىپ چىقىش لازىم» دەپ تەكىتلىدى.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شېئىرىي ئوبراز قۇرۇلمىسى دېگەن نېمە؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىر يېزىشقا كىرىشكەندە نېمىنى دېيىش مەسىلىسىنى ئەمەس، بەلكى قانداق دېيىش مەسىلىسىنى نەزەردە تۇتۇش؛ بايان قىلىنماقچى بولغان نەرسىنى شۇ پېتى دېمەسلىك، قاپىيەلەشتۈرۈپلا قويماسلىق، تەسۋىرىي ئوخشىتىشلار بىلەنلا بېزەندۈرۈپ قويماسلىق، بەلكى ئۇنى باشقا بىر ئېنىق قۇرۇلمىلىق ئوبرازغا يىغىنچاقلاش، شۇ ئارقىلىق «سۆزلەيدىغان رەسىم» دىن ئىبارەت «شېئىرىي مۇھىت» ۋە «لەرزىگە سالىدىغان تەسەۋۋۇر» دىن ئىبارەت «شېئىرىي تۇيغۇ» (ياكى «شېئىرىي مەنە») ھاسىل قىلىش.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، شائىر ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى گۈزەل ئىبارىلەر ۋە قايناق ھېسسىياتلار بىلەن ئىپادىلەشكە

ئالدىرىماسلىقى، بەلكى ئۇنى شۇ ئىدىيەۋى ھېسسىياتقا «تەققاس» كېلىدىغان، «نىسبەت بولالايدىغان» ئوبرازلىق شېئىرىي قۇرۇلمىغا ھاۋالە قىلىشنى بىلىشى لازىم. مېنىڭچە، شېئىرىيەتنىڭ سىرى، شېئىرىيەتنىڭ نىسبەت بولالايدىغان ئوبرازلىق شېئىرىي قۇرۇلمىسىنىڭ كەينىدە خۇددى رەسسام، مۇزىكانت، تىياتىر ئارتىسى ئۆز شەخسىيىتىنى باشقا ۋاستە ۋە باشقا پېرسوناژلارنىڭ روللىرى بىلەن يوشۇرغاندەك ھالەتتە تۇرۇشى، ئۆز تىلىنى بۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىقى، سەكرەپ چۇشۇۋالماسلىقى كېرەك.

مىسال كەلتۈرەيلى:

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىرە لى چىڭجاۋ ئېرى بىلەن «قوش جىلغا» دېگەن جايغا قېيىققا چۇشۇپ كۆكلەم تاماشىسى قىلغىلى بارغاندا يوەن (موڭغۇل) قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراپ تۇل قالغان. ئۇ قىرغىندا ھالاك بولغان ئېرىگە بولغان سېغىنىشىنى مۇنداق ئوبراز قۇرۇلمىسىغا ھاۋالە قىلىپ، شېئىرىي مۇھىت ۋە شېئىرىي مەنە ياراتقان:

توختىدى ئۇچقۇر بوران، گۇل بەرگىلەر توزغان ھامان،
باستى گۇگۇم، چاچ تاراشقا يوق ئارام.
نەرسىلەر ئەينەن ۋە لېكىن ئۆزگىچە ئادەم، جاھان،
سۆزلىمەكتىن ئىلگىرى ياشىم تارام.
ئاڭلىسام، شۇئاڭجىدا كۆكلەم ھۆسنى بەك كۆركەم ئىكەن،
ئىستىدىم قېيىقتا ئۇزمەكنى داۋام.
قورقىمەن قوش جىلغىدا ئۈزگەن ئاشۇ چاققان قېيىق
دەردلىرىمنى سۆرىيەلمەيدۇ تامام.

ئۆزبېك شائىرەسى زۇلفىيە ئېرى، شائىر خەمىت ئالىمجان قەبرىسىگە گۇل كۆتۈرۈپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ كەلگەنلىكى ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنىڭ پاك سېغىنىشلىرىنى مۇنداق ئىزھار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلغان:

سېغىنغاندا ئىزدەپ بىر نىشان،
قەبرەڭ تامان ئالار ئىدىم يول.
كەلتۈرەتتىڭ ماڭا بىر زامان،
ئەمدى ھەر چاغ مەن سۇنارمەن گۈل.
……
بىز يىغلاشتۇق تۆپەڭدە شۇ كۈن،
كەلدىڭمۇ دەپ كۆتۈرمىدىڭ باش.
ئېيتچۇ، سەن بىلەن بەختىيار چاغلار
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدە بىر ياش؟

بىز بۇ شېئىرلاردا پۈتۈن ھېكايەتلىك ۋەقەلىك، شائىرانە پىكىر ـ ھېس، گىراماتىكىلىق سۆز تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىق شېئىرىي قۇرۇلمىغا بويسۇندۇرۇلغانلىقى ۋە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ھەربىرى مۇستەقىل بىر پارچە گۈل، بىر پارچە نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمىدەك ئۆزىنىڭ تۇراقلىق قۇرۇلمىسىنى ھەرقانداق تىلغا تەرجىمە قىلىشمۇ يوقاتمايدۇ. ئۇنىڭ كىشىدىكى تەسىرى قانداقتۇ ئابستراكت مەنە، ئاھاڭدار تىل ياكى بېيىت ـ كۇپلېت شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشلۈك ئوبراز قۇرۇلمىسى بىلەن ئېستېتىك زوقلىنىش خاتىرىسىگە كىرىپ كېلىدۇ.

دېمەك، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ نەپىس شەكلى بولغان شېئىرىيەت يېزىقچىلىقى (ئويمىكارلىقى، بىناكارلىقى، سىزمىچىلىقى) خېلىلا مۈشكۈل ئەقلىي ئەمگەك. ئادەتتە شېئىرىي ئىلھام دېگەندە مەن بىرەر يۇكسەك ياكى نەپىس پىكىر ـ ھېسسىياتنىڭ پارتلاپ چىقىشى ياكى قايناپ تېشىشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مۇناسىپ قۇرۇلمىنىڭ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ۋاكالەتچى، تەققاس، ھاۋالە بولغۇچى قۇرۇلمىنىڭ شەكىللىنىشىنى نەزەردە تۇتىمەن.

## 5. شائىرنىڭ سۇبيېكت ئېڭى ۋە لىرىك قەھرىمان ھەققىدە

شېئىرىيىتىمىزدە ساقلانغان بىر قاتار مەسىلە، مىسالەن، شائىرنىڭ شېئىرىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى، شائىرلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، شېئىرىيەت بىلەن مۇھەررىر، كىتابخانا خادىملىرى، ئوقۇرمەنلەر، شېئىرىيەت ئوبزورچىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلار، جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىزنىڭ ۋارىسلىق، قوبۇل قىلىش، ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدىكى يېڭى تەرەققىياتىغا ئائىت ھالقىلىق مەسىلىلەر شائىرنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسى، پېرسىونال قاتلاملىرى، بولۇپمۇ سۇبيېكت ئاڭ دەرىجىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك . بۇ، شېئىرىيىتىمىزنى بوھرانغا سالىدىغانمۇ ياكى ئۇنى گۈللەنگەن مەنزىرىگە ئېرىشتۈرىدىغانمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى شائىرنىڭ مەنىۋى كاماللىقى دېگەن سۆز. ئىساكوۋسكىي «پوئېزىيەنىڭ سىرى» ناملىق ئەسىرىدە كۆپلىگەن ئىجابىي مۇھاكىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىپ، شېئىرىيەتنىڭ سۈپىتى ۋە شائىرلىقنىڭ نوپۇزىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تۈركۈم شېئىرىيەت ھەۋەسكارىغا كەسكىن ھالدا قەلەمنى تاشلاش، باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. مېنىڭچە، ئىساكوۋسكىي بۇ مەسىلىدە نوقۇل مۇتەخەسسىسلىك نۇقتىسىدىن پىكىر يۈرگۈزگەن بولۇپ، شېئىرىيەتنىڭ پۈتكۈل جامائەتچىلىكنىڭ ئەزەلدىن ئەبەدكىچە بولغان ئېستېتىك پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ئەگەر شائىرغا ئىلھام بېغىشلىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، شائىر، مۇھەررىر، ئوقۇرمەن ۋە ئوبزورچىنى بىر پۈتۈن شېئىرىيەت ئۇچۇرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەقەززا ۋە بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر پۈتۈن سىستېما ئىكەنلىكىنى مۇھاكىمە مۇقەددىمىسى قىلىدىغان بولساق، يۇقىرىقى قاراشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆرۈۋالالايمىز. شېئىرىيەت گەرچە ئومۇم خەلقنى كەسپىي شائىر بولۇشقا دەۋەت قىلمىسىمۇ، ئۇ ئومۇم خەلقتە شېئىرىي ئاڭنىڭ، شېئىرىي تۇيغۇنىڭ، شېئىرىي زوقنىڭ دائىمىي ئۆسۈپ بېرىشىغا موھتاج. گەرچە ھەممە كىشى ئۇسسۇل ياكى تانسا چولپانلىرى بولمىسىمۇ، ئۇلاردا بۇخىل ئۇنىۋېرسال مۇمكىنلىك ۋە بەدىئىي زوق بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەكس سادا جامائەتچىلىكى بولمايدىكەن، يازغۇچى ۋە سەنئەتچىنىڭ نە مۇتەخەسسىسلىكى، نە نوپۇزىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. مەلۇم بولدىكى، ھەرقانداق ساغلام روھىيەتتىكى كىشىدە شېئىرىيەتلىك قاتلام مەۋجۇت. مانا بۇ شېئىرىيەتنىڭ كەڭ ئەپكارىي ئاساسى. تالانتلىق شائىرلار، كەسپىي شائىرلار تۇغۇلۇشتىن ئەمەس، بەلكى زوقلىنىشتىن، ھەۋەس قىلىشتىن، سۆيۈنۈشتىن شېئىرىيەت گۈلزارىغا كىرىپ كەلگەن. ئەگەر مەسىلىگە مۇنداق قارالمايدىكەن، كەسپىي يازغۇچى بولمىغان خاقان چىيەنلۇڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئون تۆت مىڭ پارچە شېئىر يازغانلىقىنى، تېبابەتشۇناس لۇشۇننىڭ يازغۇچى بولۇپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن.

سىدنېي توغرا ئېيتىدۇ: شېئىر يېزىپ، شائىر ھېسابلانمىغان كىشىلەر بولغىنىدەك، شېئىر يازمىغان شائىرانە كىشىلەرمۇ مەۋجۇت. شېئىرىي ئاڭ، شېئىرىي ھېسسىيات دېگەن ئۇقۇم شائىر، بولۇپمۇ مۇقىملاشقان شائىر دېگەن ئۇقۇمدىن كۆپ كەڭ، جۈملىدىن، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ئاساسلانغان، ئۇنىڭدىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا يۆلەنگەن بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىكى شېئىر تويلاملىرىنىڭ كەم خېرىدارلىقى ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن «شېئىرىيەت ئۈچ بۇرجىكى» (شائىر، مۇھەررىر، ئوقۇرمەن) ياكى «شېئىرىيەت بەش بۇرجىكى» (يەنە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئوبزورچىلار) دىكى زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنى جامائەتچىلىك قەلبىدىكى شېئىرىيەتلىك قاتلامنىڭ نېپىزلىشىپ كەتكەنلىكى، ئۇلاردىكى ئىقتىسادىي ھالسىزلىق ياكى بېخىللىقتىن

ئەمەس، تولاراق جامائەتچىلىككە سۇنۇلۇۋاتقان شېئىرىي مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ «غەيرىي شېئىرىي» لىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ، شېئىرىيەت تەشۋىقاتىنىڭ يېتەرلىك قىلىنمىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقلىرىمىزنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شېئىرىيەتنىڭ سۈبيېكت ھالقىسى شائىردىن ئىبارەت. شائىرنى شائىرلىق كامالەتكە يەتكۈزىدىغان نەرسە ئۇنىڭ شائىرانە مەنىۋى قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى كۆرسى بولغان سۈبيېكت ئاڭدىن ئىبارەت. خەلقىمىزنىڭ «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن ماقالنى بۇنىڭغا تەمسىل قىلىش مۇمكىن.

شېئىر — شائىر قەلبىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى، شېئىرىي تىل ۋە شېئىرىي ئوبرازلىق قۇرۇلمىغا ھاۋالە قىلىنغان ئەركىن، زامانىۋى سۈبيېكت ئاڭنىڭ كۆپ قاتلامدىن تۈزۈلگەن سىرتلاشقان شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ خىل كۆپ قاتلام شېئىردا مەنە گۈزەللىكى، قۇرۇلما گۈزەللىكى، تىل ۋە شەكىل گۈزەللىكى قاتارلىقلاردىن مۇجەسسەملەشكەن بولسا، شائىردا شائىرنىڭ سۈبيېكت ئېڭى ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئويغىنىش، زامانىۋى ئويغىنىش ۋە ھېسسىياتچان تەلپۈنۈش بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش بالاغىتى ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلاردىن مۇجەسسەملەشكەن بولىدۇ.

شائىرنىڭ سۈبيېكت ئېڭى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ۋە بەدىئىي ئىپادىلىشىدىكى ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە ئەركىن تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى، كۆزىتىش ۋە باھاسى، قىزىقىش ۋە پائالىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭدا گەۋدىلىنىدۇ. قۇللۇقتا، ئەقىدىچىلىككە ئادەتلەنگەن، قاتمال تەپەككۇر قېلىپلىرىغا ئادەتلەنگەن سۈبيېكتتىن ھەقىقىي شائىرانە قەلب مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋاھالەنكى، ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە ئەركىن سۈبيېكت رېئال بېسىمغا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا، ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەكسىچە ئەركىن ئىپادىلەش مۇھىتىغا ئىگە بولغان ئەھۋالدا گۈزەل ۋە يالقۇنلۇق شېئىرىي مىسرالارنى يارىتىشى مۇمكىن.

ئەركىنلىك بىلەن سۇبيېكت ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەپ قەدىمكى رىم ئېستېتىكى لونگىنوس: «دېموكراتىيە — تالانتنىڭ سۈت ئانىسى» دېسە، هازىرقى زامان روهىيەت ئانالىزچىسى ئېرىخ فىروم «ئىنساننىڭ ماهىيەتلىك قىممىتى سانالغان سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رېئال بېسىمغا ئۇچرىغاندا ياكى ئىجادىيەت بىلەن بوّسوّپ چىقىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ياكى تۇتقۇنلۇقتا روهىي كېسەللىككە ئېلىپ بارىدۇ» دېگەنىدى. كارل ماركس: «ئىنسانلىقنى مەنىستەمەسلىك هاكىمۇتلەقلىقنىڭ پىرىنسىپىدىن ئىبارەت» دەپ تولىمۇ مەنىلىك ئىخچاملىغان.

مېنىڭچە، شائىرنىڭ ئەركىن، ئوّز ـ ئوّزىگە ئىگە، ئىنسانىي سۇبيېكت ئېڭىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېيىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ھەقىقىي ماهىيەتلىك چىنلىققا ئاساسلانغان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى، خەلقپەرۋەرلىكنى مەقسەت قىلغان بولۇشى لازىم.

شۇنى تىلغا ئېلىش هاجەتكى، ئىجتىمائىي چىنلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىنسان هاياتى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇش تەقدىرىنى مەركەز قىلغان. ئىنساندىن ئايرىلىپ ئىجتىمائىي چىنلىق توغرىسىدا ھەقىقىي پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. چىنلىق چۈشەنچىسىنى نوقۇل تەبىئەت تەقلىدچىلىكى تەسۋىرى ياكى نوقۇل ئىجتىمائىي هادىسىلەر ناتۇرالىزمىدىن پەرقلەندۈرىدىغان سۆ بوّلگۈچ — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ سۇبيېكتىدە ئەكس ئەتكەن ئىنسان تەقدىرىنىڭ چىنلىقىدىن ئىبارەت. شېئىرىيەت ئىنسانشۇناسلىقنىڭ بەدىئىي شەكلىگە تەئەللۇق. ئىنسان — ئوبيېكت؛ ئىنسان — سۇبيېكت؛ ئىنسان — مەقسەت؛ ئىنسان — ئىجتىمائىي كۈچ ـ قۇۋۋەت؛ ئىنسان — ئىجتىمائىي ماددىي تەرەققىياتنىڭ، پەلسەپە،

تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى، ئاساسىي مەقسىتى ۋە قوشۇلۇش تۈگۈنى ھېسابلىنىشى كېرەك. ھازىرقى زامان خاراكتېر (پېرسونال) پسىخولوگىيەسى تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاكىممۇتلەق ياكى گۇمانىزملىق روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، تارىخىي تۆھپىسى ياكى قىلمىشلىرى، باھالىنىش تەقدىرىگە كۆرسەتكەن سۇبيېكتىپ تەسىرى ئۈستىدە ئۆلگىلىك تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بۇ مەسىلىنى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويدى. خەلقتىن ئايرىلغان چىنلىق، ياسالما تۈستىكى ئاتالمىش «ئىككىنچى رېئاللىق» ئوقۇرمەندە ھەقىقىي ئېستېتىك ھېسسىيات قوزغىشى مۇمكىن ئەمەس. بېلىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر شائىر، مەيلى ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ياكى قايغۇ ـ ھەسرىتىنى تەسۋىرلىسۇن، ئۇ ئۆزىگە يۆلىنىپ، ئۆزىنى تەسۋىرلەشكە يۆلىنىپ ئۇلۇغۋارلىقنى ئىپادىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق ئۇلۇغ شائىردىكى ئۇلۇغۋارلىق شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ سائادىتى ياكى ھەسرىتى جەمئىيەت بىلەن تارىخنىڭ تېرەن قاتلاملىرىغا يىلتىز يايغان بولىدۇ. ئۇ، جەمئىيەتنىڭ، زاماننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، شۇنىڭدەك ۋەكىلىدىن ئىبارەت.»

ئىككىنچى، شائىر ئويغانغان مىللىي ئاڭغا، ئويغانغان زامانىۋى ئاڭغا ئىگە بولغان، ئۆز مىللىتىنىڭ ئالدىنقى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆز مىللىتىنى زامانغا مۇناسىپ تاكامۇللاشتۇرۇشقا يول باشلىيالايدىغان بولۇشى لازىم. شائىر مىللەتنىڭ شۇنداق پەرزەنتى، ۋەكىلى بولۇشى ھاجەتكى، خەلق ئۆز شائىرىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر تارىخىي ئەنئەنىسىنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە كەلگۈسىگە بولغان مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنى، ئاڭ ـ پىكىر قاتلاملىرىنى ۋە مەدەنىيەت ئۆلگىلىرىنى ھېس قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئىستېتىك تەتقىقاتچىلىرى تالانت ۋە ئىستېدات ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنى «تاسادىپ ئامەت» دېيىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرە، تىپىك ئارىلاشما (سىنكرېتىك) مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئۆلگىلىك ئارىلاشما مەدەنىيەت ۋە بىلىم قاتلىمى ئاساسىدا ئىزاھلاشقا يۈزلەندى. بۇ، شائىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە، ئەركىن ۋە زامانغا لايىق سۆيىيىكت ئاڭغا ئىگە بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى نۇقتا شائىردىكى سۆبيېكت ئەركىنلىكىنىڭ زامان مۇقەررەرلىكلىرى بىلەن بولغان پائال مۇناسىۋىتى ئاساسىدا، شائىر سۆبيېكتىنىڭ راۋاجلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ئوبيېكت بىلەن بولغان گارمونىك مۇناسىۋىتى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى لازىم. لىرىك قەھرىمان دەل مۇشۇنداق سۆبيېكت ئاڭنى گەۋدىلەندۈرگەن «چوڭ مەن» (ئەي چىلىڭ) دىن، خەلقنىڭ ۋەكالەتچىسىدىن ئىبارەت. مېنىڭچە، لىرىك قەھرىمان كۈلۈشى، يىغلىشى، ھودۇقۇشى، تىپىرقىشى، سۆكۈناتتا تۇرۇشى، پىچىرلىشى، خىتاب قىلىشى، مۇھەببەت ئىپادىلىشى... تامامەن مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ كونكرېت ھېسسىياتلىرى خەلق ئىبارىسىنى ئابستراكت لۇغەتلىك قىممىتىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى رەڭمۇرەڭ، زىددىيەتچان، جانلىق رېئاللىقنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت قىممەتكە ئىگە قىلىشقا مەنپەئەتلىك.

شائىر ئۆز پائالىيەتلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە يەتكۈزۈشتە مۇھەررىر، تەرجىمان، كىتابخانا خادىملىرى ۋە شېئىرىيەت ئەنزارچىلىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج. ئۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ ھالقىلىق بىر قىسمى دېيىش مۇمكىن.

مېنىڭچە، شائىر بىلەن مۇھەررىرنىڭ مۇناسىۋىتىدە شائىر ئىمكانقەدەر ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە پىتەرلىك ئىشلىشى، لازىم تېپىلغاندا قايتا ئىشلىشى، مۇھەررىرگە كەسپىي ۋە ئەدەبىي جەھەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك مۇھەررىرمۇ شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى پىكىر ـ ھېسسىيات

ئالاھىدىلىكى، ئوبراز قۇرۇلمىسى، شېئىرىي ئېقىم ۋە ئۇسلۇبلىرىدىكى خاسلىقىقا ھۆرمەت قىلىشى، يول قويۇشى، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قېلىپىغا ياكى ھەممىگە كۆنۈك بولغان بىر ياكى بىر قانچە خىل شېئىرىيەت قېلىپىغا سېلىشقا ئۇرۇنماسلىقى؛ شېئىرىيەت تۈرلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۇنى سىياسىيغا يېقىنلىقىغا قاراپ رەتكە تۇرغۇزماسلىقى؛ ئوچۇق ـ ئاخبارات خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردىن باشقىلىرىغا گۇمان ياكى چۆچۈش بىلەن قارىماي، بەدىئىي يېڭىلىقنى قوللىغىنى مۇۋاپىق.

ئوقۇرمەنلەر ۋە كىتابخانا خادىملىرىنىڭ شېئىرىيەت كىتابلىرىغا بولغان قىزىقىشىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى كونا مەزمۇن ۋە كونا مۇقاملارنىڭ تەكرارلىنىۋەرگەنلىكى، خەلقنىڭ شېئىرىي ئەسەردىن ئۆز ئىپادىلىرىنى ئۇچرىتالمىغانلىقى ياكى بۇ شېئىرلارنىڭ رېئاللىقتىن، خەلقنىڭ ھالىدىن ھالقىغان، خەلقنىڭ ئېستېتىك «ئۇسسۇزلۇقىنى قانائەتلەندۈرمىگەن» لىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ ھال بىر قاتار ياخشى شېئىرىي ئەسەرلەرگىمۇ ئىللىق بولمىغان مۇئامىلە پەيدا قىلغان. مېنىڭچە، نۆۋەتتە تاللانغان ياخشى شېئىر توپلاملىرى، لىرىك شېئىرلار، مۇھەببەت لىرىكىلىرى توپلاملىرى ياكى ئالماناخلىرىدىن نەشر قىلىپ، بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقى ھېلىمۇ ئاجىز ھالقا. بۇ، شېئىرىيەت گۈلزارىمىزنىڭ باغۋەنسىز «ئىستىخىيەلىك» ھالەتتىن قۇتۇلۇپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرغىچە شېئىرىيەت ئوبزورچىلىقىغا ئائىت قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن تولىمۇ كەملىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. شېئىرىيەت (شۇنداقلا پۈتكۈل ئەدەبىيات) ئوبزورچىلىقىنىڭ سېپىنى كېڭەيتىش، ئورنىنى كۆتۈرۈش، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇچۇر ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پائالىيەت شەرت ـ شارائىتلىرىنى ياخشىلاش، يول قويۇش قاتارلىق جەھەتلەر ئەمەلىي كونتېرتىپكە قويۇلۇپ، چەك تۈتۈپ ئىشلىنىدىغان بولسا، ئوبزورچىلىقىمىزدا ساغلام، سەۋىيەلىك، جانلىق يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش تامامەن مۇمكىن.

## 6. خاتىمە: مىللىي، سوتسىيالىستىك، زامانىۋى يېڭى شېئىرىيەت بەرپا قىلىش مەسىلىسى

نەۋايى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە: «ناۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي» (ھەر دەۋرنىڭ سازەندىسى ئۆز دەۋرىنىڭ بەزمىسىگە لايىق ناۋا چالىدۇ) دېگەنىدى.

ھازىر ئېلىمىز مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىۋاتقان ئىسلاھ ئۆركىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە ئۇنى قانداق ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلاش ھەققىدىكى پاراڭ ۋە مۇھاكىمىلەر قىزغىن داۋام قىلماقتا.

بەزىلەر چەت ئەللەرنىڭ شېئىرىيەت شەكىللىرىنى ۋە شېئىرىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەكىتلەشسە، بەزىلەر يەنىلا ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللەر ۋە شېئىرىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىشىدۇ. بەزىلەر شېئىرىيەت كەلگۈسىدىكى كىشىلەرگە ئاتاپ يېزىلىدۇ، دېسە، بەزىلەر ھازىرقى كەڭ جامائەتكە ئاسان، چۈشىنىشلىك ـ ساددا تىلدا يېزىلىشى كېرەك، دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، ھەتتا قاپىيە چەكلىمىلىرىنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتكەن، دېسە، بەزىلەر قاپىيە بولمىسا شېئىر بولمايدۇ، دېيىشىدۇ.

بۇ مەسىلىلەر داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىنىشى مۇمكىن. مەن بۇ ھەقتە مۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ

ئالدىنقى ھەممە نەتىجىسىنى ئىنكار قىلمىغان ھالدا، شۇ نەتىجىلەر ئاساسىدا ئۆز تەرەققىياتى ۋە دەۋر تەرەققىياتىغا جاۋابەن يېڭى تۇسكە، يېڭى ھاياتىي كۈچكە، يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىشى لازىم. بۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەررەرلىك، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەممە ساھەسىدە ئىسلاھاتنىڭ بولىدىغانلىقى، ھەتتا بولۇۋاتقانلىقى گۇمانسىز.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئالدى بىلەن يەنىلا ئۆز ئەنئەنىسى ئاساسىدىكى، شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىن ئۆزىنىڭ زور دەرىجىدىكى بوسۇش خاراكتېرلىك ئۇتۇقلىرى بىلەن پەرقلەنگەن يېڭى ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتى بولۇپ قالىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى، ھەتتا يېقىنقى تېماتىك مەزمۇنى، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، بەدىئىي شەكلى، ئۇسلۇب ـ ئېقىملىرىغا نىسبەتەن كەڭلىك، يۇكسەكلىك، تېرەنلىك ۋە كۆپ خىللىق جەھەتتە مىسلىسىز ئۇستۇن بولغان يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى شەكىللەندۇرىدۇ. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيەت قاتلىمى، يېڭى روھىيەت قاتلىمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە ئېستېتىك كەيپىياتى بىلەن قوراللانغان، جانلاندۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ شېئىرىيەت 21 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن يىللارنىڭ، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش يۈز بېرىۋاتقان يىللارنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش رىتىمى ۋە مەنىۋى قاتلاملىرىنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىۋاتقان يىللارنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتى بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ يەنىلا ئىككى زور ئېقىم بويىچە، يەنى دۇنياغا يۈزلەنگەن (ياكى دۇنياۋى) مەدەنىيەت ئېقىمى بىلەن يەرلىك مىللىي، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ئېقىمى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. دۇنياۋى مەدەنىيەت بىلەن مىللىي مەدەنىيەت،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پەقەت بىر - بىرىگە تەقەززا بولۇش، بىر - بىرىدىن ئوزۇقلىنىش، بىللە رەقدار گۈللەش ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى مۇمكىن. بۇ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت ۋە پارلاق ھەقىقەت. مۇنداق راۋاجلىنىش دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭمۇ بوغۇنلىرىنى، قاتلاملىرىنى يېڭىلايدۇ، بېيىتىدۇ، يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «ئارۇز» ۋەزنى ساقلىنىدۇ، يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ يېقىنقى يىللاردا ئايرىم ھاللاردا دۇچار بولغان چاكىنا «داپ تاراڭلىتىش» ئىللەتلىرىدىن، نوقۇل شەكىلۋازلىق تەرزىدىكى «غەزەلگە مۇخەممەس ياساش» ھالىتىدىن «يېڭى مەنىدارلىق»، «يۇقىرى قاتلام مەنىدارلىق»، ئوبرازلىق قۇرۇلما، مەجازىي ۋاستە ۋە بەدىئىي ھۆزۈر جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. «بارماق» ۋەزنى ئۆزىنىڭ چەكلىك بوغۇم - مىسرالىرىنىڭ خېلىلا سالمىقىنى ئىگىلىۋالىدىغان نەسرىي گىراماتىكىچىلىق توسۇقلىرىنى بۆسۈپ، پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى ئارقىلىق تېخىمۇ يەڭگىللەپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ تەسىرلىك بىر تارمىقىغا ئايلىنىدۇ. ئەركىن قاپىيەلىك، قاپىيەسىز (مەسىلەن، گۈللىنىئوم ئاپوللىنارىنىڭ ئىستېرېئولۇق شېئىرىي شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان) « لىرىك نەسر» دەپ ئاتىلىدىغان شېئىر شەكىللىرىدىمۇ نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بىز تېخى تەسەۋۋۇر قىلمىغان، ئەمما ئۇيغۇر مەنىۋى مۇھىتىغا ماس كېلىپ يىلتىز تارتىدىغان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ مەيدانغا كېلىش ئېھتىمالىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت ئوقۇتۇشىدا نوقۇل ئۆتمۈشتىكى « مىراسلار» سۆزلىنىدىغان، رېئال بەدىئىي ھايات ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر رەسمىي دەرس، تاللانما ياكى تېماتىك دەرس قىلىنمايدىغان «ئارخېئىزملىق» مېتودىكا زور

بۆسۇشلەرگە ئۇچرىشى، خەلقىمىزنىڭ ھاياتىي شېئىرىي نەپەسلىرى ۋە يۈرەك سوقۇشلىرى تەتقىقات ۋە دەرس مۇنبىرىگە چىقىشى مۇمكىن.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى دەۋرگە نامايەندىلىك قىلىدىغان توپ نەرسە شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىن ۋە شەكىللىرىدىن كۆرە مۇھىمى تېماتىك پىكىر ۋە شائىرنىڭ سۆيىپكت ئېڭىدىن تەشكىل تاپقان يېڭى مەزمۇندىن ئىبارەت. يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى تار رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ، بارغانسېرى كۆپەيتىۋاتقان تېمىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشى، تۇرمۇش، ئاڭ، ھېسسىيات، ئىدراك ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ھەم يۈكسەك ھەم نازۇك، ھەم ماكرو ھەم مىكرو تەرەپلىرىگە، ئۆتمۇشتىكى قاتماللىق تەسىرىدە غەلىتە كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىنسان سۆبىيېكتىدە، ئىنسان تۇرمۇشىدا دائىمىي ئۇچراپ تۇرىدىغان تەرەپلەرگە قاراپ ئېچىلىشى مۇمكىن. كارل ماركس: «ئىنسانىيەت تارىخى ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدەش تارىخى» دېگەنىدى. شېئىرىيىتىمىز مۇشۇ ئىزدىنىش تارىخىدىن چەتتە تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە. يېڭى شېئىرىيەت ئۆز تېماتىكىسىنىڭ كەڭ، رەڭگارەڭ بولۇشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى «ئالەمشۇمۇل تارىخىي پىكىر» يۈكسەكلىكىنىڭ نۇرانە جىلۋىلىنىشى بىلەنمۇ ئۆز سۈپەتلىرىنى ئۆستۈرىدۇ. ئىنسانىيەت بىرمۇنچە جەھەتتە ئۆز ئىشىنى تەكرارلايدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي باشقا تارىخىي قاتلامدا، باشقا مەنىۋى يۈكسەكلىكتە تەكرارلايدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىلگىرىلەۋاتقان تارىخ، جۈملىدىن مەنىۋى تۇرمۇش تارىخى ھادىسىلەردىن خالىي ئەمەس. تەرەققىيات ئوتتۇپىك پىكىر نامايەندىلىرى سۈرەتلىگەندەك ئۇنداق تۈز سىزىق ۋە بىرخىل تەكشىلىكتە داۋام قىلمايدۇ. شائىر ۋە ئەدەبىيات ئەنزارچىلىرىمىز يىراقنى كۆرۈشى، ئۆتكەنكى ئەسەبىيلىك، سولچىللىق، يالغان ـ ياۋىداقلىق، ئارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە ئۆز ئىجادىيىتى تارىخىغا داغ چۈشۈرۈشتىن ساقلىنىشى، ئۆز - ئۆزىنى چۈشىۋالماسلىقى لازىم. بۇ، ئەدەبىياتىمىز خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە شائىرلارنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈنمۇ مەنپەئەتلىك.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى تارىخىي تېمىلارنى هازىرقى زامان پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى بىلەن تەسۋىرلەشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئىنسانىيەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۆز تارىخى سىستېمىلىق ئىلمىي ۋە بەدىئىي مەھسۇلات ھالىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئىنسان گۇرۇھى ئۈچۈن تارىخىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئاق تاشلاپ قويغىلى بولمايدىغان ساھە. ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئاڭ ئۆز - ئۆزىنى تولۇق ۋە توغرا بىلىشنى ئۇل - تىرەك قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى مىللىتىمىزنىڭ پسىخىكىلىق قۇرۇلمىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ماسلاشقان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ دەرىجىدە يول ئاچقان مۇساپىدە تۇرۇپ، مىللىتىمىز تارىخىدا شەكىللىنىپ قالغان، ئادەت كۈچلىرىمىزدە ئۆزىنىڭ پاسسىپ ۋە جاھىللىقىنى ئىپادىلىگەن مەنىۋى ئىللەتلەرنى تازىلاپ، مىللەتنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۇچۇق - ئازادىلىكى ھەم ساغلام تەلپۈنۈشچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشى لازىم. مىللەت ئۈچۈن تۇغما يالداما ھېسابلانمىغان بۇ تارىخ داتلىرىنى تازىلاش، ئالدى بىلەن تازىلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىن باشلانغىنى تۈزۈك.

يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى خەلقىمىزنىڭ سادىق دوستى، ئۇنىڭ ئىلھامبەخش مەسلىھەتچىسى بولۇشى لازىم. بۇ، يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ يەنىلا «خەلقتىن كېلىپ، خەلققە قايتىشى» نى تەقەززا قىلىدۇ. شېئىرىي ئەسەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق پىكىر قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى، ئەمما بۇ قاتلاملارنىڭ ئاساسلىق قىسمى، ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭدا

دىيىلمەكچى بولغان ئاساسىي مەنە قاتلىمى چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. ئوقۇرمەن مەيلى ئۆز تەپەككۇرى بىلەن ياكى بىرەر «لۇغەت» نىڭ ئىزاھلىشىغا مۇراجىئەت قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىدە داۋاملىق جۇلا قىلىپ تۇرىدىغان پوتېنسىيال (يوشۇرۇن) قاتلاملىرىمۇ ھازىرقى سەۋىيەمىزگە چۈشەنچە بېغىشلايدىغان رېئال قاتلاملىرىغا زىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بولمىسا ئۇ « ئۇچار تەخسە» دىن ئۇچۇپ چۈشكەن مۆجىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى دەۋرىمىز ئوقۇرمەنلىرى چۈشىنەلمەيدۇ. كەلگۈسى كىشىلەر ئۇچۇن «ئامەت خەزىنىسى» گە قويۇلىدىغان ئەسەرلەرگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار بۈگۈندىن پايدىلىنىشى، زوقلىنىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ شېئىرىيەت ئېقىمى ھېسابلىمايدۇ. ئۇ دەۋرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس «مۇترەب» (سازەندە) ۋە شائىرلىرى بولىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى «زوھۇرلۇق» بىلەن روزا تۇتۇپ يۈرۈشلىرى مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلاھاتقا، گۈللىنىشكە يۈزلىنىۋاتقان شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتىلغان بەزى قاراشلىرىم يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# تىل قۇدرىتى تىل پەزىلىتى بىلەن

## 1

ھەممىگە مەلۇمكى، تىل — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىقتىدارى، تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت. تىل — كارل ماركس ئېيتقاندەك، خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ ئېڭىغا ئوخشاشلا ناھايىتى قەدىمىيدۇر.

ئىنسانىيەت تىل ۋاستىسى بىلەن ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلغانلىقى، يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئىنسانىيەت تىل قورالىنى ۋاستە قىلىپ، ئەڭ ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي ئۇيۇمدىن تاكى ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىغىچە مۇرەككەپ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ گەۋدىسىنى تىكلىگەن.

تىل — مىللەتنىڭ بايلىقى. تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم، ھەتتا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن، كۆپ باسقۇچلۇق تىل تەرەققىياتى ئارقىلىق بېيىغان توپ ئالامىتى، مىللىي روھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شەكلى ۋە خەزىنىسى.

تىل مىللەتنىڭ ئۆتمۈش ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەتنى، ھازىرقى كىشىلىرى يارىتىۋاتقان مەدەنىيەتنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مۇھىم ئۇچۇر قانىلى.

## 2

تىلنىڭ ھاياتى — ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدە. ئۆز تىلىنى ئۆز قەلبى بىلەن بىرلەشتۈرۈش — ئىنسان ئىقتىدارىدىكى مۇھىم

كامالەت. ئۆز قەلبىنى ئۆز تىلىغا يىغىنچاقلاپ ئىپادىلەش ئەلخارەزمىي ئېيتقاندەك: تەپەككۇر گۈل چېچەكى بولسا، ئۆز تىلىنى ئىش ـ ھەرىكەتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش — تەپەككۇرنىڭ مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىل نەققاشلىرى — ناتىقلار يالغۇز سۆزلەش ماھىرلىرىلا ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىلىم ۋە ھېكمەتنى بىلگۈچى دانالار بولۇشى، ۋەزخانلار ئەمەس، خەلق روھىيىتىنى تەربىيەلەيدىغان كوممۇنىزملىق مەدەنىيەت جەڭچىلىرى بولۇشى لازىم. ئۇلار تىلدا ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك.

مىللىي تىل مىللىي مائارىپىنىڭ تەقەززاسى. ئېيتىش كېرەككى، تىل تەلىم ـ تەربىيەنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى، شۇنىڭدەك تىلشۇناسلىقتا ئائىت كەسپىي تەربىيە — خەلق مائارىپىنىڭ، مىللىي مائارىپىنىڭ دائىمىي غوللۇق بىر مەزمۇنى. تىل بىلىم مۇقەددىمىسى، شۇنىڭدەك بىلىم قەسرى. تىل ھەر بىر شەخسكە ئىلىم، مەدەنىيەت، ئەخلاق، سەنئەت نۇرىنى بېغىشلايدىغان ئاڭ ـ پىكىر مەشئىلى. تىل — ھېسسىيات، ھېسداشلىق، جۇشقۇن روھىيەت يېتىشتۈرىدىغان باغۋەن. تىل بايلىقى، تىل مەدەنىيىتى، تىل نوپۇزى ھەر بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى، تارىخىي ئۇتۇقلىرىنىڭ جۇغلانمىسى، ئۇزاق ئەسىرلىك ھاياتىي كۈچىنىڭ مۇھىم يىلىكى.

مىللىي تىل — ئائىلىدە مىليونلىغان ئانا، ئانىكا، ئاتا ۋە بوۋىنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىمكانقەدەر توغرا تەلەپپۇزدىكى جانلىق، باي، بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىل «ئانا تىلى» دا قوراللاندۇرۇشقا موھتاج. ھەقىقىي ئائىلە ئىگىلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى تاملارغا گىلەم، جاۋەن تىزىشقا ئەمەس، بەلكى كىتاب ئىشكاپلىرى تىكلەشكە، باللارغا پەن ـ مەدەنىيەت ، مۇھىمى «كىتاب گۈلشىنى» ھازىرلاپ بېرىشكە ئالدىرىشى لازىم. رۇس مۇتەپەككۇرى چېرنىشېۋىسكىي توغرا ئېيتقان: «ھەربىر كىشى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەقىل كامالەتنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇتكۈل جەمئىيەت ئالدىدا قەرزدار.» ئائىلىنىڭ مەنىۋى مۇھىتى دەل بۇ خىل ئەقلىي كامالەتنىڭ ئاساسىي بازىسىدىن ئىبارەت.

مىللىي تىل پۈتكۈل ئىقسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھە ـ تارمىقىدا تەبىئىي ۋە زۆرۈرىي ئىشلىتىلىش نوپۇزى ۋە ئىقتىدارىغا مۇيەسسەر بولۇشى لازىم.

ئېيتىش كېرەككى، باشقا مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر تىللىرىنى قانچە ياخشى ۋە قانچە كۆپ بىلسە، ئۇ خۇددى كۆپ خىل چالغۇلاردىن خەۋەردار بولغان، ھەر خىل قولۇپنى ئېچىشقا لازىملىق ئاچقۇچلىرى بولغان كىشىدەك مەنپەئەتلىك ئىش. كۆپ تىل بىلىش ــ كۆپ خىل قورالنى ئىگىلەش دېمەكتۇر. ئەمما، شۇنى بىلىش لازىمكى، كۆپ تىل بىلىش ــ ئۆز تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 3

يۇناننىڭ قەدىمكى ئۇلۇغ پەيلاسوپى ئارىستوتېل: «روشەنلىك ــ تىلنىڭ ئاساسىي پەزىلىتى» دېسە، فىرانسۇز مەرىپەتچىسى ژان ژاك روسسو: «تەلەپپۇز ــ تىلنىڭ جېنى، ئۇ تىلغا ھەم ھېسسىيات، ھەم دەللىك بېغىشلايدۇ» دېگەنىدى.

تىل ــ ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئالاقىگە كىرگەن. بۇ خىل ئىپادىلەش توغرا تەلەپپۇز ۋە مەنە روشەنلىكى بىلەن دەلمۇ دەل نۇتۇق ئۈچۈرىغا ئايلانغاندىلا ئىجتىمائىي ئالاقە قورالىلىق رولىنى ئالالايدۇ.

تىلنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە مەنىنىڭ روشەنلىكى تەپەككۇر دەللىكى ۋە تەپەككۇر روشەنلىكىدىن ھاسىل بولىدۇ. فىرانسۇز شائىرى نىكولا بۇئاللو: «كىم روشەن پىكىر قىلسا، شۇ

روشەن بايان قىلىدۇ» دېسە، قەدىمكى يۇنان يازغۇچىسى بىيون: «روشەنلىك ـــ ۋىجدان بىلەن ئەقىل روشەنلىكى» دېيىش ئارقىلىق تىلدىكى روشەنلىكنىڭ ئىككى يىلتىزى ئەخلاق بىلەن ئەقىلنى تىلغا ئالىدۇ.

مىللىي تىلنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە روشەنلىكى ـــ تىلشۇناسلىقنىڭ خۇددى تەپەككۇر ئىلمىدىكى «شەكلەن لوگىكا» غا ئوخشاش ئېلېمېنتار، ئەقەللىي كەسپىي تەلەپى ۋە شەرتى. مېنىڭچە، تىلشۇناسلىقنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى مىللىي تىلنىڭ مەنە ـ تەپەككۇر سالمىقى، ۋەزنىدارلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقىي تەسىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى كامالەتكە داۋاملىق يۈزلەندۈرۈشتە گەۋدىلىنىدۇ.

## 4

تىل يالغۇز تىل تەلەپپۇز مەدەنىيىتىنى، تىل مەنە بايلىقى ـــ تىلغا يىغىنچاقلانغان ئەقلىي كامالەت مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە يانداشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە تىلنىڭ ئەخلاقىي مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. تىل ئەخلاقى ھەر بىر شەخس ۋە مىللەتنىڭ كامالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. سەئدىي شىرازىي: « ئادەم تىل تۈپەيلى ھايۋاندىن مۆتىۋەر، يامان پايدىلانغان تىل سەۋەبىدىن ھايۋاندىن بەتتەر» دېگەنىدى. ھەر بىر كىشى ئۇچۇن ئۇنىڭ تىل ئەقلى ۋە تىل ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۇچۇن تەقدىر بېكىتكۈچىدۇر.

تىل ئەخلاقى ماھىيەتتە قەلب ئەخلاقىدىن ئىبارەت. ئادەم خاراكتېرى ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئاشكارىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت ياكى نەپرىتىنى قوزغايدۇ.

سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئاقىۋىتىنى ئويلاش ـــ مانا بۇ تىل ئەخلاقى ئېڭىنىڭ ئەقەللىي دەۋىتى. ئەمما بۇ دەۋەتنى ئورۇنلاش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇچۇن ھەر بىر سۆزلىگۈچى ساپ كۆڭۈل، ھالال پىكىرلىك بولۇشى، ئۇلۇغ ئىقتىدار — تىل ئىقتىدارىنى سۇيىئىستېمال قىلماسلىقى لازىم.

تىل — ئىنسانىيەتنىڭ قۇدرەت قورالى، ئۇ ئىنسان ئەقلى ۋە پەزىلىتىنىڭ تەڭداشسىز خەزىنىسى. تارىختىن بۇيان تالاي مۇتەپەككۇر، ئالىم، ئەدىب تىل قۇدرىتى، تىل پەزىلىتى ھەققىدە تەكرار توختىلىپ ئۆتۈشكەن. بۇ جەھەتتە داۋاملىق توختىلىش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنى ۋە كۆنتەرتىپى ھېسابلىنىشى لازىم.

# گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە ئۇنىڭ رولى

## چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىرلىكى ۋە گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭ زۆرۈرلۈكى

گۈزەللىك تەربىيەسى مەسىلىسى ماركسىزملىق ئېستېتىكا ئىلىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش سېپىدىكى غايەت زور بىناكارلىق.

گۈزەللىك تەربىيەسى كۈچلۈك ئومۇمىيلىقتا، ئىجتىمائىيلىقتا، ئىدىيەۋىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ پېداگوگىكا ئىلمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. گۈزەللىك تەربىيەسى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ھەمجەھەتلىكى (گارمونىيەسى) ئاساسىغا قۇرۇلۇشى، ئەقلىي، ئەخلاقىي، گۈزەللىكتىن ئىبارەت بىر قانچە تەرەپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن بولۇشى لازىم.

مەلۇمكى، چىن بولمىغان نەرسىنى گۈزەل دېگىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا ياخشى (ئەزگۈ) بولمىغان نەرسىدىن بەدىئىي لەززەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، گۈزەللىك چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى، رېئاللىقتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتى جەھەتتىن چىنلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن بىردەكلىككە( ئۆزئارا تەقەززا قىلىشقا) ئىگە. شۇنىڭدەك، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئېستېتىكىلىق زوقلىنىشى ۋە گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتىمۇ يەنىلا چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەتچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ چىنلىقنى تەڭرىنىڭ چىنلىقى، ياخشىلىقنى تەڭرىنىڭ سۈپىتى، گۈزەللىكنى ئىنساننىڭ ئىلاھىي چىنلىق ۋە ئىلاھىي ياخشىلىققا بولغان ئىنتىلىشى، مۇھەببىتى ۋە زوقلىنىشى دەپ بۇرمىلاپ شەرھلىگەنلىكى، گۈزەللىكنى ۋە گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىش تارىخىدىكى بىر قىستۇرما. بۇنىڭغا قاراپ، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ھەققىدىكى ھەقىقىي كۆزقاراشتىن گۇمانلانغىلى ۋە ئۇنى بىر - بىرىگە زىت قويغىلى بولمايدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ ماركسىزملىق ئېستېتىكا ئىلمى ئاساسىدا ئىزاھلىنىشى ۋە تەكىتلىنىشى لازىم.

ئۇنداقتا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك نېمە ۋە ئۇلارنىڭ بىردەكلىكى قانداق؟

مەلۇمكى، چىنلىق — ئوبيېكتىپ مەۋجۇت شەيئىلەر، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە يۈنىلىشى، رېئاللىق ۋە ئۇنىڭدىكى ماھىيەتلىك نەرسىلەر، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدىكى بارلىق ئىش - ھەرىكەت، ئۇلار ھەققىدىكى توغرا بىلىش ۋە مەقسەتدارلىقتىن ئىبارەت. بۇنداق چىنلىق ۋە رېئاللىق بولمىغاندا ھېچقانداق ئاڭنىڭ، كاتېگورىيەنىڭ، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

چىنلىق گۈزەللىكنىڭ ئاساسى، ئالدىنقى شەرتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ گۈزەللىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. ئەلۋەتتە، بىز چىنلىق بىلەن گۈزەللىكنى ئىككى ئايرىم كاتېگورىيە سۈپىتىدە بىر - بىرىگە پاراللېل قىلىپ قويمايمىز، شۇنداقتىمۇ گۈزەللىك ئېستېتىك تۇيغۇ ۋە ئېستېتىك غايە ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل چىنلىقتىن ئىبارەت.

ئىنسانىيەت مەۋجۇت گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى (مىسالەن: نىسبەتداشلىق، پار - جۈپلۈك، شەكىل ۋە سىزىق

قاتارلىقلارغا) ئاساسلىنىپ ئۆزىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى يارىتىدۇ. ئىجتىمائىي ھايات ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كىشىلەردىن چىنلىقتا مەۋجۇت بولغان گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش يولىدىكى مەقسەتدارلىق تەلەپلىرى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھال تارىخىي يوسۇندا چىنلىقنى گۈزەللىكنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى قىلغان.

ياخشىلىق ـــ ئەخلاقىي كاتېگورىيە. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ياخشىلىقنىڭ چىنلىق بىلەن مۇناسىۋىتى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتى، بارلىق بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى، رېئاللىق بىلەن ئۇنىڭغا بولغان ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ياخشىلىق كاتېگورىيەسى گەرچە ھەر قايسى تارىخىي دەۋردە ھەر خىل سىنىپىي، سىياسىي، ئەخلاقىي، مائارىپ، دىنىي ۋە پەلسەپىۋى مەنپەئەتدارلىق نۇقتىسىدىن ھەر خىل ئىزاھلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك ماھىيىتى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن قانداق مەقسەتدارلىق بويىچە پايدىلىنىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ۋە توغرا مەقسەتدارلىق ئاساسىدا بولغانلىرى ياخشىلىق، بۇنىڭغا خىلاپ ياكى قارىغۇلارچە بولغانلىرى يامانلىق ھېسابلانغان. ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارمۇ ئۆزىنىڭ كەرەملىك ۋە قاباھەتلىك دەرىجىسى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

خۇددى گۈزەللىك چىنلىققا ئاساسلانغاندەك، ياخشىلىقمۇ چىنلىققا تايىنىدۇ. گۈزەللىك ھەققىدىكى كۆز قاراشلار چىنلىق بىلەن ياخشىلىق ئاساسىدىلا ئاندىن ئېستېتىك ئاڭ ۋە ئېستېتىك باھا ھاسىل قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېستېتىك زوقلىنىشنى چىنلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ ئىجابىي، مۇئەييەنلىك خاراكتېر ئالغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىپادىلىنىشى ۋە داۋامى دېيىش مۇمكىن.

ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى دەۋرىگىچە ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي جەريان ئىچىدە كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر گۈزەللىكنى چىنلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ بىر قىسمى، ئىپادىسى دەپ قارىغان ئىدى. ئارىستوتېل «مېتافىزىكا» ناملىق ئاساسىي ئەسىرىدە گۈزەللىك بىر خىل ياخشىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك تۇيغۇ ھاسىل قىلىشىمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن بولغان دەپ قارىغان. ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى«ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن نام بىلەن جاھانشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئەبۇ نەسىر فارابىيمۇ ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە گۈزەللىكنى ئەڭ ئالىي ياخشىلىق ــ بەختنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە، ئومۇمەن ئىنسانىيەتنى بەخت ۋە كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشكە مەنپەئەتلىك بولغان شەيئى ۋە ۋاسىتىلەر ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك ھېسابلىنىپ، بۇنىڭغا توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان شەيئى ۋە ۋاسىتىلەر يامانلىق ۋە خۇنۇكلۇك ھېسابلانغان. ھېيوتىمۇ بۇ خىل ئىنسانپەرۋەر كۆزقاراشقا ياندىشىپ، خۇنۇكلۇك ۋە يامانلىق شەخسنىڭ ۋە جامائەتنىڭ بەختىنى بۇزۇش، ئالىيجانابلىق جامائەتنىڭ بەختىنى ئىلگىرى سۈرۈش دەپ كۆرسەتكەن.

گۈزەللىكنى چىنلىقنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسى، ياخشىلىقنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ ئىزاھلىغۇچى ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشىچە، گۈزەللىك ــ چىنلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتە بولۇپ، پەقەت چىنلىق بىلەن ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى نامايەندە قىلالىغان (ئۇنىڭغا لايىق بولغان) شەكىل گۈزەللىك ھېسابلىنىپ، ئۇنى نامايەندە قىلالمىغان، قۇپقۇرۇق ۋە مەنىسىزلىككە تولغانلىرى خۇنۇكلۇك ۋە كۈلكىلىك بولىدۇ.

چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق،

گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك ئارىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت ۋە كۈرەشمۇ ھەر قايسى زىت تەرەپنىڭ يەككە ـ يېگانە مۇناسىۋىتى ۋە كۈرىشى شەكلىدە ئەمەس، بەلكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈن ھالدا ساختىلىك، يامانلىق، خۇنۇكلۇك بىلەن كۈرەش قىلىشى ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى بىلىشمۇ يەككە ـ يېگانە ھالدا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ھالدا ئۇنى ساختىلىق، يامانلىق، خۇنۇكلۇك بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بولغان. مۇنداق مۇناسىۋەت، كۈرەش ۋە سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بىلىش تارىخى مەڭگۈ ئاياغلاشمايدۇ.

چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىردەكلىكى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكتە چىڭ تۇرۇپ، ساختىلىق، يامانلىق ۋە خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ــ مانا بۇ گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭ ئاساسى.

گۈزەللىك تەربىيەسى كەڭ دائىرىلىك، باي مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسى بولۇپ، ئۇ جىسمانىي گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە قەلبى گۈزەللىك تەربىيەسى، سۆز گۈزەللىكى ۋە ھەرىكەت گۈزەللىكى تەربىيەسى، مۇھىت، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئائىت گۈزەللىك تەربىيەسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجادىيەتتە «گۈزەللىك قانۇنىيىتى»گە ئەمەل قىلىش تەربىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گۈزەللىك تەربىيەسى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە. كاپىتالىزم شارائىتىدا گۈزەللىك تەربىيەسى غەيرىي نورمال تەرەققىياتقا مۇپتىلا بولغان. ئۇ ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم ئاقسۆڭەكلەر بىلەن يۇقىرى قاتلام سەرمايىدارلارنىڭ مونوپولىيە قىلىۋېلىشىغا ئۇچراپ، ساغلاملىق ۋە ئاممىۋىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان. ئۇ بۇرژۇئازىيە كىشىلىك قارىشى تەسىرىدە ھەقىقىي گۈزەللىكتىن ئەسەرسىز ھالدا پۇچەكلەشتۈرۈلۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساختا شۆھرەتپەرەسلىك، شەكىللۋازلىق، ئەخلاقسىزلىق (ئامورالىزم)، مەنىسىزلىك (ئېرراتسىونالىزم) قاتارلىقلارغا ئايلانغان؛ دوللارۋازلىق ۋە ئالتۇنغا سەجدە قىلىشقا ئاساسلانغان. نەتىجىدە بۇرژۇئازىيەنىڭ گۈزەللىك تەربىيەسى زېبۇ ـ زىننەت، پىيانىنو چېلىش، تانسا قائىدىلىرى، ساختا تەكەللۇپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالغان.

سوتسىيالىزم ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي باھارى بولۇپ، گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭمۇ تۇنجى ھەقىقىي باھارى. سوتسىيالىزم ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى سۈپىتىدە گۈزەللىك تەربىيەسىگە موھتاج بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ كاپىتالىزم ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدە مەيدانغا كەلگەن روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ساقىندىلىرىنى تازىلاش، يېڭى ئادەم ۋە پارلاق كەلگۈسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈنمۇ يەنە گۈزەللىك تەربىيەسىگە موھتاج. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، كوممۇنىستىك تەربىيەسىز، كوممۇنىستىك غايە ۋە مەنىۋى گۈزەللىكسىز، كوممۇنىستىك تۇرمۇش، مۇھەببەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش گۈزەللىكىسىز سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، كوممۇنىزم ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت گۈللىنىشىدىن ئىبارەت.

سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى گۈزەللىك تەربىيەسى مەسىلىسى يېڭى تېما، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى شەيئى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، سوتسىيالىزمنىڭ داۋاملىق تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاپ، داۋاملىق مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقىنىڭ بىر قىسمى.

سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى گۈزەللىك تەربىيەسىدە ئىككى جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلە ساقلانغان. بۇنىڭ بىرى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار

قىلىنىدىغان ئۇچىغا چىققان ئىنكارچىلىق (نىگىلىزم) ۋە «سولچىل» خاھىش بولۇپ، بۇ خىل خاھىش ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن كېيىنكى سوۋېت روسىيەسىدە يۈز بەرگەن ئاتالمىش «پىرولېتارىيات مەدەنىيەت گورۇھى» بىلەن، 1960 ــ ، 1970 ــ يىللار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ قەبىھ ئەپت ــ بەشىرىسىنى ئىپادىلىگەن لىن بياۋ ــ جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ ئاتالمىش «پىرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بۇ خىل كۆزقاراش تەرەپدارلىرى تارىخنى ئۈزۈپ تاشلاشنى، سوتسىيالىزمنى ياۋايىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىق ۋە نادانلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گورۇھى تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما گۈزەللىك تەربىيەسى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، بۇ جەھەتتە تېخىرقاپ داۋالغۇيدىغان بىر بۆلۈك ئىجتىمائىي ۋە ئادەت كۈچلىرىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. بۇ كۈچلەرنىڭ بەزىلىرى فېئوداللىق ئەدەپ ــ ئەخلاق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدە گۈزەللىكنى دىيانەتسىزلىك دەپ قارىسا، بەزىلەر ئۇنى بۇرژۇئازىيەچە خاھىش دەپ قارىماقتا.

ئىككىنچى مەسىلە، سوتسىيالىستىك گۈزەللىك تەربىيەسى نېمە، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۆلچەملىرى قانداق بولۇشى لازىم، سوتسىيالىزم شارائىتىدا قانداق قىلغاندا بۇرژۇئازىيەنىڭ ساختا، چۈشكۈن، چىرىك ۋە زەھەرلىك نەرسىلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ساغلام ، ھەقىقىي، نورمال ۋە ئىجابىي گۈزەللىك بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، بۇ بىر قانچە ئېغىز سۆز بىلەن بىر قېتىمدىلا ھەل قىلىنىدىغان ياكى بىرەر پەرمان، مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن(ئەلۋەتتە بۇ ئېھتىياجلىق)ھەل بولىدىغان ئاددىي ئىش بولماستىن، بەلكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كومپارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر جەھەتتىن ماسلىشىش بىلەن، دۇنيا قاراش تەربىيەسى، غايە تەربىيەسى ۋە كۆپ خىل شەكىللىكى گۈزەللىك تەربىيەسى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە. بۇ بىر جەڭگىۋار تەربىيە خىزمىتى بولۇپ، ئۇ خەلقئارا بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىدىيەۋى چىرىتىشىگە قارشى ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللىكى كۈرەش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ مەسىلىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىنىشى خەلقئارا مىقياسىدا سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ قايسى قايسىنى يېڭىدۇ دېگەن كۈرەشنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تارىخىي خاراكتېر ئالغان.

سوتسىيالىستىك گۈزەللىك تەربىيەسى سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتى بەرپا قىلغۇچى يۈز مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنى، بولۇپمۇ يېڭى بىر ئەۋلادنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تارىخىي خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. كوممۇنىستىك غايە، كوممۇنىستىك ئەخلاق، كوممۇنىستىك گۈزەللىك كۆز قارىشى، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىم - ماھارىتى، ساغلام بەدەنگە ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد يېتىشتۈرمەي تۇرۇپ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## جىسمانىي گۈزەللىك ۋە قەلبى گۈزەللىك

جىسمانىي گۈزەللىك ۋە قەلبى گۈزەللىك ئېستېتىك تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسى ھېسابلانغان ئادەمنىڭ، كونكرېت ئېيتقاندا، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرغۇچىلىرى بولۇپ ياشاۋاتقان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر بىر گىراژدانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەللىك ئۆلچىمى ۋە تەلەپلىرى بويىچە تەربىيەلىشى، تەربىيەلىنىش مەسىلىسى. يۈز مىليونلىغان جىسمانىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىك ئىگىسىنى

يېتىشتۇرمەي تۇرۇپ پىرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغۋار تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

جىسمانىي گۈزەللىك بىلەن قەلبى گۈزەللىكنى بىر - بىرىگە زىت ئورۇنغا قويۇش، ئۇنىڭ بىرسى ئارقىلىق ئىككىنچىسىنى چەتكە قېقىش توغرا ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككى خىل گۈزەللىكنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش، ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ ھەمجەھەتلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم.

جىسمانىي گۈزەللىك كىشىلەر ئىزدىنىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. گوركىي: ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى بويىچە سەنئەتچى بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكىنى ئارزۇ قىلىدۇ، دەيدۇ. جىسمانىي ساغلاملىق ۋە ئۇنى ئاساس قىلغان جىسمانىي گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش گۈزەللىكى ھەققىدىكى ئارزۇسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

جىسمانىي گۈزەللىكنىڭ ئۆلچەملىرى توغرىسىدا ھەر قايسى دەۋر ۋە ھەر قايسى سىنىپنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بىر ئورتاقلىق بەدەن ساغلاملىقىدىن ئىبارەت. پەقەت بەدەن ساغلاملىقى ئاساسىدا جىسمانىي گۈزەللىك ۋە تاشقى گۈزەللىكنىڭ باشقا تەرەپلىرى — ئىسكەت گۈزەللىكى، ھۆسن گۈزەللىكى ۋە زىننەت گۈزەللىكى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن.

جىسمانىي گۈزەللىك ئىككى ئامىلدىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ بىرسى، جىسمانىي جەھەتتىكى تۇغما ۋە مەشىق - چېنىقىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن جىسمانىي ساغلاملىق ۋە جىسمانىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەنە بىرسى، مۇشۇ جىسمانىي ساغلاملىق ۋە جىسمانىي (بەدەن) گۈزەللىكنى گۈزەللىك تەلىپى ۋە ئۆلچەملىرى بويىچە ئىسكەتكە كىرگۈزۈش ۋە ئىسكەتتە تۇتۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسكەت گۈزەللىكى خۇددى ساغلام ئۇسسۇلۇقتاق دەرەخنى بەلگىلىك پەرۋىش تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىسكەت گۈزەللىكى بەدەن ئاستىدىن يىتىلگەن، ئۇستۇرۇش ياكى ئىككى بىر شەكىلگە كىرگۈزۈشكە ئوخشاش، جىسمانىي ساغلاملىق ۋە بەدەن گۈزەللىكىنىڭ تەبىئىي شەرتلىرى ئۈستىدىن قايتا ئىش قوشۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۆز پەرزەنتلىرىنى مۇئەييەن تەلەپ بويىچە ئىسكەت قىلىپ سىلىپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلارنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، تۇغۇلغان بالىنى زاكىلاش، بۆشۈككە سىلىپ پۇت ـ قوللىرىنى تۈز قىلىش، بېشىغا خالتىغا سىلىنىغان گۈرۈچ قويۇپ ئۇنىڭ ئەگرى يېرىنى تۈزەپ يۇمىلاق قىلىش، يىقىلغان بالىنىڭ بېشىنى تۇخۇملانغان ماتادا چىڭ ۋە يۇمىلاق قىلىپ تېڭىش، بۆشۈكتە بۇرنىنى يېنىك چىمدىپ قاڭشىرىنى چىقىرىش، بالىنى دۇمچەك ۋە دەمكۆتە، ئىسكەتسىز قىلىپ قويىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلاش، ئۇۋۇلاش، بالىلار ئويۇنلىرىغا قاتناشتۇرۇش، تۇغۇتتىن كېيىن ئانىنىڭ قورسىقىنى تۇخۇمدالغان ماتا بىلەن ئوراپ تېڭىش، باغىرداق (لىپتىك) تاقاش، تاسما تارتىش، تاش مايماق ۋە ئىچ مايماقلارنى تۈزەش قاتارلىقلارنىڭ قەدىمدىن ئادەت بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. باشقا مىللەتلەردىمۇ ئۆزگىچە خاس ۋە ئومۇمىي ئورتاقلىقتا ئىگە بولغان ئىسكەت گۈزەللىكى تەلىپى ۋە مەشغۇلاتلىرى بار.

ئىسكەت گۈزەللىكىگە ئۇستىخان، مۇسكۇل ۋە تېرە ساغلاملىقى ئاساسىدا ئېرىشىلىدۇ. ئۇستىخان، مۇسكۇل ساغلاملىقى ۋە يارىشىملىقى قەددى ـ قامەت گۈزەللىكىنىڭ ئۇلى، تېرە گۈزەللىكى ـ ھۆسن گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم شەرتى.

شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي گۈزەللىكى ۋە ئىسكەت گۈزەللىكى ئادەم ئورگانىزمىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ،

كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىئىي قانۇنىيەت. بىز شېكسپېر سونېتلىرىدىن بۇ قانۇنىيەتنىڭ شېئىرىي ئىپادىسىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

يەنە شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، كىشىلەر ئۆز ھاياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان جىسمانىي گۈزەللىك ۋە ئىسكەت گۈزەللىكىگە ئىگە بولۇشقا قادىر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۆز ھاياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچىغا لايىق گۈزەللىك ئالامەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك بەھرىمەن بولۇشقىمۇ قادىر. جىسمانىي ۋە تاشقى بەدەن گۈزەللىكى پەقەت ياشلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت بىرلا باسقۇچ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەيدىغان كۆزقاراشلار بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك قاراشلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسكەت گۈزەللىكى بىلەن ھۆسن گۈزەللىكى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھۆسن گۈزەللىكى كىشىنى ئۇنىڭ مۇئەييەن قەددى - قامىتى(ئىسكەتى) ئاساسىدا سۈنئىي ۋاستىلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈش، تۈزىتىشكە قارىتىلغان. بۇ، بەدەننىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىكى خۇنۈكلۈكنى ياكى تازا كۆڭۈللۈك تەسىر بەرمەيدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسكەت گۈزەللىكى بىلەن ھۆسن گۈزەللىكى تەنتەربىيە، تېبابەتچىلىك، تۇرمۇشقا خىزمەت قىلىش كەسپى قاتارلىق ساھەلەر بىلەن ئالاقىدار.

ساغلام بەدەن، جىسمانىي گۈزەللىك، ئىسكەت گۈزەللىكى، ھۆسن گۈزەللىكى ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى شەكىل گۈزەللىكىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بىر قانچە ئامىل ئۆزئارا ھەمجەھەت ۋە ماسلاشقان بولۇشى لازىم. ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك، يۈيۈپ - تارىنىش، زىبۇ - زىننەت ۋە خۇلق - مىجەز جەھەتتىكى گۈزەللىك ئامىللىرى مۇۋاپىق ۋە ئۆزلىشىملىك دەرىجىدە قوشۇلغاندا جانلىق، چىرايلىق ئادەم سىياقى شەكىللىنىدۇ. كىيىم - كېچەك بىلەن زىبۇ - زىننەت جىسمانىي

www.uyghurkitap.com



گۈزەللىكنى جۇلالاندۇرۇش ياكى يوپۇقداش رولىنى ئۆتەپ، ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش گۈزەللىكىنىڭ ۋاقىتلىق قوشۇمچىسى سۈپىتىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. خۇلق ـ مىجەز گۈزەللىكى مۇھىمى قەلب گۈزەللىكى، سۆز ـ ھەرىكەت گۈزەللىكىنىڭ جانلىق نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئىچكى قەلب گۈزەللىكىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. «كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى»، «سۆز قەلبىنىڭ ساداسى» دېگەن تەمسىل توغرا ئېيتىلغان. قەلبى گۈزەل بولمىغان كىشىنىڭ رەڭگىرويىدىن تولدۇرۇپ بولمايدىغان مەنىسىز بوشلۇق ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشكە ئاجىز بولىدۇ. ئۇلارچە ھەر خىل رەڭدار رەخت، زىبۇ ـ زىننەت، ئاجايىپ ـ غارايىپ پاسوننىڭ ھەممىسى گۈزەللىكنىڭ مۇتلەق بەلگىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار چۈشەنمەيدۇكى، بۇ ئايرىم، كونكرېت بۇيۇملاردىكى گۈزەللىكنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئېستېتىكىلىق تەلەپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم بولىدۇ. بۇ بۇيۇملار پەقەت ئىسكەت (قەددى ـ قامەت) گۈزەللىكى ۋە مىجەز ـ خۇلق (ھېسسىيات) گۈزەللىكى، سۆز ـ ھەرىكەت گۈزەللىكى، قەلب گۈزەللىكى ئاساسىدىلا ئىنساننىڭ ئۆز گۈزەللىكى خاراكتېرىنى ئېلىپ، ئىنسانىي گۈزەللىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئەڭ ئالىي گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى، ئادەم گۈزەللىكىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى مەدەنلەر، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلاردا بولىدىغان مېخانىكىلىق ۋە بىيولوگىيەلىك خاراكتېردىكى گۈزەللىك بولماستىن، ئىنسانغا خاس ھېس ـ تەپەككۇر گۈزەللىكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قەلب گۈزەللىكى تەربىيەسى ئېستېتىك تەربىيەنىڭ ئاساسىي ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. قەلب گۈزەللىكى تەربىيەسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۇنى دىنىي ـ سېرلىق ۋە سىياسىي تەقۋادارلىق قاراشلىرىدىن خالىي قىلىش، قەلب گۈزەللىكى بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش گۈزەللىكى، سۆز ـ ھەرىكەت، مۇھىت ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكى قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش — ماركسىزملىق ئىلمىي ئېستېتىك تەربىيەنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى.

قەلب گۈزەللىكى قەلب قاباھەتلىكىگە تەققاس قىلىنغان ئىبارە بولۇپ، ھەر ئىككىسى قەلبنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. كارل ماركس: ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ جەمئىيسىدىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىش بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى تۇنجى قېتىم ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلاپ بەردى. قەلب — ئىنساننىڭ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى، «ئاڭ ھەر قانداق ۋاقىتتا پەقەتلا ئىجتىمائىي ئاڭ سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولالايدۇ.»①

قەلب گۈزەللىكى ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى مۇھىت، تەربىيە ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. قەلب گۈزەللىكى تەربىيەسى سىياسىي، ئەخلاق، بەدىئىي تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئائىلىۋى مۇھىتنىڭ تەسىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ۋىجدان، ئادالەتپەرۋەرلىك كۆز قارىشى، ئىجتىمائىي ھېسداشلىق، نەپسى خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىش، ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى يېتەكلەش، نومۇس ۋە ئىپتىخار سەزگۈسى، مۇھەببەت ۋە نەپرەت

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 1 ـ توم 29 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھېسسىياتى قاتارلىق ئەقلىي ۋە ھېسسىي ئامىللار قەلب گۈزەللىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قەلبى گۈزەللىك قەلبى خۇنۇكلۇك بىلەن سېلىشتۇرۇلۇش، ئىبرەت ئېلىش ۋە كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆز راھەت - ھالاۋىتىنى باشقىلار، ھەتتا پۈتكۈل جامائەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ئۈستىگە قويۇشقا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا كوللېكتىۋىزملىق ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسى ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. يامان نىيەتلىك، پىتنە - ئىغۋاچىلىق، ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك، ھەتتا زىيانكەشلىك قاتارلىق خۇنۇك، قەبىھ، جىنايەتلىك ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئاق كۆڭۈللۈك، مەردانىلىك، لىللالىق، باشقىلارنىڭ ئۇتۇق - مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن سەممىي خۇشاللىق ھېس قىلىش، ناھەقچىلىك ۋە زىيانكەشلىككە قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئادالەتنى جىلۋىلەندۈرۈش قاتارلىق گۈزەل پەزىلەتلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

قەلب گۈزەللىكى ئىنساننىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان ماددىي دۇنيا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىگىلىگەن بارلىق بىلىم ۋە تەجرىبىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ماھىيىتى، پەزىلىتى، قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز بىر كىشىنى ياخشى ياكى يامان، ئالىيجاناب ياكى پەسكەش دېگىنىمىزدە، مۇھىمى ئۇنىڭ قەلب سۈپەتلىرى ۋە دەرىجىسىنى كۆزدە تۇتىمىز.

ھەقىقىي قەلب گۈزەللىكى بىلەن، ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدىغان ھادىسىلەرنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش لازىم. باشقىلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەبىھ مەقسىتىگە يېتىشنى نىيەت قىلىدىغان كىشى سۆز - ھەرىكىتىدە قانچە ئۇستاتلىق قىلمىسۇن، قەلبى گۈزەل ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بۇنداق ساختا كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىشنى ھەدىگەندىلا بايقىۋېلىش

قىيىن. بولۇپمۇ غەرەزلىك ماختاش، ھاجىتىدىن چىقىش، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنۈش ئارقىلىق بىخۇدلاشتۇرۇلغان كىشى بۇنداق ساختىلىقنى ئۇزاققىچە، ھەتتا ئاچچىق ھەسرەت بىردىنلا شەكىللىنىپ چىققۇچە پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. بۇ بىزگە قەلب گۈزەللىكىنىڭ سەمىمىي، ئوچۇق ـ ئاشكارىلىق بىلەن پاكىز، ياخشى نىيەتلىك ۋە ئالىيجانابلىقنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئالامىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ساختىپەزلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قەلب گۈزەللىكى تەلىپى ۋە تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى غايە، ۋىجدان، ئىپپەت، مەجبۇرىيەت، شەرەپ ۋە نومۇستىن ئىبارەت.

غايە ــ گۈزەل، ئىلغار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە بەخت قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى شەخسنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن كوللېكتىپنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ بىرلىكى، كوللېكتىپنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا ئۈمىدۋارلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. بەختىيار تۇرمۇشقا قارشى تەقۋادارلىق، تەركىدۇنىيالىقمۇ، شەخسنىڭ نوقۇل راھەت ـ پاراغىتىنى قوغلىشىشمۇ گۈزەل غايە ھېسابلانمايدۇ.

ۋىجدان ــ شەخسنىڭ باشقىلارغا ياكى پۈتكۈل جەمئىيەتكە بولغان مۇناسىۋەتتە ئۆز قەلبى ۋە ئىشلىرىنىڭ پاكلىقى، ھەققانىيلىقى، ساغلاملىقى ھەققىدىكى ئەخلاقىي بىلىش ۋە ئېتىقادلىق ھېسسىياتتىن ئىبارەت. ۋىجداننىڭ ئاساسىي ئامىلى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۆز ـ ئۆزىگە باھا بېرىش، ئۆز ـ ئۆزىنى نازارەت قىلىش، ئۆزىگە سودىيە، شاھىت ۋە ئەيىبلىگۈچى بولۇش، ۋىجدانىي جەھەتتىن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىقىنى تۈزىتىش. ئۆز ئەيىبلىرىنى ئۆز قەلبىدە ئاقلايدىغان، ئۆز سەۋەنلىكلىرىگە ھامىيلىق قىلىدىغان كىشى ۋىجدانى ساغلام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولغان كىشى ھېسابلىنالمايدۇ. فېيىرباخ «بەختنامە» دېگەن ئەسىرىدە «ئادالەت بىر خىل تەنقىدىي پائالىيەت»، «ۋىجدان باشقىلار بەختىنىڭ ۋاكالىتى» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۆز قەلبىدە باشقىلارغا ناھەق زىيان يەتكۈزىدىغان پىكىر ۋە ھېسسىيات بىلەن ياشايدىغان كىشى ۋىجدانسىز، قارا كۆڭۈل كىشىدۇر. ۋىجدان باشقىلارنىڭ بەختىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ پىرىنسىپى قىلغاندا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. ۋىجدان ھەققىدە مۇنداق بىر رۇبائىي يېزىلغان:

«قەلبلەر قازىسى ۋىجدان، ئۇنىڭسىز پاك دىل بولماس،
ئۆزىدىن گەر نومۇس سەزمەي، جامائەتتىن خىجىل بولماس.
ئادالەت قىبلىگاھىڭدۇر، ئۇنىڭسىز بولمىغاي قۇت پاك،
ھەرە مەغرۇر چېچەك تەختىدە، ۋىجدان ئۇندا بىل بولماس.»

بەزىلەر شەخسنىڭ ئۆز ئىززىتى ۋە غۇرۇرىنى ۋىجدان دېسە، بەزىلەر شەخسنىڭ كايىشى، ئاچچىقلىنىشىنى «ۋىجدانى قايىنىغانلىق» دەپ خاتا ئىزاھلايدۇ. ئەگەر مۇنداق بولغاندا ئۆز پىكرىدە تۇرىۋالىدىغان كاج، تەتۈر ۋە دەرغەزەپ كىشىلەر «ۋىجدانلىق» بولۇپ، سەمىمىي، ياۋاش، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەر «ۋىجدانسىز» بولۇپ قالىدۇ.

ئېپپەت — ئۆز غايىسى، ئۆز ۋىجدانىنى يوقاتماي، ساتماي، ئۇنىڭدا قەتئىي، داۋاملىق چىڭ تۇرغان، ئۇنىڭ پاكلىقىنى ساقلىغانلىقىغا قارىتىلغان. بۇ نۇقتىدىن ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋىجدان، ۋىجداننىڭ ھاياتى ئېپپەتتە دېيىش مۇمكىن. ئېپپەت سىياسىي، ئەخلاقىي، مىللىي ۋە ئائىلىۋى بولىدۇ. ئادەتتە ۋىجدان ئاتالمىسىنى ئېپپەت ئاتالمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى: ئالدىنقىسى غايە، بىلىش ۋە ھېسسىياتتا ئىپادىلەنسە، كېيىنكىسى قەتئىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

مەجبۇرىيەت — بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلغىنى قانۇندىكى زورلۇق ئامىللىرىغا تايانغان مەجبۇرىيەت بولماستىن، بەلكى ھېچقانداق زورلۇق ۋە ھالاۋەت بىلەن باغلانمىغان ۋىجدانىي بۇرچتىن ئىبارەت. مۇنداق ۋىجدان - مەجبۇرىيەت قەلب گۈزەللىكىنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن بۇيرۇقى، تەلەپ قىلىشى بىلەن تۇغۇلىدۇ. ھەق - ناھەق كۆرىشىدە «سۆكۈت قىلىش ۋىجدانسىزلىقنىڭ ئالامىتى» (لېنىن)، قەلبى خۇنۇكلۇك ھېسابلىنىدۇ.

شەرەپ ۋە نومۇس — كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋىجدانى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەش ياكى ئۆتىمەسلىكتىكى ئۆز - ئۆزىدىن مۇكاپاتلىنىش (غۇرۇرلىنىش) ۋە روھىي جازا، روھىي ئازابقا ئۇچرىشى، ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاقىۋىتىگە بولغان باھاسى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ھېس - خاھىش تالاش ۋە رەت قىلىش قاتارلىق مومېنتلاردا كىشى قەلبى ئۆزىنى نامايەندە قىلىدۇ.

قەلبى گۈزەللىك تەربىيەسى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىپ، مەڭگۈ بېپەرۋا يۇرىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ، ھاياتنىڭ ھەر قايسى دەۋرىدە دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ داۋاملىق كۈچەيتىلىشى لازىم. قەلبى گۈزەللىك پۇتكۈل ھاياتنىڭ گۈلى، بولۇپمۇ ياشانغاندىن كېيىنكى ھاياتنىڭ گۈلى. مائارىپ خادىملىرى قەلبى گۈزەل بولۇش بىلەن بىللە، گۈزەللىك تەربىيەسىنىڭ ئۇستازلىرى، نەمۇنىچىلىرى، ئىلھامچىلىرى بولۇشى، قەلبى گۈزەللىكنىڭ باشلامچىلىرى بولۇشى لازىم.

## سۆز - ھەرىكەت گۈزەللىكى

فېيېرباخ «پەلسەپىلىك ئىدىيە تەرەققىياتىنى ئىزاھلايدىغان ئۇزۇندىلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھاياتنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىپادىسىدىن ئىبارەت» دەپ توغرا ئېيتقان ئىدى. ئىنسان ئىجتىمائىي ماھىيەتلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئورنىدىن ئىبارەت. ئىنسان قەلبىنىڭ ئىپادىسى بولغان سۆز ــ ھەرىكەتنى ئىنسان قەلبىنىڭ ماھىيىتى دېيىش مۇمكىن. قەلب گۈزەللىكى ئىنساننىڭ رېئال تۇرمۇش ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى سۆز گۈزەللىكى بىلەن ھەرىكەت گۈزەللىكى ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

سۆز گۈزەللىكى ئېستېتىك تەربىيەنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ماركس «نېمىس ئىدېئولوگىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە: «تىل ئاڭ بىلەن ئوخشاشلا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تىل بىر تۈرلۈك ئەمەلىي، رېئال ئاڭدىن ئىبارەت» دېگەن ئىدى. بۇ، تىلنىڭ ئاڭ، ئىدىيە، قەلبنىڭ ساقلىنىش ۋە ئىپادىلىنىش قورالى ئىكەنلىكىنىڭ، تىلدىن ئايرىلغان ئاڭ، ئىدىيە، قەلبنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى.

فېيىرباخ «خىرىستىيانىنىڭ ماھىيىتى» ناملىق كىتابىدا تىل توغرىسىدا قىممەتلىك ۋە ئىلھامبەخش كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «تىل دۇنيانىڭ نۇرى»، «تىل ھەقىقەتكە باشلاپ كىرىدۇ، سىرلارنى روشەنلەشتۈرىدۇ»، «تىل ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا»، «تەڭرى تىل ئارقىلىق مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن»، «تىل ھەقىقەتنىڭ ھاياتى »، «تىلنىڭ نىجاتلىق، ئىناقلىق، ئىلتىپاتلىق ۋە ئازادلىق قۇدرىتى بولىدۇ»، «ئۆزىنى ئىپادىيەلىگەن كىشى قۇل»، «تىل تەربىيەسى بارلىق تەربىيەنىڭ ئاساسىي ئۇلى» دەپ يازغان.

سۆز گۈزەللىكى توغرىسىدا دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كۆپلىگەن ھېكمەتلىك سۆزى، ماقال ــ تەمسىلى، شېئىرىي ئىبارىسى بار. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»داستانى بىلەن ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە تىل گۈزەللىكى بىلىم ۋە قەلبنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە كۆپ تەرەپلىمە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا: «تىل ــ بىلىم ـ ئەقىل ئىپادىسى، تىل ــ قەلب شاھىتى»، «تىل بەخت ۋە خارلىق سەۋەبچىسى» «تىلىڭنى كەس، بېشىڭ كېسىلمىسۇن»، «تىل ئىشىك ئالدىدىكى شىر»، «تىلنىڭ ئىناۋىتى راست سۆزدە، يالغان سۆز ئىناۋەتنى يوقىتىدۇ»، «ئېھتىيات ۋە كەمتەرلىك بىلەن سۆزلە»، «شائىر تىل ئۇستازىدۇر»، «ئەدەپنىڭ بېشى كەم سۆزلۈك»، «ئويلىنىپ سۆزلىمىسەڭ ئاپەت تېرىلىدۇ»، «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ»، «يالغان سۆز بىلەن كىرەكسىز سۆز يولنى تارايتىدۇ» قاتارلىق چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەر بايان قىلىنغان. تىل گۈزەللىكى توغرىسىدا بىر رۇبائىيدا مۇنداق تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

«ئىلىم ئىككىنچى خۇرشىددۇر، ئۇنىڭ نۇر بەرقى سۆز ئىچرە،
كىشىنىڭ ئىدراكى ـ قەلبى، باھايى ـ نەرخى سۆز ئىچرە.
ئۆلۈم گەر بولسىمۇ مۇتلەق، بىتايىن ۋەجى ھەم ۋاقتى،
بەخت پەرۋازى بىرلەن بى بەختنىڭ غەرقى سۆز ئىچرە.»

يۇقىرىقىلار سۆزنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنىڭ تەسىرىنى، ھەتتا ياخشى سۆز ئۇرۇشنى تىنچلىتقا، يامان سۆز خاتىرجەملىكنى پاراكەندىچىلىك، ھەتتا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

سۆز گۈزەللىكى ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يارقىن، تولىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرى بولغان بىر قىسمى. سۆز گۈزەللىكى ئۇزۇكسىز راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى، جامائەت پىكرى سەۋىيەسىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئەخلاقنىڭ راۋاجلىنىشى، شەخسنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەگىشىپ راۋاجلىنىپ بارىدۇ. سۆز گۈزەللىكىنىڭ چېكى يوق. سۆز گۈزەللىكى ھەممە ئۇچۇن، سۆز ئۇستىسى ھېسابلانغان ناتىق، سەنئەتكار، ھوقۇقشۇناس، دىپلوماتلار ئۇچۇنمۇ پايانى يوق ئىلىم دېگىزى. ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تاكامۇللۇقى ۋە غايىۋى كەلگۈسىگە قاراپ راۋاجلىنىشى ئەينى زاماندا سۆز گۈزەللىكى جەھەتتە بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىشى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن.

ئەمما بىر مەزگىل داۋام قىلغان «سول ئېقىم» كاساپىتىدىن دۆلىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ قەلبى، سۆز ـ ھەرىكىتى، مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشقا ئۇچرىدى. ئادەتتىن تاشقىرى كەسكىنلىشىپ، ئەسەبىيلىشىپ، قوپاللىشىپ، ۋەھىملىشىپ، ئەدەپسىزلىشىپ كەتكەن «سول» ئىبارىلەر سىياسىي مۇتلەق ۋە تېررورلۇققا ياندىشىپ تىل خۇنۇكلۇكىنىڭ تىل گۈزەللىكى ئۇستىدىكى ھاكىممۇتلەقلىقى ۋە تېررورلۇقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تىل گۈزەللىكىنىڭ يۈزلىنىشى ئېلىمىز ۋە خەلقىمىزگە ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قاتتىق پاجىئە، بەختسىزلىك كەلتۈردى. بىر «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ئۆلتۈرۈش يوللۇق» دېيىلگەن (بۇ شوئارمۇ بىر خىل جىنايەت سۆزا!) چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن بارلىق خاتا، ناھەق، ئۇۋال دېلونىڭ «تىل بۇلغىنىشى» ئۇچۇن تىپىك مىسال بولالايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. بۇ مەنىدىن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «بىر ئېغىز سۆز بىلەن دۆلەت خارابلىشىدۇ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن دۆلەت گۈللىنىدۇ» دېگەن ئىبارىسى تولىمۇ ھېكمەتلىك.

سۆز گۈزەللىكى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۆز گۈزەللىكى ئالدى بىلەن قەلب گۈزەللىكىنى مەنبە ۋە چىقىش نۇقتا قىلىدۇ. ئۇنداق «ئاغزىدا ھى ـ ھى قىلادۇر، كۆڭلى قارا خۇمسىلار»، «تىلى شېكەر، دىلى زەھەر»، «تىلى قايماق، دىلى مايماق»، «ئاغزىدا كۈلكە ـ چاقچاق، يېڭىدە خەنجەر ـ پىچاق»

(تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) دېگەندەك ساختا سۆز نەيرىڭى ھەرگىزمۇ سۆز گۈزەللىكى ھېسابلانمايدۇ. مۇنداق سۆز ساختىلىقىدىن سەگەكلىك بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش لازىم. ئاندىن باشقا، سۆز گۈزەللىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى، توغرا پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىدۇ. نىيەت دۇرۇس بولماي، تىل ياغلىمىلىق قىلىپ سۆز ـ جۈملىلەرنى ھەرقانچە پەردازلىغان بىلەن «ئاڭلىساڭ قىلار خۇش، باقساڭ ئىچى بوش» بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ ئىككى ئالدىنقى شەرت ئاستىدا يەنە ئالتە شەرت ئورۇنلىنىشى لازىم. بۇلار: سۆزنىڭ لوگىكىلىق، گىراماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق، رىتورىكلىق، ئېستېتىكىلىق ۋە ئېتىكىلىق (ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق) بولۇشىدىن ئىبارەت.

لوگىكىلىق دېگىنىمىز، سۆز ئارقىلىق تەپەككۇرنى توغرا ئۇيۇشتۇرۇش دېگەنلىك. مەنتىقسىز تىل قانچىلىك تاراپ ـ جابدۇتقان بىلەن بەربىر تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

گىراماتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزدە جۈملىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك (تەرتىپلىك) تىزىلىشى دېگەنلىك. سۆزدە جۈملىلەردىن توغرا پايدىلانمىغاندا سۆز چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ.

ئىستىلىستىكىلىق دېگىنىمىز، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، تىلنى تىلشۇناسلىق دائىرىسىدە جۇلالاندۇرۇش، ئۇنى توغرا، ساپ، ئېنىق سۆزلەش دېگىنىمىز.

رىتورىكلىق دېگىنىمىز، تىلنىڭ قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش، مەھلىيا قىلىش، قوزغاش، نەتىجە چىقىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش دېگىنىمىز، بۇ، ناتىقلىق ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر.

ئېستېتىكىلىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ سەنئەتلىك، ئوبرازلىق، جانلىق، رەڭدار، ئاۋازلىق، ھەرىكەتلىك، كومېدىك، تىراگېدىك، تەمسىللىك ... بولۇشىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىپتىكلىق دېگىنىمىز، سۆز گۈزەللىكىنىڭ سۆزنى سىلىق، مۇلايىم ۋە كەمتەر قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە تەرىپىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

ئەدەپلىك سۆز — سۆز گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئۇ باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى ھۆرمەتلەش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم. ئەدەپلىك سۆز يەنە باشقىلارغا يول قويۇش، مەرھەمەت قىلىش، نېمە بولسا شۇنى شۇنداقلا، تومتاقلا دېمەسلىكتەك «غەيرىي تۈزلۈك»، «غەيرىي تۈز سىزىقلىق» ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق بولماي ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچتەك «2 + 2 = 4» بويىچە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل سۆزلىنىدىكەن، كۆپ ھالدا يامان تەسىر ۋە يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ، پرىنسىپنى قايرىپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، گەپ پرىنسىپقا تاقالغاندا، پرىنسىپنى ئۆلۈك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق دېگەنلىك. ئەۋرىشىملىك — گۈزەللىكنىڭ بىر خىل شەكلى(تاشقى كۆرۈنۈشى بولغاندەك، سۆز گۈزەللىكىنىڭمۇ بىر خىل تاشقى كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق لازىم.

سۆزنىڭ سىلىقلىقى سۆزدە قوپال ۋە پەسكەش جۈملىلەرنىڭ بولماسلىقىنى، ئۇنىڭدا ھاقارەت خاراكتېرلىك ئالامەتلەر مۇتلەق بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سۆزنىڭ مۇلايىملىقى، سۆزدە باشقىلار بىلەن ئۆزىنى تەڭ ياكى تۆۋەن تۇتۇپ سۆز قىلىش، كەيپىياتى قىزغىن بولۇش، سۆزنى ئىمكانقەدەر ئىجابىي جەھەتتىن ئېنىق ۋە تۈزرەك، سەلبىي جەھەتتىن ئەگىتىپ ۋە سىلىقلاشتۇرۇۋاراق سۆزلەش، كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق، كۆڭۈل ئايىماستىن ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي سۆزلەۋەرمەسلىك، ئاۋازىنى سىلىق - پەسرەك قىلىش، باشقىلارنىڭ سۆزىگە قىزغىن بولۇش قاتارلىقلارغا قارىتىلغان.

سۆزدىكى كەمتەرلىك سۆزلەۋاتقان كىشىنى ھۆرمەتلەش، سۆزدىن بۇرۇن ۋە كېيىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، تەكەللۇپ قىلىش، سەمىمىيلىكنى ئىپادىلەش، سۆزلىگۈچىگە ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، بىسىم ۋە رەنجىتىدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق، سۆزىنى ئارىچىلىماسلىق، تەھدىت سالماسلىق، كەمسىتمەسلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۆز گۈزەللىكى مۇنازىرە، ئۇقۇشماسلىقنى ئىزاھلاش، ناماقۇللۇق قاتارلىق چىگىش ۋە مۇرەككەپ مەيداندا ئۆزىنى تېخىمۇ ئالىيجانابلىق بىلەن نامايان قىلىشى لازىم. شۇنى بىلىش لازىمكى، گەپتە ئۇتقانلىق غەلىبە ۋە شۆھرەت ئەمەس، ھەقىقىي غەلىبە گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسى، كىشىلەر قەلبىنى سۆيۈندۈرۈشنىڭ غەلىبىسى.

ھەرىكەت گۈزەللىكى قەلب گۈزەللىكىنى ئىسپاتلاشتا سۆز گۈزەللىكىگە نىسبەتەن تېخىمۇ قىيىن ۋە تېخىمۇ چوڭ نوپۇزغا ئىگە. ئۇ، ئادەم ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە كەڭ تۇتاشقان. ئۇ ئۆلچەملىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما، ئادەم ماددىي ۋە ئىجتىمائىي، ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سۆزلىگەن، ئويلىغان، پىلانلىغانلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئورۇنلىيالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن «ئارمان»، باشقىلار ئۈچۈن «ئەپسۇس»بولۇپ قالىدۇ. مەسىلە، سۆزلىگەنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى، كۆپ قىسمىنى ئورۇنلاش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا زىت يۆنىلىشتە بولماسلىقتا. ئاغزىدا بىر خىل، ئەمەلدە بىر خىل؛ ئالدىدا بىر خىل، ئارقىدا بىر خىل؛ ھازىر بىر خىل، كېيىن بىر خىل بولۇش؛ پايدا ـ زىيان ئالدىدا ئىككىلىنىش، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە چاڭ سېلىش، قارا نىيەتلىك ۋە ئورا كولاش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەردە بولۇش خۇنۈك ھەرىكەت، ھەتتا جىنايى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەرىكەت گۈزەللىكى قەلب گۈزەللىكى ۋە سۆز گۈزەللىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىلەن بىر پۈتۈن ھالدا ئادەمنىڭ پەزىلەت جەھەتتىكى گۈزەللىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## ئادەم گۈزەللىكنى ياراتقۇچى

گۈزەللىك تەربىيەسى يالغۇز جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسى بولغان ئادەمنىڭ جىسمانىي، قەلبى، سۆز ـ ھەرىكىتى جەھەتتىكى گۈزەللىكىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. ئادەمگە خاس مۇنداق گۈزەللىكنىڭ يېتىشىپ چىقىشىمۇ مۇھىت ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكى بىلەن دائىملىق ئۆزئارا تەسىر ۋە ئەكس تەسىر جەريانىدا تۇرىدۇ. كارل ماركس «فېيېرباخ ھەققىدىكى تېزىسلار» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىنسان مۇھىت بىلەن تەربىيەنىڭ مەھسۇلى ... مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئىنسان پائالىيىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىشى پەقەتلا ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت تەرىقىسىدە تەكشۈرۈلۈشى ۋە چۈشىنىلىشى لازىم»، «ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئايرىم شەخسكە خاس ئابستراكتلىق ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ جەمئىيىسىدۇر»، «ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەسلىدىن ئەمەلىي تۇرمۇشتۇر» دېگەن ئىدى. ئۇ ئۆز پىكرىنى «ئىنسان مۇھىتنى يارىتىدۇ، ئوخشاشلا مۇھىتمۇ ئىنساننى يارىتىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەن تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىدى.

روشەنكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ جەمئىيىسى بولغان ئىنسان ماھىيىتى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تارىخىي مەھسۇلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ياراتقۇچىسى سۈپىتىدە دائىم مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، مۇھىت ئىچىدە ئۆز پائالىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتەك ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىت گۈزەللىكى، ئىشلەپچىقىرىش گۈزەللىكى ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكى بىلەن

شۇغۇللانغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت تەبىئىي مۇھىت گۈزەللىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش گۈزەللىكى، تۇرمۇش مۇھىتى گۈزەللىكى ئىچىدە ياشاش بىلەن بىللە، يەنە پائالىيلىق بىلەن گۈزەللىك قانۇنىيىتى بىلەن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئۇلى ھېسابلانغان ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ پۈتۈنلەي گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي مەۋجۇت گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئالمىشىشى، ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئىجتىمائىي ئېستېتىك ئاڭ ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئالمىشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ بىر مۇھىم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پىرىنسىپ.

فارابىي: پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى گۈزەللىك بويىچە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، دېگەن كۆزقاراشنى تەكىتلىگەن ئىدى. فېيىرباخ: ھەقىقىي پەلسەپە كىتاب ياراتمايدۇ، بەلكى ئىنساننى يارىتىدۇ، دېگەن. بۇلار بارلىق ئاڭلىق پائالىيەتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئورنى، ئۇنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى بارغانسېرى گۈزەل، گارمونىك، مەنپەئەتلىك قىلىپ قايتا «ئىجاد» قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى، بارلىق ۋاسىتە مۇشۇ توپ مەقسەتكە قارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇھىت گۈزەللىكى ئىنسان ھاياتى ۋە پائالىيىتىنىڭ ئۇلى، ئىنسانىيەت ئەۋلادلىرىنىڭ بۆشۈكى، مەكتىپى، باغچىسى، جەڭگاھى، سورەتخانىسى، مۇزېيى ۋە ئۇسسۇل سەھنىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. تەبىئەت مۇھىتى، ئۇسۇملۈك، ھايۋانات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى، تەبىئىي مۇھىتنىڭ بۇلغانماسلىقى ۋە گۈزەللىكى ئىجتىمائىي مۇھىت گۈزەللىكىگە تۇغرىدىن ـ تۇغرا جىددىي

www.uyghurkitap.com



تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مۇھىتىنى تەبىئەت مۇھىتىدىن ئايرىلغان خىيالىي ھاۋا شارىغا ئېسىپ قويۇش تولىمۇ گۆدەكلىك بولۇپ، مۇنداق سوتسىيولوگىيەلىك ئىدېئالىزملىق كۆزقاراش تۈزىتىلىشى لازىم.

مەلۇمكى، تەبىئىي مۇھىت ئۆزىنىڭ چەكسىز ئورمان، چىمەنلىك يايلاق، دېڭىز ۋە تاغ گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى مۇھىت جەھەتتىكى ئېستېتىك تۇيغۇغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە كىشىلىك ھاياتى، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ مۇتلەق ماددىي شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. ھەر خىل ھايۋان، قۇش ۋە ئۆسۈملۈك يالغۇز ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىپلا قالماستىن، ئۇلار ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق ئۈچۈنمۇ ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ. تەبىئىي مۇھىتنىڭ نورمال، تازا ۋە كۆركەملىكى بۇزۇلغاندا ئىجتىمائىي مۇھىت گۈزەللىكى ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ مەنىدىن مۇھىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇلغىنىشىنى ھاياتنىڭ قىيامىتى دېيىش مۇمكىن. ئېستېتىك تەربىيە تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت گۈزەللىكى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىشى لازىم.

ئىجتىمائىي مۇھىت گۈزەللىكى ئائىلە ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇھىت گۈزەللىكىنى، مەھەللە، كوچا، يېزا ـ قىشلاق، ماددىي ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، جامائەتچىلىك مەيدانلىرى مۇھىت گۈزەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئاۋاز، رەڭ، بوشلۇق ۋە جاھازىلارنىڭ پاكىز، رەتلىك، تىنچ ـ ئازادە، كۆركەم بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ تاشقى كىيىنىشى ۋە ياسىنىشىنىلا ئويلاپ، ئۆز ئۆي ئىچىنى تۈزەشتۈرۈپ، جامائەت مەيدانلىرىنىڭ مۇھىتىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان ئادەتلەرنى تەنقىدلەپ تۈزەش لازىم. شۇنىمۇ ئىزاھلاش لازىمكى، بىر رايون، بىر شەھەرنىڭ مۇھىت گۈزەللىكى پۈتكۈل خەلقنىڭ توغرا رەھبەرلىك ئاستىدا بىرلىكتە

تىرىشىشىغا باغلىق. ئۇ شەھەر قۇرۇلۇشى، قاتناش سىستېمىسى، كېرەكسىز نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، ئۆي ۋە جاھازا ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاقىدار چوڭ خىزمەت.

ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئىنساننىڭ ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ ئىجتىمائىي پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ گەرچە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، تەبىئەتكە يۈرۈش قىلىش خاراكتېرىدە بولسىمۇ، ئۇنى تەبىئەتنى بۇلغاش، تەبىئەت تەرتىپى ۋە ھايات ئېكولوگىيەسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش پائالىيىتى دەپ چۈشىنىلسە خاتا بولىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ماددىي بۇيۇملارنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولۇپ، گۈزەللىك يارىتىش خاراكتېرىگە ئىگە. بىز مۇھىت گۈزەللىكى دېگىنىمىزدە نوقۇل ئىستېمال قىلىش مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكىنىلا ئەمەس، يەنە ئىستېمال قىلىش مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنىڭ ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇشىنى نەزەردە تۇتىمىز. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەر ئوخشاش ئىستېمال قىممىتىدىكى بۇيۇملار ئىچىدە ئېستېتىك قىممىتى ئۈستۈن بولغان بۇيۇملارغا تولىراق خېرىدار بولىدۇ.

سوتسىيالىزم شارائىتى كىشىلەرنىڭ مۇھىت گۈزەللىكى، تۇرمۇش گۈزەللىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنىڭ گۈزەللىك ئۆلچەملىرى بويىچە ئىجاد قىلىنىشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. گەپ بۇ ھەقتە ئېستېتىك تەربىيەنى كۈچەيتىپ، جامائەتچىلىكنى سەپەرۋەر قىلىشتا.

ئىنسانىيەتنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسى بولغان ئوبيېكتىپ دۇنيا چەكسىز. ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىكنى بىلىشى، گۈزەللىكنى سۆيۈشى، گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى چەكسىز. ئىنسانىيەت گۈزەللىكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زوقلانغۇچىسى ۋە بەھرىمەن بولغۇچىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە گەۋدىلەندۈرگۈچىسى. ئىنسانىيەتنىڭ جىسمانىيىتى، مەنىۋىيىتى، سۆز - ھەرىكىتى، مۇھىتى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇجەسسەم ۋە ئەڭ ئالىي ئىپادىگە ئىگە بولغان گۈزەللىكى ماددىي دۇنيا گۈزەللىكى راۋاجلىنىشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىنى تەشكىل قىلغان. ئىنسانىيەت ماددىي دۇنيانىڭ بىر قىسمى بولۇش بىلەن گۈزەل. ئىنسانىيەت ماددىي دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى تەرەققىيات سەمەرىسى بولۇش بىلەن يەنە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىسى. گۈزەللىك تەربىيەسى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. گۈزەللىك تەربىيەسى پەقەت ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ئاساسىدا، پەقەت كوممۇنىستىك تەربىيە ئاساسىدىلا توغرا ۋە تولۇق ھەل قىلىنىشى مۇمكىن.

# ھېسسىيات ۋە ھېسسىيات گۈزەللىكى

## 1

ھېسسىيات ــــ ئىنسانغا خاس يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇرەككەپ روھىي پائالىيەت. كونكرېت شەخس ئۇچۇن ھېسسىيات كونكرېت بولغانلىقى تۈپەيلى بىز رېئاللىقنىڭ خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ ھېسسىياتتىكى كىشىلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ تولىمۇ قىزىقارلىق ھادىسە بولۇش بىللە، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ھادىسە.

ھېسسىيات ھەر بىر كونكرېت كىشىنىڭ ھاياتىي كۈچى، تەپەككۇر سالمىقى، مەيل ـ ئارزۇسى، تىپىك خاراكتېرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە سۈپەتلىرى ۋە رىتىملىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھېسسىيات ـ شەخسنىڭ ئىنفورماتسىيەسى (ئۇچۇرى)، شۇڭا ھېسسىياتنى يوشۇرۇپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خاراكتېرنىڭ تېرمومېتىرى.

## 2

ھېسسىيات نوقۇل ھېسسىي بىلىش ئەمەس. ئۇ ئوبيېكتنىڭ سۇبيېكتتە ئىنكاس قىلىش جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان ھېسسىي بىلىشتىن پەرقلىق ھالدا، سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتقا ئۆز سۇبيېكتىنى ئىپادىلەشتىكى تۈپلۈك روھىي ھالەت.

ئەمما، ھېسسىيات ھېسسىي بىلىشتىن، سان ـ ساناقسىز ھېسسىي تەسىرلىنىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نوقۇل سەزگۈ خاراكتېرىدىكى ئاددىي رېفلېكس بولماستىن، ھېسسىي ۋە ئەقلىي ئامىللارنىڭ ھېسسىيات شەكلىدىكى پىسخىك شەكلىدىن ئىبارەت. ھېسسىيات تالاش، ھېسسىي بىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق ئىدراكىي ئامىللار بىلەن بىللە مۇھاكىمە ئىقتىدارى، بىلىم زاپىسى، ئىدىيە ئالاھىدىلىكى، باھا مەزمۇنى، غايە ۋە ئارزۇ ـ مەيل قاتارلىق ئەقلىي ئامىللارنى، قىسقىسى شەخسنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدىغان پىسخىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3

ھېسسىيات گۈزەللىكى تولىمۇ مۇھىم تېما. ھەر خىل شەخستىكى خىلمۇخىل گۈزەللىك ياكى خۇنۈك ھېسسىياتلار ۋە ئۇلارنىڭ شاراپىتى ياكى كاساپىتىدىن يۈز بەرگەن رېئال ئاقىۋەتلەر بۇنىڭ قانچىلىك مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كەملىك قىلمىسا كېرەك. خەيرخاھلىق ۋە بىپەرۋالىق، ئىشەنچ ۋە گۇمانخورلۇق، كەڭ قورساقلىق ۋە ئىچى تارلىق، قوللاش ۋە ھەسەت، ئۆزگە تايىنىش ۋە تەمەخورلۇق قاتارلىق يۈزلىگەن مەنىۋى ـ روھىي ھادىسە ھېسسىيات بىلەن، ئۇنىڭ گۈزەل ۋە خۇنۈكلۈكى بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ. ھېسسىيات گۈزەللىكى خاراكتېر گۈزەللىكىنىڭ پوزىتسىيە جەھەتتىكى مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھېسسىيات گۈزەللىكى بىر بەخت. ئۇ ئادەم قەلبىدىكى بوستان ۋە بۇ بوستاندىكى خۇش پۇراق ئەتىرگۈل. ئۇ بۇنداق خاسىيەتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئالىيجاناب، تەسىرلىك نەمۇنىدىن ئىبارەت.

## 4

ھېسسىيات گۈزەللىكى ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. كىشىنىڭ ياشىنىشىغا ئەگىشىپ ھېسسىياتىدا مەلۇم ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى تەبئىي. توختالمىغان ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلاردا ھېسسىياتقا بېرىلىش كۆپرەك ئىپادىلىنىدىغان، جىسمانىي ۋە روھىي ھالىتىدىن چەتلەۋاتقان ياشانغان كىشىلەردىمۇ ھېسسىياتىدا سۇسلىشىش ئىپادىلىرى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش قىيىن. ئەمما، مەسىلە تېخى مۇنداق ھالەتكە يەتمىگەندىكى ھېسسىيات بوھرانلىرىدا. مۇنداق ھېسسىيات بوھرانى ھېسسىياتنىڭ ئىجتىمائىي جامائەتچىلىك مەزمۇنىنىڭ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا خەيرخاھلىق، كۆيۈنۈش، ئېچىنىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ھېسداشلىق نۇقتىسىنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنى، پۇل ۋە ھوقۇقىنى، ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى دەسسىتىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ھېسسىياتنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئىنكار قىلىشى، ئىجتىمائىي ئۆلچەمدىن چەتلىشى، غەرەزسىز گۈزەللىك بوستانلىقىدىن غەرەزلىك پايدا - مەنپەئەت قورام تاشلىقىغا چېكىنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

روشەنكى، ئىجتىمائىي ھېسداشلىق ئالىيجانابلىقىنى يوقاتقان ھېسسىياتتا گۈزەللىك مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ئالتۇندىن باشقا نەرسىنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىمايدىغان، پۇل ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل يالدامىسىدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيدىغان گاس ۋە قارىغۇ كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بەتنىيەت كىشىنىڭ قەلبى ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك سەلتەنەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا نۇرسىز «چىراغ» ئەمەسمۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 5

ھېسسىيات گۈزەللىكى روھىي ساغلاملىقنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. مۇنداق روھىي ساغلاملىق سېزىپ چۈشىنىشنىڭ تېيىز ياكى تېرەنلىكى، ئەقلىي ۋە ھېسسىي ئىقتىدارنىڭ ئۇنۇمدارلىقى ـ پائالىيەتنىڭ مەركەزلىك ۋە تاناسىپلىقى، ئىرادىنىڭ بەرقارار ۋە ئىزچىللىقى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى ھېسسىيات گۈزەللىكىدە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ جىسمانىي ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

ھېسسىيات گۈزەللىكى ئىجادىي ئىقتىدارنىڭ ئىلھامبەخش مەنبەلىرىدىن بىرى. ئىلمىي ياكى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھېسسىيات گۈزەللىكى ئىجادىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىلا ئەمەس، كۆپ ھالدا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ياكى بىر قىسىم مەزمۇنىنى، ئۇنىڭ مەقسىتى ياكى بىر قىسىم مەقسىتىنى، ئۇنىڭ شەكلىنى ياكى بىر قىسىم شەكلىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھېسسىيات گۈزەللىكىنىڭ قاتماللىشىشى بىر ئاپەت. ئۇ ئاۋات قەدىمكى شەھەر ـ بوستانلىقلارنى ۋەيران خارابىگە ئايلاندۇرغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئوخشاش ھادىسە. ئاھالىسىز خارابىلىكلەر «جىن ـ ئالۋاستى» لارنىڭ پىرىخانىسى بولغاندەك، گۈزەللىك خاسىيەتلىرىدىن ئايرىلغان ھېسسىياتنىڭ خۇنۇكلىشىپ، شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ «مۇشۇكياپىلاق» لىرى مۆلدۈرلىشىپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ غارغا ئايلىنىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

# خاراكتېر ۋە خاراكتېر گۈزەللىكى

## 1

خاراكتېر نوقۇل ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى ياكى بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى پېرسوناژ خاراكتېرى بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ تۈپ ئىجتىمائىي ئالامىتى، ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى.

خاراكتېر ھەر بىر كونكرېت كىشىگە نىسبەتەن كونكرېت بولىدۇ. ئىجابىي خاراكتېرلىك ياكى سەلبىي خاراكتېرلىك كىشىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىق خاراكتېر، ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. خاراكتېر ھەر بىر كىشىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، پوزىتسىيە سىستېمىسى ۋە پائالىيەت شەكلىنىڭ بىر پۈتۈن تۈزۈلمىسى ۋە ئىپادىسىدۇر.

## 2

ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆز خاراكتېرى بولىدۇ، خاراكتېرسىز كىشى يوق، ئەمما كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن بىر شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاراكتېر گۈزەللىكىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىك جەھەتتىكى قاتلام دەرىجىسى ئاساسىي مەسىلە. ئەلۋەتتە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش ۋە قانچىلىك دەرىجىدە يارقىن يارىتىشمۇ بىر مەسىلە، بۇ، ئىجادىيەتتىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ماھارەت مەسىلىسى. خاراكتېر گۈزەللىكى بىر بەخت. خاراكتېرى گۈزەل كىشى بىلەن تونۇشۇش، سۆھبەتلىشىش، ئۇلپەتلىشىشمۇ بىر بەخت. خاراكتېرسىز مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

### 3

خاراكتېر كونكرېت كىشىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە شەخسنىڭ ھاياتىغا، ئائىلە تۇرمۇشىغا، بالىلار تەربىيەسىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە سالماقلىق ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. خاراكتېر گۈزەللىكى ھەر بىر كونكرېت كىشىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

خاراكتېر گۈزەللىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق بەختىيارلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدە بىر قەدەر يۇقىرى قاتلامدىكى خاراكتېر گۈزەللىكى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈلگىلىك تەسىرى ۋە تەسىرلەندۈرۈشى تۈپەيلىدىن ئائىلە غوۋغالىرى مەلۇم كىچىك ياكى قىسقا دائىرىدە ساقلىنىشى مۇمكىن. روشەنكى، خاراكتېر گۈزەللىكى پەرزەنتلەرنى پەزىلەتلىك، يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەشكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خاراكتېر گۈزەللىكى غايەت زور ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ شەخسنىڭ كوللېكتىپ بىلەن، جەمئىيەت بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاسىتە. بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ قانداق خاراكتېردە بولۇشى جەمئىيەتنىڭ شۇ دەۋردىكى مەنىۋى سۈپەتلىرى، گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىشى بىلەن ئالاقىدار. ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

## 4

خاراكتېر گۈزەللىكى پۈتۈنلەي تۇغما نەرسە ئەمەس، ئۇنى تەربىيەلەش، مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. خاراكتېر «قان بىلەن كىرگەن، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن قاراش ئىدېئالىزملىق قاراش. ئەمما خاراكتېر گۈزەللىكى بىر قېتىمدىلا شەكىللىنىدىغان نەرسە ئەمەس. بىر قەدەر گۈزەل خاراكتېرنىڭ بەزىبىر سۇنئىي سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆز ـ ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، روھىي دۇنياسىدا زۆرۈر كۈرەشلەرنى قىلىش قاتارلىقلار ئاساسىدا تەدرىجىي مەيدانغا كېلىدۇ.

ياشلىق دەۋرى خاراكتېر گۈزەللىكىنى يېتىشتۈرىدىغان ھالقىلىق پەيت، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرىنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىنى جۇلالاندۇرىدىغان تولىمۇ مۇھىم دەۋر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىجادىي تەپەككۇر شەكلىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە

## 1

ئۇچىنچى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى سىگناللىق مەلۇمات بېرىشنى نۇقتا قىلىپ، ئۆزىنىڭ هازىرقى زامان پەن ـ تەتقىقاتى، سانائەت تېخنولوگىيەسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساهەلىرىدە ياراتقان مۆجىزىلىرى بىلەن پار ماشىنىسى ۋە توك كۈچىدىن پايدىلىنىشنى نۇقتا قىلغان ئىلگىرىكى ئىككى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىدىكى دىنامىكىلىق كاتېگورىيەدىن زور دەرىجىدە هالقىپ كەتكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەندى. ئېلېكترونلۇق هېسابلاش ماشىنىسى (كومپيۇتېر) نىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى، تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ تۇرمۇشتا قوللىنىلىشى، سىگناللىق مەلۇمات بېرىشنىڭ زەررىدىن تاكى كائىناتقىچە بولغان ئىلىم تەتقىقاتى ئەمەلىيىتىگە كۆپ تەرەپلىمە ئۇنۇملۇك تەتبىق قىلىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر دائىرىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. تەبىئىيكى، بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە زۆرۈرىيەت ئالەمدىن ئەركىنلىك ئالەمگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ يۈرۈش قىلىشىنىڭ يېڭى مۇقەددىمىسىنى هازىرلىغۇسى.

ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدا تۇرۇشنى خالايدىكەن، نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولۇشى مۇمكىن

ئەمەس»[①] دەپ كۆرسەتكەندى.

پەن — بىلىش ۋە ئەمەلىيەتنىڭ تارىخىي جەۋھىرى سۈپىتىدە ئەزەلدىنلا نەزەرىيەۋى تەپەككۇر شەكلىدە راۋاجلىنىپ، ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى يۇقىرى پەللىلىرى ۋە ھالەتلىرىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەن.

ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان ئەھمىيەتلىك تۆھپىلىرى ئۇلارنىڭ پەن ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىغا بولغان بىۋاسىتە ئالاقىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، بىلىش ئىجتىمائىي يۈكسىلىش ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەبىياتلىق مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئاساسىي دىيالېكتىك قانۇنىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

ئەلۋەتتە، بارلىق تەپەككۇر ھادىسىسى ۋە مۇھاكىمە جەريانىنىڭ ھەممىسى گەرچە بىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئادەتتىكى نوقۇل تۇرمۇش ئوبيېكتلىرى ۋە مەزمۇنلىرى بىلەن چەكلەنگەن تەپەككۇر پائالىيىتى بىلەن، ئىجادىيەت، يېڭىلىق يارىتىش، كەشىپ ـ ئىختىرا خاراكتېرلىك يۇقىرى سۈپەت ھالقىسىدا داۋام قىلىۋاتقان تەپەككۇر پائالىيىتى پەرقلىنىدۇ.

ئىجادىي خاراكتېرلىك تەپەككۇر شەكلى گەرچە ئومۇملۇق جەھەتتىن يەنىلا ئىنسان مېڭىسىنىڭ خاس ئىقتىدارى بولغان ئەقلىي تەپەككۇر جەريانى قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئالاھىدىلىك جەھەتتە، ئۇ ئادەتتىكى مەنتىقىي تەپەككۇردىن كۆپ دەرىجىدە مۇرەككەپ بولىدۇ.

## 2

ئىجادىي تەپەككۇر شەكلى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، نەزەرىيەۋى خاراكتېرلىك ئىجادىي تەپەككۇر؛ ئىككىنچىسى بەدىئىي

① ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1955 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى 24 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خاراكتېرلىك ئىجادىي تەپەككۇر.

ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئىجادىي خاراكتېرلىك تەپەككۇرنىڭ ھەر ئىككى شەكلى بىر ـ بىرىدىن يەككە ـ يېگانە ھالدا داۋاملىشالمايدۇ. ئومۇملۇق جەھەتتە چىنلىق ۋە ساختىلىق، ماھىيەت ۋە ھادىسە، پايدىلىق ۋە زىيانلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك، يۈكسەكلىك ۋە پەسكەشلىك قاتارلىق ئوبيېكتلار، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان ئابستراكت تەپەككۇر تەسەۋۋۇرلۇق تەپەككۇر ئاساسىدا مەنتىقىي ۋە ئوبرازلىق ۋاستىلەر بىلەن ھەل قىلىنىدىغان بولسىمۇ، ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئىجادىي خاراكتېرلىك نەزەرىيەۋى تەپەككۇر بىلەن ئىجادىي خاراكتېرلىك بەدىئىي تەپەككۇر بۇ خىلدىكى تەپەككۇر جەريانىنىڭ غەيرىي ئىجادىي خاراكتېردىكى شەكىللىرىدىن سۈپەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدۇ.

نەزەرىيەۋى خاراكتېرلىك ئىجادىي تەپەككۇر شەيئىلەرنىڭ ماكان خاراكتېردىكى مۇناسىۋەتلىرى، زامان خاراكتېردىكى جەريانلىرى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ خاراكتېردىكى زىددىيەتلىرى، شەكىل خاراكتېردىكى ھالەتلىرىگە يوشۇرۇنغان يېڭى سەۋەبىياتلار، يېڭى مۇقەررەرلىك ۋە قانۇنىيەتلەر، يېڭى مۇمكىنلىكلەرنى بايقاش، مۆلچەرلەش ۋە شەرھلەش بىلەن بىللە، يەنە مۇشۇ خىل نەزەرىيەۋى يەكۈنلەر ئاساسىدا يېڭى تېخنولوگىيەلىك مۇمكىنلىكلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە لايىھەلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، يېڭى سەۋىيەدىكى بىلىش ۋە تەتبىق قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن تەپەككۇر جەريانلىرى ماتېماتىكىلىق، لوگىكىلىق مۇھاكىمە، ئېھتىماللىق كىمپوتېرلىرى، سىللوگىزملىق مۇھاكىمە، ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق قايتا تەسەۋۋۇر، قايتا مۇھاكىمە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ ۋە توغرىدىن ـ توغرا مەنپەئەتدارلىقنى مەقسەت قىلىدۇ.

بەدىئىي خاراكتېرلىك ئىجادىي تەپەككۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە خاس ئىستىتىكىلىق تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئاللىقتىن سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى تىپىك مۇھىت، تىپىك پېرسوناژ، تىپىك خاراكتېر، تىپىك توقۇنۇشنى ئوبرازلاشتۇرۇپ قايتا ئىپادىلەش ئارقىلىق ئىنسان تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماھىيەتلىك مۇھىت ۋە خاراكتېرنى روشەنلەشتۇرۇشكە ئېلىپ بارىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانلىرىدا گەۋدىلىنىدۇ. مۇنداق تەپەككۇر شەكلى توغرىدىن توغرا ماددىي مەنپەئەتدارلىقنى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت، گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك، كومېدىيەلىك ۋە تىراگېدىيەلىك قاتارلىق ئىدىيەۋى ھېسسىيات پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تەكىتلەش لازىمكى، ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھەر ئىككى شەكلى كۈچلۈك بىلىش خاراكتېرىگە، كۈچلۈك ھەقىقەتلىك سالاھىيىتىگە، كۈچلۈك مەنىۋى ۋە ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

## 3

تەسەۋۋۇر ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۇھىم ئامىلى. ئىنساننىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئەقلىي خاراكتېرلىك مەنىۋى ئىقتىدارى ھېسابلانغان تەسەۋۋۇرسىز ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئۈستىدە سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

تەپەككۇر كەڭ بىلىش چۈشەنچىسى سۈپىتىدە غەيرىي ئىجادىي خاراكتېرلىك تەپەككۇر جەريانلىرىدىمۇ كەڭ ساقلانغان. ئۇ خاتىرە بىلەن بىۋاسىتە ئىدراكنىڭ قوشۇلۇشى، قايتا قۇراشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجادىي شەكىل ئېلىشى ئاساسىدا گەۋدىلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇر ـــ ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا ئايرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، تەسەۋۋۇر يەنە تەقلىدىي تەسەۋۋۇر ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا ئايرىلىدۇ. تەقلىدىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر فارابىينىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «شەيئىلەرنى ئۆز شەيئىسىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى سۇبيېكتىپ خاتىرە ئېكرانىدا قايتا تەسەۋۋۇر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر، جۈملىدىن تەجرىبىچىلىك پەلسەپىسى ۋە ناتۇرالىزم تەرەپدارلىرى تەشەببۇس قىلغان تەسەۋۋۇر شەيئىلەرنى ئۆز ھالىتى بويىچە قايتا خاتىرىگە ئېلىش بىلەن چەكلەنگەن بولىدۇ.

ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر فارابىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «شەيئىلەرنى باشقا شەيئىلەردە تەسەۋۋۇر قىلىش» بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ كۆپلىگەن تەقلىدىي ئوبرازىنى قايتا قۇراشتۇرۇپ، شاللاپ، ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر ھاسىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىلمىي ئىجادىي تەسەۋۋۇر ۋە بىر دەۋرە ھادىسىدىن قۇتۇلدۇرۇلغان ھەقىقىي ماھىيەتلىك رېئاللىق نامايەندىسى ھېسابلانغان تىپىك ئوبرازغا خاس بەدىئىي ئىجادىي تەسەۋۋۇر دەل بۇنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجادىي تەسەۋۋۇر نەزەرىيەۋى خاراكتېرلىك ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن بەدىئىي خاراكتېرلىك ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئۆلى ۋە جەريانلىرىنى كۈچەيتىدۇ.

ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ مۇھىم شەرتى ئىجادىي خاراكتېرلىك قوشما تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەسلىمە خاراكتېرىدىكى، تۈرلىمە خاراكتېرىدىكى ۋە ئەكسەرىيەتلىك خاراكتېردىكى قوشما تەسەۋۋۇر شەكىللىرىگە ئايرىلىدۇ.

ئىجادىي تەسەۋۋۇرسىز ئىجادىي تەپەككۇر جەريانلىرىنىڭ تەلتۆكۈس شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىجادىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرسىز ئىلمىي گىپوتىزا، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ھەقىقىي ئىجادىيەت جەريانىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 4

ئىجادىي تەپەككۇر جەريانى روھىي پائالىيەتنىڭ ئاڭلىق جەريانى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز تەپەككۇر شەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان.

روشەنكى، ئاڭلىق ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىزگە ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ نوقۇل سۇبيېكتىپ خاراكتېردە بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ ئاساستىكى سۇبيېكتىپلىق، مۇقەررەرلىك ئاساسىدىكى تاسادىپىيلىقنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەكرار كۆرسەتتى. نىيۇتوننىڭ ئالەمنىڭ تارتىش قانۇنى، رېنتگېن ھادىسىسى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى تۇيۇقسىز ئۇرغۇپ چىققان ئىجادىيەت ئىلھامى قاتارلىقلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمەلىي ئىزدىنىش ۋە كۆزىتىش يىغىندىلىرىسىز، بىۋاسىتە ئىدراك ۋە خاتىرە ئاساسلىرىدىكى جەمغىرلىنىشلارسىز، مۇقەررەرلىك ئاساسىدىكى ئاڭلىق پائالىيەت ئەجرىسىز مۇنداق كۇتۇلمىگەن ئىختىرا، كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتنىڭ بىردىنلا يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. بىلىش ۋە ئىجادىيەت تەپەككۇرىدىكى مۇنداق ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىقنىڭ، مۇقەررەرلىك بىلەن ئەركىنلىكنىڭ، تارىخىيلىق بىلەن مەنتىقىلىقنىڭ، ئاڭلىقلىق بىلەن ئاڭسىزلىقنىڭ بىرلىكى كۆپ ھالدا بىۋاسىتە ئىلىم ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

## 5

ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تۇسقۇنلۇقتا ئۇچرىشى كۆپ تەرەپلىمىلىك. ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىدىن ئىبارەت.

ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئومۇمەن ئىككى تەرەپلىمىلىك، يەنى ئۇ ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن سۇبيېكتىپ ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى يۈز بېرىدۇ. بۇ، ئىجادىيەت مۇمكىنلىكلىرىنى نابۇت قىلىدىغان كۆڭۈلسىز ھادىسە. ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ئۆز ئىچىگە ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى قوزغىتىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى نادانلىق، قالاقلىق، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق قىلىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، ئەقلىي مەبلەغ دەپ ئاتىلىدىغان بىلىم كۈچلىرىگە خەيرخاھلىق قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى خارلايدىغان ياكى سەل چاغلايدىغان ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈملەرنى، ئىجادىيەتكە زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى شەرتلەرنى ھازىرلىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ يوق ياكى يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلارنى ئالىدۇ.

سۇبيېكتىپ ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ چەكلىمىسى ئۆز ئىچىگە بىلىم ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرى ھېسابلانغان شەخسلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى خاتا مۆلچەرلىشى ۋە چۈشىنىشى، بىلىۋېلىنغان نەرسىلەر بىلەن قانائەتلىنىشى، بىلىۋېلىنمىغان نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ سۇسلىششى، ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ قاتماللىششى، تۇرغۇنلۇقى ۋە زەئىپلىشىپ بېرىشى، ئۆز ـ ئۆزىگە خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان ئۆزۈمچىللىك قاتارلىقلارنى ئالىدۇ. ئىلىم تەتقىقاتى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتكە خاس توغرا ئۇسلۇب ۋە توغرا پەزىلەت تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك بىلىم ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى قىرقىيدىغان مۇھىم سەلبىي ئامىل ئىكەنلىكى تەبىئىي.

ئىككىنچىدىن، ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى ئىلگىرىكى كىشىلەرگە بولغان شەرتسىز ئېتىقاد ۋە ئۇلارنىڭ

بىلىش تارىخىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچىدىكى ئىلمىي ۋە ئىجادىي نوپۇزىغا خۇراپىيلارچە ئەقىدە قىلىشتىن يۈز بېرىدۇ. بۇ ھال قەدىمكىلەر ۋە پېشقەدەملەرگە توغرا مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ، ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلىرىنى يېڭى شارائىت ئاساسىدا ئىجادىي يوسۇندا تەپەككۇر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجادىي خاراكتېرلىك تەپەككۇرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىشىدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۆز رولىنى دېيەرلىك جارى قىلىشىغا كاشىلا قىلىدىغان تەپەككۇرغا خاس ئامىللارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىكى تەپەككۇرنىڭ قاتمال قېلىپ شەكلىدىن ئىبارەت.

## 6

مەلۇمكى، ئۆلچەملىك ۋە كاتېگورىيەلىك بىلىش شەكلى ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى بىر قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەت بىر تەرەپتىن بىلىشنىڭ مۇئەييەن رېئال تارىخىي ئەمەلىيەت سەۋىيەسى ئاساسىدا مۇئەييەن دەرىجە بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى مۇرەككەپ ئەگرى سىزىق بويىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىش جەريانلىرى ھەقىقەتەن ئاددىيلا ــ تۈز سىزىق بويىچە راۋاجلانمايدۇ. ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ۋە ئۇنىڭدىن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئۆتۈش گەرچە بىلىش جەريانىدىكى پائالىيەتچان يۈزلىنىش بولسىمۇ، بۇ جەريان مۇرەككەپ ۋە نىسبەتلىك بولىدۇ.

تەكىتلەش لازىمكى، بىلىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان كونكرېت شەخس ئۆزىنىڭ بىلىش جەريانىغا ئۆزىگە خاس تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىندىۋىدۇئال ئالامەتلەرنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىلىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقان كونكرېت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەخسنىڭ رېئال تەپەككۇرى باشتىن ـ ئاياغ مۇئەييەن ئۆلچەملىك ۋە كاتېگورىيەلىك قېلىپ شەكلى ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ. بۇ ھال بىلىش جەريانىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى، سۇبيېكتىپلىقى ۋە تارىخىي (ئىجتىمائىي) خاراكتېرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىشىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، نوقۇل، ئەينەن، پۈتۈنلەي ئىنكاس قىلىشتىن پەرقلىنىدۇ. مۇنداق تەپەككۇر قېلىپلىرى بىر تەرەپتىن ئۆزگىچە بولغان بىلىم سىستېمىسى، بىلىم زاپاسلىرى ئاساسىدا شەكىللەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ رېئاللىقنى كەم ـ كوتىسىز، بىردەك ئەينەن ئىنكاس قىلىش، قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنى تاللاش، كۆپلىگەن سىگناللىق مەلۇماتنى ئۆز قېلىپى ۋە مايىللىقى بويىچە شاللاپ تاشلىۋېتىش، پەقەت سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى تەپەككۇر قېلىپلىرى بىلەن ئالاقىدارلىرىنىلا قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مۇستەھكەملىنىدۇ. بۇ ھال ئىنسان مېڭىسىنىڭ سىگناللىق مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن، بۇنداق سىگناللىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چەكلىكلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرسەتتى. مانا بۇ بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ، قاتماللىقنىڭ، مۇبالىغىلەشتۈرۈشنىڭ، سۇبيېكتىۋىزمنىڭ بىلىش نەزەرىيەسى جەھەتتىكى يىلتىزى.

كونا كۆزقاراشلار بىلەن يېڭى كۆزقاراشلار، كونا تەپەككۇر قېلىپلىرى بىلەن يېڭى تەپەككۇر قېلىپلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش كۆپ ھالدا قاتمال ئىدىيەلەر بىلەن يېڭىلىق ياراتقۇچى ئىدىيەلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش شەكلىدە يۈز بېرىدۇ. ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالغان ئېقىملار ئارقىلىق مۇستەھكەم نوپۇزغا ئىگە بولۇۋالغان، ئەمما ۋاقتى ئۆتكەن ياكى ئۆلى تەۋرەپ قالغان كونا كۆزقاراش مۇخلىسلىرىنىڭ تارىخىي كومېدىيەسى بىلەن، يېڭى ئۆسۈپ چىققان، كونا مۇھاكىمە فورمىلىرى ئارقىلىق

رەت قىلىنىش ياكى چەتكە قېقىشقا ئۇچرىغان، ئەمما كەلگۈسىگە ياكى يېڭى ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياش كۈچلەرنىڭ تارىخىي پاجىئەسى پەقەت زور كۆلەمدىكى يەن - تېخنىكا خاراكتېرلىك بۆسۈش ۋە يۈكسىلىشلەر ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىگە ئايلىنىشالايدۇ. مۇنداق زور ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ يۈز بېرىشىگىچە يېڭى ئىجادىي كۈچلەرنىڭ ھاقارەت، چەتكە قېقىلىش، ھەسەت ۋە نابۇت قىلىنىش ئېھتىماللىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىش تولىمۇ قىممەتلىك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 7

ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ يەن - تېخنىكا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە قىممەتلىك گۆھەر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەت - بىلىش - قايتا ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلىش تارىخىدىكى ئاساسلىق ھالقا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭسىز ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا يۈكسەلدۈرۈلۈشىنىڭ مۇمكىنسىزلىكى بىزگە بىلىم ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇر بىلىش پائالىيىتىدىكى ئىنقىلابىي، جۇشقۇن، يېڭىلىق ياراتقۇچى كۈچ. ئۇنىڭ يەن - تېخنىكا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ھەر بىر تەسىرلىك بۆسۈشى ئەڭ ئالدى بىلەن كونا ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى - تاشقى مەزمۇنىنى بۆسۈشى، كونا چۈشەنچە، كونا كاتېگورىيە، كونا تەدبىر، كونا مېتود، كونا ئۇسلۇب، كونا قائىدىلەرنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئۆزگەرتىشى ئاساسىدا يۈز بېرىدۇ. بەزىدە پۈتۈنلەي يېڭى سىستېمىلار مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ، بىلىش تارىخىدىكى بۇرما شەكىللىك راۋاجلىنىش ھالقىلىرىدىكى يېڭى ھالقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىجادىي تەپەككۇر كۈچلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشى، توپلىنىشى، رىغبەتلەندۈرۈلۈشى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىستىبداتلىق ۋە تالانتلىق شەخسلەرنىڭ بايقىلىشى، ئۇلارنى بارلىق زۆرۈرىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلەش ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تارىختا ئۆتكەن چوڭ كۆلەملىك، ئوتتۇرا ياكى بىر قەدەر كىچىك كۆلەمدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشلىرى (جۇنچيۇ دەۋرى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى دەۋرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، كۇسەن مەدەنىيىتى دەۋرى، خەلىپە مەئمۇن مەدەنىيىتى دەۋرى، قاراخانىلار دەۋرى، ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى، بابۇر سۇلتانلىقى دەۋرى ۋە باشقىلار) بۇ نۇقتىنى كۆرسەتكەن. ئەكسىچە، ئىجادىي تەپەككۇر كۈچلىرىنىڭ نابۇت قىلىنىشى، ئېقىپ كېتىشى، خارلىنىشى پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك پاراكەندىچىلىك ۋە چېكىنىشنىڭ پاجىئەلىك ۋە ئاپەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىجادىي تەپەككۇر كۈچلىرى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۇ ئاھالىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇميۈزلۈك تەلىم ۋە مائارىپنىڭ، جۈملىدىن ئىستىبداتلىق ۋە تالانتلىق تەپەككۇر كۈچلىرىگە قارىتىلغان مەخسۇس تەلىم ۋە مائارىپنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە بەرق ئۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «ئەقلىي كۈچلەرنى ئېچىش» تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنىشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سېلىش (بىرىنچى مەبلەغ سېلىش) بىلەن بىللە، تەلىم ۋە مائارىپقا خاس «ئەقلىي كۈچلەر ئىشلەپچىقىرىشىغىمۇ مەبلەغ سېلىش (ئىككىنچى مەبلەغ سېلىش) تەڭ تۇتۇلۇشى لازىم. ئەقلىي كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىدىن يېڭى ئىقتىدارلىرى، ئىسلاھاتلىرى، لايىھەلىرىسىز ئېلىپ بېرىلغان نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش زور ئىسراپچىلىق ۋە ئۇنىڭ شاللىنىپ

تاشلىنىشى مۇقەررەر. بۇ يەردە بىر قانۇنىيەت ــ ئەقلىي كۈچلەرنى ئېچىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئوبيېكتلىرىنى ئېچىشنىڭ نىسبەتلىكى قانۇنىيىتى، بىرىنچى مەبلەغ بىلەن ئىككىنچى مەبلەغنىڭ نىسبەتلىكى قانۇنىيىتى، مائارىپ بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىسبەتلىكى قانۇنىيىتى ساقلانغان. جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش فاڭجېنى بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھاتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇر يالغۇز بىر قىسىم كىشىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەقلىي پائالىيىتى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تارىخ يارىتىش يولىدىكى ئاڭلىق پائالىيىتى بىلەن زىچ تۇتاشقان. بۇ يەردىكى مۇناسىۋەت كەڭلىك بىلەن نۇقتا، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئىجادىي ئەقلى ئەمگەك ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن ئېغىر ئەقلىي، ئەخلاقىي، ئەمەلىي تەلەپلەرنى كۈتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى پىكىر قىلىش مېتودولوگىيەسىدىكى يۈكسىلىشتىن ئىبارەت. دىيالېكتىكىلىق مېتودولوگىيەنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن كونا ئەمەلىيەتكە لايىقلاشقان كونا مېتودلار بىلىش پائالىيىتىدىكى توسقۇنلۇققا ئايلاندى. «دىيالېكتىكا تەبىئەت ئىلمىنىڭ ھازىرقى بۇ تەرەققىيات باسقۇچىغا بىردىنبىر مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت.» ①

ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىلىق مېتودولوگىيە ماھىيەتتە بىلىش نەزەرىيەسىدىن ئىبارەت. ئۇ پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ

---

① ف.ئېنگېلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1955 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 24 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، پەن ـ تېخنىكىدا 2 ـ ۋە 3 ـ قېتىملىق ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىدە داۋاملىق ئىسپاتلاندى. ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن سىستېماتىكىلىق مېتودولوگىيە، گىبرىنتىكىلىق مېتودولوگىيە، غۇۋا بىلىشتىن روشەن بىلىشكە سىلجىش مېتودولوگىيەسى قاتارلىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تونۇپ بىلىشى، تەپەككۇر سەمەرىلىرىنى قايتا تەشكىللىشى، بىلىشنى قىياستىن ھەقىقەتكە سىلجىتىشى، بىلىش جەريانلىرىدا سىگناللىق مەلۇمات ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى ئېچىپ بەردى. بۇ، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىلىق بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ تەبىئەت تەتقىقاتىدىكى نوپۇزى ۋە دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، بىلىش تارىخىدىكى بۇرمىسىمان راۋاجلىنىش باسقۇچلىرىدىكى يېڭى ھالقىلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ھال بىزنىڭ ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا ئاساسىدا ئەمەلىيەت ۋە بىلىش تارىخىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆزىتىلىۋاتقان ئوبيېكتلاردىكى ئوبيېكتىپ دىيالېكتىكىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سۇبيېكتىپ دىيالېكتىكىلىق ـ مېتودولوگىيەلىك مەسىلىلەرنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجادىي تەپەككۇر پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە زور تېما. پەن ـ تېخنىكىدا ھەر بىر ئىنقىلاب، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىكى ھەر بىر تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆلگىرىلەش بۇ تېمىنى كۆنتېرتېپكە قايتا قويۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن دائىرىسىنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرىدۇ.

# ئەنئەنىۋى ئاڭ گۇگۇمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش

كەچقۇرۇن پېتىۋاتقان قۇياش بىلەن سۇبھى سەھەردە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش بىر قاراشتا ئوخشاش شەپەق چېچىپ، ئوخشىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر بىز خىراماﻧلىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ، شەرق بىلەن غەربنى، كېلىۋاتقان يېڭىلىق بىلەن كېتىۋاتقان كونىلىقنى پەرق قىلالىساقلا، بۇنداق «ئوخشىشىپ» كەتكەن ھادىسىدىكى تۈپلۈك پەرقنى بايقىۋالالايمىز.

ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدىكى سەكرەتمىلەر تۈپەيلىدىن بەزىدە مىللەت ياكى خەلقلەر ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ، ئىدېئولوگىيەلىك فورماتسىيەنىڭ بەزى خىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەيلا، ئۇلارنى «ئاتلاپ ئۆتۈپ» ئىلگىرىلىشى مۇمكىن. ئەمما تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان قىممەت قارىشىنى مەركەز قىلغان زامانىۋى ئاڭنى «ئاتلاپ» ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىدىكى ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كەلگۈسى ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئېلىپ بېرىشتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تىرەك.

ئۇزۇن مۇددەت يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئاسارىتىدە تۇرغان، كېيىنچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ سولچىل دىكتاتۇرىسى ۋە مىللىي ئىنكارچىلىقى ئاستىدا يانچىلغان خەلقىمىزنىڭ 1980 - يىللارنىڭ بېشىدا قايتا ئويغانغان مىللىي ئىپتىخارى ۋە كۆمۈلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار تولۇق چۈشىنىدۇ. بۇنداق ھالەت پۈتكۈل ئېلىمىزدە يۈز بېرىپلا قالماستىن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تارىختىكى ھەرقانداق جاھالەتتىن كېيىنكى «قايتا ئويغىنىش»، «قايتا گۈللىنىش» دەۋرلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن قانۇنىيەتكە، جۈملىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ھادىسە ئىدى.

2000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ئۈتۈقلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قاتلىۋەتكەن مۇشۇ ئەسىر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ھەممە مەملىكەت ۋە مىللەت خەلقلىرىنى ئالدىرىتىپ قويدى! مىللىي ئىپتىخارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى شەكلى يېقىندىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك بىزنى سۆيۈندۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىنى ئېلىمىزدە، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قايتا شەكىللەنگەن، بىر قىسىم مۇتەپەككۇرنىڭ پەرەزلىرىدىن ئومۇم جاھان ھادىسىسىگە ئايلانغان زامانىۋى ئاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلىپ قالدى. بۇ خۇددى ئاتا ـ ئانا ھوزۇرىدىن يېڭى ئۇستاز ئالدىغا كەلگەندەك بىر قاراشتا «ياتسىراڭغۇ» كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى، يەنىلا ئۇنىڭ مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مىللىي ئىپتىخارى بولۇپ قېلىشىدا گۇمان يوق.

كارل ماركس: « تارىخ ئۆزىنى ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» دېگەنىدى. ماركسنىڭ بۇ سۆزى تولىمۇ كەڭ، تولىمۇ چوڭقۇر ۋەزىندار سۆز. ئىنسانىيەت ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئۆزى ئىزدەپ كەلدى. بۇددىستلار ۋە سوپىزمچىلار ئىنساننى تەڭرى سۈپەتلىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن «رىيائەللىقتىن ۋاز كېچىش» ۋە «نىرۋانا» ياكى «ۋەسلى ئىلاھىيە» ئارقىلىق تەڭرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ئۈمىد قىلىشتى. ئەلىشىر نەۋايى: سەن مېنى قانداق تاپۇرسەن، مەن ئۆزۈمنى تاپمىسام، دېگەنىدى. فارابىي ۋە ئوتوپىك (خىيالىي) سوتسىيالىستلار غايىۋى جەمئىيەت تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابلىرىنىڭ «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» غايىلىرى ئىنقىلاب خىتابنامىسىدىلا قېپقالدى. ئوت

يالقۇنلىرى ۋە ئىلىم ئىختىرالىرى بىلەن تولغان مۇشۇ ئەسىرىمىز ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئۆتكەن 2000 يىل ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ چۈشۈپ، ئۇچۇر، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىرسىيەت قۇرۇلمىسى ۋە يېڭى ئارىلاشما(سىنكرېتىك) مەدەنىيەت بوسۇغىسىغا دەسسەپ قالدى. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تارىخىي ماھىيىتى سۈپىتىدە «ئىنسان زادى نېمە؟»، «ئىنسان قانداق بولۇش لازىم ئىدى، قانداق قىسمەتتە تۇرماقتا؟»، «سانائەت ئۇتۇقلىرى، پاراۋانلىقنىڭ ئوبيېكتىپ ۋاستىلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ مەقسەتدارلىقىنىڭ گارمونىك مۇناسىۋىتىنى قانداق قايتا تۈزۈش لازىم؟» دېگەن غايە — زور مەسىلە پۈتكۈل تەپەككۇر بوشلۇقىغا كىرىپ كەلدى. بۇ ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ تارىختىكى سوپىستىك، ئوتۇپىستىك، ئىنسانپەرۋەرلىك شېرىن چۈشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئوبيېكتىنى تاپقان رېئال مۇمكىنلىك ئالدىدىكى ھەقىقىي ئويغىنىش بولدى. بۇنداق زامانىۋى ئاڭ كىشىلەرنى لەرزىگە سالدى. تولا ئادەم 21 ـ ئەسىر ئۇنداق ياكى مۇنداق ئەسىر بولغاندىن كۆرە «ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزى تاپقان ئەسىرى» بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى. بۇ، ئىنساننىڭ ئىنقىلابىي يېڭى تەپەككۇر ئېراسىنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى، يەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇشۇ ئۇلۇغۋار ئاڭنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەھۋالنىڭ دەل مۇشۇنداقلىقىدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىپمۇ، ئۇنى ئەيىبلەپ قول سىلكىپمۇ قوتۇلغىلى بولماي قالدى. بۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئاڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي يىلتىزى، رېئال ئىمكانىيىتى ۋە ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىكى بىلەن ئۆزىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىشەنگەن ھالدا ئېغىمىزدا، مىللىتىمىز ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىقىشقا باشلىدى. ھازىرقى ئەھۋال خۇددى مۇشۇنداق بولماقتا.

«ئۇنداقتا، مىللىي ئەنئەنىمىز، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز يوقىلىپ كېتەمدۇ؟»

«بۇ، مىللىي ئىپتىخارنىڭ يوقالغانلىقىمۇ، ئەمەسمۇ؟»

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! تامامەن ئەكسىچە!

مەلۇمكى، مىللىي ئەنئەنە شۇ مىللەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ھەر بىر قاتلامدا قىسمەن ساقلىنىپ، قىسمەن يېڭىلىنىپ تۇرغان مىللىي پسىخىكىلىق ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئەلمىساقتىكى «پۈتۈلمىش» ئەمەس. ھازىرقى مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرتىش ياكى يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىپ كەلگەن. بولمىسا بىز ئىپتىدائىي توتېم ياكى كۆپ خۇدالىق ئەنئەنىلىرىنى ساقلىغان بولۇپ قالماسمىدۇق؟ مىللىي ئەنئەنە ئۆزگىرىش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ، راۋاجلىنىش ئىچىدە يۇقىرى قاتلامدىكى تۇستە داۋاملىشىدۇ. مىللىي ئىپتىخار دېگەنلىكىمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ۋەتەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇشتىكى غۇرۇر ئىززىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەرەققىياتقا كۆز يۇمۇپ مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە مىللىي ئىپتىخار ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. روشەنكى، ھاياتنىڭ داۋاملىشىشى بىر شەخس ئۈچۈنمۇ، بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى زامان مۇھىتى ۋە زامان تەلەپلىرىگە قانداق ئۇيغۇنلىشىش بىلەن ھەل بولىدۇ. چۈنكى ئۆتمۈش خۇددى تۆكۈلگەن يوپۇرماق ياكى جەسەتتەك جانلىق ھاياتتىن مەھرۇم بولغان زاماننىڭ نامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئەلىشىر نەۋايى: ھەر زاماننىڭ سازەندىسى ئۆز دەۋرىگە يارىشا ناۋا قىلىشى كېرەك، دېگەنىدى.

زامانىۋى ئاڭ ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ، مىللىتىنىڭ،

دۆلەتنىڭ ئىنسانىيەت قاتارىدا، دۇنيا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى قاتارىدا داۋاملىق روناق تېپىشىنىڭ ئىدىيەۋى شەرتى. مۇنداق ئاڭنىڭ تىكلىنىش ياكى تىكلەنمەسلىكى تارىخىي تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاستە ۋە ئۆتكۈر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

زامانىۋى ئاڭ سەھىرى يېتىپ كەلدى. زامانىۋى ئاڭ سەھىرى ئويغىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ بۈگۈنكى ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت، ئىنسانىي ئەرك، باراۋەرلىك ۋە ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ئەڭگۈشتەرى. ئۇ بىر قاتار كونكرېت مەزمۇندىن تەشكىل تاپقان پائالىيەتچان ئاڭ. ئۇ: زاماننى بىلىش ۋە كەلگۈسىچىلىك ئىدىيەلىرىنى، ئىنساننىڭ ئومۇمىي قىممىتى ۋە ئىقتىدار قىممىتى ئېڭىنى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئارىلاشما تەتقىقات ساھەلىرىنى ئېچىشنى، ۋاقىت كۆز قارىشىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشنى، ئادەت ـ يوسۇنلارنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشنى، هازىرقى زامان ئېڭى نۇقتىسىدا تارىخنى قايتا كۆزىتىش ۋە قايتا ئىپادىلەشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا بىر قاتار ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مۇھىم تېمىلار.

ئەنئەنىۋى ئاڭ گۆرگۆمىدا ئۇخلىماي، زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدە ئويغىنايلى، بۇ ئىنسانلىق قەلبىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي خىتابى بولسۇن!

www.uyghurkitap.com



# تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ــ مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى

*[«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى مىللەتنىڭ روھىي ھالەت جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىكىنى تۈگىتىپ، بىر ـ بىرىگە ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى، پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشنى، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا سىنكرېتىزم (ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۆزئارا سىڭىشىشى) قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كېلىپ چىققان تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئېقىمىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ ماقالە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ.]*

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ تەرەققىياتى، ھەر قېتىملىق ئالەمشۇمۇل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشى ئىنسانلارنىڭ تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشىگە، ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىدىن بىلىشىگە، ئاڭ ساھەسىدە يېڭى ئۆزگىرىش قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ دىيالېكتىكىلىق تەرەققىياتىدىكى تۈپ قانۇنىيەت. ئىنسانلار تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى، جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپلا قالماستىن، بەلكى قايتا ئويلىنىش داۋامىدا ئۆزىنى قايتا ئىزدەپ ۋە قايتا بايقاپ، ئۆزىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان باغلىنىشىنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق دەۋر ئېڭى

قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىدۇ.

مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخى بولغان ئۆز تارىخى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈش ــ مىللەت تارىخىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى، مىللەتلەر تارىخىنىڭ دىيالېكتىكىسى ئەنە شۇ. تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە قوبۇل قىلىش، يېڭى روھ بەرپا قىلىش، بۇ ئۇچى مىللەتلەرنىڭ تارىخي تەرەققىياتىدىكى ئەگگۈشتەر، مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىگە قەدەم تاشلىشىنى بەلگىلەيدىغان ھاياتي كۈچ.

ئۆتكەن تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈش بۈگۈنكى ئىشلارنى تېخىمۇ ئوبدان قىلىش، ئەتىكى ئىشلارنى تېخىمۇ ئوبدان يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مەدەنىيەت سەۋىيەسىدىن دېرەك بېرىدۇ. تارىخ ھەققىدىكى ھازىرقى قايتا ئويلىنىش ئىنسانىيەت يېڭىچە سانائەت جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ راۋاجلانغان بىر خىل يېڭى تەپەككۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ئىنسانلار رىقابەتتە يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن دىققەت نەزىرىنى ئۆزىنىڭ يېتەرسىز ۋە قالاق تەرەپلىرىگە قارىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇشى لازىم. ئەگەر دىققەت نەزىرىنى ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىغا قارىتىدىكەن، ئۇ ھالدا گاڭگىراپ قېلىپ ۋە قارىغۇلارچە خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئالغا ئىنتىلمەيدىغان، يېڭىلىق ياراتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، مۇقەررەر ھالدا شاللىنىپ كېتىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى قانچە تەرەققىي قىلسا، رىقابەت قانچە كەسكىنلەشسە، ياخشىلىرى روناق تېپىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ كېتىدىغان جىددىي ۋەزىيەت كىشىلەرنى تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشكە شۇنچە

مەجبۇر قىلىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزۇندىن بۇيان يېزا ئىگىلىكى ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىدە بولۇپ كەلگەچكە، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىدا هازىرقى زامان ئېڭىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق هۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا، مودا بولۇپ قالغان «نەتىجە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ»، «تارماق ئېقىمغا ئەمەس، ئاساسىي ئېقىمغا قاراش كېرەك» دېگەندەك تەپەككۇر قېلىپلىرى كىشىلەر ناتۇرال ئىگىلىك جەمئىيىتىدە ئادەتلىنىپ كەتكەن تەپەككۇر قېلىپلىرىنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇ هازىرغىچە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى چىرماپ تۇرماقتا، هازىرقى زامان ئېڭىنىڭ تىكلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلماقتا. شىنجاڭ چېگرا رايون، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇزۇنغىچە ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇرلارنىڭ ئويغىتىش تۈرتكىسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمىغان. شۇڭا ئىدىيە، كۆز قاراش جەھەتتە بېكىنمە هالەت شەكىللىنىپ قالغان. خۇددى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىكى تەپەككۇر قېلىپلىرىدىن قۇتۇلالمىغان بەزى خەنزۇلار ئۆز تارىخىنى قارىغۇلارچە ئومۇمىيۈزلۈك مۇقەددەسلەشتۈرگەنگە ئوخشاش، بىزدىمۇ بىرمۇنچە كىشى ئۆز تارىخىمىزنى قارىغۇلارچە، ئومۇمىيۈزلۈك مۇقەددەسلەشتۈرمەكتە ۋە ماختىماقتا. خەنزۇلاردا بەزىلەر «لۇبەن ياسىغان ياغاچ بۈركۈت ئۈچ كۈن پەرۋاز قىلغان» دېگەن رىۋايەتكە ئېسىلىۋېلىپ، جۇڭگولۇقلار 2000 يىل ئىلگىرىلا ئايروپىلاننى كەشىپ قىلغان، دەپ يۈردى. بۇنداق ئەھۋال بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ بار. بەزىلەر «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 11 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ئېسىلىۋېلىپ، «شىنجاڭ غەربىي ياۋروپالىقلار غەربىي ياۋروپادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدە قىلغان تارىخىي ئىشنى ئۇلاردىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئورۇنلىغان» دېيىشتى. ئۇلار ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك

ئىدىيەنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى فېئودالىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈشكە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىنى، 11 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا كاپىتالىزمنىڭ بۇ خىل ئىجتىمائىي ئامىللىرى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى.

بىر مىللەتنىڭ بېكىنمىچىلىك ھالىتى، كونىلىقنى ساقلاپ، يېڭىلىق ياراتماسلىق ھالىتىدە مەڭگۈ تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش بۇنداق بېكىنمە روھىي ھالەتنى ھامان بۇزۇپ تاشلايدۇ، ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، بېكىنمىچىلىك، قالاق ھالىتىدە تۇرغان مىللەتلەر ئارىسىدا تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئېقىمى كېلىپ چىقتى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىلغار كىشىلىرى بۇ ئېقىمغا تۇرتكە بولماقتا. كىشىلەر كونا قاراشلاردىن بارا ـ بارا قۇتۇلۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى شەيئىلەرگە كۆنۈش ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتمەكتە. «لاتقا» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلمى تارىخ ھەققىدىكى قايتا ئويلىنىشنى يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. بۇ تېلېۋىزىيە فىلمىدىن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بىلىشتە نامايان قىلغان ئۇلۇغ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىرادىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «ئاكيۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرى روھىي ھالەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ سىگنالى، ئۆزىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ كۆرۈشنىڭ ئەينىكى بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە «لاتقا» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلمىمۇ تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىمىزدا يەنە بىر سىگنال، ئۆزىمىزنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ كۆرۈشتە يەنە بىر ئەينەك بولدى. شىنجاڭدىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر پارلاق مىللىي مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، ئۇلار كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنى قىزغىن ئارزۇ قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ «ئاكيۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى»، ئۆزىنىڭ «لاتقا» سى بولۇشى لازىم. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ كۆرۈشى كېرەك.

دۆلەت دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرمۇ ئۆز مىللىتىنى تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا يېتەكلىمەكتە. ئەمما بەزىلەر «بۇ ئۆزىمىزنىڭ نۇقسانلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى باشقىلارغا كۆرگەزمە قىلىپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟» دېيىشمەكتە. ئەلۋەتتە، تارىخ ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا كىرىشكەندە ئازابلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە خەنزۇلار مۇشۇنداق ئازاب تارتماقتا. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ شۇنداق ئازابنى تارتىشىمىز لازىم. كارل ماركس مۇنداق دېگەنىدى: «نومۇس قىلىش ئىنقىلابنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. لېكىن، مېنىڭچە، نومۇس قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىنقىلاب»، «نومۇس قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىچكى غەزەپ، ئەگەر پۈتكۈل مەملىكەت ھەقىقەتەن نومۇس قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇ زوڭزىيىپ تۇرغان شىردەك ئالغا ئىنتىلىشكە تەمشىلىدۇ...» ماركس بۇ سۆزنى بىر مەملىكەتكە قارىتىپ ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە، مىللەتلەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن قاراش ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس ئاڭ. بىز بۇ خىل تار ـ بېكىنمە روھىي ھالەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، مىللىتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشىمىز، مىللىتىمىزنى ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە

بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللەتكە ئايلاندۇرۇشنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ تارىخ ئالدىمىزغا قويغان يېڭى تېما، شۇنداقلا ئاڭلىق تاللىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك يول.

ئاخىرىدا شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر بەزىلەر مىللەتنى «قايتا ئويلىنىش» قا، «ئويغىنىش» قا دەۋەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەشەببۇس قىلىۋاتقان «ئويغىنىش» ھازىرقى زامان ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئويغىنىش، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزلەنگەن ئويغىنىش، مىللىتىمىزنىڭ يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە ئىگە ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئويغىنىش بولماستىن، بەلكى مىللەتنى ئويغىتىشنى نىقاب قىلىپ، مىللەتنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇنداق «ئويغىنىش» تىن پەخەس بولۇشىمىز لازىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كىلاسسىك مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر

ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» ناملىق ئەسىرىگە ئىلاۋە قىلىنغان «دىيورىتغا قارشى» دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «مىللەت ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇشنى خالايدىكەن، نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ تارىخىي خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى. قەدىمكى يۇنان ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن هازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگىچە بولغان پۈتكۈل پەن ـ تېخنىكا تارىخى بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئاساسىي پەنلەر ۋە ئاساسىي ماھىيەتلەر توغرىسىدىكى بىلىش شەكلى بولۇپ، ئۇ تۈپ ئىلمىي قائىدىلەر ۋە ئۇلار ئۈستىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات قىلىدۇ. نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ئېچىۋېتىلگەن ئۇچۇر، نەزەرىيەۋى پەلسەپىۋى مۇھاكىمە، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئېچىۋېتىش، ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە نەزەرىيەۋى پەلسەپىۋى مۇھاكىمە، ئەمەلىي تەجرىبىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدۇ.

مەن نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كىلاسسىك مەدەنىيىتىدىكى مۇقاملار، قامۇس ئەسەرلەر، «خەمسە» لەردە نەزەرىيەۋى ـ پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ تۇتقان ئورنى ھەققىدە ئويلىنىپ، بۇ ساھەلەردىمۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنىڭ ھەم يۇقىرى، ھەم مۇھىم ئورۇنغا

قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. «12 مۇقام» ئاددىيلا 12 يۈرۈش، 12 قىسىم، 12 خىل گاما ۋە يېرىم گاما ئاساسىدىكى مۇزىكىلار سىستېمىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ چوڭ نەغمىدە ئاساسلىق پەلسەپىۋى ھېكمەتنى شېئىرىي تىل بىلەن گەۋدىلەندۈرۈشتىن باشلىنىپ، ئېپىك داستان ۋە لىرىك مەشرەپ بىلەن داۋاملاشقان تەپەككۇر ـ سەنئەت قۇرۇلمىسى بولۇپ، كىلاسسىك يۈكسەكلىك ياراتقان.

دېمەك، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش، نەزەرىيەۋى تەپەككۇر بولمىغان بولسا ئۆز دەۋرىگە لايىق مۇنداق يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. فارابىي، ئىبن سىنا، بىرۇنىي، يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرى مەيلى پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە، تېبابەتچىلىك ھەققىدە، پەنلەر ھەققىدە، دۆلەت ۋە بەخت ـ سائادەت ھەققىدە يېزىلغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ يۇقىرى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيەسى، ئىلىم مەسىلىسى تىلغا ئېلىنماي قالمىغان. دېمەك، ئەينى دەۋرنىڭ ئالىملىرى ھەممىدىن ئىلگىرى مۇتەپەككۇر بولغان. ئۇلار بىلىش دۇنياسىنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مىقدارى بىلەن ئەمەس، ئەڭ يېڭى نەزەرىيەۋى تەپەككۇر بىلەن يورۇتۇپ شۆھرەت قازانغان. ئۇلار ئېچىۋېتىپ، قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى جاھان كېزىپ نەزەرىيەۋى دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

«خەمسە» چىلىكتىمۇ شۇنداق شەرت بارمۇ؟ يېقىندا بۇ نۇقتىنى ھېس قىلدىم.

«خەمسە» بەش داستان، ئەمما ھەر قانداق بەش ياكى يەتتە داستاننىڭ «خەمسە» بولۇۋېرىدىغانلىقى مېنى ئويلاندۇردى. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي «شاھنامە» سىنى «خەمسە» دېمىسىمۇ، لېكىن ئۇ «خەمسە» گە ھېكايەتلىك ئاساس يارىتىپ بېرىش بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىللە، پەلسەپۋى تەپەككۇر ئۇلگىسىنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا «خەمسە» لەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپۋى داستان بولغان، بەشىنچى داستانى غايىۋى دۆلەت ۋە غايىۋى پادىشاھ ھەققىدە، قالغان ئۈچ داستان ئىشقىي ـ لىرىكىلىق پاجىئەلەر ھەققىدە يېزىلغان. نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامى بىرىنچى، ئىككىنچى داستاننى پەلسەپۋى داستان قىلىپ يېزىش بىلەن بىللە، بەشىنچى داستانىدا نوقۇل ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى ھېكايەتكە ئاساسەن، يۇناننىڭ يەتتە مۇتەپەككۇرىنىڭ سۆھبىتىنى كۆپرەك گەۋدىلەندۇرگەن. دېمەك، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنىڭ بەش ياكى يەتتە پارچىغا يەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن كۆپ قىسىملىق ئەسەر قىلىپ قۇراشتۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى كىلاسسىك يۈكسەكلىك ھېسابلانمىغان. «خەمسە» چىلىك نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنى، ئۆز دەۋرىگە خاس مەھەللىي ئەمەس، ئالەمشۇمۇل تارىخىي تەپەككۇر سەمەرىسىنى شەرت قىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئېچىۋېتىش ۋە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ يېڭى يۇقىرى قاتلىمىنى ھاسىل قىلىش ھەر قانداق مىللەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ «يىپەك يولى» خارابىلاشقاندىن كېيىن قاتمۇقات بېكىنمىچىلىك ئىچىدە قالغان شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەت ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى. بۇ، ھازىرقى زامان ئېڭىنى تىكلەپ، ئۆتمۈش تارىخىمىزدىكى ئەڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ ئېچىۋېتىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە ھەممە ئىشتا نەزەرىيەۋى تەپەككۇرنى گەۋدىلەندۇرگەندە قولغا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇر ۋە ئەڭ يۇقىرى تەپەككۇرنى بىر ـ بىرىگە قوشىدۇ، ئۇ پەن ـ تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۇلىنى بەرپا قىلىدۇ.

دەۋر ئۆزگەردى. تاۋار ئىگىلىكى، ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىشى، ھازىرقى زامان نەزەرىيەۋى تەپەككۇرى قەدىمكى «يىپەك يولى» دەۋرىدىكى تارىخىي مۇھىتنى يېڭىلىدى. «يىپەك يولى»نى قايتا قۇرۇش بۈگۈنكى تارىخنىڭ تەقەززاسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقەززاسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. بۇ، ۋەتەنپەرۋەر ئەقىل ئىگىلىرى ئۈمىدۋارلىق ئىچىدە ئويلىنىدىغان، تەلپۈنىدىغان تەپەككۇر تېمىسى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىللىي ئويغىنىش

*يېڭى تۇرمۇشقا تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلانغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا ھەۋىسىم كېلىدۇ.*

—— كارل ماركس

ھازىر شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن كىشى ئويغىنىش ھەققىدە توختىلىۋاتقاچقا، ئويغىنىشنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر قېتىملىق كەڭ كۆلەمدە ئويغىنىشى خۇددى ياۋروپادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا ئويغىنىشى ـ گۈللىنىشىدەك، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق زور دەرىجىدىكى تەرەققىياتى خۇددى ئىلمىي سوتسىيالىزم يۈز مىليونلىغان خەلق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئويغىنىشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ. مۇشۇنداق تەكرارلىنىدىغان ئۆزئارا سىلجىش ئارقىلىق تارىخ يېڭىدىن يېڭى پەللىگە قاراپ راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانىيەت ھەر قېتىملىق ئوخشىمايدىغان ھالقىلىق تارىخىي بورۇلۇش مەزگىلىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق تارىخىي ئويلىنىش ۋە تارىخىي ئويغىنىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شۇ خىلدىكى ئويلىنىش ۋە ئويغىنىشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىلغار مۇتەپەككۇرلەرنى مەيدانغا چىقىرىپ كەلدى. ئۇلار گەرچە «ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدەش تارىخى» (ماركس)دا ئۆچمەس تۆھپىلەر قالدۇرۇشقان بولسىمۇ، ئۇلاردا تېررىتورىيەلىك

چەكلىمە ۋە تارىخىي چەكلىمە بولغانلىقتىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىر گەۋدە دېگەن تەپەككۇر يادرو قىلىنغان ئاڭ قىممىتى كەمچىل بولدى. پەقەت ماركسىزم مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنلا، ئويغىنىش پۈتكۈل ئىنسانىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا 1898 ـ يىلىدىكى يۈز كۈنلا داۋام قىلىپ، كېيىن قانلىق باستۇرۇلغان ۋۇشۇ قانۇن يېڭىلاش ھەرىكىتى، شىنخەي ئىنقىلابى، «4 ـ ماي» ياشلار ھەرىكىتى، جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى، ئازادلىق ئۇرۇشى قاتارلىق بىر قانچە قېتىملىق زور مىللىي ئويغىنىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن تارىخنى يېڭى باسقۇچقا راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىگە يول ئاچتى.

جۇڭگو كومپارتىيەسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن نەچچە يۈز مىليونلىغان خەلق بۇ ھەيۋەتلىك ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش دولقۇنىغا غۇلاچ يېيىپ كىردى. بۇ ئېلىمىز خەلقىدىكى يېڭى ئويغىنىشنىڭ مۇھىم نامايەندىسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر تارىختا شەكىللەنگەن تۇرلۇك بېكىنمىچىلىك چەمبىرەكلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، دۇنياغا نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا قىممەت قارىشى، كونا ئەخلاق چۈشەنچىسى، كونا ئېستېتىك قاراش، كونا تەپەككۇر ئۇسۇلى، كونا پائالىيەت شەكلى، كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە باشلىدى. تارىخىي يۈكى ئىنتايىن ئېغىر بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى يەنىلا مۇشۇ يۆنىلىشنى بويلاپ زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆزى ئېرىشكەن نەتىجىلەر ئارقىلىق ئالەمنى تاڭ قالدۇرماقتا.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزاسى ھېسابلانغان ئاز سانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئويغىنىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدە مەزمۇنى بار. ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىي شارائىتنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە يېڭىچە مىللەت بولۇپ راۋاجلىنىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان كونا چۈشەنچە، كونا ئەنئەنە بىلەن ئۆزىگە يارىشا بېكىنمىچىلىك چەمبىرەكلىرىنى شەكىللەندۈرۈۋالغان. ئەگەر بۇنىڭغا داۋاملىق قارىغۇلارچە مۇئامىلە قىلىنىۋەرسەك، ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ سۈرئىتى ئاستىلايدۇ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىمىز بوغۇلۇپ قالىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ «يەر شارى تېزىملىكى» دىكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۇ ھەرگىزمۇ مىللىي ئىنكارچىلىق ياكى ئۆز مىللىتىگە سالقىن نەزەر تاشلىغانلىق بولماستىن، بەلكى دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە بىر قەدەر ئېنىق مۆلچەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن توغۇلغان خاۋاتىرلىنىش ئېڭىدىن ئىبارەت. مۇنداق ئاڭ بولغاندىلا يېتەرسىزلىكنى ئاقلايدىغان، ئاغرىقنى يوشۇرىدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، كۈچەپ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن نەزەر تاشلايدىغان بارلىق كىشى يۈز ھەسسە كۈچلۈك جىددىيلىك سەزگۈسى، بوھران سەزگۈسى بىلەن ئۆز مىللىتىدىكى تارىخىي چۆكمىلەر، پىسخىكىلىق ئىللەتلەر ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى ئادەتتىكى ناچار نەرسىلەرنى ئىلمىي تەھلىل قىلىشقا، يۈرەك ـ باغرىنى ئېچىپ كۆرۈشكە جۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق بىلەن ناھەق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، خۇنۇكلۇكنى تاشلاپ گۈزەللىكنى جارى قىلىشقا، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلغارلىقنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. زامان دەل مۇشۇ خىلدىكى مىللىي ئويغىنىشقا

ئېھتىياجلىق. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئويغىنىشى دۇنيادىكى غايەت زور ئۆزگىرىش دولقۇنلىرىدىن ئايرىلالمىغاندەك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشىمۇ مىللەتلەر ئۇلۇغ ئائىلىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىك، دوستانىلىك، ئېچىۋېتىپ قوبۇل قىلىش، ئورتاق گۈللىنىشتەك گارمونىك مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن ئويغىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىمىزنى تېزلەشتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەردىن كېيىن قېلىش مۇساپىسىنى قىسقارتىپ، بىرلىكتە راۋاجلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئويغىنىش، شۇنداقلا مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدىكى ئويغىنىش. بۇنداق ئويغىنىش ئۆزىمىزگىمۇ، باشقا مىللەتلەرگىمۇ، پۈتكۈل مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق. بىز دەل مۇشۇ خىلدىكى مىللىي ئويغىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، شىنجاڭ تارىخىدا بەزى كىشىلەر غەرەزلىك ھالدا باشقا خىلدىكى «مىللىي ئويغىنىش» نى تەشەببۇس قىلىشقانىدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىلغار ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە مۇتەپەككۇرلارنى بىردەك مىللىي بۆلگۈنچىلىك يولىدا جان پىدا قىلغۇچىلار قىلىپ تەرغىب قىلىشتى. ئۇلارچە بولغاندا، ھەر قايسى مىللەت ئۆزئارا قىرغىنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يىرتقۇچلار تۈركۈمى بولۇپ قالامدۇ! ئۇلارچە بولغاندا، مىللىي ئويغىنىش ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتنى مەدەنىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋردىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولمايدىغان زۇلمەتلىك غارغا ئىتتىرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بولۇپ قالامدۇ! بۇ، تارىختىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ غەرىزى بولسىمۇ، بۇنى قايتا تىلغا ئېلىش بۈگۈنكى مىللىي ئويغىنىشنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلىۋېلىشتا تولىمۇ

ئەھمىيەتلىك.

ئۇيغۇر خەلقى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان، 15 ـ ئەسىردىكى مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋايى: نەۋا سازىنى دەۋران مۇترەبى بەزمىدە چالغاي»(ھەر زاماننىڭ سازەندىسى ئۆز دەۋرىگە يارىشا ناۋا قىلىدۇ!) دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. بۇ بىزنىڭ مەرىپەت پېشۋالىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىغا ماس كەلمەيدىغان كونا مۇقاملارغا ھېرىسمەنلىك قىلىشقا قارشى ھالدا، زامان روھىغا مۇناسىپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە يول ئېچىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. فارابىي، يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇت كاشغەرىي، نەۋايى قاتارلىق پېشۋالىرىمىزنىڭ قايسىسى قوبۇل قىلىش، يېڭىلاش، راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشمىغان؟ ئۇلار بىز ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە، ئۇلارنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى يورۇق جاھاندا مەۋجۇت، ئۇنى قايتا ئوقۇپ چىقىشنىڭ مەنپەئەتى ئىنتايىن زور.

خۇلاسىلىسەك، مانا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل «مىللىي ئويغىنىش» تۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا قارىتا يۇقىرى دەرىجىدىكى روھىي تەييارلىقتا بولۇشىمىز لازىم.

# ياشلار ۋە ئىقتىدار قىممىتى توغرىسىدا

20 ـ ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى ئويغىنىش، يېڭى بۇرۇلۇش ئەسىرى سۈپىتىدە ئاخىرقى بىر مۇچەلگە كىرىپ كەلدى. 21 ـ ئەسىر يىل ساناپ يېقىنلاشماقتا. بىز هازىرلا 21 ـ ئەسىر ئەلچىلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلار زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىدىن ئىبارەت. ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى هازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى سۈپىتى ۋە ئىقتىدار قىممىتىنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىق.

پارتىيەمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانىنى بەلگىلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنى بويىچە خەلق ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىغا باشلىماقتا. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ ئىدىيەسىدە «قىممەت ئۇقۇمى» مەركەز قىلىنغان ئاڭ ـ پىكىر، تۇزۇلمە ئۆزگىرىشى شەكىللەنمەكتە. مەلۇمكى، قىممەت كەڭ مەنىلىك كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ ئىلگىرىكى چۈشەنچىدىكى نوقۇل ئىقتىسادىي كاتېگورىيە دائىرىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بىز «مەۋجۇتلۇق قىممىتى»، «ئېستېتىك قىممىتى»، «ئېستېمال قىممىتى»، «ئىلمىي قىممىتى»، «رېئال قىممىتى»، «تارىخىي قىممىتى»، «تەربىيە قىممىتى» قاتارلىق چۈشەنچىلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇنىڭ ئەكس ياكى غەيرىي مەۋجۇتلۇق هالىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تولىمۇ يارقىن ھېس قىلىمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قىممەت چۈشەنچىسى ئوبيېكتكە خاس دائىرىدىن هالقىپ ئۆتۈپ كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندى.

قىممەت ئۇقۇمى مەركەز قىلىنغان ئاڭ ـ پىكىر يۇقىرى

دەرىجىدە راۋاجلانغان تاۋار ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا ماسلاشقان ئىدىيولوگىيە بولۇپ، ئۇ ئۆز قاتلاملىرىدا تولىمۇ مۇرەككەپ، ھەتتا زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلغان. ئالايلۇق، بەزى كىشىلەر پۇل ـ تاپاۋەت ۋاستىسى بىلەن قىممەت ھاسىل قىلىش كويىدا، بەزى كىشىلەر ئىلمىي ئىجادىيەت ياكى بەدىئىي ئىجادىيەت ۋاستىسى بىلەن قىممەت ھاسىل قىلىش كويىدا، بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى بىۋاستە ياكى پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ئۇنداق ياكى مۇنداق قىممەت ھاسىل قىلىش كويىدا بولۇشماقتا. بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار قىممەت ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھالدا مۇنداق قىممەت روزغارلىرىغا ئەمەلدە ئېرىشكەنلىك بىلەن، ئۇنىڭدىن ئىنسانىي قىممەت، بەختىيار ياشاش ماھىيىتى نۇقتىسىدىن بەھرىمەن بولالماسلىق ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان زىددىيەتلەر، پاراۋانلىق «پاجىئە» لىرى ھەققىدىمۇ ئىزدىنىشكە باشلىدى. مانا بۇ، ھازىرقى زامان پائالىيىتى ۋە تەپەككۇرىدىكى ئاساسلىق تۈگۈن. بۇ تۈگۈنمۇ يېشىلىش نىجادىيەتلىرىنى تاپماقتا. ئۇ بولسىمۇ، ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىممەت ۋاستىلىرىگە ئۈچۈر دەۋرىگە خاس تېزلىك بىلەن ئېرىشىش، جۈملىدىن بۇ ئېرىشىلگەن قىممەت ۋاستىلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ تېخىمۇ ئىجابىي تاكامۇللىشىشى ۋە ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن، قىسقىسى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئاقىلانە ئىنسانىي بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى ئاساسىي ھالقا ۋاستە بىلەن مەقسەتنى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى گارمونىك بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

ياشلىق دەۋرىمۇ قىممەت يارىتىش دەۋرىدىن ئىبارەت. ياشلىق دەۋرى گەرچە ماددىي قىممەت يارىتىش ۋە ئۇنى سەرپ قىلىشتىن ئايرىلمىسىمۇ، ئەمما ياشلىق دەۋر ئاساس سېلىش دەۋرى. ئىقتىدار

قىممىتى يارىتىش ياشلىق دەۋرىدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇش، ئاساسلىق مەبلەغ سېلىش، ئاساسلىق «ئەقىل بولىقى» يېتىلدۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

«ئىقتىدار» قىممەت يارىتىدىغان قىممەت بولۇپ، ئۇ ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىجادىي ئىمكانىيىتىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك «ئىقتىدار» گۈزەللىك يارىتىدىغان گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ مەنىۋى قاتلاملىرىدىكى ئەڭ يۇقىرى گۈزەللىك پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ياشلار پەقەت ئىقتىدار قىممىتى ئارقىلىق، باشقىچە ئېيتقاندا، قىممەت يارىتىش ئىقتىدار دەرىجىسى ئارقىلىق ئاندىن ئىنسانىي قىممەت كاتەكچىلىرىدە ئۆزىگە يارىشا ئىنسانىي قىممەتكە مۇيەسسەر بولالايدۇ.

غايە — ياشلارنىڭ ئىقتىدار قىممىتىنى يارىتىشقا بولغان زامانغا لايىق ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكى، تەلەپچانلىقى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە قەتئىي جاپالىق ئىزدىنىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق لەيلەپ تۇرىدىغان ئىنسانىي قىممەت بايرىقى. ئۈمىدسىز، ئېزىلەڭگۈ، ھۇرۇن، قورقۇنچاق، ئۇجمە كۆڭۈل، خىيالپەرەس، تەييارغا ھەييار، راھەتپەرەس، چۈشكۈن، پوچى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ غايە پۇچەكلىكىنى ھەر قانچە ھاراق ـ شاراب، تانسا ـ تولغىما ئۇسسۇل، ياسانچۇقلۇق بىلەن تولدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەرزىمەس پائالىيەتلەر ئۇلارنى قەلبى پۇچەكلىك، مەنىۋى ئەلەمدىن قوتۇلدۇرۇشقا قادىر ئەمەس. ئۇلار تېخى ياش، ئۇلار پەقەت ئۇلۇغۋار غايە ۋە قەيسەر ئىرادە ئارقىلىقلا ئۆز قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى ياندۇرۇشى مۇمكىن، باشقا ئىستىقبال يولى يوق.

ۋاقىت قارىشى ئىقتىدار قىممىتى يارىتىشتىكى، شۇنىڭدەك زامانىۋى ئاڭ ـ پىكىردىكى مۇھىم ئامىل. ۋاقىت قارىشى يەنە ھەر بىر كىشىنىڭ مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىزلىكىنى كۆرسىتىدىغان گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. ئۇزۇن ئەسىر داۋام قىلغان خانلىق، بەگلىك تۈزۈمى، تەبىئىي ئىگىلىك ۋە ئوتتۇرا

ئەسىرچە تۇرمۇش ئادىتى، تۇرمۇش رىتىمى تۇپەيلىدىن ياشلىرىمىزدا جىددىي ۋاقىت قارىشى كەمچىل.

تىل ئۆگىنىشمۇ، نۆۋەتتە خەلقئارا تىل، پەن ـ تېخنىكا تىلى بولۇپ قېلىۋاتقان خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشمۇ ئىقتىدار قىممىتى بەرپا قىلىشتىكى ھالقىلىق بىر ۋاستە. ھازىرقى مەسىلە ناھايىتى نۇرغۇن تىل بىلىشتە ئەمەس، بەلكى ئىقتىدارغا بىۋاستە ئالاقىدار بىر قانچە تىلنى، ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىشتە.

«ياشلىق ــ ئۆمۈرنىڭ زىلۋا بىر چېغى». ياشلىق پۈتكۈل مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ـ خارابلىشىشىنى كۆرسىتىدىغان تېرمومېتىر. ياشلىق قەلبىدىكى ئوت بەڭباش ئىستەكنىڭ موتورى بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

ياشلىقنىڭ كۆركىمى، پۈتكۈل مىللەت روناقلىقىنىڭ كۆركىمى بولغان ئىقتىدار گۈزەللىكىنى ئىگىلىگەن ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئۈمىدى!

# مىللىي مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم قانۇنىيەت

مىللىي مەدەنىيەت ـــ ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق ئۇقۇم. ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيەتلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىدىن ئۆزئارا ئۇچراشماي، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتمەي، ئۆزئارا قوبۇل قىلماي كەلگەن ئەمەس. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيەتلىرى، بولۇپمۇ بىر رايوندا، بىر مەملىكەتتە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى، مەيلى ئۇ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ قايسى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىپ كەلمەكتە. مۇتلەق، ساپ مىللىي مەدەنىيەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي پاكىتلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەر قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئۆزلىرىدىن بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئورتاق گۈللىنىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

بىز ئېيتىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت دېگەن سۆز بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ۋە شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە قايتا گەۋدىلەنگەن چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى بىردەك بولىدۇ. ھەر خىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىدە ئاق كۆڭۈللۈك، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق مەدھىيەلىنىدۇ، ساختىلىق، پەسكەشلىك، رەزىللىك ئەيىبلىنىدۇ ۋە تەنقىد قىلىنىدۇ. مۇشۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەر خىل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئاجرىتىۋېتىشكە، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ـــ دىيالېكتىكىلىق، تارىخىي، كۆپ تەرەپلىمىلىك جەريان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن، پاسسىپ نەرسىلەرنى ئۆزۈكسىز ئىنكار قىلىپ ۋە چۆرۈپ تاشلاپ، دېموكراتىك، ئىجابىي نەرسىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ شاكاللىرىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزلىرىنى ئۆزۈكسىز قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ناھايىتى تەس بولۇپ قالىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە باشقا مىللەتنىڭ تەسىرى بولىدۇ، بۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە.

بەزىلەر باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچە. ھەممىگە مەلۇمكى، باشقا مىللەتلەرنىڭ، ھەتتا دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى يەنىلا ئاساسىي گەۋدە بولىدۇ. بۇ يەردە باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلغۇچى مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنىلا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنغان باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. شۇنداقلا ئۆز

مىللىتى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ يوقىلىشىغىمۇ ئېلىپ بارمايدۇ. قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى ئالساق، پېرىكلىس ۋە ئافىنانىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى ئۇ پەقەت رايون خاراكتېرلىك مىللىي مەدەنىيەت ئىدى. كېيىن قەدىمكى يۇنان مىسىر، بابىل مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ئاساسىي گەۋدە مەدەنىيىتى ئاساسىدا كۆز چاقنىتىدىغان نۇر چېچىپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خەزىنىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ئەپلاتون مىسىردا ئوقۇغان. يەنە ئالايلۇق، ئىلىمىزنىڭ سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيىتى خەنزۇلارنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئاساسىدا، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندى، پارس، ھەتتا قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىمۇ مۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن: قايسى ۋاقىتتا چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش كۆپ بولسا، شۇ چاغدا ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى گۈللەپ ياشنىغان؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، قايسى ۋاقىتتا بېكىنمىچىلىك، باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن يىراقلاشقان ياكى ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان بولساق، شۇ چاغدا مىللىتىمىز مەدەنىيىتىنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىياتى ئاستا بولغان. خوتەن، كۇسەن، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى زامان تاش ئۆڭكۈر سەنئىتى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈزلەڭلىك، ھىندى، پارس، يۇنانلارنىڭ نۇرغۇن تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان. مىسالەن: كۇسەن رەسساملىرى بۇددا دىنى سەنئىتى ۋە يۇناننىڭ يالىڭاچ ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭ مەنىۋى گۈزەللىك بىلەن جىسمانىي گۈزەللىك بىرلەشتۈرۈلگەن ئېستېتىكىلىق قارىشىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئوبرازىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكسىز يالىڭاچ ئوبرازىنىمۇ ئىجادىي ھالدا سىزىپ، يۇنان رەسساملىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن. چۈنكى يۇنانلىقلار پەقەت ئەپسانىۋى شەخسلەر ياكى غايىۋى شەخسلەرنى يالىڭاچ قىلىپ سىزغان. بۇ يەردە ئۇنى قانداقمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنى يوقاتتى، تاشلىۋەتتى دېگىلى بولسۇن؟ توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئەبۇنەسىر فارابىي ۋە كۇسەننىڭ بۈيۈك بۇددا مۇتەپەككۇرى كۇماراجىۋا كۆپ خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلەتتى. ئۇلار ھىندىستان، يۇنان قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ئىدى. ئەگەر ئۇلار باشقا مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆگەنمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ناھايىتى قىيىن بولاتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەت، تارىخ دىيالېكتىكىسىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە گەۋدىلىنىشى.

بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. شىنجاڭنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئالدىمىزدا نامايان بولماقتا، بۇ ھەممە مىللەتنىڭ ئارزۇسى. جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىمغا ئايلاندى. بىز

ماركسىزمنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيەسى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىسىدە ساقلانغان تار، مۇتەئەسسىپ، خاتا ئىدىيەلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىپ، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئىگىلەيدىغانلا بولساق، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى چوقۇم ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئايالالار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى

## 1

ئاياللىق ــ تەبىئەتنىڭ شاھ ئەسىرى.
ئاياللىق ــ گۈزەللىك قەسىرىنىڭ مەلىكىسى.
ئاياللىق ــ جەمئىيەت توقۇلمىلىرىنىڭ ئۆرۈش يىپى ۋە ئائىلە ئۇيۇشمىسىنىڭ ئوق قازىنى.
ئاياللىق ــ ئەجداد ۋە ئەۋلاد مەرۋايىتلىرىنى تىزغۇچى رىشتە، تەربىيە پائالىيىتىنىڭ مۇقەددەس ساھىبى.
ئاياللىق ــ ئىلھام چەشمىسى، ئارزۇ يەلكىنى، ئۈمىد چولپىنى، بەدىئىي ئەسەردىكى يالقۇنلۇق يۈرەك.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىلاھىيەت ئوبرازىنى ئايال سىماسىدا ياسىغان. كۆپلىگەن مىللەتنىڭ ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ئاياللىق توقۇلمىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى فولكلور ژانىرلىرى ۋە جاھانشۇمۇل داڭ قازانغان خەلق داستانلىرى ئاياللىقنى ھادىس مەنبەسى ۋە تەسۋىرلەش گەۋدىسى قىلىشقان. جۇڭگونىڭ «ناخشىلار كىتابى»، ھىندىستاننىڭ «رامايانا»، «ماخاپخاراتا» ئېپوسى، گرېكلارنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» داستانلىرى، ئەرەبلەردىكى «مىڭ بىر كېچە» تىزما ھېكايەتلىرى، تۈركىي خەلقلەردىكى «خەمسە» داستانلىرى، ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن تاكى ھازىرغىچە مەيدانغا كەلگەن يېقىنقى زامان ۋە يېڭى زامان سەنئەت مۆجىزىلىرىنىڭ

ھېچبىرىمۇ بۇ مەپتۇنكار رېئال گۈزەللىك ۋە بۇ ئەپسۇنكار بەدىئىي كاتېگورىيەدىن ئايرىلغان، ھەتتا سەلگىنە يىراقلاشقان ئەمەس.

## 2

ئەمما ئاياللىق يالغۇز ئىجتىمائىي ھاياتتا تەربىيە، ئائىلە، خىزمەت، تۇرمۇش ساھەسىدە يەنىلا مەسىلە بولۇپ تۇرماستىن، بەدىئىي ئىجادىيەتتىمۇ تېپىشماقلىق تۇمان پەردىسىدىن خالاس بولغان ئەمەس.

بىز رېئال تۇرمۇشتا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللىقنىڭ ئالىيجاناب ۋە پەسكەش ئۆلگىلىرىنى دائىم ئۇچرىتىمىز. ئاياللىق ــ بەزىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەربىيە ۋاستىسى، بەزىدە تاۋار ـ ماركا ۋاستىسى، بەزىدە ھىيلە ـ نەيرەڭ ۋاستىسى، بەزىدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ رەڭ ۋە تەم قوشقۇچى ۋاستىسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا چىقىدۇ. رېئال تۇرمۇش ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە گەۋدىلەنگەن بۇ ئالاھىدە خىلدىكى سېھىرلىك «ۋاستە» ھەممىدىن ئىلگىرى كىشىلەر (جۈملىدىن بىر قىسىم ئاياللار) ئاڭ ـ ئېتىبارىدىكى «ئاياللىق ــ ۋاستە» قىممەت قارىشىنىڭ تارماقلانغان ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە كىشىلىرىمىزدە ھەتتا ئۆز قىزى ۋە ئۆز ئانىسىنى، ئۆز مەھبۇبىنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان مېھىر ـ شەپقەتلىك كىشىلەردىن تاكى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈزۈلمە تەپەككۇرىغا ئىسخېما سىزىدىغان تەپەككۇر ساھىبى ــ مۇتەپەككۇرلىرىمىزغىچە، ئومۇمىيلىق جەھەتتە، كىشىلىك قاراشلىرى جەھەتتە مۇنداق ئومۇمىيلىقنى ھەربىر جانلىق كونكرېتلىقتا گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە مەسىلىنىڭ تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىغانلىقىدىن سىگنال بېرىدۇ.

«ئاياللىق زادى نېمە؟»، بۇ، «ئادەم زادى نېمە؟» دېگەن مەسىلىنىڭ مۇھىم قاتلىمىدىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## 3

19 ـ ئەسىردىكى فىرانسۇز يازغۇچىسى ئېرنىست لېگۋې «ئانا ـــ زېمىندىكى يېگانە تەڭرىدۇر» دېگەنىدى. دەر ھەقىقەت، كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاياللىقتىن باشلاش، ئاياللىقنى كىشىلىك ۋە ئۇنىڭ ماددىي، مەنىۋى ساپاسىنى تۈزەشنىڭ ئۇلى قىلىشنى ئويلاشتى. ۋاھالەنكى، بۇ خىل تەشەببۇسلارنىڭ بىر قىسمى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي شوئار قاپچۇقىدىن ھالقىپ چىقماي، بۇلۇتتا سىڭىپ كەتكەن سادا بولۇپ قالدى.

ئايال ـــ پۈتكۈل ئايال ـ قىزغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي ئىبارە. ئاياللىق ـــ مەدەنىيەت ئېتنوگرافىيەسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئومۇمەن ئىنسانىنىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلغان مۇھىم تەركىب، خۇسۇسەن، پۈتكۈل ئىنسان تەقدىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەركىبتىن ئىبارەت. تارىخ ئومۇمىيلىق جەھەتتە بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئاياللاردىن چىققان تارىخىي شەخسلەرنىڭ تولىمۇ ئازلىقى بىلەن ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللارنىڭ تارىخىي شەخسلەرنى ۋە پۈتكۈل بىر دەۋر يەنە بىر دەۋر كىشىلىرىنى قانداق يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن ئۆز سەھىپىلىرىنى بېزىگەن. بالزاك توغرا ئېيتقان: «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا!» چۈنكى «ھەممە ئادەم قايسىدۇر ئاياللىقنىڭ پەرزەنتىدىن ئىبارەت» (پىيېربومارشى). ۋاھالەنكى، ئانىلىق مەلەكىسى بىر قىزنىڭ بويىغا يېتىش ۋە پەرزەنت تۇغۇش ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئومۇم ھايۋاناتقا خاس بۇ ئىقتىداردىن ھالقىغان، كەلگۈسى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقەددەس خىزمەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

## 4

ئالدىنقى ئاڭ تىپىدىكى پەۋقۇلئاددە ھېسسىياتچانلىق ئاياللىق روھىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى بولۇپ، بۇ، ئاياللاردىكى بىر قاتار مەنۋى گۈزەللىكنى، جۈملىدىن بىر قاتار زەئىپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۆزىنى تۇتۇشقا دەۋەت قىلغۇچى تەپەككۇر بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان ھېسسىيات ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، ئەرلەرنى باشقۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئەرلەرگە يۆلىنىش خاھىشى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، گۈزەللىككە چەكسىز تەلپۈنۈش بىلەن گۈزەللىكتىن قىزغىنىش روھىيىتى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، پەرزەنتكە بولغان ئانىلىق مېھرىبانلىقى بىلەن پەرزەنتكە بولغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت پائالىيىتى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، ئۆز ئېرىنى كىشىلەر ئارىسىدا كۆتۈرۈش غۇرۇرى بىلەن ئۆز ئېرىنى ئۆزى ئالدىدا چۆكۈرۈش ئىپتىخارى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى قاتارلىق روھىي زىددىيەتلەر زەنجىرى ئاياللىقتا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان بولىدۇ. بۇنداق ئىككى ھالەت كەيپىياتىدىن بىر قاتار گۈزەللىك — ئۆزىنى تۇتۇش، ئىپپەت - نومۇس قارىشى، ئائىلە باشقۇرۇش سەنئىتى، ئانىلىق مېھرى، دائىمىي گۈزەللىك بىلەن ھەپىلىشىش، ئەرلەرنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجابىي ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش قاتارلىقلار، بىر قاتار خۇنۇكلۇك — ئۆز - ئۆزىنى تۇتالماسلىق، ئىززەت - نومۇسنى ھەر دەرىجىدە ئاياغ ئاستى قىلىش، ئائىلىدە زوراۋانلىق تىكلەش («تۆمۈر خوتۇن»، رەھىمسىز قېيىنئانا، زېرىكەرلىك غوجىدار بولۇپ قېلىش)، پەرزەنتلىرىگە يامان ئۈلگە ۋە ناچار تەسىر كۆرسىتىش، غەيۋەت، رەشك، پىتنە - ئىغۋا قىلىش قاتارلىقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تىراگېدىك ھېكايىلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پاجىئەلىك ۋەقەلەر كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ. ئەمدى سىز بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كىلەچىكى ئانىلار قولىدا!» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن يۇقىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تىلغا ئېلىنغان خۇنۇكلۇكلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈڭچۇ؟ سەسكىنىشتىن تەبىئىي ھالدا ئەنسىرەش، ساراسىمىگە چۈشىسىز!

## 5

بەدىئىي ئىجادىيەت ئىجتىمائىي تەلىم ــ تەربىيەنىڭ ئالاھىدە تۈرى، مىللىي مائارىپنىڭ خاس ساھەسى. سەنئەتكار ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىنژېنېرى، كەلگۈسى ۋە يېڭى ئەۋلاد مودېلىنىڭ بىۋاستە لايىھەلىگۈچىسى، ئوبرازلىق غايىۋى تەپەككۇر مۇتەپەككۇرى. شۇنداق ئىكەن، يازغۇچى، شائىر، ھەرخىل ژانىردىكى سەنئەتكارلار ئۈچۈن ئاياللىق غايەت كاتتا، ئىنتايىن مۇھىم ۋە پەۋقۇلئاددە ھالقىلىق قىممەتتىكى تېماتىكا ھېسابلىنىشى لازىم. ئاياللىق ــ بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ھېكايە مەنبەسى، ۋەقەلىك تۈگۈنى، قىزىقتۇرغۇچى تەسۋىرىي ۋاستە بولۇش قاتلىمىدىن ئۆزلۈكنى بىلىش، ئۆز تەقدىرىنىڭ پۈتكۈل مىللەت كېلەچىكى بىلەن بولغان سەۋەبىيەتلىق مۇناسىۋىتىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ ئالدىغا پەرداز ئەيىنىكىدىن سىرت يەنە مىللەتنىڭ كېلەچىكى مودېلى ئەينىكىنى قويۇش، ئاياللىق تەسۋىرلەنگەن ئېپىزوتلارغا سەنئەتكارلار غايىۋى قاراشلىرى لىرىكىلىرىنى كۆچەيتىپ بېرىش قاتارلىق ئىجادىيەت مەقسەتدارلىقى قاتلىمىغا كۆتۈرۈلۈشى لازىم.

ئاياللاردىكى كىيىنىش، تارىنىش، ئىشلىتىدىغان تىل، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان تاللاپ قىزىقىش، تۇرمۇش قائىدە ــ يوسۇنلىرى ھەر قانچە زامانىۋىلاشسىمۇ يەنىلا ئۆز مىللىتىگە، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە، ئۆز ئېتنوگرافىيەسىگە خاس ئەنئەنىۋى

ئىزچىللىق رېلىسىدىن چەتنىمەسلىكى لازىم. بۇ جەھەتتە «ياشلىقىدا ئالىقانات، قېرىغاندا ئارخات» (روھانىي ـ بۇۋۇم) بولۇۋېلىش پايدىسىز. شۇ چاغدىلا ئانا ئۆز پەرزەنتلىرى نەزىرىدىكى، دىلىدىكى، تىلىدىكى ئۇلۇغۋار سىماغا، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ئۇل تىزغۇچى بىناكارغا، تۇرمۇش گۈلشىنىنىڭ ھەقىقىي باغۋىنىغە ئايلىنالايدۇ.

سەنئەتكار قانچە ئەسەر يازغانلىقى ۋە قانداق دەرىجىدىكى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئەمەس، ئورنىغا ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەڭ ياخشى ئايالار تۇركۇمى يېتىشتۇرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

1992 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت توغرىسىدا

*مەن ئۆز پائالىيەتلىرىم بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىدىن بولغان ئىنسانىي ھەقىقىي ماھىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك. شۇ چاغدا ماھىيىتىمىزنىڭ نۇرانە شولىسى مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ ئەينىكىدە جىلۋىلەنگەن بولىدۇ.*

— كارل ماركس

## 1

يىگىرمىنچى ئەسىر ئاخىرقى ئون يىلغا قەدەم قويدى! ئىنسانىيەت ئانا زېمىن ـ ئۆز پىلانېتاسىدا يېڭى ئەسىرگە، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە يۈزلىنىپ قالدى!

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر يېڭى مىڭىنچى يىللارنىڭ تۇنجى مەلىكىسىدەك كىشىلەر قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى يېقىپ، ئىلھام فونتانلىرىنى بۇژغۇتۇپ، تەسەۋۋۇر مەنزىرىلىرىنى سىزىشقا باشلىدى. ھەممە كىشى نۇرانە يېڭى يۇلتۇزغا تەلپۈنگەن مۇنەججىملەردەك ئىقبال رەسەتخانىلىرىغا كىرىپ، كۆڭۈل بوشلۇقلىرىنى بېزىمەكتە. ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى بىلەن كەلگۈسىشۇناسلىرى گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئۈمىدۋار ئالدىن ئېيتىشلار، ئاجايىپ رەقەم مەنتىقلىرى، جەلپكار ئەسلىھە لايىھەلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى. ئالەم قاتنىشىدىن يېڭى ئېنېرگىيە قىياسلىرىغىچە، تېبابەتچىلىك ئىقتىدارىدىن ئۆي ۋە كىيىم مودېللىرىغىچە، ئەيناۋۇر ئىنساندىن ئىبارەت قۇياش

سىستېمىسىنىڭ بۇ ئەزىمەت شاھزادىسىنىڭ ھەممە تويى ۋە ئايەملىك جابدۇنمىسى دەبدەبىلىرى ھەممە كۆڭۈلگە ئىشتىياق چىچەكلىرى تاقىدى. لىرىزم — ئەسىرىمىزنىڭ ئاخىرقى ئون يىللىق شېئىرىي تىنىقى بولۇپ قالدى! چېچىغا ئاق سانجىغان ۋە قەددى پۈكۈلۈپ قالغان ئەسىرىمىزنىڭ پېشقەدەم شاھىتلىرىمۇ خۇشاللىق تەبەسسۇملىرىگە ئارمان ھەسرەتلىرىنى يوشۇرۇشتى.

شۇنداقتىمۇ ناگھان ـ ناگھاندا تېرەن خىياللىرى بىلەن تېنى جۇغۇلداپ، گاھ پىچىرلاپ، گاھ قىيقاس سېلىپ يۈرگەن تەپەككۇر ئىگىلىرىنى يولۇقتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ۋايساشلىرىدا ئىنسانىيەت تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ رېنتىگېن سۈرىتى ئىزاھلانغان!

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر قەيەردىن كېلىدۇ؟

ئۇنى كىشىلەر ئادەتتىكى تەسەۋۋۇر بىلەن «نورۇز بوۋاي» ئالدىغا كەلگەندە «قاناتلىق ئۇسمۇر بالا» سىياقىدا كېلىدىغان ئۇچار تەخسىدىن چىققان نەۋقىران يىگىت ئوبرازىدا خىيال قىلىشلىرىمۇ شەكىللەنمەكتە.

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرمۇ ئادەتتىكى ئەسىرلەرگە ئوخشاش ئانا ئەسىر قارنىدىن تۇغۇلىدۇ! ئۇنىڭ تارىخ شەجەرىسىنىڭ زەنجىر ھالقىلىرىدىكى ئورنى ۋە ھالىتى ئۆزى ھامىلە بولغان ئانا ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلانغان!

ئەسىرىمىزنىڭ — نازىم ھېكمەتنىڭ پوئېتىك ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا «بىزنىڭ ئەسىرىمىز»، «مەردلەر ئەسىرى» بولغان بۇ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئانا قارنى — ھازىرقى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى تولىمۇ تېنىك، ئۆتكۈر، پاجىئەلىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇش ئازابى بىلەن تولغان! ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تېنىك، ئۆتكۈر ۋە پاجىئەلىككى، مەلۇم مەنىدە شېكىسپىرنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئىككى تىراگېدىيەلىك ئەسىرى «رومېئو ـ جولىيتتا» بىلەن «ھاملېت» تا تەسۋىرلەنگەن ئائىلە ـ جەمەت زىددىيەتلىرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىيانەتكارانە ۋىجدان بۇرۇلۇشى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن ھېچقانداق بەدىئىي رەڭ بېرىشكە ھاجەتسىز ھالدا توغرىدىن ـ توغرا ئېغىر چىنلىق ئىچىدە ئۆز ئەھۋالىنى شەكىللەندۈرگەن. كىشىلەر تېخى شېكىسپىرنىڭ بۇ ئىككى تراگېدىيە ئەسىرىدىنمۇ ئۆلگىلىكرەك پاجىئەلىك سەھنە كىتابىنى كۆرمىگەن ئەمەسمىدى ؟!

دەرھەقىقەت، ئالىملار ۋە كەلگۈسىشۇناسلارنىڭ يېڭى بىر ئەسىرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى توغرىسىدا ئالدىن ئېيتقانلىرى خام خىيال بولماستىن، تولىمۇ «رېئال مۇمكىنلىك»، ئەلۋەتتە. مەن ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پولات مۇشتۇملۇق گىگانت ئاتوم ئادىمى بولۇشى توغرىسىدىكى ئۈمىدۋارلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرمەيمەن. شۇنىڭدەك، يېڭى بىر ئەسىرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ خۇددى كارل ماركس ئېيتقاندەك ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىنسانغا خاس ئاڭلىق باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا تىلەكداشمەن. مېنىمۇ ئەنسىرىتىۋاتقىنى پولات مۇشتۇملۇق گىگانت ئاتوم ئادىمىنىڭ ئۆز مۇشتۇمىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قارىتىپ، يۈرەك ئىگىسى بولغان ئىجتىمائىي ئادەمنىڭ «ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئۈمىدىنى بىكار قىلىپ، ئۇلۇغ زېمىن پىلانېتامىزنى «ھاياتتىن مەھرۇم بولغان»، «بولغانىملار دۆۋىسى بولغان» يۇلتۇزلار قاتارىغا ئۆرۈپ كىرگۈزۈپ قويۇش مۇمكىنلىكى بولۇپ تۇرماقتا. زورىيىپ كېتىۋاتقان پولات مۇشت بىلەن ۋىجدانلىكلەپ كېتىۋاتقان مۇسكۇل يۈرەك! بۇ ماقالىدە تەپەككۇر شاھماتلىرىم مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ ئۈستىدە ئىش ئېلىپ باردى. روشەنكى، زامانىمىزدا ئىنسان پائالىيىتى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا بۇنىڭدىنمۇ ماھىيەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ تۈپلۈك «رېئاللىق مەسىلىسى» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

## 2

شەكلەن ئېيتقاندا، 100 يىل بىر ئەسىر ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئەسىر دېگىنىمىز — مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھالقا ۋە قاتلامدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ كىشىلەر چۈشىنىدۇ. ئەسىرلەر ئاسترو - ماتېماتىكىلىق ھېساباتتىكى چوڭراق بىرلىك، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي بىرلىك، مۇھىم بىر مەلەكىلىك سۈپەت. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى كەڭ مەنىدىكى تارىخىي بىرلىك ۋە تارىخىي مەلەكە سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن قۇرۇلمىلىق سىستېمىسىنى، ئىقتىدار سىستېمىسىنى، تىزگىنلەش سىستېمىسىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، راۋاجلىنىدىغان ئىنسانىيەتنىڭ ماددىلاشقان ئاڭ تۈركۈملىرى ۋە چەمبەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانىيەت نەچچە تۈمەن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، تېخى ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىگە مۇيەسسەر بولمىدى . ھەرخىل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە سەنئەتشۇناسلىق پەنلىرى بۇ مەدەنىيەت ئوبيېكتىنى پارچىلاپ تەتقىق قىلىپ كەلدى. ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە)، مىللەتشۇناسلىق (ئېتنولوگىيە) پەنلىرى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنوگېنېزىسى، جىسمانىي شەكىللىنىشى، ئىپتىدائىي توتېم، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلەر ھەققىدىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق تەلىماتلارنىڭ جەڭگاھى بولۇپ داۋاملاشماقتا. تېخى ھېكمەتلىك پىكىر ئۇچقۇنلىرىنىڭ «ئالجوقا»لارچە ۋەھىي - بېشارەتلىرىدىن باشقا مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى كەلگۈسشۇناسلىق كاتېگورىيەسىدىكى پەنلەر شەكىللىنىپ چىقمىدى! بىز ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



شەكىللىنىپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا ئاخىرقى ئۇن يىللىقىنى باشلىۋەتكەن ئۆز ئەسىرىمىز ــ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتچان چىنلىققا بىر نەزەر سېلىپ كۆرەيلى! ئۇ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر ھەققىدىكى ئۈمىد ۋە ئەندىشىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي بۇلىقى. ئۇ يەنە يېڭىچە زامانىۋى تەپەككۇر تۇرغۇزۇشىمىزنىڭ ھەقىقىي دەۋەتچىسى. يىگىرمىنچى ئەسىرگە قانداق باھا بېرىشىمىز مۇمكىن؟ تەڭرى ياراتقان «ئادەم»بىلەن «ھەۋۋا» بۇ ئەسىردە نېمىلەرنى قىلدى؟ گەپ تولا، ئەمما ماھىيەتلىك ھۆكۈم تولىمۇ قىسقا: يىگىرمىنچى ئەسىر ئاپەتكە تولغان كېسەل ھالەتلىك ئەسىر بولۇپ تۇرماقتا! بۇنىڭ قايسىبىرىنى ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى كىشىلەردىن يوشۇرۇش مۇمكىن؟! زىددىيەتنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت، ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىستىقبالىغا ئاڭلىق كۆيۈندۈرۈشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە.

3

يىگىرمىنچى ئەسىردە ئىنسانىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن ــ تېخنىكا جەھەتتە غايەت زور پارتلاش خاراكتېرلىك ئەمەلىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجە جەمئىي پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى! ئىنسان قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەزىمەتكە، ئاتوملاشقان قۇدرەتكە ئايلاندى. ماكان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىنسان يەرشارىنى تىزگىنلىدى، ئۇنى ھالاك قىلىش مۇمكىنلىكلىرىنى ئىلكىگەئالدى! بۇ ــ مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز زور زەپەر مارشى ئىدى!

يىگىرمىنچى ئەسىردە يەنە شۇ ئىنسانىيەت ئۇن توققۇزىنچى ئەسىردىن مىراس قالغان ھوقۇق ئېتىقادچىلىقى ۋە ھەممىنى

ھاكىمموتلەق ئىرادە بەلگىلەش قاراشلىرىدىن ئايرىلالمىدى. دوللارغا چوقۇنۇش يېڭى ئەسەبىيلىككە كۆتۈرۈلدى. ئىرقچىلىق، بولۇپمۇ شوۋىنىزم ـ فاشىزملىق يېڭى تەرسالىقلار ۋە جاھان ئۇرۇشى قىرغىنچىلىقلىرىنى ياراتتى. نوپۇسنىڭ قىيان ـ تاشقىندەك ئېشىپ كېتىشى، سۇ ـ ھاۋا ـ تۇپراق ـ ئۆسۈملۈك ـ ھايۋان ۋە مۇز قاتلاملىرىنىڭ بۇلغىنىشى، ئاتموسفېرالىق قاتلام ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، يۇقۇملۇق ۋە ئەجەللىك كېسەللىكلەر بىلەن زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى، مىللىي ئۆچمەنلىك ياكى بىر ـ بىرىنى ھالاك قىلىش روھىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ئىنسانلار قەلبى ۋە ئەخلاقىدىكى چۈشكۈنلىشىش ھەر قاچانقىدىنمۇ بەتتەر، ۋەھىملىك قىرغاقتا يېقىنلاپ قالدى. ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشى جەڭ مەيدانلىرىنى يەتمىش مىليون جەسەت بىلەن ياپتى. ناتسىستلار ۋە فاشىستلار جازا لاگېرلىرىدا 15 مىليوندىن ئارتۇق ئىنسان ئۇرۇش سانائىتىنىڭ سىناق ماتېرىيالى بولۇپ كۆلگە ئايلاندى. جاھان ئۇرۇشلىرى سىرتىدىكى «قىسمەن ئۇرۇش» ئوچاقلىرىدا تۇتەككە ئايلانغانلار بىلەن «تىنچ كۈنلەر»دىكى لاگېر ۋە پاجىئەلەر بىلەن كۆز يۇمغانلارمۇ ئىككى قېتىملىق جاھان ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەردىن كۆپرەك رەقەمنى ھاسىل قىلدى. تۇغۇلۇشتىكى غەيرىي نورمال نوپۇز پاجىئەسى بىلەن ئۆلۈشتىكى غەيرىي نورمال نوپۇز پاجىئەسى ئىنسانىيەتنىڭ زامانىمىزدىكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيەتلىك زىددىيىتىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي مەسخىرىگە ئايلىنىپ قالدى! بۇ سۈبلىزاتسىيەنىڭ مىسلىسىز زور مەرسىيەسى بولدى!

مەدەنىيەتنىڭ مىسلىسىز زور زەپەر مارشى بىلەن سۈبلىزاتسىيەنىڭ مىسلىسىز زور مەرسىيەسى — مانا بۇلار ئەسرىمىزنىڭ خاراكتېرلىك ئالامىتى!

بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ ــ ئىنسان ئەزىمەت ئاتوم ئادىمىگە ئايلىنىش بىلەن بىللە غەيرىي ئىنسانىي ئىنسان، غەيرىي سىۋىلىزاتسىيەلىك مېخانىكىلىق گىگانت بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ! ئۇ تېلېۋىزورلاردا كۆرۈنىدىغان ئاجايىپ مەدەنىيەتلىك ئاپتوماتلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان، سىۋىلىزاتسىيەلىك مېڭە ۋە قەلبتىن مەھرۇم «ياۋايى ماشىنا ئادەم» نىڭ دەل ئۆزىدىن ئىبارەت!

بۇ يەنە، ئىنسان بارغانسېرى «ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيەت» لىرىدىن ئايرىلىپ، يۇقىرى بىرىكمە مېتال مۇشت (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى)، يۇقىرى مىقداردىكى ئالتۇن ئاقچا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالداش ياكى بوزەك قىلىش ئىقتىدارىدىكى ئېپتىخار سەمەرىلىرىنى ھېسابلايدىغان ماشىنا ۋە بۇ سەمەرىلەرنى ساقلايدىغان ساندۇق، قاپ، ئامبار بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ!

بۇ يەنە، ئىنساننىڭ بارغانسېرى «ئۆز» مەخپىيەتلىكلىرىدىن خەۋەرسىز، ئىنسانىي قىممەت ۋەئىنسانىي بەخت ـ سائادەتتىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاتالمىش «مۇھەببەت» لىرىدە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئىنسان بىر تەرەپتىن قورقۇنچلۇق جىنايى خاھىشقا شۇنچە ئىگە، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى بۇ جىنايى خاھىش ۋە ھالاكەتلىك ئەسەبىيلىكتىن قۇتقۇزىدىغان كونترول سىستېمىسىغا شۇنچىلىك ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ!

مانا بۇ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە ھامىلدار بولغان بىزنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ گېنكولوگىيەلىك ئوبرازى.

## 4

ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە ساقلانغان قورقۇنچلۇق، پاجىئەلىك زىددىيەت ھېچكىمنىڭ شەخسەن كۆز

قارىشى بولماستىن، ھەقىقىي رېئال ۋە ھەقىقىي ماھىيەتلىك پاكىت! بۇ — مۇتەپەككۇرلار، ئەربابلار، قانۇنشۇناسلار، مەنتىقلەر، ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەر ھەممىدىن ئىلگىرى ئىقرار بولۇشى لازىم بولغان ئاساسلىق چىنلىق. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولماي تۇرۇپ دەۋر ئېڭى، زامان قارىشى، تارىخىي ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ھازىرقى زامان ئاڭلىق ئادىمى بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەدەنىيەت بىلەن سىۋىلىزاتسىيە ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى تۈپ زىددىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ شەكىللەندى!!

ئۇنداقتا، مەدەنىيەت دېگەن نېمە، سىۋىلىزاتسىيە دېگەن نېمە؟

مەلۇمكى، مەدەنىيەت (كۇلتۇر) — ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قاراتقان بويسۇندۇرۇش ئىقتىدار سىستېمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ ماددىنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەممىنى ماددىي دۇنيانى بويسۇندۇرۇش ۋاستىلىرىگە، ماددىي دۇنياغا ئىقتىدار كۆرسىتىش ۋاستىلىرىگە قاراتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي دىققەت - ئېتىبارى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش ۋە رىقابەتتىكى مۇتلەق زەپەر كەلتۈرگۈچى ماددىي ۋە مالىيەلىك قۇدرەتتىن ئىبارەت. ماددىي ۋە مالىيەۋى قۇدرەت مەدەنىيەت ئۈچۈن ئولىمپىك تېغىدىكى باش تەڭرى زېۋستىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سىۋىلىزاتسىيە — مۇئەييەن ماددىي مەدەنىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنى، ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىنى ئىنسانىي پىرىنسىپلار بويىچە ئاقىلانە باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدار سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانىنى، «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، ئىنسانىيەت جەمئىيەتنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋاستىلىرى ھېسابلايدىغان ماددىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىڭ ئىلىم ۋە تېخنىكىلىق سىستېمىلىرى، قۇدرەت ۋە بايلىق زاپاسلىرى ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاقىلانە ئالاقىلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئورتاق كامالەتكە ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئەينىكىدە ئىنسانىيەت ماھىيەتلىرىنىڭ نۇرانە شولىسى جىلۋىلەنگەن بولىدۇ.

ھازىرقى خاۋاتىرلىنىش شۇ يەردىكى، ھازىرقى جاھان ئومۇمىي مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدە سۈيلىزاتسىيە بىلەن كۇلتۇر، مەقسەت بىلەن ۋاسىتە، مېڭە ۋە يۈرەك بىلەن قول ۋە پۇت ئۆز گارمونىيەلىكىنى يوقىتىپ قالماستىن، بەلكى ئوچۇق ۋە كەسكىن زىددىيەتلىك ھالەتكە چۈشكەن. ئىنسانىيەت تەقدىرى خۇددى دارغا ھەيدىلىپ كېتىۋاتقان سوقرات ھەككىمدەك ۋاپاسىز ئاقىۋەتنا قىلىچۋازلىرىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ قالغان!

## 5

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن ۋە يېڭىچە، غەربچە دەپ ئاتالغان ھەر خىل كىتاب ـ بىراشورىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئاتال ـ مىش شەخسنىڭ رىقابەتلىك دۇنيادا «ئۆزىنى كۆچەيتىش» توغرى ـ سىدىكى ئاڭ ۋە ماھارەتلىرى تەرغىب قىلىنغان. ئۇلاردا ئاللى ـ قانداقتۇر سودىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، مۇناسىۋەتشۇناسلىقتا چەبدەس بولۇش، سۆزدە كۆڭۈلنى تىزگىنلىۋېلىش، ھۆسن گۈزەل ـ لىكىدىن قىممەت پەيدا قىلىش، چىدام ـ تاقەت بىلەن ھىيلىگەر رەقىبىنى چەيلىۋېتىش قاتارلىقلار خۇددى بالىيت مەشقى دەرسلىك ـ لىرىدەك بايان قىلىنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىر كىشىنى قاپلىق قۇلۇلىگە، تاقابىلچان بىرونېۋىكقا، نىقابلانغان كىشىگە ئايلاندۇرۇپ، رىقابەتچان جەڭگاھتا غالىبلارچە ياشىغىلى بولمايدۇ، دېگەن تۇرمۇشنىڭ ئالەمشۇمۇل ئاچچىق تەجرىبىلىرىدىن

ئۈچۈر يەتكۈزمەكتە. قۇم خالتىلىرىنى مۇشتلاش، جانبازلىقنى مودا قىلىش، تۈركۈم بولۇپ ياشاش پىسخىكىسى باش كۆتۈرمەكتە. ئىنسانىنىڭ «ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇش» ئورنىغا ئۆزىنى قاپلىۋېلىش، «ئۆزىنى كۈچەيتىش» زۆرۈر-يەتلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. زېمىن ئايروپىلا-نىمىز خەتەرگە يولۇقۇۋاتامدۇ - نېمە، ھەممە ئادەم «قۇتۇلۇش كې-يىملىرى» بىلەن ئۆزىنى كۈچەيتىش كويىغا چۈشۈپ قالدى؟! تو-لىمۇ ئاز مۇئەللىپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتورلىرىمىزنىڭ خې-لىلا بىر تۈركۈمى ئىنسانىيەتتىكى كۈلتۈر ۋە سىۋىلىزاتسىيە سو-قۇشلىرى پەيدا قىلغان روھىي ھودۇقۇشلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز مەيلىچە بولمىغۇر ئەسەر يېزىپ «ئۆزىنى كۈچەيتمەكتە»!

ئۆزىنى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچەيتكەن مىليونېر بايلارنىڭ قەلبى، خىيالى، مۇھاكىمىلىرى، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت - نەپرەتلىرى ئاللىقاچان تەڭرى ياراتقان «ئادەم» بىلەن «ھەۋۋا» ئەۋلادلىرىنىڭ «ئىنسانغا خاس ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» تىپىدىن چىقىپ، مەدەنىيەت (كۈلتۈر) مۆجىزىلىرى ياراتقان پۇل، شۆھرەت، ئىمتىياز ئۈستۈنلۈكىدىن بىر كېچىدىلا سەرگەردانلىق كوچىسىغا ئىرغىتىلىپ تاشلىنىش خەۋپىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئەندىشىلىرىدىكى رېئاللىققا ئۆز رىقابەتدىشىنى دۇچار قىلىش كويىدا يۈرگەن «ئۆزىنى كۈچەيتكەن» زوراۋان ئادەم تىپىدىكى قەلب، خىيال، مۇھاكىمە، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت - نەپرەتكە ئايلىنىپ قالدى. ماگارىد خېنىتىر خېنىمدەك ۋەيران بولغان ئىنىسىگە ئاز - تولا ياردەم بېرىشنى رەت قىلغان نەچچە ئون مىليارد دوللارلىق بايلارنىڭ قەلبى، ھەتتا تېنى بىر تىيىن كېمەيسە ئۆز ئىستىرېلكىسىنى تىترىتىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن تاش ئۆپكە كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قېتىشقا باشلىغان سېمونت قۇيمىدىنمۇ بەختسىز، تەنها مەنىسىزلىشىپ كەتتى! كونا ئەپسانىلەردىكىدەك شىۋىقەدرى كېچىسى پۇتكۈل ئۆي -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىساتى، باغ ــ ئورمانلىرىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ قانماستىن ئاشىقىنى ۋە ئۆزىنىمۇ ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئادەمدىن، نىسپىي مەنىدە بولسىمۇ، سەرسانلىق دالاسىدا دۇم يېتىپ بۇلاق سۈيى ئىچىۋاتقان سەرگەردان بەختلىك ئەمەسمۇ؟!

هازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى كېلىشمەسلىك داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا، مىليونېرلارغا ئوخشاشلا نامراتلارمۇ بەختسىزلىك مۇپتىلاسىغا بەند بولىدۇ. ئۇلارمۇ مىليونېرلار دىۋانە بولۇپ چۈشەپ قالغانلىرىغا ئەندىكىپ بارغانسېرى جىنايەت بەدىلىگە ئۆزىنى كۆچەيتكىنىدەك، مىليونېرلارنىڭ ئەكسىچە ئۆزلىرىنى بايلىق تەختىدە چۈشەپ، بايلىق مۆكمىنلىكلىرىگە كۆزى قىزىرىپ، يەنىلا ھېلىقى جىنايەت ھېسابىغا ئۆزىنى كۆچەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ. مېنىڭ دەۋاتقانلىرىم چۈشەكەشنى مىسال قىلغان ۋە مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ساقچىنىڭ بېشىنى قېتىق قىلىۋاتقان چىنلىق! ناھايىتى نۇرغۇن يازغۇچى پەقەت ئۇنىڭ ئازغىنە بىرقىسمىنى «ھېكايىنىڭ باشلىنىشى» دىن «ھېكايىنىڭ ئاخىرلىششى» غىچە يېزىشتى. ئەمما بۇ ھېكايە ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتىدۇ!

مانا، تەڭرى ياراتقان «ئادەم »بىلەن «ھەۋۋا»ئەۋلادلىرىمىزنىڭ رىئاللىقى! ئۇلارنىڭ سۆيۈشۈشى خۇددى ئىككى تىلنىڭ بىر ـ بىرىگە شولا تاشلاپ قوشۇلۇشلىرىغا، قايغۇ ياكى شادلىقلىرى تىللا ۋاليونتىنىڭ كىرىم ـچىقىم دەپتىرىدىكى تەقدىرىگە ئوخشاپ قالغان! كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى «جەننەت» بىلەن «جەھەننەم» ئەپسانىلىرى ساۋاب بىلەن گۇناھنىڭ بەدىلى ئەمەس، بەلكى دوللارۋە ئۇنى تۇغدىغان ۋاستىلەرنىڭ قانداق قوتۇپتىلىقىنى كۆرسەتكۈچى ئالامەت تۈسىنى ئالغان!

«ئىنسان قىممىتى»، «ئەركىنلىك سىمفونىيەسى» توغرىسىدا چوقان كۆتۈرۈۋاتقان مەملىكەتلەردە پىكاپقا چۈشۈۋېلىپ تۆكۈلۈۋاتقان ھايات چېچەكلىرىگە قاراپ قەلب بۇلغىنىشلىرىنىڭ

قانداق دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن سەسكىنىمىز. مۇندىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئىلگىرى غار ۋە قىيا تاش رەسىملىرى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ھەققىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت قاراشلاردىن جاق تويغان كوندارسىموسىن ناملىق ئالىم شىمالىي قۇتۇپتىكى ئىگلىرى دېگەن جايدا ياشايدىغان ئىسكىموسلار ئارىسىغا بېرىپ، بىر ئىپتىدائىي ئوۋچى بىلەن سۆزلەشكەنلىرىنى 1921 ـ يىلى «ئىگلىرلىق ئىسكىموسلار» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي ئوۋچى: دۇنيادا بىرەر تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلىشتىنمۇ ئەندىشىلىك ھادىسە يوق. ھايۋان گۆشىنى ئوزۇق قىلغان بىلەن ئۇنىڭ روھى (ئەرۋاھى) ئۆلمەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن خەتەر يەتكۈزىدىغان يىرتقۇچ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، قۇربانلىق مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋانلار روھىيىتىنىڭ كېچىرىم قىلىشىغا، دوستانىلىكىگە ئېرىشىشكە توغرا كېلىدۇ. شامان ـ باخشىلار ئەلچىلىكىدە شۇنداق مۇراسىم بەجا كەلتۈرىمىز، دېگەن. مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا «ياۋايىلىق» كاتېگورىيەسى بىلەن تىلغا ئالغان بۇ «ۋارۋار» (نادان، جاھىل) ئىپتىدائىي ئادەم بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەتلىك ئاتوم ئادىمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلىچۇ! ئىنسان ئۆز-ئۆزىنى نەقەدەر يوقىتىپ قويغان ـ ھە! ئىنسان قۇلدارلار، زېمىندارلار، كاپىتال ئىگىلىرى قولىدا «ياتلاشقان» دىن تاشقىرى ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەت ئىقتىدارى بىلەن بايلىق جۇغلانمىلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ «ياتلىشىش» تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرەرمۇ؟

## 6

مەقسەت بىلەن ۋاستە تولىمۇ قەدىمكى تېما ئىدى. گاھىدا ئۇ خىرىستىيان روھانىيلىرى تەرىپىدىن تەڭرىنىڭ ئالەم يارىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەقسەتدارلىقى نەزەرىيەسى («تېلېئولوگىيە»)تەرزىدە بولۇۋاتقان — مىللىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۇ ياراتقان مۇھىت، مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغانىدى. مەدرىسە پەلسەپىسى تەرەپدارلىرى ئىلاھىي مەقسەتدارلىقنى تەرغىب قىلىشىپ، مىڭ يىللارنى «چاشقان تۇتمىغان تاختىمۇشۇك» تەك ئۆتكۈزۈۋەتتى!

كۇڭزى ئەڭ دەسلەپتىلا ئىنسان ئىنسانلىق ئۇچۇن دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چۇنچيۇ — جەنگو دەۋرىدىكى غەيرىي ئىنسانىي قىرغىنچىلىقلار، ئالدام ۋە ساتقىنلىقلاردىن سەسكەنگەنىدى. «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت، كامىل ئىنسان بول»، «پايدا ئالغاندا ئىنسابنى ئويلا!» بۇ ئۇنىڭ نى چاغلاردىكى دەۋەتى ئىدى. ئەمما، قۇلدارلار بىلەن فېئوداللار كۇڭزىنى ئۆز دەۋرلىرىنىڭ بوياقلىرى بىلەن بوياپ، ئۇنىڭ غەيرىي دىنىي ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى پۇچەكلەشتۈرۈۋەتتى. ساكيامۇنى ئۆز ئىدىيەسىدىكى تىراگېدىك پىكىر ئامىللىرىنى بۇددىزم شەكلىدە سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىنسان ئازابلىرىنىڭ مەنبەسى ئىنساننىڭ ئاساسىي سەزگۈلىرى بىلەن ئاساسىي ھاجەتلىرى دېگەن قاراشقا كەلدى. رەڭ، ئاۋاز، تەم، خۇش پۇراق، تېرە سېزىمى ئىنسان ئازابىنىڭ بەش مەنبەسى سۈپىتىدە تەقىب قىلىندى. ئۇمىد ئۆلگەندىن كېيىنكى «نىرۋانا» راھەت دەرگاھىغا قارىتىلدى! ئىسلام سوپىزمى مەجنۇنلارچە بولسىمۇ ئىنساننى تەڭرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنساننىڭ ئىلاھىي مەقسەتدارلىق دەرىجىسىدىن بەھرىمەن بولۇش توغرىسىدا قىزغىن پىداكارلىق نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتتى. مەنسۇرھەللاجى بىلەن بابارەھىم مەشرەپتەك دار ياغىچى ئۈستىدىلا تەڭرى بىلەن قوشۇلالىدى! فارابىينىڭ گىرېك پەلسەپىسى تەسىرىدىكى بىلىم ۋە بەخت قاراشلىرىنى يۈسۈف خاس ھاجىپ ئادالەتلىك قانۇن ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش (قانائەت) بىلەن تولۇقلاپ، مەدەنىيەت بىلەن

سۇبىيېكتىپلىقنىڭ چوڭلۇقى تارىخىي جەھەتتىكى ئىنسان سۇبىيېكتىپلىقىنىڭ ئۆزلۈكىنى قايتىدىن بىلىشى ۋە سۈزۈكلىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدىيە ئېقىمىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆزلۈكى ۋە تەبىئىتىنى قايتىدىن سۈزۈكلەشتۈرۈش تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ...

سۋەيلىزاتسىيە چوڭشەنچىلىرىنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرا ئەسىر سەۋىيەسىدە بولسىمۇ فورمۇلالاشتۇردى. ئىسلام مۇتەللىزمچىلىرى، ياۋروپا راتسىيونالىستلىرى ئىنساننى ھەممىنىڭ مەركىزى، ئىنسان ئەقلىنى ھەممىنىڭ ئۆلچىمى دېيىشتى. فېيېرباخ ئانتروپولوگىزمى مۇنداق راتسىيونالىزملىق چۈشەنچىلەرنى خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىرىگە قارشى تەبىئەت پەلسەپىسى كالتىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ نىجادىيەت ئىستىكىمىزگە جاۋاب بېرەلمەي گۈشىيىپ تۇرىدىغان ئارخىپقا ئايلاندۇرۇپ قويدى! ئېھتىمالىم بۇ يالقۇنلۇق پەيلاسوپ ھېلىمۇ ھايات بولغىنىدا، ئۇ تەشەببۇس قىلغان ئوچۇق - ئاشكارا ۋە قىپيالىڭاچ «مۇھەببەت»نىڭ قانداق تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ قالغانلىقىدىن چىرقىرىۋەتكەن بولاتتى!

ئۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن بىر ياش يەھۇدىي يىگىتى كارل ماركس «1844 - يىللىق ئىقتىسادشۇناسلىق - پەلسەپە خاتىرىلىرى» ناملىق ئۆگىنىش دەپتىرىدە «ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى» ۋە «ياتلاشقان ئىنسان» دىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم كاتېگورىيەنى تىلغا ئالدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئەينى زامان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت — ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئىگىدارچىلىقنىڭ كاپىتالىستىك خۇسۇسىيلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تۇتقا قىلىپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنى ئىجاد قىلدى. بۇ تەلىمات ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى ۋە ئازادلىق كۈرەشلىرى تارىخىدا يېڭى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش ۋە ياتلاشقان ئىنساننى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىگە ئىگە قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىش تارىخى يېڭى نەزەرىيەۋى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شۇندىن بېرى ئۆتكەن بىر يېرىم ئەسىرلىك ۋاقىت ئىچىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى يەتمىش نەچچە يىل ئىچىدە گەرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىزنىڭ بىلىش ۋە ئەمەلىيىتىمىز ئېغىر سەۋەنلىكلەر بىلەن بوغۇپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئىلمىي سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئەۋزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ تىنچ رىقابەت ۋە ئۇرۇش دەھشەتلىرى ئىچىدە داۋاملىق ساقلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارالىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى.

## 7

بىز ئادەتتە سوتسىيالىزم چۈشەنچىسىنى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەر ئىبارىسى بىلەن، كاپىتالىزم چۈشەنچىسىنى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەر ئىبارىسى بىلەن تەڭداش كاتېگورىيە دەپ قاراپ مەنتىقىي ئېنىقسىزلىقلار ۋە بىلىش خاتالىقلىرىغا يول ئېچىپ قويىمىز. نەتىجىدە، كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردىكى پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ئالدىقاندىقتۇ كاپىتالىزمنىڭ خاس ئالامىتى ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن ئەۋزەللىكى بولۇپ قالىدۇ. يېرىم ئەسىر ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بەزى ماركسىزمچىلارمۇ كارل ماركسنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى مۇقەررەر ئىگىلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي يەكۈنى ھەرگىزمۇ پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا ئىگىدارچىلىق مەركەز قىلىنغان كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە قارىتىلمىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقان. ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئومۇمىي ئىنسانىيەت خاراكتېرلىك، ئىزچىل بىلىش خاراكتېرلىك، پائالىيەتچان خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئىقتىدارى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى، ھەتتا باشلانغۇچ دەرىجىلىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، كامالەت قاتلىمى

ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى كۆرسەتكەن بۇ مەدەنىيەت گەرچە كاپىتالىزمغا خاس تۈپەيلى، جۈملىدىن كاپىتالىستىك مەنپەئەتدارلىق تۈپەيلى سىۋىلىزاتسىيەگە زىت جىنايى ۋاستىلىك رولىنى ئۆتىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇئەييەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر فورماتسىيەسى سۈپىتىدە تارىختا ياشاپ، تارىختا ھالاك بولىدىغان كاپىتالىزمغا خاس نەرسە ئەمەس. ئۇ بەرىبىر يېڭى ئويغانغان ئاڭ ۋە سىۋىلىزاتسىيە كۈچلىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى تىزگىنلىۋالغان قارا ئىبلىسنى لەھەتكە ئىتتىرىدۇ.

ئېغىر سەۋەنلىكلىرىمىزنىڭ بىرى مانا شۇ: بىز ئۆلىدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت كاتېگورىيەسى بىلەن ئۆلمەس ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن - تېخنىكىنى پەرقلەندۈرمەي، بىر قاتار مېتافىزىكىلىق قاتماللىق، چەتكە قېقىش، بېكىنمىچىلىك خۇي - پەيلىنى خېلى ئۇزاق ئىشقا سېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكتىكى مۇمكىنلىكلىرىنى چۈشەپ قويدۇق. بىر دەۋر كىشىلىرىدە سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزم ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئەكسىدىكى ئوبراز بىلەن ئىدىيە چۆكمىسى ھاسىل قىلىپ قالدى. بۇنىڭدىن سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئىككى تۈرلۈك قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى ئۈنتۈمىدى! ئۇنىڭ بىرى، ئۇلار بىزنىڭ قاتمال قاراشلىرىمىز ۋە دۆلەت دەرۋازىلىرىمىزنى تاقىۋالغانلىقىمىز ئېغىر لاشقان يىللاردا پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ساھەسىدە يېڭى بۆسۈشلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىۋالدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇلار بىزدىكى نەزەرىيەۋى قالايمىقانچىلىق ۋە پەن - تېخنىكىدىكى يېڭى ئەھۋالدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ «كاپىتالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى» پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلدى!

بىز يەنە ئىككىنچى خاتالىق ئۆتكۈزدۇق! سوتسىيالىزم —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كوممۇنىزمنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت ــ سائادىتىنى مەقسەت قىلغان قۇدرەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پەن ــ تېخنىكىنى ۋاستە قىلغان يېڭىچە سۈپەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى، ئۇ، ئىنساننى «ياتلىشىش» تىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈنىچە توغرا بىلەلمىدۇق. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بەخت ــ سائادىتى مەقسەت قىلىنىش ئورنىغا، توغرا قاراش تەقىب قىلىنغان، ھاكىمىيەت ۋەئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى ۋاستىلىرى ئەڭ يۇقىرى مەقسەت ئورنىغا كۆتۈرۈلىدىغان، ئىنساننى ئۆتمۈشتە شەكىللەنگەن «ياتلىشىش» تىن قۇتۇلدۇرۇپ، كوممۇنىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىلىش توغرىسىدىكى يۈكسەك قاراشلار بۇرژۇئازىيە قاراشلىرى دېگەن ناتوغرا نام ئاستىدا تەنقىدلىنىدىغان سەۋەنلىكلەر ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈز بەرگەن سوتسىيالىزم ماھىيەتلىرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان كىشىنى چۆچۈتىدىغان سولچىل پاجىئەلەر يۈز بەردى. سوتسىيالىزم بىلەن سۈپەتلىزاتسىيەنى بىر ــ بىرىگە قارشى قويۇپ، سوتسىيالىزمنى ئىنساننىڭ رېئال دۇنيادىكى «ياتلاشقان» قىممىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ «ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان» تارىخىي جەريان دەپ قارىمايدىغان خاتا قاراش ۋە پائالىيەتتىن ئىككى ناچار نەتىجە كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىرى، بىز ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ پەننى سولچىل قاراشلار ئاسارىتىگە بەند قىلىپ قويدۇق، ئۇنى «غەيرىي ئىنسانىي» تەلىمات قىلىشقا ئۇرۇندۇق. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرى ئاللىقاناداقتۇ «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «ئىنسانپەرۋەرلىك» تۇغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنى ھەم مەدەنىيەت، ھەم سۈپەتلىزاتسىيە ھامىيلىرى قىلىپ دەبدەبە قىلىشتى. بۇ تۈپكى ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىنىۋېتىلگەن قاراش ھەل قىلىنمايدىكەن،

ھازىرقى زاماندىكى ئىدېئولوگىيە مەركەز قىلىنغان «دۇنيا ئۆرۈشى»دا ھەق ـ ناھەق مەنزىرىسى قالايمىقانلىشىپ، كىشىلەر قەلبى تۇيۇق يولغا كىرىپ كېتىدۇ.

بىز يەنە ئۈچىنچى خاتالىقنىمۇ سادىر قىلدۇق. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ سىياسىي ئويغىتىش ۋە سىياسىي ۋاستىلەر بىلەن بىر ياكى بىر قاتار مەملىكەتلەردە، ھەتتا ئاھالىنىڭ ئاساسىي نوپۇسىنى ئۆشىشاق دېھقانلار تەشكىل قىلىدىغان مەملىكەتلەردە غەلىبە قىلىشى توغرىسىدىكى مۇمكىنلىك بىلەن بىر ياكى بىر قاتار سىياسىي ياكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى رولىغا يۆلىنىپلا كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنلىكىنى بىر سىزىقتا تەسەۋۋۇر قىلدۇق. بىز ئىنسانىيەت غايەت راۋاجلانغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلمىغان ۋە ئۇنى ماددىي ئۇل قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئەمەس يەنە ئىنسانىيەتنى «ياتلاشتۇرغان» بارلىق كىشەندىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرانە، ھەقىقىي ماھىيەتلىرىنى ئۇنىڭ ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئەينىكىدە جىلۋىلەندۈرىدىغان يېگىنچە سۇبيېكتىپ قاتلاملارغا ئىجتىمائىي گارمونىيە مەيدانىغا كەلگەندىلا ئاندىن كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدۇق. تەبىئىيكى، بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇلۇغۋار، مۇشكۈل ۋە مۇقەررەر تارىخىي بىناكارلىق ئىدى! ھېلىمۇ بۇ نۇقتىنى ئاڭقىرالماي، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارغا غەلىتە ھېسسىيات بىلەن قارايدىغان ئاق دىل، ساددا پىكىرلىك دوستلىرىمىز خېلى بار. كوممۇنىزم شۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە سۇبيېكتىپ گارمونىيەلەشكەن مەلەكىكى، «قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەر كىم ئېھتىياجىغا قاراپ ئېلىش» دېگەن تەقسىمات پرىنسىپى ئۇنىڭ بىر ئىپادىلىنىش شەكلىدىنلا، باشقىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوبيېكتلىرىنىڭ سۇبيېكتلارغا خىزمەت قىلىشتىكى شەكلىدىنلا ئىبارەت.

## 8

يىگىرمىنچى ئەسىر كېيىنكى چارەككە كىرگەندىن باشلاپ پىلانېتامىزنىڭ مەيلى شەرقىي قىسمىدا ياكى غەربىي قىسمىدا بولسۇن يېڭى مەنىۋى ئىزدىنىش، يېڭى سىۋىلىزاتسىيەلىك ئاڭ، يېڭى بىر گەۋدىلىك سۇبيېكت ئويغىنىش، يېڭى مۇجەسسەم تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىن كۆرەر مۇنەۋۋەر كىشىلىرى يۇقىرى قاتلاملىق پىكىر ئۆركىشى شەكىللەندۇرۇشكە كىرىشتى. ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلگىرىلەش خاراكتېرلىك، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادىتى مەقسەت مەركىزى قىلىنغان يېڭىچە مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى يالقۇنلۇق سادالار ياڭراشقا باشلىدى. بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى قايتا بايقىۋېلىش يولىدىكى تارىخىي جاسارىتىنى نامايان قىلدى. بۇ، پىلانېتامىز رەھىمسىز ئاتوم مۇشتۇمى، مۇھىت بۇلغىنىشى، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، رىقابەت نەيرەڭلىرى بىلەن قاتماللىق، بىكىنمىچىلىك ۋە نادانلىق پەيدا قىلغان مۇرەككەپ تەرسالىقلارنىڭ جەمغىرلىنىشى ئىچىدە خۇددى ھايات مۇمكىنلىكلىرىدىن مەھرۇم بولغان تاشلاندۇق ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ئالدىدىكى ئاجايىپ نىجادىيەت نۇرى سۈپىتىدە جىلۋىلىنىپ قالدى. ھالاكەتكە مەھكۇم چىرىگەن كۈچلەر قانچىلىك دەبدەبىلىك قىلىشمىسۇن، بۇ سادا ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىچىدىكى پاجىئەلىك زىددىيەت رېئاللىقى سەھنىسىدە بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى.

شەرق سوتسىيالىزمى دۇنياسىدا قانداق ئەگرى ـ توقايلىقلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سوتسىيالىزم بىلەن ئىنسانىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان قايتا تونۇش، پائال ئىسلاھات ۋە مەدەنىيەت بىلەن سۈيلىزاتسىيەنى قايتا بىللە قۇرۇش بىناكارلىقى باشلىنىپ كەتتى. بۇ، سوتسىيالىزم بىلەن پەن ـ تېخنىكا ۋە يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنى بىر ـ بىرىدىن جۇدا قىلغان ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىپلا قالماستىن، يەنە ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆزئىچىگە ئالغان سۈيلىزاتسىيەنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەن ئۆتمۈشكىمۇ خاتىمە بېرىدۇ.

غەرب كاپىتالىزم دۇنياسىدا، خۇددى، بۇ قېتىم مەن بىلەن كۆڭزى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنىغا قاتناشقان ئامېرىكا ئالىمى ئوبېلان تىلغا ئالغاندەك: جىنايەتكە يۈزلەنگەن ئاتوم گىگانتىنى سۈيلىزاتسىيە بىلەن قوتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئىپتىداسى سۈپىتىدە شەرق ئەللىرىدىكى، بولۇپمۇ جۇڭگودىكى «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت»، «پايدا ئالغاندا ئىنسابنى ئويلا» قاتارلىق «ئەنئەنىۋى سۈيلىزاتسىيە»لىك قاراشلارنى ھازىرقى زامان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ غەرب دۇنياسىدا تەشۋىق قىلىش سىياقىدىكى تەشەببۇسلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. سۈيلىزاتسىيەسىز مەدەنىيەت جىنايەتكە خىزمەت قىلىدىغان مەدەنىيەت، مەدەنىيەتسىز سۈيلىزاتسىيە خىيالىي سۈيلىزاتسىيە، دېگەن قاراش ھازىرقى زامان ئىككىنىڭ يېڭى قاتلىمىنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق يېڭى يۈكسەكلىكتىكى ھازىرقى زامان ئىككى ئالدىدا تاۋار ۋە رىقابەت، شەخسنىڭ قىممىتى ۋە ئۆزىنى كۆچەيتىش توغرىسىدىكى ئاڭ كۆرۈنۈشلىرى ئۆزىنىڭ توۋەن قاتلامدا تۇرىدىغانلىقىنى، مەلۇم مەنىدە كاپىتالىستىك ئاڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرىدىغان ئاڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاجايىپ مۆرەككەپ مىقدار فوندلىرىنى يېشەلەيدىغان، ئەمما ھازىرقى جاھان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش تەشكىلمىسىدىن خەۋەرسىز ماتېماتىك بىلەن كۆپ رەقەملىك ئىختىرا مۇكاپاتى بەدىلىگە زېمىن پىلانېتاسىنىڭ بىيولوگىيە ئىقتىدارىنى بۇلغاۋاتقان خىمىك ۋە فىزىك، شۇنىڭدەك مۇشۇ باش قېتىنچىلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا شەھۋانىي لەززەت تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى يېزىۋاتقان يازغۇچى توغرىسىدا، جۇملىدىن تارىخ مەنتىقىسىنى ئۇنتۇغان ئاتالمىش «ئومۇمىيۈزلۈك غەربلىشىش» تەرەپدارلىرى توغرىسىدا نېمىلەرنى دېيىش كېرەككىنتاڭ!

## 9

ماقالەمنى مۇنداق ھېكايە بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

گاگارىن ھەيدىگەن ئالەم كېمىسى ئاخىرقى قېتىم ھازىرقى زامان ئادىمىگە خاس شۇنداق مەغرۇرلۇق بىلەن يېشىل زېمىنغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، زېمىنغا قونۇش ئالدىدا ئالەم كېمىسىدىكى مۇھىم كاشىلىنى كېچىكىپ بايقاپ قالدى. ئۇ خۇدىنى يىغىپ كاشىلىنى تۈزەپ ئۈلگۈرۈش پۇرسىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ئىدى. شۇنداق قىلىپ پىلانېتامىزنىڭ بۇ كىچىك «سەييارە»سى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەزىمەت يىگىتنى قوشۇپ بىردىنلا ھالاك بولدى.

نوھ پەيغەمبەرمۇ ياغاچ كېمە بىلەن توپان بالاسىدا جاھان كېزىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ سۇ يۈزىدىكى «ئالەم كېمىسى»گە ئىپتىدائىي ئادەمگە خاس ئېھتىياتچان تەسەۋۋۇر بىلەن ئىنسان ۋە ھايۋان تۈرلىرىدىن بىر جۈپتىن سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغان ۋە شۇ قېتىمقى ئالەمشۇمۇل

بىيولوگىيەلىك هالاكەتتىن كېيىنكى يېڭى هايات چېچەكلىرىنىڭ «ئادەم»دىن كېيىنكى ئىككىنچى ئاتىسى بولۇپ قالغان.

ئىنسانىيەت ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئالتۇن، هوقۇق ۋە چاكىنا شۆھرەتنىڭ سۆزلەيدىغان قورالىغا ئايلىنىشى، ئاقىۋەتتە ئانا پىلانېتامىزنى ئالەم مۇز دەرياسىغا غەرق قىلىش يولىدا يېڭىدىن ـ يېڭى ئەسەبىيلىكلەر كۆتۈرۈشى لازىممۇ ياكى زىددىيەت ۋە بۇزۇلۇشقا تولۇۋاتقان بۇ«ئالەم كېمە»مىزنى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي بەخت ـ سائادىتى ئۆز رۇخسارىنى نامايان قىلغان ۋە ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئىقتىدار ۋە بايلىقنى ئىنسانىيەتكە مۇتلەق خىزمەت قىلدۇرغان نۇرانە كەلگۈسىگە يېتەكلىشى لازىممۇ؟ بۇ هازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ئېلىمېنتار تەپەككۇر تېمىسى!

ئىنسانىيەت ئىلگىرىلەيدۇ! پەقەت ھەم ماددىي مەدەنىيەتنىڭ شاهزادىسى، ھەم سىۋىلىزاتسىيە — «مەنىۋى مەدەنىيەت»نىڭ مەلىكىسىنى بىر ـ بىرىگە پائال بىرلەشتۈرەلىگەن سوتسىيالىزملا، پەقەت هازىرقى زامان كاپىتالىزمى دەبدەبە قىلىۋاتقان، ئەمما تۈپ ماهىيىتى بىلەن ئۇنىڭ چىرىگەن ماهىيىتىگە زىت بولغان ئىلىم ـ پەن ھەم ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى بىر ـ بىرىگە قوشالىغان سوتسىيالىزملا ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىقبالىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەڭ قىلىدۇ! ئۇنىڭ ئەمدىكى ئاساسىي جەڭگاھى ئىدېئولوگىيەدە، كۆرۈنمەس فىرونتتا!

1989 ـ يىلى 19 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇچ بۇرجىكى

## 1

*نەجادىيەتنامە يولدىن ئىبارەت. ئەمما ھەرقانداق يول نەجادىيەتنامە بولۇۋەرمەيدۇ. گەپ نەجادىيەتنامە يولنىڭ كەمچىللىكىدە ئەمەس، بەلكى نەجادىيەتنامە يولنى بايقىۋېلىشنىڭ كەمچىللىكىدە.*

— «نەجادىيەتنامە»دىن

ئۇيغۇر مىللىتى — دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت بىلەن بىللە ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەمدىلىكتە زامانىۋى سوتسىيالىستىك مىللەت بولۇپ تاكامۇللىشىش ۋە تېخىمۇ گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. خەلقىمىز باشتىن كەچۈرگەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆتمۈش تارىخى بىلەن، ئۇ يۈزلىنىۋاتقان ئىككى يېڭى تارىخىي شەيئى — سوتسىيالىزم بىلەن زامانىۋىلىشىش - سوتسىيالىستىك، زامانىۋى، مىللىي مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلماقتا.

روشەنكى، سوتسىيالىزم پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ئوخشاشلا ئېلىمىز خەلقلىرى كۈرەش تارىخىنىڭ مۇئەييەنلەشكەن داۋامى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردىنبىر، ئەڭ ئەۋزەل نەجادىيەت ئىقبالى. بۇ، مەسىلىنىڭ ئاساسلىق بىر تەرىپى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، سوتسىيالىزم

تېخى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۇ ھازىرغىچە يېتىلگەن، مۇكەممەل بىر ئەر تىپىك ئۈلگىگە ئېرىشمىگەن يېڭى شەيئى. ئۇ داۋاملىق تارىخ دولقۇنلىرىدا چېنىقىپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ نۇرانە كېلەچىكى ئىكەنلىكىدە شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر كونكرېت تەرىپى.

زامانىۋىلىشىش دۇنيا خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھادىسىسىگە ئايلىنىپ قالدى. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىمۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى ياكى داۋاملىق زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. زامانىۋىلىشىش ئوخشىمىغان تىپقا، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپىغا، ئوخشىمىغان مىللىي ـ مەھەللىي تىپقا بۆلۈنگەن. زامانىۋىلىشىش ھادىسىسى كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىش ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ماۋزۇ بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە، قەدىمىيەت ـــ تارىخىمىزنىڭ ئۆتمۈشى بولۇپ قالدى. ئۆتمۈشنى ئەينەن ياكى مەزمۇنەن مۇتلەقلەشتۈرۈپ قايتا قۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆتكەنكى تارىخىمىزدا خەلقىمىز ياراتقان باي ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىز نىسپىي ۋە زامانە نۇقتىسىدىن ئۆتمۈشتىكى ھاياتىمىز ۋە ئىجادىيەت سەمەرىمىزنى ئىپادىلىگۈچى ئېيتىخارلىق پاۋلىيونىغا ئايلىنىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىللە، يەنە بۇنداق مىللىي مەدەنىيەت بايلىقىمىزنىڭ ئۆلمەس ئۆزىكى بولغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەنئەنە بىزنىڭ ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئۇلى، تەركىبىي قىسمى. ئۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ گۈل ـ چېچەككە سىڭىپ داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ھاياتىمىز، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىمىز ۋە پىسخىكىلىق ئادەت چۈكمىلىرىمىز ئىچىدە تەنقىدىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ياندىشىشقا، ئىرغىتىپ تاشلاشقا، ساۋاق قوبۇل قىلىپ ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك بولغان بىر قاتار غەيرىي نۇرانە سەۋەنلىكىمىز، ئىللەتىمىزنىڭ بارلىقىغىمۇ كۆز يۇمالمايمىز. مىللىتىمىز زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەتكە مۇيەسسەر بولۇشتىكى ھەربىر باسقۇچىدا بۇ سەۋەن ۋە ئىللەتلەر توغرىسىدا ئاڭلىق تەپەككۇرغا ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ «غىلاپ بەندىسى» بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

مىللەت، بولۇپمۇ مىللىي مەدەنىيەت ئۆز تەرەققىياتىدا دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ئۈچ مەسىلە — ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەت بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز جەريانىدا بىر گەۋدە بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ھازىرقى زامان مىللىي كامالىتىگە ئېرىشىشىنىڭ ئۇلىنى تۈزىدۇ. مەلۇم مەنىدە بۇنى ئۇيغۇر خەلقى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇقەررەر تەقەززاسى ۋە بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭلىق پائالىيىتى دېيىش مۇمكىن. بۇ، ھازىرقى كۈندە خەلقىمىز ياقلاپ چىقىشى لازىم بولغان ئورتاق نىجادىيەت يولى. ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرى 1930 ـ يىللاردىلا «مىللىي، ئاممىۋى، پەننىي مەدەنىيەت» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ئەينى يىللاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەدەنىيەت ـ سەنئەت دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مەنىۋى جاسارىتىنى ئۇرغۇتقانىدى. بۈگۈنكى كۈندە مىللىي، سوتسىيالىستىك، زامانىۋى مەدەنىيەت ئۈچ بۇرجىكى تەشەببۇسى خەلقىمىزنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلىشى بىلەن بىللە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقىغا ئىلھام بېغىشلايدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، بىر قىسىم كىشىلىرىمىز

ئاغزىدا ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدە قىلىنىشى پىرىنسىپىنى قوللىنىمۇ، ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قويىدۇ، بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويىدۇ ياكى بىرىنى باشقىلىرىغا زىت قىلىپ قويىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنداق مۇھىم ۋە تۇيغۇر تارىخىي بىناكارلىق تۈزۈلمىسىدىكى ھەرقانداق بىر تەرەپلىمىلىك ئىغىشلارنىڭ ئىلىپ كىلىدىغان بەدەللىرى ئىغىر بولىدۇ. مۇھىم ئويغىنىش دەۋرلىرىدىكى بەزى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەيىبلىنىشى پەقەت ئۇلارنىڭ بىرلا تەرىپى. شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ قويۇش ياكى ھازىرقى زامان مەدەنىيەت مەلەكىسىدىن مەھرۇم قىلىش ــ مانا بۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق تەرىپى. بۇ جازانى پۈتكۈل بىر دۆلەت، پۈتكۈل بىر مىللەت بىرقانچە ئەۋلادقىچە تارتىشقا توغرا كىلىدۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر ئۆز ئاداشتۇرغۇچىلىرىنى، خۇددى ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى كۈندە بىر زامانلاردىكى بەھەيۋەت «پىرى ئۇستاز» دەبدەبىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھىدايىتۇللا ئافاق خوجىنى ئەيىبلەشكە كىرىشكەندەك لەنەت تاختىسىغا ئەبەدىيلىككە مىخلىشىدۇ. روشەنكى، ئۆز تارىخىدىن لەنەت ۋە شۆھرەت نامايەندىلىرىنى داۋاملىق بايقاپ تۇرمىغان مىللەت خاموش مىللەتتىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، ئۇچۇر دەۋرى، ھازىرقى زامان سىيلىشتۇرما ئىپكى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئۆركىشى مۇنداق خاموش ئۇيقۇ جاھالىتىگە تىز سۇرئەتتە بەرھەم بەرمەكتە.

## 2

*«ھەربىر موھتاجنىڭ نىجادىيىتى ئۇنىڭ موھتاجلىق ھالىتى ۋە ئۇنىڭ بەھرىمەنلىك ئىقتىدارىغا يارىشا بولىدۇ. ۋاھالەنكى، نوموۇس سىزىمى ۋە ئۇنى بىلىش ئىپكى ــ ھەقىقىي نىجادىيەتنىڭ*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت.»

— «نىجادىيەتنامە»دىن

ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەت مەسىلىسىدە بىزگە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىر قەدەر تونۇشلۇق بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ھەر ئىككىسى يېڭى شەيئىدىن ئىبارەت. بۇنداق دېگەنلىك ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن بىز سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولدۇق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىز تېخى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە بۇ خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقان مىللىتىمىزگە نىسبەتەن تەلتۆكۈس «زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمى»گە كۆتۈرۈلگەن «ئۆز ـ ئۆزىگە قارىتىلغان ئاڭ»غا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ مەسىلىدە ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز، بەزلىمەسلىكىمىز لازىم. بىرمۇنچە كىشى ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداش ۋە بەزلەشنى مىللىي ئىپتىخار تىماتىكىسى قىلىشقا ئالدىغان ئېچىنىشلىق چەمبەرنى بۆسۈپ چىقالىغىنى يوق.

مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا، مىللەتنىڭ سوتسىيالىستىك، ھازىرقى زامان مەنىۋى مەدەنىيىتى بىناكارلىقىدا ھالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماھىيەتتە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ، نومۇس ـ ئىپتىخارىنىڭ، ئىلگىرىلەش جاسارىتىنىڭ، ھاياتىي ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھەم ئەڭ ماھىيەتلىك ئۇچۇرىدىن ئىبارەت.

مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى تولىمۇ كەڭ تىماتىكا. ئۇ ئۆز مىللىتىگە بولغان ھېسسىي مۇھەببىتىنىمۇ، ئەقلىي مۇھەببىتىنىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ، تاشقى گارمونىيەسىنىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش

تارىخىنىمۇ، كەلگۈسى تېخىمۇ يىراق راۋاجلىنىش شەرتلىرىنىمۇ ھەمجەھەت قىلغان بولۇشى لازىم. بۇ جەھەتتە بىر مەھەللىك قىزغىن ھېسسىياتقا بېرىلىشتىن، ئارازلاش كەيپىياتىغا چۆكۈشتىن، ئۆتمۈشنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېرىشتىن ھېچقانداق ئەمەلىي ۋە ھەقىقىي مېۋىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىسىدىمۇ ماكان بىلەن زامان، مەزمۇن بىلەن شەكىل، ماھىيەت بىلەن ھادىسە، ئۆتۈپ كەتكۈچى بىلەن چۆكمە ھاسىل قىلغۇچى، قاتلام بىلەن چەمبەر، ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىق، ئىنكار قىلىش بىلەن ۋارىسلىق قىلىش، جارى قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش بىلەن چەكلەش، قوبۇل قىلىش بىلەن تەسىر كۆرسىتىش، ھەزىم قىلىش بىلەن تۆھپە قوشۇش، ئۆزىنى گەۋدە قىلىش بىلەن باشقىنى ئوزۇق قىلىش قاتارلىق كۆپ قىرلىق تەرەككۇر روكىنلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەنە مىللەت روھىيىتىدە چۆكمە ھاسىل قىلغان، مىللەتنىڭ تەرەككۇر ھېسسىياتى، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئېغىر نۇقسان كەلتۈرىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىزچىل كۈرەش قىلىشنى، مۇنداق ھەقىقانىي، مەنپەئەتلىك، ئاڭلىق تەنقىدىي پائالىيەتنى خەلقنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇمۇشلۇق تۇركۇمىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ ئەمەلىي تىنىقىغا ئايلاندۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ، مىللەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەقەللىي بېشارىتى ۋە دائىمىي ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچىدىن ئىبارەت. مىللەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆزىدىكى روھىي ئىللەتلەرنى تازىلىشى تارىخىي خاراكتېرلىك تەقەززا. مۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك تەقەززانى تونۇپ يەتكەن تەشەببۇس چۇقانلىرى ھەممە مىللەت ئەزىمەتلىرىنىڭ تارىخىي خىزمىتىدىن ئىبارەت. قەدىمكى مۇتەرەككۇرلاردىن سوقرات بىلەن كۇڭفۇزىنى بۇنىڭ پېشۋالىرى دېيىشىمىز مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپ،

مەھمۇد كاشغەري، ئەھمەد يۈكنەكي، ئەلشىر نەۋايى، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلي، ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سادىق كاشغەري، ئابدۇرېھىم نىزارى، يېقىنقى زاماندا ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزي)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى ۋە ئالىيجاناب ئاڭلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن مىللەت روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مۇھەببەت يالقۇنلىرىنى ئۆز دەۋرىگە لايىق مەزمۇنلار بىلەن مەنىۋى چۇقان سادالىرىغا كۆتۈرۈپ كەلدى. مەلۇم مەنىدە شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بۇ خىل مەنىۋى ئىلگىرىلەش چۇقانلىرى ئەينى زامان مەدەنىيىتىمىز تارىخىغا مەلىكە ۋە ھۆسن قوشتى. ئۇلارنىڭ ئەينى زامان مەدەنىيەت كۈشەندىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقلىرى، ھۇجۇم ۋە ئۆسەكلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ مىللەتتە ساقلانغان مەنىۋى ئىللەتلەرنى تازىلاشتا كۆرسەتكەن ئاقىلانە خىزمەتلىرىنى خەلقىمىز ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئاڭلىق بىلىش ئېگىزلىكىدە مەڭگۈ خاتىرىلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ.

مىللەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆزىدىكى روھىي ئىللەتلەرنى تازىلىشى ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇلۇغ ئائىلىسىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللەتتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي قاتلامغا كۆتۈرۈلۈشىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت. بۇ قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ كارى چاغلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ كۆپى مىللىتىمىزدە ساقلانغان، بەزىدە ئەسەبىي قوپۇن ھالەتكە كۆتۈرۈلىدىغان مۇنداق روھىي ئىللەتلەرنىڭ «ئەزگۈ كۆڭۈللەرنى كاۋاپ، كۆركەم چىمەنلىكنى خاراب» قىلىدىغان ھالاك قىلغۇچ، بۇزغۇچى ھالىتى ۋە ماھىيەتلىرىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ، ھەتتا:

ياتسام كىرىپ شام گۆردە خاس ،
بولسام ئۆسەكتىن گەر خالاس.
شۇ چاغدا ھەم تەلۋە قۇيۇن،
رەشكى ـ ھەسەتتىن توختىماس.

دەپ بىزارلىق ئىپتىزالىرىنى بىلدۈرۈشتى.
كۆپلىگەن ئالامەت ئۇقتۇرىدىكى، مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدىغا ناباب روھىي ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان. بۇنى ئىرىغداش پۈتكۈل مىللەت جامائەتچىلىكىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. بۇنى ئىرىغداش ھازىرقى زامان تەرەققىيات مەلىكىسى مۇھىتىدا مىللىتىمىزنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە پارلاق كېلەچىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى توغرىسىدىكى زامانىۋى مىللىي ئاڭنىڭ ياڭراق دەۋىتى. ماقالىمىز كېيىنكى سەھىپىلىرىدە بۇ نۇقتىنى چۆرىدەپ ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## 3

*بىلمەسلىك نادانلىقتۇر، نادان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەسلىك قوش ھەسسە نادانلىقتىن ئىبارەت.*

*ـــ ئەپلاتون*

*خەلقنىڭ غېمى ـــ قەھرىمانلىق تەپەككۇرىنىڭ نىجادىيىتى. ئۇنىڭ خىزمىتى ـــ خەلقنىڭ نىجادىيەت يولىنى ئىزدەش ۋە كۆرسىتىش ...*

*نىجادىيەت تەنتەنىسىگە قىلىنغان پىتنە ـــ ھالاك بولۇۋاتقان ئۆتمۈشنىڭ نالىسى ۋە غۇمى، خالاس.*

*ـــ «نىجادىيەتنامە»دىن*

مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىلمى، تارىخىي چۈشەنچىسى ھازىرقى زامان مىللىي ئېڭىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مىللىتى ئۇچۇن مۇنداق ئۇز ـ ئۆزىنى بىلىش ئىككى ئەڭ كەم دىگەندىمۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن گەۋدىلەنگەن بولۇشى لازىم.

**بىرىنچى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشنى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى سۆيۈش بىلەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سۆيۈش بىلەن توغرا بىرلەشتۈرۈش لازىم.**

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، مىللەت ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ مۇئەييەن تارىخى ۋە ئېتنولوگىيەلىك ئىنسان تۈركۈمى. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق ئەجدادلىرى ئاساسىدا كۆپلىگەن قەبىلە ۋە خەلقنى تولۇق ياكى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ، داۋاملىق شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقى تىللاردا داستان قىلغۇدەك ماددى مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىپ ۋەتىنىمىز تارىخىغا قىممەتلىك تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ مىللىيەتلىك تارىخىدا ئىپتىدائىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىنسان تۈركۈمى كاتېگورىيەسىدىن كۆپ قېتىم ھالقىپ بۈگۈنكى ئېتنىك گەۋدىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىپتىدائىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىللىي ۋە مەھەللىي مەدەنىيىتى كاتېگورىيەسىدىن كۆپ قېتىم ھالقىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئېرىشكەن. ئۇ بۇ جەرياندا ئېلىمىزدىكى، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيادىكى، يىپەك يولىدىكى كۆپلىگەن خەلق ۋە مىللەت بىلەن كۆپ قىرلىق دائىمىي ئالاقىدە بولۇپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك، ۋارىسلىق، راۋاجلىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخى ئاساسىي ئېقىم نۇقتىسىدىن قانداقتۇر «شىشىگە بەند قىلىنغان» بىكىنمىچىلىك ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەلگەن تارىخ بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن

قەبىلە، مىللەت، دىن ۋە مەدەنىيەت تىپى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەۋزەللىرىنى ساقلاپ، ئەۋزەلسىزلىرىنى شاللاپ كەلگەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە قاينام ـ تاشقىنلىق ئىچىدە ئىلگىرىلىگەن تارىخ. هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا تەدرىجىي يوقالغان ياكى ئۆزگىرىپ كەتكەن خەلقلەردىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ قىرلىق، دائىمىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىغا پائالىيەتچانلىق بىلەن ئاكتىپ قاتناشقانلىقىدەك ئارتۇقچىلىقىدىن ئەۋزەللىككە ۋە داۋاملىق گۈللىنىش شارايىتىغا ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلار شىمال ـ جەنۇب مۇناسىۋىتىدە، شەرق ـ غەرب مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنىڭ هاياتىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. دەل مۇشۇ مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلارغا ئىككىنچى هاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

قارا سۇغ مەدەنىيىتىدە، ئەپراسىياپ رىۋايەتلىرىدە، ئورخۇن ـ يېنسەي (ئاناساي. — تەكلىپلىك مۇھەررىردىن) ئابىدىلىرىدە دەسلەپكى شۆھرىتىنى كۆرسەتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كېيىنچە چۇشكۇنلىشىشكە دۇچ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا خەن ئەنگونىڭ خەن ۋۇدىغا ئېيتقان تۆۋەندىكى كەلىمىسىنى تەققاس قىلىش مۇمكىن: «ئېتىلغان ئوقيا هەرقانچە كۈچلۈك بولغان بىلەنمۇ ئاخىر بېرىپ هىلھەل ياغلىقنىمۇ تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ. بوران هەرقانچە كۈچلۈك بولغان بىلەنمۇ ئاخىر بېرىپ بىر تال هاڭغۇت پېيىنىمۇ ئۇچۇرالمايدۇ. بۇ يەردە گەپ ئوقيا بىلەن بوراننىڭ دەسلەپىدە كۈچسىز بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئاخىر بېرىپ زەئىپلەشكەنلىكىدە.»[①] ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىدە بۇ زەئىپلىكلەرنى يېڭىپ، هەسسىلەپ كۈچىيىشكە يۈزلەندى ۋە پۈتكۈل يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ هال ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدا تارىخىي خاراكتېرلىك زور بۆسۈش هاسىل قىلدى. هەتتا ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنى يوقاتقان قىرغىز

① «تارىخىي خاتىرىلەر»،ئۇيغۇرچە نەشرى 361 ـ بەت

www.uyghurkitap.com



قەبىلىلىرىمۇ بۇ نۇرانە يېڭى مەدەنىيەتكە قاراپ يۈزلىنىش ئارزۇسىغا چۈشتى.

ۋاھالەنكى، ئىككى تارىخىي ھادىسە بۇنداق قايتا گۈللىنىشكە بەرھەم بەردى. ئۇنىڭ بىرى، ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ راۋاجى، يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئورنىنى دېڭىز - ئوكيانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىگىلىشى؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئېلىمىزنىڭ بېكىنمىچىلىكى ۋە مەخدۇم ئەزەمدىن ۋەلىخان تۆرە، ئابدۇرېھىم ئەئلەمگىچە داۋام قىلغان جاھالەتلىك ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى ۋە «غازات» تېررورلۇقىدىن ئىبارەت. بىز ئەينى يىللاردا نەمەنگانلىق مۇتەپەككۇر بابا رەھىم مەشرەپ بىلەن يەكەنلىك شائىر، مۇتەپەككۇر مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي شېئىرلىرىدىن، جۈملىدىن خوجا - ئىشانلارنىڭ پىتنە - ئۆسەكلىرىگە قارىتىپ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ تەكلىپى بىلەن يېزىلغان ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ «دەھرۇلنەجات» (نىجادىيەت دەۋرى) ناملىق داستانىدىن بۇ مەدەنىيەتكە كەلگەن زاۋال گۈگۈمىنىڭ ئېغىر تىنىقلىرىنى كۆپلەپ بايقايمىز.

ئەگەر بىز تاڭ سۇلالىسى يىلنامىلىرى بىلەن ئەينى زامانىدىكى بەي جۈيى، ۋاڭ ۋېي، لىۇ يەنسەي، لىۇ جېن قاتارلىق نەچچە ئونلىغان مەشھۇر شائىرنىڭ غەربىي دىيار توغرىسىدىكى بايان ۋە نەزمىلىرى، جۈملىدىن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ ئىدىقۇت زىيارىتى توغرىسىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇچۇر تەپسىلاتى بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا كەلگەن جى جۈن، خۇڭ لياڭجى، لىن زېشۈي، شاۋشۈن، سۇڭ بولۇ قاتارلىقلار يازغان شېئىرىي تەپسىلاتلارنى بىر قۇر سېلىشتۇرىدىغان بولساق بۇ ئارىدىكى «گۈللىنىش - چۈشكۈنلىشىش» ھادىسىسىنى بىرقەدەر ئېنىق ھېس قىلىمىز.

بىز بىرقانچە بوۋىمىزغىچە مۇشۇنداق بېكىنمە، خارابە ۋە نادانلىق مۇھىتىنىڭ ئاخىرقى چۆكمىسىدىن دۇنياغا تۆرەلدۇق.

شۇ سەۋەبلىك بىز ئاددىي تۇرمۇش تەپەككۇرى ۋە ئېلېمېنتار، ھېسسىي، مىللىي مۇھەببەت ئۇيۇقىدا تۇرۇپ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى، ئۇنىڭدىكى ھالاكەت ۋە ھايات، گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش ھەرىكىتى قانۇنىيەتلىرىنى بايقىيالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئاڭلىق تەپەككۇر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەقىقىي ئاڭلىق تەپەككۇر — يۈزەكى، ھېسسىي، ئېلېمېنتار، كەيپىياتچان مۇھاكىمىدىن خالاس بولۇپ، بۇ خىل تەپەككۇر ئەپلاتوننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ھەقىقىي مۇتەپەككۇرانە تەپەككۇر» بولۇشى كېرەك. ئەسرىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزىي)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئويغىتىش تەشەببۇسلىرىنىڭ پۈتكۈل مىللەتنىڭ، بولۇپمۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ئورتاق «چۇقان»ى غا ئايلىنالماسلىقى خەلقىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى پاجىئەلىك جاھالەت چۈكمىسىنىڭ پېچەتى بۇزۇلمىغانلىقتىن بولغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن مىللىتىمىز قەد كۆتۈردى، بىرقانچە ئەسىرلىك جاھالەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئەقلىي بىلىشنىڭ يېڭىچە تەپەككۇر يالقۇنلىرى بىلەن قەيسەرانە ئىلگىرىلەش روھىيىتى يۈز مىڭلىغان مۇنەۋۋەر قەلبىنىڭ ئورتاق مېلودىيەسىگە ئايلاندى.

ئۆز مىللىتىگە بولغان ھەقىقىي ساغلام مۇھەببەت — مىللەتلەر ئارا ھەقىقىي ئىنتېرناتسىيونالىستىك، قېرىنداشلارچە كۆز قاراشنىڭ تىكلەنگەنلىكى بىلەن جۇلالىنىدۇ.

ئېرىخ فىروم توغرا ئېيتىدۇ: «مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى — ياخشى كۆرگىنىگە ياخشى كۆرۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت.» ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشكىمۇ ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. مىللەتنى ئېغىزدا سۆيىدىغان، ئەمەلدە ئۇنىڭغا زىيان ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زەخمەت كەلتۈرىدىغان كىشىلەردە مۇنداق ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردىكىسى ئىچىپ ئېيتقاندا «مۇھەببەت» نىقابىغا ئورىنىۋالغان نەپرەتتىن، بۇزغۇنچىلىق ۋە بىخۇدلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېرىخ فىروم ئېيتقاندەك ئومۇمەن مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ ئەجابىي ئىپادىسى بولۇپ، پەقەت باشقىلارنى سۆيۈشلا گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشكە باشقا مىللەتلەرنى ھاقارەتلەش، چەتكە قېقىش، كەمسىتىشنى شەرت ۋە بەدەل قىلىش، ئۆزىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي، پىسخىكىلىق ئىللەتلەرنى ئەيىبلەپ تازىلاش ئورنىغا باشقا مىللەتلەرگە كايىيدىغان، غوم ساقلايدىغان پىسخىكا ھەتتا كۆز قاراشلارنى ئاشكارا بازارغا سېلىش ھازىرقى زامان مىللىي ئېڭىغا زىت، غەيرىي ئىلمىي روھىيەت ۋە كۆز قاراشتىن ئىبارەت.

## 4

*«شائىرنى ئۇلۇغلىغان نەرسە — دەل ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە چاقناپ تۇرغان ئىنسانىيەت بىلەن نىجادىيەتنىڭ ھىجران نالىسى ۋە ۋىسال شادىيانىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.»*

*«سەبىيلەر زەي پاخاللاردا يېتىپ ئۆزۈن كەچۈرمىشلەرنى ئەسلىگەندە نىجادىيەت پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزى يورۇيدۇ.»*

— *«نىجادىيەتنامە»* دىن

گوسېئا: «مېنىڭ خەلقىم بىلىمنىڭ كەمچىللىكىدىن ھالاك بولىدى» دېگەنىدى. «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»دا: «توقۇز ئوغۇز بەگلەرى بودۇنى بۇ سابىمىن ئەدگۈتى ئەشىد، قاتىغدى تىڭلا» (توققۇز ئوغۇز بەگلىرىنىڭ خەلقلىرى بۇ سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلا، چىڭ ساقلا)، «ئۆكۈن!كۈرە گوگۈن ئۈچۈن»، «بىلمەدۈك ئۈچۈن» (پۇشايمان قىل كۆرەڭلىكىڭنىڭ ئۈچۈن، نادانلىقىڭ ئۈچۈن)، «ئىغار ئوغلانىڭىزدا تايغۇنىڭىزدا يىگدى ئىگدۈر

ئەرتىڭىز»(قەدىردان ئوغلانلار، ئەۋلادىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيەلەپ ئالەمدىن ئۆتۈڭىزلەر) دەپ يېزىلغان. ھازىرقى زاماندا مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ئۈچۈن:

**ئىككىنچىدىن، مىللەتنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئىجادىيەتتە راۋاجلانغان سوتسىيالىستىك، زامانىۋى، ئىقتىدارلىق، تۆھپىكار مىللەت قىلىپ چىقىشنىڭ تارىخىي زۆرۈرىيىتىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.**

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، نادانلىق تېخىمۇ ئېغىر نادانلىقنى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي بالايىئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سپىنوزا: «يامانلىقنىڭ ماھىيىتى نادانلىقتۇر»، «ئەركىنلىك بىلەن سائادەت كىشىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىدە، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدىشىدە، ئۆزىنى ئىمكانقەدەر ئىنسانىي تىپىكلىككە يېقىنلاشتۇرۇشىدا» دېگەنىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنىڭ نامايەندىلىرى بىلىم ۋە نادانلىقنى ئىنسانىي تۇرمۇش بىلەن ھايۋانغا خاس ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىككى تۈرلۈك مىللەت ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئەخلاقتا شۇنچە قەيسەرلىك بىلەن ئۆزىنى ئۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئىلىم تەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئالدىنقى ئورۇندا ئىلگىرىلەۋاتقان مىللەت، يەنە بىرى، ئۇزاق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ۋە كېچىككەن مۇساپىسىنى تولدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن مىللەت. ئۇلار چۈشىنىدۇكى: ئومۇمەن قىممەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشمەك ئىنتايىن مۇشكۈل، ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇشكۈلچىلىكتە ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر ئومۇمەن قىممەتلىك.

مۇھەببەت ــ نوقۇل خاھىش ئەمەس، بەلكى قىزغىن غايىۋى پائالىيەت.

بەخت ـ سائادەت ــ نوقۇل ئىستېمال كەڭ ـ كۈشادىلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ئۆز ئىجادچانلىقىنى جارى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئەبۇ نەسىر فارابىي توغرا ئېيتقانىدى: «بىز پەقەت گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولغان ۋاقتىمىزدىلا بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر بولىمىز.» فارابىي بۇ يەردە بەخت ـ سائادەتنى ماددىي پاراۋانلىقتىن ئۈستۈن بولغان يۇقىرى قاتلامدىكى ئىجتىمائىي مەلەكە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەن. بۇنداق گۈزەللىكنى نەزەرىيەۋى تەپەككۇر، ئاساسىي پەنلەر، تېخنولوگىيەلىك تەتبىقاد، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشىسىز قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھېيوتى «فائۇست» داستانىغا ھەممە جىنايەتتىنمۇ ئېغىر جىنايەت ئىجادىيەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى سىڭدۈرگەنىدى. چۈنكى ئىجادىيەتسىزلىك ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا قىلىنغان بىرىنچى دەرىجىلىك ھاقارەت، شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيىتىگە قىلىنغان ئەڭ ماھىيەتلىك ئاسىيلىقتىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك، سەۋەنلىكنى كەچۈرۈش مۇمكىن، كەچۈرۈلمەيدىغىنى ئىنساندىكى ئىنسانىي قىممەتنىڭ ھالاكىتى بولغان پائالىيەتسىزلىكتۇر!

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلۈكى مىللەت تۈركۈمىنىڭ سۇبيېكتىپ شەرتلىرىدىن ھالقىغان بىر قاتار زامان، ماكان، ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي شەرت بىلەنمۇ ئالاقىدار، ئەلۋەتتە. ئەمما ئەڭ مۇھىم سۇبيېكتىپ شەرت شۇ مىللەتنىڭ نەزەرىيەۋى تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت ساپاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۇرغۇن پاكىت ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان نەزەرىيەسى، پەن ـ تېخنىكىسىنى ئىگىلەشتە ھېچقانداق يوشۇرۇن ئىقتىدار يېتەرسىزلىكىدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ نۇقتىنى چەت ئەللەردە، ئىچكى ئۆلكىلەردە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان كۆپلىگەن كىشى ئېنىقمۇ ئىسپاتلىدى.

مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەنگە يۈزلىنىش قىلىش، مەدەنىيەت ئىگىلەش يېڭى دەۋرى باشلاندى.

ئەمما، مىللىتىمىزنىڭ روھىي قاتلىمىدا كېيىنكى زامانلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللەنگەن بىر قاتار مەنىۋى ئىللەتنىڭ تېخى خېلىلا سالماقلىق ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرالمايمىز. بۇلار: بىلمەي تۇرۇپ بىلەرمەنلىك قىلىدىغان؛ بىلمەي تۇرۇپ بىلىشكە ئىنتىلگۈچىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان؛ ئانچە ـ مۇنچە بىلىۋېلىپ كۆپرەك بىلىشكە قىزىقمايدىغان؛ نامرات ۋە نادانلىق تۇرمۇش رىجىلىرىگە ئېچىل بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغان؛ نامرات تۇرۇپ تىرىشماي ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان؛ ئادەتتىكى شېئىرىي يېزىقچىلىق قاتارلىقلارنى ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر ياكى ئاساسلىق شەكلى دەپ قاراپ، پەن ـ تېخنىكىدا جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈشتىن باش تارتىدىغان؛ ئىستېمالچىلىق، يالتىراق كۆرۈنۈش، ئويۇن ـ تاماشا، يەڭگىل ـ يۇمشاق كەسىپلەرگە بېرىلىپ، تەرەققىيات ۋە ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي پىشاڭلىرى ۋە مول مەھسۇلاتلىق بولۇقىدىن سىرتتا قالىدىغان؛ دائىملىق غەمخورلۇق، ئېتىبار، مىللىي تەركىب كۆنۈلۈكىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پارنىك مايسىلىرى سالاھىيىتىنى بوران ـ چاپقۇنلارغا بەرداشلىق ئەزىمەت دەرەخ ۋە ئورمان بولۇشتىن ياخشى كۆرىدىغان ... دېگەندەكلەردىن ئىبارەت.

مەن ئاتۇشتا زامانىۋى بىناكارلىقنى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ خالىمايدىغانلىقىنى، مايتاغدا يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىزگىنلەش سىستېمىسىدىن كۆرە «كەسىپ ئالماشتۇرۇپ» سېمونت يولدا ۋېلىسىپىت مىنىپ يۈرۈيدىغان پىركازچىك ياكى باشقا بىرەر مۇلازىمەت خىزمىتىگە مەيلىدار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۈرۈمچىنىڭ نەنمېن دوقمۇشىنىڭ «خەلق» كىنو ـ تىياتىرخانىسى تەرىپىدە خەنزۇلارنىڭ ياغاچچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياشلىرىنىڭ خېرىدار كۈتۈپ تۇرغانلىقىغا روشەن سېلىشتۇرما ھالدا بانكا تەرىپىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تاشقى پېرىۋوت چېكى، زايوم، ئاشلىق بېلىتى «سودا»سى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بۇنىڭ ئاددىي ۋە كۆرۈنۈشلۈك ئۈچ مىسالى قىلىشىم مۇمكىن. بۇنداق ۋە بۇ خىل تىپتىكى «كۆپۈكتەك لەيلەشنى ياخشى كۆرىدىغان» روھىيەت ھەممە شەھەر ـ كەنتكە يامراپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سودىغا چاققان، تاماققا ئۇستا، شېئىرغا ماھىرغۇ؟ شۇنداق! بۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تارماقلىرىدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرىنى ھازىرلىغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئاندىن «گۈل ئۈستىگە گۈل» گۈزەللىكى بەرپا قىلالايدۇ. بۇنداق مىللەتنىڭ ھايات تەقدىرى، ئۇنىڭ ھايات ۋە ئىنسانىيەتكە تۆھپە بېغىشلاش ئىقتىدار قىممىتىگە ئالاقىدار غايەت زور ماتېماتىكىنى باشقا مىللەتلەردىن ئارازلاش روھىيىتى بىلەن يېپىپ قويۇشقا ياكى ئاداققىچە ئاقلاپ چىقىشقا بولمىسا كېرەك. ئېرىخ فىروم توغرا ئېيتىدۇ: ئومۇمەن ئىنسان ئىنتايىن زىددىيەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقىمۇ موھتاج، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ ئېھتىياجلىق، بۇ زىددىيەتنى پەقەت ئىجادىيەتلا ھەل قىلىپ بارىدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭغا ئۇل سالىدىغان ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت ئاساسىنى ئىگىلىمىگەن مىللەت گۈللىنىش ئىقتىدارى ۋە مەۋجۇتلۇق قىممىتىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقان مىللەتتىن ئىبارەت.

## 5

«ئىجادىيەت پەشتىقىغا يول تۇتقىنىڭدا پىتنە ـ ھەسەت *قويۇنلىرىدىن تەمتىرەپ قالما ۋە ئالدامچى خۇشامەت دەرىخىنىڭ تېگىدە سايىدىما!*»

*«ئىنجادىيەت ــ ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىر ۋە چىدامىلىق ئىزدىگۈچىلىرىگە بېرىلىدىغان ئىنئام.»*

*ــ «ئىنجادىيەتنامە» دىن*

**ئۈچىنچى، مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىشىدە سۇبيېكتىپ ئەخلاق ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنداق ساغلام ئەخلاق سۇبيېكتىپسىز ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىش مۇمكىن ئەمەس.**

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ماددىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇنەۋۋەر ئەخلاق سۇبيېكتىپسىنى ئەنئەنىلىرىنى ياراتقان. ۋاپادارلىق، ھېسداشلىق، خەيرخاھلىق، شەرم ــ ھايا، مېھماندوستلۇق، ئىنساب ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىق پەزىلەت ۋە ئادەتلەر ئۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغان. ئەمما خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىسىگە نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىللەتلەر، بولۇپمۇ كېيىنكى زامانلاردا كۆرۈنەرلىك باش كۆتۈرۈپ، ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىرىمىزنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىغان بۇنداق نۇقسان ــ ئىللەتلەرنىڭ خىلمۇ تىپلىرى ۋە بازىرى بارلىقىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس.

ئەخلاق جەھەتتىكى ئىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى «بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك ئەخلاقسىزلىق» كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغان كۆرەلمەسلىك، رەشك ــ ھەسەت قىلىش، پىتنە ــ ئىغۋا ــ ئۆسەك تارقىتىش، شەخسنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىگە دەخلى ــ تەرۇز قىلىش ۋە سۇيىقەستچىلىكتىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە يۇرتۋازلىق، ئۈمىدسىز ــ چۈشكۈنلۈك، ئالدامچى خاراكتېرلىك خۇشامەت، ئىسراپخورلۇق، ساختا شۆھرەتچىلىكنىمۇ بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك غەيرىي ئەخلاقىي ئىللەت قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. بۇ خىل ئىللەتلەر ئىجادىيەت سەمەرىلىرى ۋە مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كۈچلىرى بىلەن مىللەتنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىرلىك ــ ھەمدەملىككە نىسبەتەن بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر روھىيىتىنى زامانىۋى پاراسەت يۈكسەكلىكى بىلەن كۆزەتكەندە مۇنداق «بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك»، «دەخلى ـ تەرۇز خاراكتېرلىك» روھىيەت ئىللەتلىرىنى تۆت قاتلامغا بۆلۈش مۇمكىن :

**1. ئالدىنقى ئاڭ خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت.** بۇ بەزى كىشىلەر خاراكتېرىدە شەكىللەنگەن باشقىلارغا يول بەرمەسلىك، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىگە تەھلىكە ھېسابلاش، باشقىلارغا قىتىغۇرلۇق قىلىش، يوشۇرۇن دۈشمەنلىك ۋە ئىشەنمەسلىك پسىخىكىسىدا بولۇش، باشقىلارنىڭ بىرەر ئۇتۇقىسىزلىقىنى، ھەتتا باشقىلار ھەققىدىكى بىرەر سۆز ـ چۆچەكنى ئاڭلىغاندا روھلىنىش تۇيغۇسى ھاسىل قىلىش قاتارلىق پسىخىكىلىق ھالەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. فىرېئودنىڭ پىكرىچە، ئىنساندا يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئىجادىيەت، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىقتىدارى؛ يەنە بىرى، بۇزغۇنچىلىق، ئۆزگىلەرگە ۋە ئۆزىگە ھالاكەت چىللاش ئىقتىدارى. ئەگەر فىرېئودنىڭ بۇ قاراشلىرىنى شەرتلىك قوبۇل قىلىدىغان بولساق، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغۇاتقانلىرىمىز بىر قاتار كۆپرەك كىشىدىكى ئەنە شۇ خىل ئالدىنقى ئاڭ خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، مۇنداق ئالدىنقى ئاڭ خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىيەت مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، شەخسلەرگە قارىتىلغان بىلىم ۋە ئەخلاق تەربىيەسى، تۇرمۇشنىڭ ئاقىلانە تەشكىللىنىشى ئارقىلىق تىزگىنلىنىشى ۋە بىكار قىلىنىشى مۇمكىن. ئەكسى ھالدا، ئۇ راۋاجلىنىپ ئەخلاق، سىياسىي ۋە قانۇن تۈسى ئالغان بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك روھىي ئىللەتكە، ھەتتا جىنايەتكە ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن.

**2. ئەخلاق خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ھالەت.** بۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىدە شەكىللەنگەن، ئەخلاق ۋە

ۋىجدان ئۆلچەملىرىنىڭ رىجە ـ توسۇقلىرىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ تاشلىغان، ئالى ۋە تەپەككۇر، ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيەنى قاماغدىۋالغان شەخسىيەتچىلىك، لاپخورلۇق، رەشك ـ ھەسەت، غەيۋەت ـ شىكايەت، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قىلىنىدىغان قارغاش، ئارقىدىن تىللاش، ئۆسەك تارقىتىش، باشقىلاردىن ئۆزىگە بىرقانچە كۆشەندە تىكلىۋېلىش، ئۇنى ھاقارەتلەيدىغان ھەرقانداق ۋاستىدىن راھەتلىنىش، جۈملىدىن ئۆزىگە يول ئېچىش مەقسىتىدە ئۆز ئىززىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ساختا خۇشامەتچىلىك قاتارلىقلاردا تىپىك ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق ئەخلاقسىزلىق تۈسىنى ئالغان بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بىلىم، ئەخلاق ۋە تەربىيە ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، تىزگىنلىگىلى بولىدىغان كەمچىلىك تىپىدىكى روھىي ئىللەت بولسا؛ يەنە بىرى، تەربىيە كار قىلمايدىغان، مەخسۇس روھىي داۋالاش تەلەپ قىلىنىدىغان روھىي كېسەللىك تىپىدىكى ئىللەت. دەرۋەقە بۇنىڭغىمۇ قاراتمىلىق بىلىم بىلەن ئەخلاق تەربىيەسى بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇرمۇش ۋە گۈللىنىشنىڭ ئاساسىي شەرتى. ئىجتىمائىي ھاياتتىمۇ شۇنداق، مەنىۋى تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق. باشقىلارغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھېسابىغا ئۆز خاتىرجەملىكى، ساغلاملىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىلارغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش بەرىبىر ھەر ئىككى تەرەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئېرىخ فىرومنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئەسەبىيلىكنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت، خالاس!

**3. تۈركۈم ـــ سىياسىي خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت.** بۇ سىنىپىي كۈرەش، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە مەركەز قىلىنغان

سىنىپىي كۆرەش جىددىيلىشىپ قالغان شارائىتتا بىر قىسىم كىشى ئادەتتىكى ئاڭدىن تاشقىرى مۇئەييەن تۈركۈملەشكەن ئاڭغا باغلانغان بولىدۇ. بۇ مۇنداق تۈركۈم قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئېڭى ۋە خاھىشلىرىنى تۈركۈمنىڭ ئورتاق ئېڭى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەن سۆز. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى پىتنە ـ ئىغۋا، يالغان ـ ياۋىداق، تۆھمەت ـ ئويدۇرۇملار ئەخلاق تىپىدىكى ۋىجدان ۋە بىلىم، مەدەنىيەت ۋە تەربىيە كەملىكى تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان، چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىدىغان رەشك ـ ھەسەت، پىتنە ـ ئىغۋا قاتارلىقلاردىن ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئالامىتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئالامەتلەر: پىتنىنىڭ قارا نىيەتلىك، سۈيقەستلىك مەقسەتدارلىقى؛ پىتنە مەنبەسىنىڭ بىر مەركەزلىكى؛ پىتنە رىتىمىنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىگە ئىزچىل ئۇلانمىلىقى؛ پىتنە ئوبيېكتىنىڭ ئۇلارغا مەنىۋى تەھلىكە سېلىش قىممىتى بويىچە تاللانغانلىقى (بۇ بەزىدە سۇبيېكتىپ قىياس بويىچە ئەخمىقانە ياساپ چىقىرىلىشى مۇمكىن)؛ بۇ پىتنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى جامائەتنى پىتنە ئوبيېكتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ياكى جامائەت پىكرى تالىشىش ئىكەنلىكى؛ پىتنىنىڭ يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە مۇخلىس ئاغزىدىن بىردەك چىقىشى؛ مۇنداق پىتنىنى تارقىتىشتىكى مەجبۇرىيەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**4. قانۇن تۈسى ئالغان بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك روھىي ئىللەت.** بۇ ئەخلاق خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت بىلەن تۈركۈم (سىياسىي) خاراكتېرلىك روھىي ئىللەتنىڭ «ئاساسىي قانۇن» (38 ـ ماددا)، «جىنايى ئىشلار قانۇنى »(138 ـ ، 145 ـ ماددا) ، «ھەق تەلەپ قانۇنى »(4 ـ ، 98 ـ ، 101 ـ ، 102 ـ ماددا) دىكى شەخسنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە بوھتان چاپلاش ئارقىلىق دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە چۈشىدىغان جىنايى خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت شەكلىنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئەمدىلەتىن قانۇنچىلىق تەرتىپىنى يولغا قويۇۋاتقىنىمىز ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى تىپىك جازا تەدبىرلىرى ۋە تەربىيەۋى تەسىر كۆرسىتىش ئۇلگىلىرىنى تەشكىللەپ بولالمىدۇق. ئەمما، بۇ مۇقەررەر روياپقا چىقىدىغان خىزمەت ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

## 6

«ئىنسانلار ئۆز- ئۆزىنى بىلمەي تۇرۇپ كامالەت ھەرىمىدىكى نىجادىيەت مېۋىسىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. نىجادىيەتنىڭ دەرىجىسى ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قايتا ئىختىرا قىلىش پەللىسىگە باغلىق.»

«ۋاقىت قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەمدۇر. نىجادىيەت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەبەدىي شېرىن خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

— «نىجادىيەتنامە» دىن

غايە — گۈزەل تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئۈمىدۋار، ئىنتىلىشچان ئاڭدىن ئىبارەت . ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا ئۆز مىللىتىنى بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى رېئاللىق ۋە مۇمكىنلىك ئاساسىدا سوتسىيالىستىك تەرەققىي تاپقان زامانىۋى مىللەت قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ چىقىش غايىسىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىز تۇرغۇن. كىشىلەرنى ۋە ياشلىرىمىزنى چۈشكۈن جاھالەتلىك خىيالىي تۇرمۇش تەسەۋۋۇرى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن ئاڭ - پىكىر ئالدامچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. جان باقتىلىق بىلەن ياشاۋېرىدىغان غايىسىز كىشىلىرىمىز خېلىلا سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ياشلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچىسى غايىلىرى بەك تۆۋەن، جاسارىتى ۋە تىرىشچانلىقى تولىمۇ ئاجىز. بۇ ھال مىللىتىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان بىلىشى، تەلىپى ۋە ئىرادىسىگە كەسكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېيتىش مۇمكىنكى، بىر مىللەتنىڭ ئەمەلدىكى گۈللىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ تالانت ـ ئىستېدات ئىگىلىرىنى يېتىشتۇرۇپ چىقالىشى، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ هازىرقى زامان غايە ئېڭىنى تىكلىگەن ـ تىكلىمىگەنلىكى، ئۇنى ئەمەلىي هەرىكەتكە پىشاڭ قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا باغلىق.

ۋاقىت ئېڭى هازىرقى زامان مىللىتىدە بولۇشى لازىم بولغان مۇهىم چۈشەنچە ۋە ئىجتىمائىي ئادەت بولۇپ، ۋاقىت ئېڭىسىز ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان زامان بىلەن بىللە ئىلگىرىلەش مۇمكىن ئەمەس. لايغەزەللىك، بوكۇنكى ئىشنى ئەتىگە قويۇش، ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى مەيلى شەخسكە ياكى مىللەتكە بولمىسۇن يامان ئاقىۋەتلەر كەلتۈرىدۇ. ئاڭلىق تەشكىللەنگەن مىللەت ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ بىرلىك ئۆلچىمى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە هېساباتلىق.

ۋاقىت ـــ خالىغاندا ئالدىغىمۇ، ئارقىغىمۇ بۇرىغىلى بولىدىغان، خالىغاندا قوڭغۇراقتەك جىرىڭلاتقىلى بولىدىغان مېخانىكىلىق سائەت ئەمەس. ۋاقىت ـــ تۈگۈپ تاشلىسا تۈگۈن بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغان يېشىلمەس تۈگۈن ياكى ئەسھابۇلكەھف غارىدىكى تىلسىم ئەمەس. ۋاقىت ـــ ئۆز ئېقىمىدا يۈز بېرىۋاتقان هەممە مەدەنىيەتسىزلىك ۋە رەزىللىككە بىپەرۋا، سوكۇتچان، ئىنكاسسىز هەيكەل ئەمەس . ۋاقىت ـــ كائىناتنىڭ هۆكۈمرانى، هەققانىيەت سودىيەسى، ئۇ هەممىنى هالاك قىلغۇچى ۋە بىنا قىلغۇچى بىراخما! ئۇ خۇپىيانە سىرلارنىڭ تۈۋۈقىنى ئاچىدۇ، ئۆزىنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان ۋە خارلىغانلارنى ئېتىبارسىز قالدۇرىدۇ ۋە خارلايدۇ. ئۇ شەخسنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ خارابلىق ياكى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى سىزىدۇ. ۋاقىت ـــ ئىجادىيەت، ۋاقىت ـــ قىممەت، ۋاقىت ـــ بايلىق، ۋاقىت ـــ تەقدىر ۋە هايات دېمەكتۇر. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا تۇرلۇك ۋاسىتە بىلەن ۋاقىت ئېڭى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ۋاقىت

ئېڭىغا زىت ھەر خىل روھىي، ئەخلاقىي ۋە ئەمەلىي ئىللەتنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىشنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

رىقابەت ئېڭى ــ رېئاللىقتا يۈزلەنگەن غايەت مۇھىم ھاياتىي ئاڭ بولۇپ ، ئۇ رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسلىق تېنىقى ۋە پائالىيەت دېڭىگاتىپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. رىقابەت ئېڭى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئۈچۈن بارلىق ئىچكى نىزا ۋە روھىي ئىللەتنى تازىلاپ، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىسلاھات قىلىپ، مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە بىرلىك ـ ھەمدەملىكنى كۈچەيتىپ، زامانغا، جاھانغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك غايەت زور ئىلھام بولىدىغان بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. تۈرلۈك فوند جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىنىشى، مەكتەپ ۋە ئىلىم مۇئەسسەسەلىرىنى ئېچىش، چەت تىللار ۋە تېخنىكا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈرۈش، جۈملىدىن مىللەتنى نابۇت قىلىدىغان ساۋاتسىزلىق، يۈرتۋازلىق، ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بېرىلىش، قىمار ـ پاھىشە، بىكار تەلەپلىك، ئالدامچى ـ كاززاپلىق، ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنى يولدىن چىقىرىش قاتارلىق ئىللەت، گۇناھ، جىنايەتلەرگە خاتىمە بېرىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان پائالىيەتلەر مىللەتتە ھازىرقى زامان رىقابەت ئېڭىنىڭ ئويغانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېيتىش كېرەككى، مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئېڭى ۋە تۈرلۈك روھىي ئىللەتنى ئورتاق ئەيىبلەش ئىرادىسى بىلەن رىقابەت ئېڭى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللەتنىڭ رىقابەت ئېڭىنى قانداقتۇ بىر ـ بىرىنى ئالداپ ـ كولدۇرلىتىدىغان، بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىپ زەربە بېرىدىغان ھىيلە ـ نەيرەڭ دەپ قاراشتىنمۇ ئارتۇق بىمەنىلىك يوق. بۇنداق قاراش مىللەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كېمەيتىدۇ، مىللەتنى پائالىيەتسىز، چۈشكۈن ھالەتتە قويىدۇ. بۇ، مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزىي)، ئابدۇخالىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ئۆزەك قىلغان مەرىپەتپەرۋەر، ئىسلاھاتچىل قاراشلىرىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىپكى بۈگۈنكى زاماندا يېڭى مەزمۇن بىلەن قايتا كۈنتەرتىپكە قويۇلماقتا. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىشىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەردە مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا يېڭى تەلەپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. كۆڭفۇزى بىر زامانلاردا ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت، ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىل»، «مەنپەئەتنى كۆرگەندە مەجبۇرىيەتنى ئويلا» دېگەن قاراشلار بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا قويغان قانائەت ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىدىيەلىرى يېڭى قىممەتكە ئىگە بولماقتا. تەرەققىيات پۈتكۈل مىللەت، دۆلەت ۋە ئىنسانىيەتتە ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى، ئىپكى ۋە سىستېمىسىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسەتتى. بۇ بولۇپمۇ بازار ۋە تاۋار مۇناسىۋەتلىرى كۈچەيگەن، پۇل ۋە ئىستېمال كەيپىياتى ئەۋجىگە چىققان شارائىتتا پۈتۈنلەي شەخسىي مەنپەئەت قوغلىشىپ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گارمونىك، ھاياتىي شەرتلىرىنى ھالاك قىلىدىغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ۋە روھىيەت قارىغۇلۇقىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىپكىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىش، بىر تەرەپتىن ھۇرۇنلۇق، بوشاڭلىق، لايغەزەللىك، بىكار تەلەپلىك، يۇرتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، ساختا شۆھرەت، ئىناقسىزلىق ھالەتلىرىنىڭ داۋاملىق ئەۋج ئېلىشىنى چەكلەش بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن بېيىغاندا خەلقنى ئۇنتۇيدىغان، مەنپەئەت ئالدىدا كۆزى قىزىرىپ ئىنسانىي بۇرچنى ئادا قىلمايدىغان ھالەتلەرگە بەرھەم بېرىش لازىم.

# 7

*«نىجادىيەت سەپىرىگە ئاتلانغىنىڭدا جاھالەت دۆلىرىدىن ھولۇقما، ئۇ ئالجىش! ئويغىنىۋاتقان تەپەككۇر ۋە نۇرلىنىۋاتقان مەدەنىيەت مەشئىلى ئالدىدا جاھالەت ئاتامانلىرى پەقەت نامازشام پاشىلىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس!»*

*«ئىنسانىيەت نادانلار پادىسى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا كۆپلىگەن ئاڭ ۋە مەدەنىيەت مەشئەلچىسى بار.»*

—— «نىجادىيەتنامە» دىن

مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى خېلىلا جاپالىق يول. ئۇ ئويغىنىش ئوبيېكتىنىڭ زورلۇقى بىلەنلا ئەمەس، قارشى قۇيۇننىڭ خېلىلا تەرسا ۋە سالماقلىقى بىلەنمۇ جاپالىق. مۇنداق بىر تارىخىي خاراكتېرلىك بىناكارلىق ۋە مۇشكۇل سەپەردە ھەممىدىن زۆرۈرى بىر تۇركۇم مۇنەۋۋەر ۋە قەيسەر باشلامچىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيۇشۇشىدىن ئىبارەت. ئۇلار مىللىتىمىزدىن كېلىپ چىققان، مىللىتىمىز سەۋىيەسىدىن ئېگىزلىكتە تۇرغان، مىللەتنى توغرا تەھلىل قىلالايدىغان ۋە ئۇنى ھەقىقىي نىجادىيەتكە يېتەكلىيەلەيدىغان بولۇشى لازىم. قەھرىمانلار كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساختىلىرىمۇ، بىر مەھەللىكلىرىمۇ بولىدۇ. ھەقىقىي مۇنەۋۋەر قەيسەر باشلىغۇچىلار ۋە ئىزچىلار ھەتتا «ئۇينى تۇغدۇرىدىغان» يىتنە ـ پاساتتىن چۆچۈمەسلىكى، «توپىلىق مەھەللە»دە رەشك ـ ھەسەت لاي ـ تۇزانلىرىغا دۇچ كېلىشلىرىدىن قورقماسلىقى، ئىغۋا ـ ئۆسەك، تاش ـ چالمىلاردىن «سۆگەللىك مازار» بولۇپ قالسىمۇ داجىماسلىقى، ئوبرازى ھەر خىل تەسۋىرلىنىپ، ھەر خىل كۆڭۈللەرنىڭ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەزگىللىك ئوڭ، سولدىن ئەيىبلەشلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ ئۇمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم. ئىشىنىمىش لازىمكى، تارىخ ئىلگىرىلەشتىن، جەمئىيەت سىۋىلىزاتسىيەدىن، ئىنسانىيەت نىجادىيەت ۋە كامالەتتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇپ تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس. پىتنە ـ ئىغۋا شىركىتى مۇخلىسلىرى ھەم ئىغۋا تارقىتىشىپ ھەم بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇش جەھەتتە ھەرقانچە ھىيلە ئىشلەتكەن بىلەنمۇ ئاخىرى شەرمەندىلىك بىلەن پاش بولىدۇ. «سېپىستىش» پىتنە ـ ئىغۋا شىركىتىنىڭ ئومۇمخورى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما تارىخ ئۇلارنى بەربىر سېپىستىدۇ. سېپىستىش سېپىسغۇچى نەرسىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئىغۋا ـ ئۆسەكىنىڭ زورى بىلەن بولمايدۇ. ئاممىنى ئالداپ ئاداشتۇرۇش ئارقىلىق «سېپىسغانلىق» نى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە كەلگەندە، يەنە شۇ ئاما بۇ جەھەتتىكى ھەقىقەتلەر ئارقىلىق سېپىستقۇچىلارنى سېپىستىدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇجمەللىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئېيتىش كېرەككى، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت سالماسلىق تامامەن مۇمكىن، ئەمما باشقىلارنىڭ بۇنداق زىيان ـ زەخمەت سېلىشىدىن ساقلىنىش ناھايىتى قىيىن. ئالدىنقىسى ئۈچۈن ساكىيامۇنى تەرىپىدىن «قەلب چىرىغى» دەپ ئاتالغان ۋىجدان پەزىلىتى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. كېيىنكىسى ئۈچۈن مۇنداق پەزىلەت ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ۋىجدان پەزىلىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىك تۆھمەت ـ يالىسغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن خالاس بولۇش تېخىمۇ قىيىن، شۇنىڭدەك تېخىمۇ شەرەپلىك. ياخشىلىقنىڭ ھەربىر زەپەر مارشى يامانلىق دىۋىلىرىنىڭ رەزىل ماھىيىتى ۋە ھىيلىگەر ۋاسىتىلىرىنى پاش قىلىدۇ. مانا مۇشۇ كۈرەش زارائاستىر ۋە مانىزم ئېتىقادىدا دېنىي تۈستە تەسۋىرلەنگىنىدەك، ئىنسانىيەتنىڭ

قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا يۈكسىلىش يولىنى تەشكىل قىلىدۇ. تارىخنى ئۇلۇغلىغان، تارىخقا نوپۇز ۋە ئىشەنچ بېغىشلىغان نەرسە مانا مۇشۇ ئۇلۇغ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ يۈكسىلىش يولىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك، ئۇنىڭ ئالدىدا كاززاپلىق كومېدىيەسىنى ئويناش، ئۇنى ئالداش تاۋكاسىنى ئېچىپ قويۇش ھالاكەت ۋە شەرمەندىلىك تەقدىرىگە بەند بولغۇچىلاردىكى ئەسەبىي ئادەت.

ئىنسان بەرىبىر ئۆلىدۇ. ئۇ جانلىق ئورگانىزم سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بىر ئۆمرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنساننىڭ شەخسىي پىسخىكىلىق ۋە تەپەككۇر پائالىيىتىمۇ ئۇنىڭ جىسمانىي ھاياتلىق دەۋرىدىلا دەۋران سۈرەلەيدۇ. مەڭگۈ ئۆلمەس ئورگانىزم بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەس ئىندىۋىدۇئال روھ مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما مىللەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىدا جەمغىرلەنگەن مەنىۋى خەزىنىسى، روھىي ئەنئەنىسى، ئىلگىرىلەش ئىنتىلىشلىرى ئۆلمەيدۇ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا راۋان بولۇپ ، راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بىز ھەربىر كونكرېت شەخس سۈپىتىدە مانا مۇشۇ ئۆلمەس روھنىڭ بۈگۈنكى ھايات چىرىغى — يورۇق نامايەندىلىرى بولۇشىمىز، پاك كەلگەن بۇ ئۇلۇغۋار روھنى بۇلغىماي، خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويماي، پاك پېتى راۋاجلاندۇرۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ روھىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە خادىملىرىغا قارىتا ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. تارىخنىڭ كەلگۈسىدە مەسخىرە قىلىدىغىنى مانا بۇ ئۇلۇغۋار روھنى بۇلغىغان، خۇنۇكلەشتۈرگۈچىلەردىن ئىبارەت. ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا، ۋەلىخان تۆرە، خوجا مەھمۇد «پوچى» ئۇنىڭ تىپىك مىسالىدىن ئىبارەت.

1990 ـ يىلى 7 ـ ماي، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

策　　划：阿迪力·穆罕默德
收集整理者：艾则孜·阿塔吾拉萨尔特肯
责任编辑：司马义·卡德尔
特约编辑：库尔班·马木提
特约校对：克优木·吐尔逊
封面设计：努尔买买提·艾买尔
制　　版：麦热木尼沙·阿不力孜

新疆名家名著丛书

**阿力甫之书**（维吾尔文）

阿布都许库尔·买买提依明　著

---

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆新华印刷厂印刷
880mm×1230mm　32开本　11.75印张
2013年8月第1版　2013年8月第1次印刷

---

ISBN 978－7－5466－1295－9　（民文）　定价：42.00元